# قەبرە ئىزدەش خاتىرىسى

## تۇنجى قەدەم

ئادىلجان سادىر سەپرائىي
阿迪力江·萨德尔 著

中国出版集团
现代出版社

قەبرە ئىزدەش خاتىرىسى

ئادىلجان سادىر سەيرامىي

中国出版集团
现代出版社

责任编辑：李　鹏
封面设计：远东书局



ISBN 978-7-5143-4623-7
9 787514 346237 >
定价：300.00元

南京遠東書局
投稿热线:025-51939999
E-mail:yd99999@126.com

# قەبرە ئىزدەش خاتىرىسى

## تۇنجى قەدەم

ئادىلجان سادىر سەپرائىي
阿迪力江·萨德尔　著

中国出版集团
现代出版社

图书在版编目（CIP）数据

古道传奇 / 阿迪力江·萨德尔著.
-- 北京 : 现代出版社, 2016.1
ISBN 978-7-5143-4623-7

Ⅰ. ①古… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①长篇小说－中国－当代
Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2016)第 017613 号

古道传奇

著　　者　阿迪力江·萨德尔
组稿统筹　南京远东书局
责任编辑　李　鹏
出版发行　中国出版集团　现代出版社
地　　址　北京市安定门外安华里 504 号
邮政编码　100011
电　　话　010-64267325　010-64245264（兼传真）
网　　址　www.1980xd.com
电子信箱　xiandai@cnpitc.com
印　　刷　廊坊飞腾印刷包装有限公司
开　　本　700×1000　1/16
印　　张　28.5
字　　数　440 千字
版　　次　2016 年 1 月第 1 版　2016 年 1 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5143-4623-7
定　　价　300.00 元
版权所有，翻印必究；未经许可，不得转载



## 作者简介

阿迪力江·萨德尔，男，维吾尔族，中共党员。1983年生于新疆喀什市。从2000年开始在网上写作。是当代维吾尔族网络作家里的先锋。代表作品有《寻墓记系列》，《路》，《不明身份》等。他从2004年开始在新疆喀什地区莎车县英吾斯塘中心小学从事教育事业。

# قەبرە ئىزدەش خاتىرىسى

## ئاپتورى:ئادىلجان سادىر سەپرائىي


رەتلىگۈچى:نەنجىڭ يۈەندۈڭ كىتابچىلىقى

مەسئۇل مۇھەررىر:لى پىڭ

نەشر قىلغۇچى:جۇڭگو نەشر گورۇھى ھازىرقى زامان نەشرىياتى

ئادرېسى:بېيجىڭ شەھرى ئەندىڭ مېن ۋەي ئەن لى خۇا 504-قورو

پوچتا نومۇرى:100011

تېلېفون: 010-64267325

تور ئادرېسى:www.1980xd.com

ئېلخەت ئادرېسى:xiandai@cnpitc.com

كىتاب باسقان ئورۇن:لاڭفاڭ فىيتىڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

فورماتى: 700×1000 1/16

باسما تاۋىقى:28.5

كىتاب نومۇرى:ISBN 978-7-5143-4623-7

باھاسى:300.00يۈەن

2016-يىلى1-ئايدا تۇنجى نەشر قىلىندى،2016-يىلى1-ئايدا تۇنجى بېسىلدى.

# قەبرە ئىزدەش خاتىرىسى

## تۇنجى قەدەم

ئاپتورى :ئادىلجان سادىر سەپرائىي

# كىرىش سۆز

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، بىرقانچە يىل بىكار يۈرگەن خىيالچان ياش ئەغزەمجاننىڭ تاساددىبىي بىر پۇرسەت بىلەن، ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر قەدىمىي يادىكارلىقلار مۇتەخەسسىسى ئەيىنىدىن غوجا بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق، ئۆزىگە نەچچە مىڭ يىللىق سىرلارنى يوشۇرۇپ ياتقان تەكلىماكان قۇملىقىغا قىلغان سەپىرى ۋە سەپەر جەريانىدىكى خىلمۇخىل قورقۇنۇچلۇق، كومېدىيەلىك ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن بۇ رومان، مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىشىم ۋە تەپەككۇرۇمنىڭ مەھسۇلىدۇر.

بۇ رومان، قەشقەر-خوتەندىكى كەڭ دائىرىلىك تارقالغان تەكلىماكان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ۋە تار دائىرىدە ساقلىنىپ قالغان بايانلار ئاساس قىلىنىپ يېزىلغان بولۇپ، ئەسەر تىلى جەھەتتە بىرىنچى شەخس تىلىدا، خوتەن قەشقەرنىڭ يەرلىك شىۋىسى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سېھرى كۈچى نامايەندە قىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇرمۇشقا يېقىن، ئارتۇق بايان-تەسۋىرلەردىن خالىي بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ.

ئاخىرىدا مېنى ئىزچىل قوللاپ كەلگەن بارلىق قېرىنداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سەمىمىي تەكلىپ-پىكىرلەرنى بېرىپ، ئەسەرنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى چىقىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن!

## مۇندەرىجە


1-باپ تەڭگىدىن باشلانغان سەپەر.....................1-بەت
2-باپ تۇنجى قەدەم.....................................19-بەت
3-باپ ئوڭۇشسىزلىق.....................................37-بەت
4-باپ كەچمىشلەر ۋە رىۋايەتلەر.........................49-بەت
5-باپ قەشقەردىكى كۈنلەر................................60-بەت
6-باپ ئايفون ۋە قارا كۆينەك............................72-بەت
7-باپ ئۇ ياقتىكى ئىشلار................................83-بەت
8-باپ تاشنىڭ رىۋايىتى..................................96-بەت
9-باپ ئەخمەقلىق ماڭىلا خاس...........................110-بەت
10-باپ يېڭى بايقاش......................................121-بەت
11-باپ كۆمۈلگەن ئۈمىد..................................134-بەت
12-باپ قۇملۇق ھەققىدە.................................147-بەت
13-باپ ئوڭۇشسىزلىق....................................163-بەت
14-باپ مەن نەدە؟........................................180-بەت
15-باپ بۇ چۈش ئەمەس...................................195-بەت
16-باپ دوختۇرخانىدا.....................................212-بەت
17-باپ قەشقەرگە قايتىش.................................228-بەت
18-باپ ئۆيدىن قېچىش....................................241-بەت
19-باپ ئەپلىشىش.........................................254-بەت
20-باپ خەتەردىن كېيىنكى خېجىللىق....................268-بەت
21-باپ مىنىڭ كۆزۈم......................................282-بەت
22-باپ قەبرىگە قەدەم بېسىش............................302-بەت
23-باپ ھارام تاياق......................................317-بەت
24-باپ ئۆز-ئۆزىنى تەھلىل قىلىش.........................331-بەت

25-باپ كىلىشمەسلىك........................................344-بەت
26-باپ ئاھ ...! بىگىم........................................358-بەت
27-باپ خەيىرخوش ،مازار مۇشۇكى! ....................371-بەت
28-باپ ئۇ كىلىپ كەتتى........................................385-بەت
29-باپ بىگىم كەلدى ،غوجام كەتتى..........................400-بەت
30-باپ ئەيىندىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى...............414-بەت
31-باپ بىگىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى....................425-بەت
32- باپ خىزمەت ۋە ئارخىپ.................................435-بەت

## 1- باپ تەڭگىدىن باشلانغان سەپەر

مىنىڭ ئىسمىم ئەغزەمجان. سائەت تاقاش، گالىستۇك ئېسىش بىلەن زىنهار خوشى يوق، خىيال سۈرۈشكە دەرىجىدىن تاشقىرى ئامراق، سەپرا مىجەز ئەغزەمجان.

مەن ئۆكۈنىمەن، ئاتا-ئانامنىڭ ئىقتىسادىنى ۋە ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقوغۇنىمغا ئۆكۈنىمەن. كىچىكىمدىن باشلاپ بىرەر ھۈنەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئۆگىنىپ، ئوقۇشقا كەتكەن پۇللارنى دەسمىي سالغان بولسام، بۈگۈنكىدەك خىزمەت ئىزدەپ نەچچە يىل يۈرگۈچە، كىچىك دۇككاندىن بىرنى ئېچىپ، ھۈنەرۋەنلىك قىلمامتىم؟! بېرىدىغان ئىمتىھاننىڭ ھەرقانداقىنى بىرىپ باقتىم، مەن ئۆتكىنىمگە ئاتا-ئانام قوشۇلمىدى، ئاتا-ئانام تەلەپ قىلغىنىغا مەن ئۆتەلمىدىم، مانا ئەمدى مەن ئۇلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرىنىپ، ئۇلار مىنىڭ كۆزۈمگە سەت كۆرۈنۈپ يۈرگىلى ئۇزۇن بولدى، ھەتتا مەھەللىدىكى بىكارچى بالىلارمۇ مىنى مەسخىرە قىلىپ: «ئەغزەمكو، يانا ئىمتىھان بەمىدىڭما؟» دىيىشىپ چىشىمغا تىگەتتى.

بەزىدە تىلۋىزىيە پىروگىراممىلىرىدىكى قۇرۇق قول بىيىپ كەتكەن، تاساددىپىلا يول تېپىپ قالغان، كىچىك سېتىقچىلىقتىن مىليونىر بولۇپ كەتكەن، مەلۇم كىتاپنى ئوقۇپ تىجارەتتە مۆجىزە ياراتقان.... دىگەندەكلەرنىڭ چىنلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالىمەن. مىنىڭچە ئۇنداق بىيىشتىن لاتارىيە ئىلىپ مۇكاپات چىقىپ بىيىپ كىتىش ئاسانىراق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر نۇرغۇن پىروگىراممىلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسى ئېچىلىشقا باشلىدى. «ئاسانلا مۇۋاپىقىيەت قازىنالايسىز»، «پالانچىنىڭ تىجارەت ئېڭى سىزنى مىليونىر قىلىۋىتىدۇ»، «مەنمۇ ئەسلى بەك نامرات ئىدىم، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن بىيىپ كەتتىم» دىگەندەكلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ، ئۇنىڭ ھەممىسى بېيىپ بولغانلارنىڭ دەپ قويغان سەپسەتىسى! خىزمەت تېپىش تەس، مائاشى

يۇقىرى خىزمەت تىپىش تېخىمۇ تەس،ئورنى ھەم مائاشى يۇقىرى خىزمەت تىپىش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس.ئەگەر كىچىك ئىشلاردىن بىيىپ كىتىش مۇمكىن بولىدىغان ئىش بولسا مىنىڭ 9 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ موزدۇزلۇق قىلىۋاتقان ئاغىنەم قارى كىچىك بىلەن دائىم بىلگايتىسنىڭ،ئىكىسۋاينىڭ تىجارەت ئۇسۇللىرىنى ئۆگۈنۈپ يۈرۈيدىغان،شۇنچە تېرىشىپ پۇل تاپالمىغاننىڭ ئۈستىگە، ساراڭ بولۇشقا ئازلا قالغان دوستۇم روزى جاپپار بىيىپ كەتكەن بولاتتى!

مەقسەتسىز ھالدا كوچا ئايلىنىۋاتىمەن.پەچەت ماشىنىلارنى ھەيدەپ يۈرگەن گۈيلارغا ھەم ھەۋەس قىلىمەن ھەم ھەسەت قىلىمەن.ھەي....كىم بىلىدۇ،مەن شۇ كۈنگە ئۇلاشقىچە،قېرىپ كىتەمدىمەن تېخى.

كىتىۋىتىپ توساتتىن كۆزۈم «ئاسارە-ئەتىقە دۇنياسى» دەپ ھەيۋەتلىك ۋىۋىسكا ئاسقان،ئەمما ئۆزى كىچىككىنە بىردۇككانغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى.مەن ئەزەلدىن ئاسارە-ئەتىقىگە قىزىقمايمەن ھەم قىزىقىشنىمۇ خالىمايمەن،لىكىن بۇ نۇمۇسسىز دۇككانىدارنىڭ 30 كۇۋادىرات مىتىر كەلمەيدىغان بۇ دۇككىنىغا ئۆزىدىن يوغان نام قويۇۋالغىنىغا كۈلگۈم كىلىپ ،ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق تۈردىكى دۇككانلارنى ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا كىرىپ باققۇم كەلدى.

كىرىپلا دۇككاندارغا سەپسالدىم:سىم بۇرۇت قويۇۋالغان ،ئۆلچەملىك زىدانىچە چاچ پوسونىغا ئىگە،ئاز دىگەندىمۇ50 دىن ئاشقاندەك كۆرۈنىسىمۇ،چىرايىدا تۈزۈك قورۇق يوق،كۆزلىرى يوغان ھەم نۇرلۇق،سەل پاناق،قارامتۇل كەلگەن بىر كىشى ئىشىك تۈۋىدىكى پۈكەيدە ئولتۇرۇپ تىلفۇندا سۆزلىشىۋاتاتتى.دۇككاننىڭ تىلغا ئالغۇدەك يىرىمۇ يوق،مەن بۇرۇن ئاندا-مۇندا كىرىپ باققان ئاسارە-ئەتىقە دۇككانلىرىدەك پاكىزە ۋە ئازادىمۇ ئەمەس،تامنى بويلاپ تىزىلغان3 قەۋەتلىك5 دانە مال ئىشكاۋىغا ئەسكە-تۈسكىلىكلەر تىزىلغان،ئادەمنىڭ تېخىمۇ قوۋغىسىنى ئىگىدىغىنى

شۇكى، ئاشۇ ئەسكىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆلچەملىك نۇمۇر بەلگىسى سېلىنغان ئىدى.

-قاندا ئەكەك، بىرە نەسە لازىممۇ، ياكى ساتىدىغان گۆخەر بامۇ؟!

تۇيۇقسىز ئارقامدىن پەيدا بولۇپ قالغان دۇككانىدارنىڭ زىل ئاۋازى مېنى سەل چۆچىتىۋەتتى.ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك«ئەكەك» دېيىشى مېنىڭ نىرۋامنى قوزغىدى.

-قايدا؟!كۆرەپ باقسام بوممامتى!مال ئاساممۇ كۆرەپ بىقىپ ئالىمەن!

دۇككاندار مېنىڭ دوق بىلەن ئېيتىلغان سۆزلىرىمنى قىلچە كۆڭلىگە ئالماي،كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ:

-بولىدا،خالىغانچە كۆسلە.لېكىن قىزىل بەلگە سېلىنغانلىرىنى قول بىلەن تۇتۇشقا بوممايدا.

«قول بىلەن تۇتۇشقا بولمىسا پۇت بىلەن ئېلىپ كۆرەمدىمەن،ياكى بۇقېرى مېنى بىرنەرسە ئالمايدۇ دەپ زاڭلىق قىلىپ شۇنداق دەپ قويدىمۇ؟» كۆڭلۈمدە شۇلارنى ئويلىغاچ،راستىنلا بىرنەرسە ئالغىلى كىرگەن ئادەمدەك،ئەسكىلىكلەرگە سەپ سېلىپ قارىدىم.ھەقىقەتەن ئاز بىرقىسىم بويۇملارنىڭ ئۈستىگە قىزىل نۇمۇر بەلگىسى سېلىنغان ئىدى.كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇ قېرىغا قاراپ باقتىم،ئۇ پۇكەيگە بىرىپ ئولتۇرۇپ بولغان ئىدى.چىرايىدىن مېنى مەگىستىمەسلىك ۋە مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى.«ھۇ ئالدامچى قېرى!ئەخلەتلىرىڭنى ئادەم ئالداپ سېتىشتىن باشقىنى بىلمەيسەن ھەقىچان!جىنىم چىقىپ كەتسىمۇ سېنىڭ ئەخلەتخاناڭدىن بىرەر ئەسكىلىكنى سېتىۋېلىپ،كۆز ئالدىڭدا تاشلىۋەتمىسەم!» كۆڭلۈمدىكى ئەسەبلەر يەنە ئۇلغايدى.لېكىن نېمە سېتىۋالسام بولار؟يېنىمدا5-6 يۈز سوم پۇل بار.ئەڭ ياخشىسى بىرقانچىنى سېتىۋېلىپ بىراقلا تاشلىۋېتەي!

ماللار ئارىسىدىن ماڭا ناھايىتى تونۇش بولغان بىرنەرسە،يەنى بىرتال كونا تەڭگە چېلىقتى.قەيەردە كۆرگەن بولغىيتىم،ھە...بىرچاغدا

خوتەنلىك نەۋرە ئۇكام بەرگەن ھېلىقى تەڭگىگە ئوخشايدىكەن،ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇتەڭگىنىڭ ئۇستىگە قىزىل بەلگە سىلىنىپتۇ . ،مىنىڭ ئۆيۈمدە تاشلىنىپ ياتقان تەڭگىنى بۇيەردە قىزىل نۇمۇر چاپلاپ ساتقىنىغا قارىغاندا، بۇيەردىكى نەرسىلەرنىڭ تايىنى يوق ئىكەن.بىردىنلا چىرايىمغا مەغرۇرلۇق تەپتى.

-ما تەڭگىنى ئالاي!قايدا ساتلا؟

قىرى مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ بىشىنى چايقىدى.

-مىنى ئالامايدىغان كۆرەپ قاللىما؟

-بۇ تەڭگە ستىلمايدا.

-نىمىشقا؟!

-قىزىل بەلگە سىلىنغان بويۇملار ئاساسەن ستىلمايدا،ئۇلارنى مەن بىرۋقىسىم موزىيخانىلىغا ئىجارىگە بىرىمەن.

كاللامدا بىرخىل چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان سىزىم پەيدا بولدى.

-بۇتەڭگە شۇنچە تۇتىيامۇ؟مەن ئۆيىنىڭ خالاسىغىمۇ مۇشتا تەڭگىنى تاشلاپ قوياپتىمە ئەمەسما!

قىرىنىڭ خۇشخۇي چىرايى بىردىنلا ئۆزگۈپ،تاتىرىپ كەتتى،ۋە ئالدىمغا كىلىپ،مىنى ئۇرىدىغاندەك ئەلپازدا ۋارقىرىدى.

-سىلىنىڭ دادىلىرى ئوباما ئوخشىمامدا!؟سىلىنى تونىماي قاپتىمەن،بۇرۇنراق شۇندا دىگەن بوسىلىرى ئالدىلىرىغا چىقىپ قارشى ئالىتىم ئەمەسما!چىرايىلىرىدىن ئۇيغۇر ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمە،ھەي ....مىنىڭ بۇ كۆزەم سەل چاتاقكىن!

ئۇنىڭ زەھەردەك گەپلىرى،دادامنى چىشلەپ تارتىشلىرىدىن چىشلىرىم غۇچۇرلاپ،مۇشتلىرىم تۈگۈلۈپ كەتتى،لىكىن نىمە دىيىشىمنى بىلەلمىدىم.

-ماڭا قايىلىسا،بۇدىگەن500 يىل بۇرۇنقى مىللەتلەر ئىشلەتكەن مىتال تەڭگە!سىلىنىڭ خالاغا تاشلاپ قويىدىغان ،بىز كويىغا15 نى بىرىدىغان

پۈچەك تەگگە ئەمەس،ئۆزلىرىغۇ خىلى ئوقۇغان ئەدەمدەك تۇرىلا،لېكىن سەل چاتاق با ئوخشايدا.يانلىرىدا پاچە پۇل بوسا تاكسىغا چىقىپ دوختۇرغانىغا بىرىپ باقسا جۇما!

چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.دەقىقە ئويلانغاندىن كىيىن ئۆزۈمنى تۇتىۋىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا زەردە قىلدىم.

-شۇنداما؟!مەن سىلىنىڭ ئەخلەتخانىدىن گۆھەر تىپ بىلىپ،تۆرىگە تىزىپ قويىدىغان مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكلىرىنى بىلمەپتىمە.مەن ئۆيدىكى خالادىن ئاشۇندا تەگگىنى ئىلىپ كىلەي،موزىيخانىدىكى تۇققانلىرىغا دەپ قويسا،بۇدا مىنىڭكىنىمۇ بىللە تىزىپ قويسۇن!

قېرى گەپ قىلماي بىرىپ ئولتۇردى ۋە يىنىدىن تاماكىنى چىقىرىپ پۇرقىرىتىپ چەكتى.ئۇنىڭ چىرايىغا بىرقانچە مىنۇت تىكىلىپ تۇردۇم،ئۇنىڭ ھىچ ماگا قارايدىغان تەلەتى يوق.مەنمۇ گۇرسۇلدەپ دەسسەپ چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم.توساتتىن ئۇ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا: «ئىسمىم ئەيندىن،ئەگەر ئۆيىلىرىدە شۇندا تەگگە بوسا ئەكەسە،كۆرەپ باقاي» دىدى.مەن جاۋاپمۇ قايتۇرماي چىقىپ كەتتىم.

ئۆيگە كىلىپلا ھىلىقى تەگگىنى ئىزدەشكە باشلىدىم.دائىم ئىزدىمىگەندە ئالدىمغا پۈتلىشىپ تۇرىدىغان بۇتەگگە،بۈگۈن ئىزدىگەندە زادىلا تىپىلمايۋاتاتتى.ئۈستەل تارتمىسى،كارىۋات ئاستى،ساندۇق.....ھىچ يەردە يوق.بولدىلا،يوق بولسا مەيلى،لىكىن ئەيندىن قېرىنىڭ ئالدىدا مازلىشارمەنمۇ؟!ياق!!!چوقۇم تىپىشىم كىرەك.ئاخىرى دەرىزىدىكى قۇرۇپ قالغان گۈل تەشتىكىنىڭ ئىچىدىن ئۇ قوتا تەگگىنى تاپتىم .تەگگىنى قولۇمغا ئىلىپ سىنچىلاپ قاراپ،دۇككاندىكى تەگگىگە تامامەن ئوخشاشلىقى كۆرۈپ يۈرىكىم جايىغان چۈشتى......

ئەتىسى ئادىتىمگە مۇخالىپ ھالدا سەھەر تۇرۇپ،ئەيندىن قېرىنىڭ دۇككىنىغا قاراپ ماڭدىم.كاللامدا ئۇنىڭغا نىمە دىيىش،تەگگىنى ئالدىغا قانداق تاشلاش توغرىسىدا ھەرخىل خىياللارنى قىلىپ ماڭدىم .

1) كىرىپلا ھىچنىمە دىمەستىن تەڭگىنى ئۆنىڭ ئالدىغا تاشلايمەن ۋە سوقۇشتا يەڭگەن خورازدەك گىدىيىپ تۇرۇپ«مۇشتا تەڭگە شۇدۇ!مانى ئەمدى نەگە تىزىپ قويىلا؟!» دەپ ئەڭ سەت ئاۋازىم بىلەن قاقاھلاپ كۈلىمەن.

2) تەڭگىنى قولۇمغا ئىلىپ ئۇيان-بۇيان چۆرۈپ ئۇنىڭغا كۆز-كۆز قىلىپ بولۇپ،ئۇنىڭغا تۇتقۇزماي چىقىپ كىتىمەن.ئۇ چاقىرىپ قالسا«بىزنىڭ ئۆينىڭ خالاسىغا باسا!ئاشەدە بەك جىق!» دەپ ئارقىمغىمۇ قارىماي چىقىپ كىتىمەن.

3) كىرىپلا«مانا تەڭگە،سىلىگە ساتاي،قانچە پۇلغا ئالىلا؟» دەيمەن.

4) كىرىپلا«بەك چوڭ سۆزلەۋاتىتىلە،مۇشۇ تەڭگە شۇدۇ؟500!يىللىق تارىخقا ئىگە،پەقەت ئوبامادىلام با تەڭگە!» دەيمەن.

دۇككان ئالدىغا كەلگەندە كىيىملىرىمنى تۈزەشتۈرۈپ،چىرايىمنى قەستەن جىددىي تۇسكە كىرگۈزۈپ،بىردەم تۇرىۋالدىم.ئاندىن مەغرۇر قەدەم بىلەن دۇككانغا كىردىم.

ئەينىدىن قىرى پۇكەيدە ئولتۇرۇپ بىر كونا كىتاپنى قىتىرقىنىپ كۆرۈۋاتاتتى.مىنىڭ كىرگەنلىكىمنى كۆرۈپ،چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن ئورنىدىن تۇرۇپ،ئالدىمغا كىلىپ قول تەڭلىدى.ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان مەن،گاڭگىراپ تۇرۇپ قولۇمنى تەڭلەپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم.بايام ئويلىغان پىلانلىرىم بىراقلا غايىپ بولدى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا يانچۇقۇمدىن تەڭگىنى ئىلىپ ئۇنىڭغا بەردىم.ئۇ خۇددى ناھايىتى موھىم ھەم نازۇك بىرنەرسىنى ئالغاندەك ناھايىتى ئاۋايلاپ پۇكەينىڭ ئۈستىدىكى گىزىت ئۈستىگە تەڭگىنى قويدى.ئاندىن تارتمىدىن دىربۇندەك بىرنەرسىنى ئىلىپ تەڭگىگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.ئۇنىڭ چىرايى بارغانسىرى قىزىرىشقا،نەپىسى بارغانسىرى تىزلىششكە باشلىدى.ئالاھەزەل10 مىنۇتتىن كىيىن ئۇ بىشىنى كۆتۈرۈپ بىردەم ماڭا بىردەم تەڭگىگە قاراپ مىنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى.«بۇ

قېرى مىنى ئوغرى دەپ ئويلاپ قالدىمۇ نىمە؟» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.
-بۇ...بۇ تەڭگىدىن يەنە بارمۇ؟نەدىن تاپقان؟قاچان،چىم بەرگەن؟....!
ئۇ تىترەك ئاۋازى بىلەن مەندىن بىر يولىلا نۇرغۇن سوئاللارنى سورىۋەتتى.بىردىنلا ئۇنىڭ مىنى سوراق قىلىشى مىنىڭ غەزىۋىمنى يەنە قوزغاپ قويدى.
-نىمە؟!مىنى سوراق قىلاي دەتاملا؟!بۇندا تەڭگە دىگەن مىنىڭ ئۆيەمنىڭ خالاسىدا بەك جىق.ئۇنىڭ ئۈستىگە...
-چاقچاقنى قويسا ئۇكام!
ئۇ گىپىمنى بۆلۈپلا،ئەستايىدىل قىياپەتتە ماڭا تىكىلدى.
-بۇ تارىخى ئەھمىيىتى ناھايىتى يۇقىرى قەدىمىي بويۇم،بۇنداق تەڭگىدىن هازىرغىچە تېپىلغىنى جەمئىي5 تال.مەندە2 تال با،قاغىنى رايۇنلۇق موزىيخانىدا.بۇ تەڭگە ئارقىلىق ئاز دىگەندە500 يىل بۇرۇنقى تارىخ نىشانىسىنى،مىللەتنىڭ ئىزناسىنى،دەۋىر كۆرۈنىشىنى تەكشۈرۈپ بىلىۋالغىلى بولىدا......
ئۇنىڭ يەنە نىملەرنى دىگىنى كاللامغا چۈشمىدى.بىردىنلا بۇ تەڭگە ئاتاقلىق يازغۇچى مەمەتئىمىنكام يازغان«قۇم باسقان شەھەر» دىگەن روماندا تەسۋىرلەنگەن رىۋايەتلەردىكى ھىلىقى تەڭگە شۇمۇ نىمە دەپ ئويلىنىپ قالدىم.كىيىن يەنە ئىنكار قىلىۋەتتىم.چۈنكى رىۋايەتلەردىكى ئۇ تەڭگىدە يالڭاچ ئايالنىڭ سۈرىتى بار ئىدى.مەندىكى بۇ تەڭگىدە بولسا گۈل نەقىش ۋە چۈشىنىكسىز بىرقاتار خەتلەرلا بار ئىدى.
-دىمەكچىلىك بۇتەڭگە مىنىڭ يۇقارقى بايانىمدىنمۇ چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.شۇڭا بايامقى گەپلىرىمنى كۆڭەللىرىگە ئالماي،تەپسىلاتىنى دەپ بەسىلىرى بولاپتىكىن.
نىمە دىسەم بولار،ئەپسانىۋى رىۋايەتتىن بىرنى توقۇپ،بۇقېرىنى ھەيران قالدۇرىۋەتەيمۇ ياكى راست گەپ قىلايمۇ؟ئۇنىڭ گىپىنىڭ ۋەزنىگە قارىغاندا بۇ تەڭگە تارىخى ئەھمىيەتكە،يۇكسەك تەتقىقات

قىممىتىگە ئىگە ئىكەن،كەلگۈسىدە بىرەر ساھەدە نامىم قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى ئويلاپ يەنىلا راست گەپ قىلىشنى توغرا تاپتىم .ئۇ بۇ تەڭگىنى مەن-1999 يىلى خوتەنگە ئوينىغىلى بارغاندا،مەندىن2 ياش كىچىك چىقىدىغان نەۋرە ئىنىم ئەلى بەرگەنلىكىنى،ئۇنىڭ قايسىدۇر بىر قۇملۇق ئارىسىدىكى قەبرىدىن تېپىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى ھاياجانلاندى.

-ئو...ياخشى،ياخشى!ئۇ ئىنىلىرى ھازىرمۇ خوتەندىما؟

-شۇندا.

ئەيىندىن تاغا بىردەم سۈكۈتكە چۆمگەندىن كېيىن،ماڭا ئۆزى بىلەن بىللە خوتەنگە بىللە بېرىپ تەڭگىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىشقا خالاش-خالىماسلىقىمنى سورىدى.مەن ئۆزۈم تۇزۇك تونىمايدىغان بۇ قېرى بىلەن سەۋەپسىزلا تەڭگە ئىزدەيمەن دەپ خوتەنگە بېرىشنى خالىمىدىم.ئەمما تۆۋەندىكى بىرقانچە سەۋەپ مېنىڭ دەرھال ئېرىنتتى(بولۇپمۇ2- -3سەۋەپ).

1) ئەيىندىن ئەپەندىم ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ۋە بۇرۇنقى خىزمەت كىنىشكىسىنى كۆرسەتتى(ئەيىندىن خوجا،63ياش،قەشقەر شەھرىدىن.رايۇنلۇق قەدىمىي يادىكارلىقلارنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئورنىدىن پىنسيىگە چىققان).دىمەك بۇ ئادەم ئىشەنچىلىك.

2) ئۇ مېنىڭ بۇتەڭگەمگە50 مىڭ يۈەن نەق پۇل بېرىپ سېتىۋالىدۇ.خوتەنگە بىللە بېرىپ قىممىتى بار يېپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىسەم،يەنە50مىڭ يۈەن تاپان ھەققى بېرىدۇ50.مىڭ يۈەن!

3) بېرىپ-كېلىش،يېتىپ-قوپۇش،يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق بارلىق خىراجەتنى ئۆزى چىقىرىدۇ.ئەگەر ئۇنىڭ خىزمىتىگە ماسلىشىپ نەتىجە ياراتسام،مىنى بىۋاستە ياخشى خىزمەت ئورنى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

4) ئۆزۈمنىڭمۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنگىچە ساياھەت قىلىپ كەلگۈم بار.

5) كىم بىلىدۇ تېخى، خوتەنگە بېرىپ ئەلنىڭ ياردىمىدە يەنە مۇشۇنداق تەگگىدىن ئەللىك-ئاتمىشنى تېپىۋالسام،خا!خا ....

-هە،بولىدۇ،مېنىڭمۇ تارىخى بىر ئىش قىلغۇم باتى بومېسا،لېكىنزە....

-چۈشەندىم،سەل ساقلىسىلا .

ئەينىدىن تاغا دىققەت قىلمىسا پۇكەيلەر ئارىسىدا پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر كىچىك ئىشكتىن كىرىپ كىتىپ،هايال ئۆتمەي بىر توقام پۇلنى ئېلىپ پۇل ساناش ئۈسكىنىسىگە سالدى.پۇلغا قاراپ شۆلگەيلىرىممۇ ئېقىپ كەتتى .ئۇنىڭدىن پۇلنى ئېلىپ، ئۆيگە بېرىپ ئاتا-ئانامنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ،ئەتىسى مېڭىشقا پۇتۇشۇپ هاياجان بىلەن ئۆيگە قاراپ يول ئالدىم.

ئۆيگە كەلگەندىن كيىن،ئاتا-ئانامنى نىمە دەپ قايىل قىلىش ئۈچۈن كۆپ ئويلاندىم.ئەگەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا پۇلنى قويۇپ راست گەپ قىلسامۇ،ئۇلار مىنى چوقۇم «خىروئىن سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ» دەپ ئويلىشى ئىنىق.«خىزمەت ئىزدەيمەن» دىگەن گەپنى ئېغىزىمغا ئالالمايمەن،چۈنكى بۇ گەپ ئۆيدىكىلەرنىڭ هەممىسىگە رىئاكسىيە قىلىدۇ.ئەڭ ياخشىسى «ساۋاقدىشىمنىڭ تويىغا بارىمەن» دەپ قويۇپ،ئاندىن خوتەندە ئۇزاقراق تۇرۇپ قالىدىغان ئىش بولسا،« خىزمەت تاپتىم» دەپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش قارارىغا كەلدىم.

ئۆيدىكىلەرنى تەستە قايىل قىلدىم.تۆۋەندىكى مەن مېڭىشتىن بۇرۇنقى ئاتا-ئاتام بىلەن مىنىڭ ئوتتۇرامدا بولۇشقان سۆزلەر:

-خوتەنلىك بىر ساۋاقدىشىمنىڭ تويى بولىدىكەن ئەتە،شۇڭا مەن بېرىپ كېلەي دىگەن.

-بولاپتۇ،بېرىپ كەل،ساۋاقدىشىڭ يامان بالىكەن،خىزمەتكە چىقىپ بولاشنىڭ سىرتىدا تېخى تويىمۇ قىلماقچىكەن.

دادامنىڭ ماڭا دارىتملاپ دىگەن گەپلىرى مىنى بەكمۇ خىجىل قىلىۋەتكەن بولىسىمۇ،هەرهالدا قوشۇلغانلىقىدىن بىرئاز ئەمىن

تاپتىم.كۆڭلۈمدە:« دادا،سىنىڭ ئوغلۇڭ ئۇنچە يارامسىزلاردىنمۇ ئەمەس،قاراپ تۇر،بىركۈنى شان قۇچۇپ قايتىپ كېلىپ،باققان ئەجرىڭگە ياخشى جاۋاپ قايتۇرىمەن» دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

-يولغا چىقىش ئالدىدىكى تولا بالىنىڭ كۆڭلىگە ئازار ۋەمەيلى!بالامنىڭمۇ رىزقىغا پۈتۈلگىنى بادۇ!داداڭنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي،خۇشال-خۇرام ئويناپ كەل بالام،ئاللا!ما مىڭكوينى ئېلىپ با،يەتمەي قاسا تىلپۇن قىلاسە.

-شۇندا،شۇندا،رىسقىغا پۈتۈلگىنى بادۇ،لېكىنزە ....مەن كۆرەممەي كېتىپ قىلىشتىن ئەنسىرەيمەن ئەغزەمجانىنىڭ ئاشۇ رىسقىنى!

-بولا،بولا جىما ئەمدى!قايدا قىلىتىلە بالىغا بىسىم قىلىپ؟!بىزدىن قاسا ئىگەم تاشلاپ قويماس!

ئاپام دادامغا بىر ئالىيىپ قويۇپ، قولۇمغا پۇلنى زورلاپ تۇتقۇزۇپ قويدى.ئۇنىڭ سۆزلىرى يۈرىكىمنى ۋىژژىدە ئېچىشتۇرۇپ ئۆتتى،بىردىنلا كۆزۈمگە ياش كەلدى.داداممۇ كېلىپ بىشىمنى سىلاپ قويۇپ،بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن «خۇدايىمغا ئامانەت!» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى....

ئەتىسى پۈتۈشكىنىمىز بويىچە ئەيىنىدىن تاغىنىڭ دۇككىنىغا كەلدىم.ئۇمۇ تەييار بولۇپ تۇرغان ئىكەن.قىسقا سالام-سائەتتىن كېيىن بىرماشىنىنى كىرا قىلىپ ماڭدۇق،لېكىن ماشىنا بىكەتكە ئەمەس،باشقا تەرەپكە كېتىۋاتاتتى.

-يەنە بىرەيلەن باتى ئېلىۋالىدىغان..ئۇنى ئېلىۋېلىپ ماڭىلى.

ئەيىنىدىن تاغا گەپنى قىلىپ بولىشىغا،ماشىنا « پارلاق روھى ساغلاملىق مەركىزى» نىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.«بۇ ساراڭلارنى داۋالايدىغان جايغۇ؟بۇ قېرى ساراڭدىن بىرنى ئېلىپ ماڭمايدىغاندۇ؟!» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.ماشىنىدىن چۈشۈپ،ئۇنىڭ «ساقلاپ تۇرسا» دېگەن گېپىگە ئۇنىماستىن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە دوختۇرخانىغا كىردىم.

-ئوھوي،كەسە،كەسە!يوقاپ كەتىلە ئەيىنىدىن،بۇدۇنيادا باموُيا،ھېچ

تىلفۇنمۇ قىمماىلا، توختاپ قاغان كامۇيا؟....
چاچلىرىغا ئاق كىرگەن دوختۇرخانا باشلىقى، سالامىنىڭ ئورنىغا ئابدۇكىرەمكامنىڭ قوشىقىغا ئوخشاپ قالىدىغان بىرقاتار قوشاق ئوقۇپ ئۇنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى.
-ھاھا، كەلدۇق، كەلدۇق! يوقاپ كەتسەم مەن ئەگەر، مىنى ئىزدەپ سورالا، تىلىپۇنۇم توختاپ قاسا، پۇلىنى تۆلەپ قويالا.....
بېشىغا ئاق كىرگەن ئىككى قېرىنىڭ بۇ قوشاقلىرىدىن غىدىقىم قىلىپ، قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم.«تووۋا، ساراڭلارنى داۋالايدىغان دوختۇرلارمۇ ئۇزۇن ئىشلىسە ساراڭ بولۇپ قالىدۇ دەپ ئاڭلىغان، بۇ دوختۇرخانا باشلىقىمۇ ئاز قاپتۇ» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.
-بىگىمنىڭ ھالى قانداراق؟!
-قەدىرئەۋال، قەدىر ئەۋال. يانىلا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدا.
-ھە....مەن بۇ قىتىم ئۇنى تەكلىپ قىغىلى كەلدىم.
-ئو...ياخشى بوپتا، مەن ئۇنى چاقىرتاي ئەمىسە.
دوختۇرخانا باشلىقى چىقىپ كىتىپ، ھايال ئۆتمەي ئىشخانىغا، 45-50ياشلار چامىسىدىكى، ناھايىتى بەستىلىك، چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، قاشلىرى قويۇق، كىلىشكەن، لىكىن توختىماي بۇرنىنى كوچىلاپ تۇرىدىغان، بىمارلار كىيىمى كىيىۋالغان بىرەيلەن كىرىپ كەلدى.«خۇدايا تووۋا، بۇقېرى راستىنلا بىر ساراڭنى ئىلىپ ماڭماقچىكەندە، ئەمدى قانداق قىلارمەن» دەپ ئويلىدىم. خىيالىمنى داۋاملاشتۇرغىچە ئەيىندىن تاغىنىڭ قوشىقى يەنە باشلاندى.
-بۇ كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى ئەسلى ئۇ بىر رەڭ، ئۆز تۇرمۇشۇڭغا زىنھار، ئۆزۈڭ سالغىن زەڭ!
-زەڭ سالساڭ بۇ تۇرمۇشنىڭ يولى بولۇر كەڭ، زەڭ سالمىساڭ گەرتۇرمۇش، دوزاق بىلەن تەڭ!
ۋاھ! ساپ شىئىر-قوشاق ئوقۇپ ساراڭ بولۇپ كەتكەن نىملەرمۇ

بۇ!؟ئۇلارنىڭ پاساھەتلىك شېئىرلىرىدىن ھەيران قالدىم.

ئەينىدىن تاغا ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن،مىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى.

-ئەغزەمجان،يېڭى ژىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگۈچى.بۇقېتىمقى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ يولباشچىسى!بۇياق،مىنىڭ كونا قەدىنىسىم،تەققىقاتچى،ئالىم، بىلال سەردار بىگىم!

ئۇنىڭ بايىلا بۇرنىنى كولىغان قولىنى تۇتقۇم كەلمىگەن بولسىمۇ،ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇم.«ھىم ! تەتقىقاتچى،ئالىمىش تېخى،ئىنىقلا داۋالىنىۋاتقان ساراڭغۇ ! ؛ چىرايىمدا كۈلكە بولسىمۇ ئىچىمدە ئېغىر مەنىستىمەسلىك تۇيغۇسى بار ئىدى.

-مەن بۇيەدە پەقەت تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمە،دوستۇم نامان(دوختۇرخانا باشلىقى) مىنىڭ سالامەتلىكىمدىن ئەنسىرەپ بۇيەگە ئەكىلىۋاغان!

بىلالنىڭ سۆزى مىنىڭ قەلبىمنى كۆرىۋالغاندەك ئېيتىلغاچقا قىزىرىپ كەتتىم.ئۇ قولىنى يەنە ماڭا تەڭلەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

-كەمىنە،بىلال سەردار بىگىم بولىمەن،ئادەتتە بىگىم دەپ چاقىرسىلا بولىۋىرىدا!

مەن ئۇنىڭ بۇرنىنى كوچىلىغان قولىنى يەنە بىرقېتىم سىقىشقا مەجبۇر بولدۇم.ئۇ تەييارلىق قىلغىلى كىرىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،كۆڭلۈمدە«بۇ ساراڭنى مەن تېخى بىگىم دەپ چاقىرامدىمەن؟!يولدا تونۇشلار كۆرۈپ قالسا قانداق قىلارمەن دەپ تۇرسام تېخى!» دىگەنلەرنى ئويلىۋالدىم.ئالاھىزەل10 مىنۇتلاردىن كېيىن بىلال بىرقۇر پادىچىلار كىيىمى ۋە سايەھەت قالپىقىنى كىيىپ،يوغان سومكىنى مۈرىسىگە يۈدۈپ ئالدىمىزدا پەيدا بولدى.خىلىلا ئىسكەت كىرىپ قالغان بولسىمۇ،ئۇنىڭ بۇرنىنى كولاپ تۇرىشى توختىمىغان ئىدى.

دوختۇرخانا ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىكى «يەر يولۋىسى» ماركىلىق

دالا ماشىنىسىنى ھەيدەپ يولغا چىقتۇق.ماشىنىنى ئەينىدىن تاغا ھەيدەپ ماڭدى.مەن بىلال بىلەن بىللە ئارقا ئورۇندا ئولتۇردۇق.ماشىنا تىز سۈرئەتلىك تاشيولغا چىققۇچە بىرئېغىزمۇ پاراڭ سىلىشمىدۇق.ئەينىدىن تاغا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر غەزەلگە غىڭشىپ ماشىنا ھەيداۋاتاتتى.

مەن قەدرىڭگە يەتمىسەم،سىنى ئىزلەپ بارارمەنمۇ؟!

ئۈپۈق يارغان تاڭلاردا،قۇم-بوران قازارمەنمۇ....

بىلال بولسا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ،ئۇخلاپ قالغاندەك قىلاتتى.سۈكۈتتىن بىزار بولۇپ ئەينىدىن تاغىنى گەپكە سالماقچى بولدۇم.

-بىز مۇشتالام يولغا چىقامدۇق؟!

-قايدا دەيلا؟

-ھىلىقى...قازغۇچ،زەھەردىن مۇداپىئەلىنىش قاپقىقى،ئورۇن بەلگىلىگۈچ دىگەندەك نەسىلىنى ئىلىۋالامدۇق دەيمە.

-ھا-ھا....!ئۇكام،سىلە توردىكى ھىكايىلەرنى بەك جىق ئوقۇپ كىتىپلا،فانتازىيەلىك فىلىملىنى بەك كۆرەپ كىتىپلا،ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز كىپەن ئوغرىسى ياكى ئەتكەسچى ئەمەس،سىلە دىگەن ئۇ نەسىلىنى ھازىر مەدىكا كىپەن ئوغرىلىرىمۇ ئىشلەتمەيدا!

ئەينىدىن تاغا گىپىنى قىلىپ بولۇپ يەنە خۇددى بىرى قىچىقلىغاندەك قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.ئۇ كۈلگەنىسىرى خۇددى مىنى زاڭلىق ئىتىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتى.

-ئۇندا بوسا بىز ئاۋىياماتكا،تانكائاتار،لازىر نۇرلۇق ئەسۋاپ ئىشلىتىدىغان ئوخشىمامدۇق!

زەردەم بىلەن ئۇنىڭغا دوق قىلدىم.ئۇ پەرۋايىغا ئالماي،تەمكىنلىك بىلەن ئارقىغا بىر قاراپ قويۇپ:

-سىلە خاتىرجەم بوسا،بىزدە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئەسۋاپلار با.ئۇنىڭ ئۈستىگە «بىز» ئىشلەتمەيمىز،بىگىم بىلەن مەن ئىشلىتىمەن،سىلە

پەقەت ژىپ ئۈچى تىپىپ، بىزگە ھەمراھ بولاپ بەسلىرىلام بولىدا-.دىدى.
-كەمىنە بىلال بىگىم ۋە ئەيىنىدىن غوجا بار يەردە سىلىنى ھەرگىز ئارتۇق ئاۋارە قىلمايمىز.
بىلالنىڭ توساتتىن چىققان ئاۋازى مىنى چۆچىتىۋەتتى.قاچانلاردا ئويغاندىكى بۇساراڭ!ئۇلارنىڭ ھەر بىر سۆزىدىن مىنى مازاق قىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.
-شۇنداق!بىرلىرى غوجا، بىرلىرى بىگىم، مەن مالاي!
سەپرايىم يەنە ئۆرلەپ قالدى.بىر ھازا سۈكۈتتىن كىيىن ئەيىندىن قېرى «ئۈكام، بۇ بىزنىڭ فامىلە مەسىلىسى، ئۇندا خاتا چۈشەنمىسىلە، ئالدىمىزدا جاپا، خەتەر كۆپ بولىشى مۇمكىن.سىلىنىڭ مىنى ژىپ ئۈچى بىلەن تەمىنلىگەنلىكلىرى ئەڭ چوڭ خىزمەت، قاغىنىنى باشقا كەگەندە كۆرەمىز» دەپ كەيپىياتنى ئوڭشىغان بولدى.
ئۇلارغا گەپ قىلىشتىن رايىم يىنىپ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ كۆزۈمنى يۇمىۋالدىم.لىكىن ئىچىمدە ئۇلارنى يۈزمىڭنى قارغىغاندىن باشقا ماۋۇ يىنىمدىكى ساراڭ بىگىمنىڭ تۇيۇقسىز كىسىلى تۇتۇپ مىنى بوغۇپ قويىشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتىم.
كۆزۈم يۇمۇقلۇق.ماشىنا ناھايىتى سىلىق كىتىۋاتاتتى.كاللامدا نۇرغۇن خىيال.مەشھۇر يازغۇچىمىز مەمەتئىمىن ھوشۇر ئاكىنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانى، داڭلىق تور يازغۇچىلىرىدىن جەنۇبى مەزھەپ ئۇچىنچى تاغىنىڭ «كىپەن ئوغرىسى» خاتىرىسى، جاڭ مۇ يەنىڭ «جىن ئۆچۈرگەن شام» دىگەندەك ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى ....خىيالىمنى چىرمىۋالغان ئىدى.كىم بىلىدۇ مەنمۇ شۇنداق ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلەرگە، ئويلىمىغان بايلىقلارغا ئىگە بولۇپ قالامدىمەن تىخى.خىيال سۈرگەنسىرى كەيپىم كۆتۈرلۈپ، مەۋھۇم دۇنيانىڭ ئىچىگە باشچىلاپ كىرىپ كەتتىم.
1. بىز قۇملۇقتا چۆرگىلەپ يۈرۈپ رىۋايەتلەردىكى بىغەملەر شەھرىنى

تىپىۋالىمىز.ئاقكۆڭۈل سادداا يەرلىك خەلىق بىزگە ھېلىقى تۆگىمەس تەڭگە چىقىدىغان كومزەكنى سوۋغات قىلىدۇ،مەن ساناپ بولالماي نەچچە قېتىم ھوشۇمدىن كېتىمەن.پەقەت مەن ئالغان تەڭگىلا ھەقىقى تەڭگە بولىدۇ،.ئەيىنىدىن بىلەن بىلال ساراڭ ئالغان تەڭگىلەر قەشقەرگە بارغاندا تېزەككە ئايلىنىپ قالىدۇ.مەن ئۇلارنى بىرلىكتە روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىۋېتىپ،تەڭگىلەرنى پۇلغا ئايلاندۇرۇپ،بىر كېچىدە مىلياردىرغا ئايلىنىپ كېتىمەن.

2. مەن«كېپەن ئوغرىسى» رومانىدىكى باش پېرسوناژ ۋۇشىيەن.ئەيىنىدىن مېنىڭ مۇشاۋىرىم.بىلال مېنىڭ قوغدىغۇچىم.بىز بىرلىكتە تەكلىماكاننىڭ قوينىغا سىڭىپ كىرىپ،كىشىلەر بايقىمىغان سىرلارنى بايقايمىز،نۇرغۇن بايلىق ۋە يوشۇرۇن قوغدىنىش ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلغان قەبرىلەرنى تاپىمىز.بەلكىم غەيرى مەخلۇق ياكى ئالۋاستىلارغىمۇ يولۇقىشىمىز مۇمكىن.شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا بارلىق سىرلارنى يېشىپ چىقىمىز،بارلىق بايلىقلارنى ئېلىپ كېتىمىز.چۈنكى بىلال ئەسلى يالغان ساراڭ بولىۋالغان ئەزىمەت پالۋان،ئەيىنىدىن بولسا قەبرە قىزىش مۇتەخەسسىسى.شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن شەخسلەر ۋە ئورگانلار مېنى قەبرە ئىزدەشكە تەكلىپ قىلىدۇ.مېنىڭ تەۋەككۈلچىلىك ھاياتىم باشلىنىپ،مەن بىر رىۋايەتكە ئايلىنىمەن.

3. مەن «جىن ئۆچۈرگەن شام» رومانىدىكى باش پېرسوناژ خۇ بايى.ئەيىنىدىن بىلىملىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئالىمى.بىلال بولسا ماھىر كېپەن ئوغرىسى.بىز بىرلىكتە رىۋايەتلەردىكى كىرورەن شەھرىنى تېپىپ چىقىمىز.ئۇيەردە ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان غەيرى ئۆسۈملۈك،جانلىقلار بار.بىز مېنىڭ يېتەكچىلىكىمدە ئۇيەرنى تۇغرا،بىخەتەر قېزىپ چىقىمىز.يولدا بىزگە يەنە بىر تۈركۈم نامدا قىدىرىپ تەكشۈرۈش،ئەمەلىيەتتە بايلىق ئىزدەش مەقسىتىدە ماڭغان قوشۇن ئۇچرايدۇ.ئۇلار بىز بىلەن يوشۇرۇن جەڭ قىلىدۇ،بىزگە سۇيىقەست

قىلىشنى ئويلايدۇ.ئەمما ئۇلارنى بىز ئەقىل-پاراسىتىمىزگە تايىنىپ يېڭىمىز.قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن جەريانىمنى رومان قىلىپ يېزىپ،يەرشارىدىكى ئەڭ بازار تاپقان يازغۇچى بولىمەن.

4. مەن يەنە قايسىدۇر بىر روماندىكى باش پېرسوناژ.ئەينىدىن بولسا ئەتكەسچى،بىلال بولسا داڭلىق ئېكسپېدىتسىيەچى.بىز ئوخشىمىغان مەقسەت،ئوخشاش بىر نىشاننى كۆزلەپ ماڭىمىز.يولدا بىزگە نۇرغۇن تالاپەتلەر ئۇچرايدۇ.مەن تەمكىنلىك بىلەن ھەممىنى قىيىنچىلىقلاردىن غالىپ كېلىمەن.كۆزلىگەن نىشانغا كەلگەندە بارلىق يوشۇرۇن ئىشىك،ئازگال-خەندەكلەرنى پەقەت مەنلا تېپىپ ئاچالايمەن.ھېكايىنىڭ تەرەققىياتى بويىچە بولغاندا بىز ئۇيەرگە يېتىپ بارغاندا،يەنە بىر توپ قوشۇنلار ئۇيەرگە بىزدىن بۇرۇن يېتىپ بارغان بولىدۇ.بىز ئۇلار بىلەن قاتتىق تىركىشىمىز،ئۇلارنىڭ باشلىقى گۈزەل بىر قىز،ئۇ مېنىڭ سالاپىتىمگە ۋە ئەقىل-پاراسىتىمگە قايىل بولۇپ بىزگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ.بىز بىرلىكتە بايلىقنى ئېلىپ كېتىمىز.

5. مەن جۇۋ دېدۇڭنىڭ «لوپنۇر كۆلىنىڭ سىرى» رومانىدىكى باش پېرسوناژ.بىز تەكلىماكانغا سىڭىپ كىرىپ،ئۇقۇشماي ۋاقىت تونىلىغا كىرىپ قالىمىز.ئۇيەردە نۇرغۇن ئويلىمىغان كىشىلەر ۋە ۋەقەلەرنى ئۇچرىتىمىز.مەلۇم دۆلەتتە غايىپ بولغان ئايروپىلانمۇ ۋاقىت تونىلىغا كىرىپ قىلىپ،مۇشۇ يەرگە قونغان بولىدۇ.مەن بارلىق يولوچىلارنى يېتەكلەپ،ئۇلارنىڭ مەنىۋى داھىيسى بولۇپ،قۇتقۇزۇش ئەترىتىنىڭ كېلىشىنى كۈتىمىز.مەن ئاچارچىلىققا ۋە ئۇسسۇزلۇققا چىداپ،يېمەك-ئىچمەكنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىمەن.نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا قاتتىق قايىل بولۇپ،بىر ئۆمۈر ماڭا ئەگىشىشنى قارار قىلىدۇ،نۇرغۇن قىزلار ماڭا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ،مەن قانداق تاللاشنى بىلەلمەي،تەڭقىسلىقتا قالىمەن.ئاخىرى بارلىق كىشىلەر مېنىڭ

يىتەكچىلىكىمدە قۇتقۇزۇش ئەترىتى بىلەن تېپىشىپ،ئامان-ئېسەن قايتىمىز.دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەتبۇئات ۋاستىلىرى مىنى قوغلىشىپ يۈرۈپ زىيارەت قىلىدۇ.داڭلىق ژورناللار-گېزىتلەرنىڭ باش بېتىگە مېنىڭ سۈرىتىم بېسىلىدۇ .

6. بىز خوتەندىكى نەۋرە ئىنىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئانچە قىينالمايلا ھېلىقى تەكلىمىدىن سان-ساناقسىز تاپىمىز.ئەينىدىن بىلەن بىلال ئۇچىمىز تەڭ بۆلىشىمىز.مەن مىلياردېر بولۇپ كېتىمەن.خىزمەت ئىزدەش،ئىمتىھان بېرىش دېگەنلەردىن مەڭگۈلۈك خوشلىشىمەن.ئاتا-ئانامغا جۇڭگونىڭ ئەڭ گۈزەل يېرىدىن،ئەڭ پۇزۇر داچا ئېلىپ بېرىپ،100نەپەر خىزمەتكار ياللاپ،بىر ئۆمۈر ئۇلارنىڭ شاھ-خانىشلاردەك ئۆتىشىگە كاپالەتلىك قىلىمەن.قېرىنداشلىرىمغا نىمىنى خالىسا شۇنى ئېلىپ بېرىمەن.تويۇمدا داڭلىق ناخشا چولپانلىرىنى ناخشا ئوقۇتىمەن،مىنى رەت قىلغان ھېلىقى سۇغۇق تەلەت باشلىقلارنىڭ ئالدىدىن ئەڭ ياخشى ماشىنىدا ئولتۇرۇپ،توپا توزۇتۇپ ئۆتۈپ كېتىمەن.داڭلىق چولپانلار بىلەن قۇچاقلىشىپ رەسىمگە چۈشىمەن،ئۆتكەندە ھاجەتخانا تاپالماي قىينالغان كوچىغا ھەقسىز ھاجەتخانىدىن10 نى سالدۇرىمەن.مىنى تازا كولدۇرلاتقان ھېلىقى قىزنىڭ تېلفۇن نومۇرىنى ئۆچۈرىۋېتىمەن،ئالدىمغا كېلىپ يالۋۇرسا «كەچۈرسىلە!سۆيگۈنگمۇ ئۆچىدىغان،كۆچىدىغان چاغلىرى بولىدىكەن،مەن توي قىلىپ بولدۇم» دەپ قويۇپ،ئارقىمغىمۇ قارىماي كېتىپ قالىمەن.رەت-رەت ئېگىز قەۋەتلىك بىنالارنى سېلىپ،بىر كىۋادىرات مېترىنى500 يۈەندىن سېتىپ،ئۆي باھاسىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تۆۋەنلىتىپ،ئۆي غېمىدە يۈرگەنلەرنى خوش قىلىپ،جازانىخور ئۆي-مۈلۈك سودىگەرلىرىنى بىنادىن سەكرەشكە مەجبۇر قىلىمەن.يەنە تېخى.....

مەن ئۆز خىياللىرىمدىن سۆيۈنۈپ ھوزۇرلىنىۋاتقان پەيتتە،پۇچۇق

قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك بىر ئاۋازمۇ كۈلۈۋاتاتتى.كۆزۈمنى ئېچىپ شىرىن خىيالىمنى بۇزغان ئاۋازنىڭ ئىگىسىنى تاپتىم.بىلال ساراڭ!ئۇ ئاغزىنى بىر چەتكە قىيسايتىپ،كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، خۇددى تولىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىشنى كۆرۈپ قالغان ئادەمدەك قاتتىق كۈلۈۋاتاتتى..كەيپىم يەنە ئۇچتى.ئۇ مىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلمىگەندۇ؟!ئۇ ھەرقانچە يامان بولسىمۇ خىياللىرىمنىمۇ بىلىۋالمىغاندۇ؟ !بىزگە قانداق ھەمراھ قوشۇلدى؟ !ئۇ زادى قانداق ئادەم؟!ئادەمنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى،خىيالىمنىمۇ بىلەلەمدۇ؟!ياق،بەلكىم ئۇ بىر چۈش كۆرگەندۇ،ياكى ساراڭ بولغاندىكىن ئاشۇنداق ئۆزىچىلا كۈلۈپ كىتىۋاتقاندۇ.ئۆزۈمنى بەزلەپ تۇرسام،ئۇ كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ قويۇپ،ئاندىن كۆزىنى يۇمۇپ يەنە ئاشۇنداق يىقىمسىز كۈلۈشكە باشلىدى.ياق!ئۇ ئۇخلىماپتۇ.ئۇ ساراڭ مىنى زاڭلىق ئىتىۋىتىپتۇ.

بولدىلا،نىمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم مەن!ئۇ بىر ساراڭ خالاس.يەنە خىيالىمنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئويلىغان بولسامىمۇ،قەتئىي بايامقىدەك ھېسسىياتقا كىلەلمىدىم.غۇم،گۇمان ئارىلاش تۇيغۇلار ئىچىدە ئۇيقۇغا كىتىپتىمەن.

## 2- باپ    تۇنجى قەدەم

-كەلدۇق!ئۆيگانىسا ئەمدى!

ئەينىدىننىڭ يېنىدىكى سىلكىشى بىلەن ئويغۇنۇپ كەتتىم .كۆزۈمنى ئاچقاندا بىز خوتەن شەھرىگە يېتىپ كېلىپ بولغان ئىدۇق.ئەينىدىن بىلەن بىلال ماڭا چالا ھېجىيىپ ماشىنا سىرتىدا تۇراتتى.بۇ ئوغرىلار مەن ئۇخلاپ قالغاندىكى شۆلگەيلىرىم ئېقىپ قالغان ھالىتىمنى كۆرگەنمىدۇ؟!ياكى ئۇيقۇچىلىقتا ئوسۇرۇپ سالدىممۇ؟!ياكى تۇرۇپ-تۇرۇپ جۆلۈيدىغان كېسىلىم تۇتۇپ قالغان بولسا تاققا-تۇققا سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ قالغانمىدۇ؟...!نېمىشقىمۇ ئۇخلاپ قالغاندىمەن دېسە!ماشىنا ئەينىكىگە قاراپ چاپلىشىپ كەتكەن چاچلىرىمنى تۈزەشتۈرگەچ،شۆلگىيىمنى چاندۇرماي سۈرتىۋالدىم،ئاندىن ماشىنىدىن چۈشۈپ،ئىككىسىگە بىر ئالىيىپ قويۇپ نەۋرە ئىنىم ئەلىگە تېلفون قىلدىم.

20 مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئالدىمىزغا پەيدا بولدى،ئاندىن بىر ئۇلارغا بىر ماڭا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سالاملىشىپ بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.ئادەمنىڭ ئىناۋىتىنى مەنتەڭ قىلىپ،ھىلىقى بىلال ساراڭ يەنىلا ماڭقىسىنى كوچىلاپ تۇرغىنى تۇرغان.ئەلى ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تەستە قول ئېلىشقاندىن كېيىن،ماڭا ئەلەملىك قاراپ قويدى.مەن كۆرمەسكە سېلىپ باشقا ياققا قارىۋالدىم.

- قىنى،ئاكا!ھېرىپ كەلدىڭلار ھەقىچان،ئۆيگە مېھمانلارنى باشلاپ ماڭايلى ئەمىسە!(ئەلى گەرچە خوتەندە تۇغۇلغان بولسىمۇ ئۇ يەرلىك شىۋىدە سۆزلىمەيتى)-دېدى ئەلى.

-سىلەرنى ئاۋارە قىلساق قاندا بولىدا،بىز مېھمانخانىدا ياتىلى،ئەگەر ۋاقتىڭلىرى بوسا بىرگە تاماقلانساق قايدا؟

ئەينىدىن تاغا ئەلىنىڭ تەكلىۋىنى چىرايلىق رەت قىلدى.مېنىڭچە بولغاندىمۇ ئانچە تونۇشمايدىغان،تولۇق بىلىشمەيدىغان،نېرۋىسىنىڭ نورماللىقىدىن گۇمانىم بار بولغان بۇ ئىككەيلەننى تاغامنىڭ ئۆيىگە

باشلىنغۇم يوق ئىدى، ئەمما خوتەنلىك جاھىل، ئادەمگەرچىلىكى كۈچلۈك نەۋرە ئىنىم ئەلىنىڭ جاھىللىقى تۇتۇپ قالدى.

-ئۇندا دېيىشىپ كەتمىسە! بىز يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ «ئەسسالام» دەپ قويغان كىشىنىمۇ ئۆيگە باشلايدىغان خەلق بىز! ھەرقايسىلىرى مېنىڭ ئاكامنىڭ دوستلىرى ......ياق، (ئۇ ئۈچىمىزنىڭ ياش پەرقىمىزنىڭ بەك چوڭلۇقىنى كۆرۈپ گېپىنى ئۆزگەرتتى) تونۇشلىرىكەنلا، خوتەنگە كېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە كىرىشمىسە، بىزنى كۆزگە ئىلىشمىغان بولىشىلا!

ئەلى مېنىڭ كۆز چىمچىقلىتىشىمغا پەرۋا قىلماستىن ئۇلارنى ئۆيگە زورلىدى. نومۇسسىز ئەينىدىن ماڭا بىر قاراپ قويۇپ «ئەدەم ئەتكەنگە، تازىم ئەت دەپتىكەن، ماڭىلى!» دەپ ئەلىنى ماشىنىغا باشلىدى، مەنمۇ ئامالسىز ئۇلارغا ئەگىشىپ ماشىنىغا چىقتىم. يولدا ماڭغىچە «ئەگەر تاغامنىڭ ئۆيىدىكىلەر مەندىن نېمىگە كەلگەن دېسىغۇ، تويغا كەلگەن دەرمەن، بۇلار كىم دېسە نېمە دەپ تونۇشتۇرارمەن؟! ماشىنىدا غەپلەت ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ ماڭغۇچە ئەلىگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، كېلىشىۋالسام بولماسمىدى؟!» دېگەنلەرنى ئويلاپ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ كەتتى.

تاغامنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق، تاغام ئىشىك ئالدىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. سالام-سائەتتىن كېيىن، ئۆيگە كىردۇق. ئۇلار خېلى راۋۇرۇس تەييارلىق قىلغان ئىكەن. نېمە دەپ تونۇشتۇرۇشنى بىلمەي تۇرغىنىمدا، بىلال سارىك دۇئادىن كېيىن، تونۇشتۇرۇشنى باشلىۋەتتى.

-بىز قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمىي يادىكارلىقلار تەتقىقات مەركىزىدىن، ئەغزەمجاننىڭ كەلگۈسىدىكى خىزمەتداشلىرى، ھازىر ئۇ ماڭا ئەگىشىپ پاراكتىكا قىلىۋاتىدا. ئىسمىم بىلال سەردار بېگىم، ئادەتتە بېگىم دەپ چاقىرساڭلار بولاۋېرىدا، بۇياق ئەينىدىن خوجا، بىز خىزمەت ئىشى بىلەن بۇياققا ئۆتىشىمىز، ھەقاسىلىرىنى بىسەرەمجان قىپ قويدۇق!

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قان قۇسقۇدەك بولۇپ قالدىم.مەن تېخى مۇشۇ ساراڭغا ئەگىشىۋاتقان پاراكەندىچىلىككە ئەلەم قىلىۋاتىمەن. بولدىلا، قانداقلا بولمىسۇن بۇ ساراڭ مېنى تونۇشتۇرۇش غېمىدىن خالاس قىلدى، ساددا تاغام ئۇلارغا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قاراپ:

-يوغىسۇ، يوغىسۇ، بىگىمنىڭ بۇگىپى بولمىدى، ھەرقايسىلىرى ئەغزىمجان بانىسى بىلەن كەلمىسىلە، بۇياققا ئۆتۈشلىرى تەس، ھىلىمۇ خەۋەرسىز قىلىپ، لايىقىدا تەييارلىق قىلالمىدۇق-دەپ مەزەگە شەرەتلىدى.

ئىسىت بىچارە تاغام، مۇشۇ ساراڭنى بىگىم دىمىگەن بولسىچۇ! بىلال كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا ماڭا مەسخىرىلىك قاراپ قويۇپ، تاماققا ھوجۇمنى باشلىدى.مەن تاماقنى ناھايىتى تەستە يىدىم .تاماقتىن كېيىن، بىز ئەيىنىدىن قەشقەردە تۇرۇپ ئىلىپ قويغان مېھمانخانا ياتىقىغا كىرىپ، مەسلىھەتنى باشلىدۇق.

مەن ئەلىگە ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بەردىم (ئەلۋەتتە تەڭگىنى 50مىڭ يۈەنگە ساتقانلىقىمنى ئېيتمىدىم ،بولمىسا ئۇ يېرىمىنى ماڭا بەر دىيىشى، ھەتتاكى تەڭگىنىڭ ئۇچۇرىنى يوشۇرۇپ،ئۆزىلا سېتىشى مۇمكىن!). ئەلى بىرھازا ئويلاندى.قايسى ۋاقىتتا ماڭا قانداق تەڭگە بەرگەنلىكى ئۇنىڭ ئىسىگە كەلمەيۋاتاتتى.ئەيىنىدىن ئاپىراتىدىكى سۈرەتنى كۆرسەتكەندىن كېيىن،ئاندىن تەستە ئېسىگە ئالدى.

-ۋاي بۇ 7-6 يىل بۇرۇنقى ئىشلارغۇ!ئۇ قەبرىلارنى قۇم بىسىپ كەتكەن بولىشى مۇمكىن، قۇم بىسىپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنداق بويۇملارنى خەقلەر جايلاپ بولدى.

ئەلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم.لېكىن ئەيىنىدىن چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن:

-مەيلى ئۇنداق تەڭگە بولامدۇ -بولمامدۇ موھىم ئەمەس، موھىمى ئۇ قەبرىنىڭ ئورنى-!دىدى.

-ئۇ قەبرە خوتەن شەھرىدە ئەمەس، ئۇيتوپا يېزىسىدا.

-ئۇنداقتا بۇگەن ئارامنى ياخشى ئېلىپ،ئەتە يولغا چىقىلى.سىلىمۇ ئۆيگە قايتىپ ئارام ئالغاچ قەبرىنىڭ ئورنىنى ياخشىراق ئويلاپ باقسىلا،سىلىنىمۇ ياخشى رازى قىلىمىز.

-نىمە؟ رازى قىلىمىز؟ ئاكىلار،مەن ئەلىمەن ئاتۇققىنىمنىڭ ئىشى ئۈچۈن قان ئالسام ئالىمەن،پۇل ئالمايمەن،خوش!

ئەلى گۇرسۇلدىتىپ دەسسەپ چىقىپ كەتتى.ئۇنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالغان ئىدى.دۆت،تەييار پۇل بىرىمەن دىسە خاپا بولىۋاتقىنىنى!راستلا ئىقتىساد ئېڭى يوق بۇ ئۇكامنىڭ!

-رەسمى ئەكەك تۈكى با بالىكەن جىما بۇ،ئەغزەمجانغا پەقەت ئوخشىمايدىكەن!

-راس،ئۇيغۇرلارنىڭ نوچىسى خوتەندىن چىقىدۇ ئەمەسما!

ئىككىسىنىڭ مىنى كەمسىتىپ قىلغان سۆزلىرى قۇلىقىمغا يىڭنە سانجىلغاندەك ئاڭلانغان بولسىمۇ،يەنە زورىغا ئۆزۈمنى بىسىۋالدىم.

-شۇندا،ماڭا پەقەت ئوخشىمايدا،ھەقاسىلىرىغا بىكىرىغا ئىشلەپ بىرىدىغان ئەدەم بوسا چىرايلىق كۆرۈنىدا!خىياللىرىنى خام ئەيلەشمىسە،ئۇنىڭ ھەققىنى كەمىنە ئەغزەم تۆرە( بۇ تەخەللۇسىنى مەن بىرقانچە سائەت ئويلىنىپ،ئۇ ئىككىسىنىڭ غوجا،بىگىم دىگەن ئىسىملارنى بىسىپ چۈشۈش ئۈچۈن تاپقان) ئالىدۇ!

-تۆرەم؟!ىسلە قايداسىگە تۆرەم بولاپ قاللا ئەمدى؟

-ماڭىمۇ دادام ئاشتا ئەكىلەتىمە ئىسىم قويغان،بۇمۇ فامىلە مەسىلىسى!شۇڭا بۇدا مىنى تۆرەم دەپ چاقىرساڭلار بولاۋىرىدا!

ئۇلار ماڭا دەقىقە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى دە،ئۆز ياتاقلىرىغا كىرىپ كىتىشتى.كۆڭلۈمدە ئۇلارنى يەڭگەنلىكىمدىن خۇرسەن بولۇپ ياتاققا مەغرۇر كىرىپ كەتتىم.

كىچىچە ناھايىتى ياخشى ئۇخلاپتىمەن.كەيپىممۇ بەك ياخشى قوپۇپتىمەن.مەن ئورنۇمدىن قوپقان چاغدا،ئەلى كىلىپ بولغان ئىكەن.بىز

ئاددىلا ناشتا قىلغاندىن كېيىن،ئۈيتوپيا يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقتۇق.مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن يول بويى سۈرگەن خىياللىرىم كۆپۈكتەكلا غايىپ بولدى.نەدە مەن ئويلىغاندەك سىرلىق ھەم گۈزەل قۇملۇق؟نەدە مەن ئويلىغاندەك تىلسىم توزاقلار؟كۆز ئالدىمدا نامايەن بولغىنى بولسا يول بويى قاتار ئۆسكەن تېرەكلىك،ئاندىن تېرەكلەر بارغانسېرى ئازىيىپ توغراقلىق،ئاندىن يىرىمى قۇملۇققا تۇتىشىپ كېتىدىغان قۇمساڭغۇ تۇپراق....

بىز ئۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە،ئەلى ئالدىمىزدىكى قۇملۇقنى كۆرسىتىپ مۇرىسىنى قىسىپ قويدى.دېمەك ئۇ قەبرىنى ھەقىقەتەن قۇم بېسىپ كەتكەن ئىدى.بارلىق ئۈمىد-ئارزۇلىرىم كۆپۈككە ئايلاندەك ھېسياتقا كەلدىم.

-ئېنىق جەزىملەشتۈرەلەملا؟-ئەيىندىن قۇملۇق تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ ئەلىدىن سورىدى.

-بەك ئېنىق دەپمۇ كېتەلمەيمەن.لېكىن ئاساسەن مۇشۇ يەرگۇ دەيمەن.

-سىلە بۇيەرگە نېمە دەپ كەگەن؟ ئاشۇ ۋاقىتتا دەيمەن.

-تولۇق ئوتتۇرىدىكى بىر ساۋاقدىشىمنىڭكىگە ئويىنغىلى كېلىپ،تاسادىبىي ئۇچراپ قالغان.

-ھىم.....ئۇ ساۋاقداشلىرىنى تاپقىلى بولاما؟

-بولىدۇ،مەن ئۇنى ئىزدەپ كېلەي.

-ياق،بىز بىللە ئۇنىڭ ئۆيىگىلا بارايلى!

ئەيىندىن كۆڭلىگە نېملەرنىدۇر پۈككەن بولسا كېرەك،بىزنى ئېلىپ،ئەلىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇنىڭ ساۋاقدىشىنى ئىزدەپ ماڭدۇق.بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە،ساۋاقدىشى ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى،لېكىن ئۇنىڭ دادىسى ئەلىنى تونىۋالدى.بىز ئۇ ئاكىنىڭ زورىغا ئۇنىماي،ئىشىك ئالدىدىكى كىچىك سۇپىدىلا ئولتۇردۇق.ئەيىندىن بىلەن بىلال توختىماي ئۇ كىشىدىن بىرنېملەرنى سوراۋاتاتتى،مەن ئۇلارنىڭ

گىپىگە قۇلاق سالماي،ئەلى بىلەن بولۇپ كەتتىم.

-ئۇكام،سەندە ھىلىقىدەك تەڭگە يانا باما؟

-ياقەي!ئاشۇ بىرتاللا،قانداق سوراپ قالدىڭىغۇ؟

-ياق دەيمىنا ئەمدى.باشقا مىتال،تۇچ بويۇملار بوسىمۇ مەيلىتى،بامۇيا؟

-يوق.سەن زادى قانداق قىلىسە ئاشتاق كونا لاپىغىلارنى.

-ھىي!سەن بىلمەيسە دەيمە،ئالىملار ئاشۇ كونا بويۇملار ئارقىلىق،نۇرغۇن تارىخى شاھىتلارنى دەلىللەيدۇ.قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئىزناسىنى تاپىدۇ.....

ئەينى چاغدا ئەينىدىنىڭ ماڭا دىگەن دەبدەبىلىك سۆزلىرىنىڭ ئىسمىدە قالغىنىنى ئەلىگە ئاغزىمنىڭ شالىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتىم.ئەلى خىلى ئۇزاق تۇرۇپ كىتىپ،ئاندىن بىشنى يەنىلا «يوق» دىگەن مەنىدە چايقىدى،ئىست،بىيىشتىن ئۈمۈدۈمنى ساپ ئۈزدۈم ۋە ئەينىدىن بىلەن بىلالىنىڭ قىشىغا باردىم.ئۇلار يەنىلا ھىلىقى ئاكا بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى.

-بۇيەردە مازار مۇشىگى مەتىسلىم دەپ بىرى بار،ئاشۇنىڭدىن سورىساڭلار قۇملۇق دەمدۇ،خارابىلىق دەمدۇ،قەبرە دەمدۇ ھەممىنى بىلىدۇ.ئۇنىڭ ئۆيى-3 "كەنت-6 مەھەللىدە،سورىساڭلار ھەممەيلەن تونۇيدۇ.لىكىن ئۆزى بەك قۇۋ،ئاچكۆز ئادەم.ئاسان-ماسان بىركىمگە بىرنەرسە دەپبەرمەيدۇ.

-ئوھوي!ماندا ئەدەم با دەيلى!رەھمەت سىلىگە ئاكا!

ئۇلار تىزلا خوشلىشىپ بىزنى ئىلىپ مەتىسلىم دىگەن ئادەمنى ئىزدەپ ماڭدى.ئۆچۈپ كەتكەن ئۈمۈدۈم يەنە ئوت ئىلىشقا باشلىدى.بىز يىتىپ بارغاندا مەتىسلىم دىگەن ئادەم ھويلىسىدا رەسىم سىزىپ ئولتۇرغان ئىكەن.بويى بىرمىتىر ئاتمىشمۇ چىقمايدىغان،قارا رەڭلىك ئىشتان-چاپان كىيىۋالغان،يوغان شاپ بۇرۇتلۇق،پىشانىسى ئالدىغا خىلىلا بۆرتۈپ

چىققان، كۆزلىرى يۇمۇقراق، شاپاق دوپپىنى پاتۇرۇپ كىيىۋالغان قاپقارا بۇ ئادەمنىڭ رەسىم سىزالايدىغانلىقىغا ئەقلىم ھەيران قالدى. بىلال ئۇ ئادەمنىڭ دىققىتىنى بۆلمەستىن رەسىمگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى يەنىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەندەك بىلىندى، ئاندىن ئەينىدىنگە مەنىلىك قاراپ قويدى. ئەينىدىن بىشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن، بىلال يېنىك يۆتىلىپ قويدى. مەتىسلىم ئورنىدىن تۇرۇپ بىزگە بىرقۇر سەپسالغاندىن كېيىن بىز بىلەن قولىنىڭ ئۇچىدىلا كۆرىشىپ قويدى ۋە نىمە گەپتى دىگەندەك قىلىپ قولىنى قورسىقىنىڭ ئۈستىگە جۈپلەپ قويۇپ، ئىگىلىپ تۇردى.

-بىز قۇملۇقتىكى بىرقەبرىنى ئىزدەپ كەگەن!

-ئۇيەرگە بارغىلى بومايتۇ!

-نىمىشقا؟

-جىن با دىتۇ!

-سىلە بىز دىگەن قەبرىنىڭ قاسى ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ نىمىشقا شۇنچە كەسكىن جىن با دەپ ھۆكۈم چىقىرىلا؟

-ھەممىسىدە جىن بار!

-ماندا ئىش ۋا دەيلى، مەيلى! سىلە بىزنى باشلاپ ئاپىرىپ قويىسلىرىلام بولدى، ئاندىن قايتىپ كەتسىلە.

مەتىسلىم بىشىنى قەتئىيلىك بىلەن چايقاپ رەت قىلدى. مىنىڭ خۇيۇم تۇتۇپ كەتتى، گەپ قىلاي دەپ تۇرىشىمغا، بىلال سارىك يېنىدىن بىر باغلام پۇلنى (پەرىزىمچە بەش مىڭ يۈەن چىقىدۇ) مەتىسلىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. مەتىسلىمنىڭ پۇلنى ئىلىپ يۈگۈرۈپ ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ھەممىمىز نىمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالدۇق، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ تۆلكە ئوغرى خەلق ئەسكەرلىرى كىيىدىغان مەشىق كىيىمىدىن بىرنى كىيىپ ئالدىمىزغا پەيدا بولدى.

-ماڭىلى ئەمىسە ئاينا، كەچ كىرسە تاپقىلى بولمايتۇ!

ئاغزىمغا ئەمدى ئالغان مىنىرال سۇنى پۈركۈپ چىقىرىۋەتتىم.يو پانا ! مەندىنمۇ پۇلغا ئامراق ئادەملەر باركەن ئەمەسمۇ،هازىر تېخى«جىن بار،بارغىلى بولمايدۇ» دەۋەتاتتى،پۇلنى كۆرۈپ جىندىنمۇ قورقمىدى دىسە!ئەلىمۇ قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى.شۇنداق قىلىپ بىز قەبرە ئىزدەپ يولغا چىقتۇق.

دىگەندەك بىز يەنە ئەلى باشلىغان ھىلىقى يېرىمى قۇملۇققا تۇتىشىپ كىتىدىغان جايغا كەلدۇق،مەتسىلىم ئەينىدىنىڭ يىنىدا ئولتۇرۇپ يول باشلاۋاتاتتى.ئەلى« قايتىپ كەت!» دىگىنىمگە ئۇنىماي بىز بىلەن ئارقىدا ئولتۇرۇپ بىللە ماڭدى.قۇملۇققا خىلى ئىچكىرلەپ ماڭغاندىن كىيىن،مەتسىلىم دومباق بىرىيەرنىڭ ئالدىدا ئەينىدىننى توختاتتى،ئاندىن ئۇ دۆڭنىڭ ئارقىغا ئۆتۈپ بىزنى شەرەتلىدى.مەن هەيران قالدىم،قەبرىنى شۇنچە ئاسانلا تېپىۋالدۇقمۇ؟تېخى بەلگىسى شۇنچە ئىنىق بىرىيەردىن؟بۇنداق قەبرىدە بىرنەرسە تۇرامدۇ؟ !مەتسىلىم دىگەن بۇ قاقباش پۇلنى ئېلىۋېلىپ بىزنى قۇرۇق قەبرىگە باشلاپ قويۇپ قۇتۇلماقچى ھەقىچان.قاپاقلىرىم بارغانسىرى تۈرۈلۈشكە باشلىدى.چۈنكى دۆڭنىڭ كەينىدە تاشلار بىلەن قورشالغان كىچىك بىر ئازگال تۇراتتى.ئەينىدىن سۇئال نەزىرى بىلەن مەتسىلىمگە قارىدى،مەتسىلىم سەزگۈرلۈك ھەم قەتئىيلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. بۇ كۆرۈنۈشلا كۆرگەنلا كىشى ئۇلارنىڭ«مۇشۇ يەر راس شۇمۇ؟» دىسە،«ئىللا-بىللا خاتاسى يوق» دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكىنى بىلىۋالالايتى.لىكىن مەن بىلالنىڭ پۇلىنىڭ قۇدۇققا چۈشكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ بولغان ئىدىم.ئەينىدىن بولسا سومكىسىدىن بىر خاتىرە ئېلىپ ،يەنە بىر قولىدا كىچىك ئورۇن ئۆلچىگۈچنى ئېلىپ،خاتىرىسىگە بىرنىمىلەرنى يازدى.بىرىپ كۆرۈپ باقتىم.ئۇ خاتىرىسىگە«20100801،مىردىئان14. 69گىرادۇس،ئېغىز تەخمىنەن 1. ...7» دىگەندەك ئەخلەت بىرنىمىلەرنى يازغان ئىدى.بىرھازادىن كىيىن ھەممەيلەننى بىرىيەرگە يىغىپ

ئەستايىدىل هالدا تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

1. بىلال ئاۋال چۈشۈپ ئەھۋال ئىگەللەيدۇ،مەتىسلىم قوشۇلسا بىللە چۈشسە بولىدۇ.

2. ئەلى بىلەن مەن يۈك-تاقا ساقلايمەن.

3. ئەيىندىنىڭ ئولتۇرۇپ قىلىدىغان باشقا موھىم ئىشى بارمىش!

4. بىلال چىقمىغۇچە ھېچكىم،ھېچ يەرگە كەتسە بولمايمىش!

گەرچە كۆڭلۈمدە بارلىق بايلىقنى بىلالنىڭ ئىلىۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلساممۇ،لىكىن قانداق خەۋپ-خەتەر يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئازگال ئىچىگە كىرىشتىن تىخىمۇ قورۇقتۇم.تېلىفۇنۇمدىكى «ئەركىشى بولساڭ100 دىن ئۆتۈپ باق» دىگەن ئويۇنۇمنى باشلىۋەتتىم....

بىرچاغ بولغاندا بىلال بىلەن مەتىسلىم يېنىپ چىقتى.ئاندىن ئەيىندىنىڭ يېنىغا كىلىپ ئەھۋالنى چۈشەندۇردى.

-بۇ قەبرىنىڭ ئوچۇق تۈگىنىغا ئۇزۇن بولاپ كىتىپتا،ھېچقاندا زەھەرلىك ئىس،خەتەرلىك ئەۋاللار يوقكىن،لىكىن بۇ قەبرىنىڭ ئەسلى ....

بىلالنىڭ ئاۋازى بارغانسىرى پەسلەپ،پەقەت ئەيىندىن ئاڭلىغۇدەكلا ھالەت پەيدا بولدى،مەتىسلىممۇ ئۆزىنى سوراپ يىراقراق كەتتى،مىنىڭ ئۇلارنىڭ زادى نىمە دىيىشكەنلىكىنى بەك ئاڭلىغۇم بولسىمۇ لىكىن ئىناۋىتىمنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن،يالغاندىن پەرۋاسىز بولىۋىلىپ،تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ،ئۆزۈم ئىجاد قىلغان مەلۇم ناخشىغا غىڭشىپ قويدۇم.ئۇلار بەك ئۇزۇن پاراڭلاشمايلا بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلدى.ئاندىن ئەيىندىن ماشىنىدىن ئىلىپ چۈشكەن قول چىراقلارنى ئەلىدىن باشقا ھەممىمىزگە بىردىن تارقاتتى.

-چىرىپ كۆرەپ بىقىشنى خالايدىغانلار بىز بىلەن چىسەڭلا بولىدا،ئەلىجان سىلە خاپۇماي نەسە-كىرەكلىگە قايلاپ قويامىلا؟!

ئەينىدىن سۇئال نەزىرى بىلەن ئەلگە قارىدى.ئەلى تېزلا قوشۇلدى.ئۇنىڭ بايىلىق ماكانىنى كۆرگۈسى يوقمىكىنتاڭ!

-ئورەك ئېغىزى سەل كىچىككىن،لېكىن ئىچى چوڭ،چۈشكەندە دىققەت قىلىشالا جۇما!

بىلال بۇگەپنى ماڭىلا قارىتىپ دىگەندەك ماڭا تىكىلىپ قاراپ قويدى.مەن دىمىغىمنى قىقىپ،چىچىمنى يانغا تاراپ قويدۇم .بۇ مىنىڭ« ئاكاڭ قارىغايدا سو يوق!» دىگىنىم ئىدى.بىلال غەيرى بىر كۈلۈپ قويۇپ،باشلامچىلىق بىلەن ئازگالغا چۈشۈپ كەتتى،ئارقىدىن مەتسىلىم،ئارقىدىن ئەيىندىن،ئەڭ ئاخىرىدا مەن چۈشتۈم.راست گەپ قىلسام،ئىچىمدە قىزىقىشتىن بەكرەك قورقۇنۇچ بار ئىدى.كىم بىلىدۇ،ئىچىدە جىن-ئالۋاستى بولمىغان تەقدىردىمۇ يىلان-چايانلار بارمۇ تىخى!ئازگالغا چۈشۈش جەريانىنى سۆزلىمەيلا قوياي،ئىشقىلىپ مىنىڭ چۈشۈش قىياپىتىم كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ھەجۋىيغۇ دەيمەن،ھەرنىمە بولسا ئىچى قاراڭغۇ ئىكەن.بولمىسا بۇ ساراڭ-قېتىشلارنىڭ كۈلكىسىگە قالاركەنمەن.

ئازگال ئىچى قەبرە شەكلىدە ئەمەس،كىچىك ئۆي شەكلىدە ئىدى،مەن قالايمىقان چىراق تۇتۇپ ھەممە يەرنى كۆزىتىپ باقتىم،سەل دىمىقلىقىنى ۋە غەيرى پۇراقنى ھىساپقا ئالمىغاندا،ئادەمنى قورقۇتقۇدەك باشقا ئالاھىدە ئەھۋال يوق ئىدى.ئەيىندىن ھەربىر تاملارغا،تاش-توپىلارغا قاراپ چىراقنى چىشلەپ،خاتىرىسىگە بىرنىملەرنى يازماقتا،بىلال مەتسىلىمنىڭ باشلىشى بىلەن يەنىمۇ ئىچكىرلەپ ماڭماقتا ئىدى.

-ۋايجان!جىن!

مەتسىلىمنىڭ چاشقاندەك چىرقىراق ئاۋازى مىنى ئوگدامغا ئۇچۇرىۋەتتى.تەستە ئۆمىلەپ قوپۇپ قېچىشقا تەمشەلدىم،لېكىن مەتسىلىم ۋە مەندىن باشقا ھىچكىم قاچىدىغاندەك ئەمەس.بىلال قويۇق قاشلىرىنى يىمىرىپ،مەتسىلىم «جىن!» دەپ قاچقان تەرەپكە قاراپ

مىڭىۋاتاتتى.ئەيىندىن مىنىڭ ھالىتىمگە قاراپ،گۆلىيىپ قويۇپ ئۇنىڭ ئارقىدىن ئەگەشتى.مەتىسلىم ماڭا قاراپ-قاراپ قويۇپ،بېشىنى تاتلىغىنىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى.مەنمۇ چۈشەندۈرگۈسىز خىجىللىقتا ئۇلارغا ئەگەشتىم.

بىر ئادەم بېشىنىڭ ئىسكىلىتى ،چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن ئېغىزىدىن«شارت-شارت» قىلىپ ئۈزۈن تىلىنى چىقىرۋاتاتتى.مىنىڭ پۇتلىرىم تىترەشكە باشلىدى،«ياخۇدا!نىمە كارامەت بۇ؟» دەپ ئويلىدىم. بىلال ئىلگىرلەپ بېرىپ،پۇتى بىلەن ئىسكىلىت كاللىنى ئاستا تېپىپ ئۆرىدى.ئىچىدىن بىر كەسلەنچۈككە ئوخشايدىغان جانلىق قېچىپ چىقىپ كۆزدىن غايىپ بولدى.بىلال ئاۋال مەتىسلىمغا ئاندىن ماڭا قاراپ ھېجىيىپ قويدى.«ھۇ قوتا مازار مۇشكى،ئاشۇنچىلىك نەرسىدىن قورقۇپ يۈرگەن ھالىڭغا،قانداقمۇ قەبرىمۇ قەبرە،خارابىلىقمۇخارابىلىق مارىلاپ يۈرەلەيدىغانسەن؟!سىنى مازار مۇشۈكى ئەمەس،مازار توخوسى دىسە مۇۋاپىق بولغۇدەك!ھەجەپمۇ قورقۇتتى مىنى!» ئىچىمدە مەتىسلىمنى يۈزمىگنى تىللىدىم.ئۇ قېلىن ئوغرى يەرگە قاراپ گەدىنىنى قاشلاپ ھىجىيىپ قويۇپ.يەنە سەپىنىڭ ئەڭ ئالدىغا ئۆتتى.بۇ قەبرىگە بىرقانچە قەبرە ئۇلاشتەك تۇراتتى.بەلكىم ئەسلى ئايرىم بولسىمۇ،قۇمغا كۆمۈلگەندىن كىيىن،بايلىق ئىزدەيدىغانلار تىشىپ،ئۇلاپ قويغان بولىشمۇ مۇمكىن!شۇلارنى ئويلاۋاتسام،يەنە«ۋايجان !» دىگەن چىرقىراق ئاۋاز قايتا «سايرىدى» .نىملا بولمىسۇن قاچماي،ئالدىغا بىرىپ بايىقى ئىناۋىتىمنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولدۇم.ئەمدى ئىككى قەدەم مىڭىشىمغا ،ئاۋال بىلال،ئاندىن مەتىسلىم،ئاخىرىدا ئەيىندىن بوراندەك قېچىپ كىلىپ، چىقىش ئېغىزىغا ياماشقىلى تۇردى،بەلكىم ئىشتىنىمغا چىقىرۋەتكەن بولىشىمۇ مۇمكىن،قانداق قېچىپ چىققىنىمنى،قانچە قىتىم يىقىلغىنىمنى بىلمەيمەن،ماشىنىغا يۆلىنىپ تىنالماي ئولتۇرۇپ قالدىم.

بىزنىڭ ئارقىمىزدىن تەخەيدەك كىلىدىغان بىر ياۋا ئىت،ئازگالدىن

چىقتى ۋە بىزگە يىقىنلاشماي تۇرۇپ قاۋاپ خىرىس قىلدى.« ئۇف ! ئىتكەنغۇ!گەرچە يوغانراق بولسىمۇ ،ئىشقىلىپ ئىت!ما پوركۆتەك ئەيىندىن قېرى ھەجەپ تىز يۈگۈرەيدىكىنا؟يېشىغا پەقەت ماس كەلمىگەن ھالەتتە تىخى!ماڭا بىر ئېغىز قاچ!دەپ قويماي ئۆز ئالدىغا قېچىۋىرىشىنى بۇ ۋاپاسىزلارنىڭ!» ئۇلارغا نەپرەت بىلەن قاراپ ،ئىچىمدە بىر-بىرلەپ تىللاپ چىقتىم.بىلال قولچىراقنى يۇقىرى نۇر ھالىتىگە ئەكىلىپ ،ئىتنىڭ كۆزىگە تەگلىدى ،ئىت قاۋىغاچ ئارقىغا داجىپ ،قاياقلارغىدۇر قىچىپ كەتتى .

نامازشام ۋاقتى بولاي دەپقالغان ئىدى.ئەيىندىن «ئەتە كىلەيلى!» دەپ ماشىنىغا چىقتى.بىزمۇ ماشىنىغا چىقتۇق.يولدا ماڭغاچ ئۇلارغا قاتتىق كايىپ كەتتىم:

-ئەيىندىن تاغا!سىلىنى ياشانغان ،تېنى ئاجىز دىسەم،قاچىدىغان چاغدا مەندەكتىن ئوننى قاتلايدىكەنلىيا؟!تىخى مۆمۈ دەپ قويماي!ماۋۇ بىلال بىگىم ئەپەندىمغۇ ،ئولىمپىكقا قاتناشسا چوقۇم مىدال ئالىدىكەن!

-مەتسىلىمكو ،باشقىلا سىلىنىڭ خىلى تەرىپلىرىنى قىلىۋاتىتى ،لىكىن تەرەتلىرى سەل بوشىراقمۇ بۇگەن ،يا ژۇرەكلىرى ئاجىزمۇ؟

مەتسىلىم ئاغزىنى ئۈمەللەپ بىرنىمە دىمەكچى بولدىيۇ،گىپىنى يۇتىۋەتتى ،ئەيىندىن قېرى بولسا گىپىمنى پىسەنتىگە ئالماستىن ،كەيىنگە قاراپمۇ قويماستىن تەنە جاۋاپ بەردى:

-ئەغزەمجان ،بوسىغۇ سىلىنى ژۇدۇپ قاچسام بەك ياخشى بولىتى ،ئەمدى بايام سىلە دىگەنىدەك ياش چوڭىيىپ قالدى ئەمەسما ،ئۆزىمىزنى ئاران كۆتىۈرىمىز!سىلىدەك ۋاقتىم بوسا چوقۇم ھەممىڭلىنى ژۇدۇپ ئاچىقىپ قويىتتىم!

ئەلى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ،غىققىدە بولۇپ گەپ قىلالماي قالدىم.گەپ چۆرگىلەپ يەنە مىنىڭ بىشىمغا كىپىلىپ قالدى.ئەگەر ئەلى ئىنىم بولۇپ قالمىغان بولسا بىرمۇشت بىلەن32 چىشىنى تولۇق تۆكىۋىتەتتىم سەت ھىجايغىنىغا!

ئەلىنىڭ نوقىشى بىلەن كارىم بولماي،بارلىق دەردىمنى مەتىسلىمدىن ئالدىم.
-ئاشۇ كەسلەنچۈك جىنما؟!ئاشۇ ئىت جىنما؟!نەدىكى بىنەسىلەردىن قوقاپ،خوتۇن كىشتەك چىقىرايدىكەنلا!
-خاپا بولمىسلا،مەن خاتا كۆرۈپتىمەنىيا ئەينا،ئەمما راس جىن بار دىتۇ باشقىلار!بوۋامنىڭ دېيىشىچە....
-ئا ....تولا قۇرۇق گەپ قىممىسا!كەيپىمنى ئۇچۇرۇپ!
مەتىسلىم يەنە گەدىنىنى قاشلاپ گەپتىن توختاپ قالدى.ماشىنا قوزغالدى.مەتىسلىمنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا گەپ ئېتىپ ئاچچىقىمنى چىقىرىۋالدىم.
ئەتىسى سەھەردىلا يولغا چىقتۇق،ئەلىنىڭ ئىشى چىقىپ قالغاچقا بىز بىلەن بىللە بارمىدى.يەنە شۇ قۇملۇق، يەنە شۇ ئازگالنىڭ ئىچى . كېچىنىڭ ياقى مەن ئۆز-ئۆزۈمگە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا،ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرمەي تۇرۇپ قاچماسلىقا،چوڭ سۈپەت بولۇشقا قەسەم قىلغان ھەم ئۆزۈمنى ھەرخىل ئۇلۇغۋار،باتۇر قىياپەتتە تەسەۋۋۇر قىلىپ باققان ئىدىم.ماشىنا توختىغاندىن كېيىن ھەممەيلەن پەسكە چۈشۈپ ئەينىدىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىنى ئاڭلايمىز دەپ ئۇنىڭ ئېغىزىغا قاراپ تۇردۇق.ئۇ گېلىنى يىنىك قىرىپ قويۇپ «ئورۇنلاشتۇرۇش» قىلىشنى باشلىدى:
-گەپنى قىسقا قىلاي!
1) ئىچىگە چىگەندىن كېيىن مەيلى قايدا ئەۋالغا يولۇقمايلى چوقۇم تەمكىن بولىلى،شىتتىكلام ئىشتانغا چىقىرىۋىتىدىغان ئەۋال بولاپ قامىسۇن!(ئۇ بۇگەپنى ماڭا قاراپ دىمىگەن بولىسمۇ،چىرايىدىكى مەڭستەمەسلىك ئىپادىسىدىن ئىنىقلا ماڭا قارىتىپ دىگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى!)
2) مەيلى قاندا بويۇم ئۇچرىمىسۇن ھىچكىمنىڭ قالايمقان

ئىلتۇىلىشقا، يۆتكىشكە بومايدا، بۇمۇ ھەممىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن!گەپ تۈگىدى!

ئۇ گىپىنى قىلىپ بولۇپ بىلال ساراڭغا«سىلىنىڭ گەپلىرى بارمۇ؟» دىگەن نەزەردە قاراپ قويدى.بىلال ساراڭ بۇرنىنى بىردەم كولىتۇەتكەندىن كىيىن،تاماكا چىكىپ ،قاپىغىمنى سۈزۈپ ئولتۇرغان ماڭا بىر قارىۋىتىپ،«ئەڭ ياخشىسى ھىچكىم تىگىدە تاماكا چەكمىسۇن!» دەپ قويدى.مەن دىمىغىمنى قىقىپ قويۇپ تاماكىنى كۈچەپ بىرقانچىنى تارتىۋىلىپ،ئاندىن تاشلىۋەتتىم.بىز ئاستا ئورەككە چۈشۈشكە باشلىدۇق.

بىز بۇ قەبرىگە ئوخشمايدىغان قەبرىگە ئىچكىرلەپ كىرگەنسىرى،ئۆيلەر يوغىناپ كىتىپ بارغانسېرى بىلىنىپ كىتىۋاتاتتى،ئەينىدىن قەدەمدە بىر توختاپ بىرنىمىلەرنى خاتىرلەيتتى.بىلال بولسا يەردىن تاش،توپا ئىلىپ پۇراپ بىقىپ،ئەينىدىنىگە بىرنىمىلەرنى دەيتتى.مەتىسلىم بولسا بىر نەرسىدىن قورىققاندەك بەك ئەركىن بولالمايۋاتاتتى.مەن بولسام بىلال ساراڭ تاماكا چىكىشىمگە يول قويمىغاچقا ئىچىم تىتىلداپ، تۆت ئەتراپقا قاراپ ماڭاتتىم.بىردەمدىن كىيىن بەك ئىچىم سىقىلىپ،مەتىسلىمگە گەپ تاشلىدىم.

-بۇيەردە قاندا بويۇملار بولىشى مۇمكىندۇ؟

-بىرنەرسە قاممىدىيا ھازىر.

-ھەممىنى سىلە جايلاپ بوللىما؟

-ياق ئۇكام،نادا ئاندا ئاسان ئىش باكىنا!

-ئۇندا ۋوسا بىزنەسە يوقلىقىنى سىلە نىمە بىلىلا؟

-دىسەم ئىشەنمەيتۇ،بۇيەردە بىرنەرسە بولسمۇ ئاچىقساق بولمايتۇ.

-نىمىشقا؟

-جىن باريا ئەينا.

-ئا ھاي...يەنە شۇگەپما!نەدە جىن باكىن؟خىجىل بولماي يەنە شۇندا

دەتىلىيا!

-راس ئۇكام،راس!رەھمەتلىك بوۋام دىتۇ:«قەبرىدىن نەرسە ئالماڭ،ئالسىڭىز تىرىك قالماڭ!» ، ئىشقىلىپ بۇيەردە راس جىن بار،سىلەر ئىشەنمىسەڭلار مەيلى،ئىشقىلىپ مەن ئىشىنىمەنيا ئەينا!

بىرچاغلاردا توردا مودا بولغان بۇ سۆزنىڭ، تەكلىمان ۋادىسىدىكى بىر دىھقانىنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقىدىن ھەيران قالدىم ھەم قاتتىق كۈلگۈم كەلدى.

-ئەمىسە دىسە،قاندا جىن باكىن؟

-دىسەم بومايتىيا.

-نىمىشقا؟

-قورقۇپ كىتىلا.

-خا...ھەقانچە قوقانچاق بوسامۇ سىلىدەك ئەمەس،ئاۋال بى دەپباقاملا؟

مەتسلىم ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدا بىر ئاغىنىسى بىلەن بىللە بىر قەبرىگە بارغانلىقى،ئۇ يەردە گىگانىت ئادەمنىڭ ئۇۋلارنى قوغلىغانلىقى،كىيىن بىرنەرسىنىڭ ئۇلارنىڭ پۇتىدىن تارتىپ قۇتۇلدۇرۇپ قويغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.مەتسلىم داۋامىنى سۆزلەۋاتقاندا،بىلال بىزنى چاقىرىپ قالدى.بىز نىمە ئىش بولغاندۇ دەپ ئۇنىڭ قىشىغا باردۇق.

-ھازىر بىز تۇتاش مازانىڭ موھىم يىرىگە چىرىمىز، بۇيەردە سەل غەيرى پۇراق تۇرىدا ،ھازىردىن باشلاپ ھىچكىمنىڭ ھىشقاندا نەرسىنى تۇتۇشىغا بومايدا،بىزدەك ئەيىندىن خوجىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىنى ئاڭلايمىز!

بىلال گىپىنى قىلىپ بولۇپ بىزگە تەكشى قاراپ چىقتى.مىنىڭ «نىمىشقا؟» دەپ سورىغۇم كەلگەن بولسىمۇ، چوڭ سۈپەت بولۇش ۋەدەمنى ئۇنۇتماي،يىنىك باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۇردۇم.بىلال قۇم بىلەن توسۇلۇپ قالغان ئىغىزنى قولى بىلەن(پەلەي كىيىكلىك) ئاستا كولاپ چۇشۇردى.ئادەم پاتقۇدەك بوشلۇق ئىچىلغاندىن كىيىن،بىشنى

ئىچىگە تىقىپ،ئوكسىگىنسىزلىنىپ كەتكەن ئادەمدەك،قاتتىق-قاتتىق پۈرىدى.ئاندىن بىزگە شەرەت بېرىپ،ئۆزى ئىچىگە باشتا كىرىپ كەتتى.بىزمۇ ئاستا-ئاستا ئەگىشىپ كىردۇق.

ۋاھ......!مانا بايلىق دېگەن!گەرچە تەڭگە بولمىسىمۇ ھەرخىل شەكىلدىكى تۇچسىمان بويۇملار،گىردىگە ئوخشاپ قالىدىغان،بىلەيگە ئوخشاپ قالىدىغان،ھورنانىغا ئوخشاپ قالىدىغان ھەرخىل شەكىللىك بويۇملار ئۇيەر-بۇيەردە تاشلىنىپ تۇراتتى.ئەمدى ئالدىمغا مىڭىشىمغا ئەينىدىن قولى بىلەن مىنى توسۇپ قويىدى.ئاندىن ماڭا جىددىي ئاۋازى بىلەن(لىكىن مەن ئەينى ۋاقىتتا ئۇ خۇددى قەستەن جىددىي قىياپەتكە كىرىۋالغاندەك ھېس قىلغان ئىدىم)« سىلەر توختاپ تۇرۇڭلار!مەن سۈرەتكە ۋە خاتىرىگە ئېلىۋالاي!» دەپ بىزنى توختىتىپ قويىدى.

مەن چوڭ سۈپەت بولۇشقا ئۆزۈمگە ۋەدە بەرگەن بولساممۇ،بۇقىتىمقى چىرايىم چوقۇم يىغلىغاندىنمۇ بەتتەر بولىشى مۇمكىن.«ئۆلگۈر قېرى!بىرنەرسە تاپقاندىمۇ سەن ئاۋال،قاچقاندىمۇ سەن ئاۋال!» دەپ ئىچىمدە قاتتىق رەنجىدىم .مەتسىلىم بولسا ئۇنىڭ مۇشۇ گېپىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك دەرھال كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىدى.ئەينىدىن ھەربىر بويۇمنى بىردىن رەسىمگە تارتىپ،ئاندىن خاتىرىسىگە بىرنىمىلەرنى يازاتتى،بىلال بولسا يەنىلا ئىتتەك ئۇنى-بۇنى قولىغا ئالماي تۇرۇپ ئېڭىشىپ پۇرايتتى.مەن بىكار قاراپ تۇرىۋېرىپ ئىچىم سىقىلىپ كەتتى،ئارقامغا ئۆرۈلۈپ بىرقانچە قەدەم مېڭىپ ئۇياق-بۇياققا قاراپ باقتىم.مانا!ئوغرىغا مال كەم بولماپتۇ دەپ،بايا بىلال كولىغان كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىچ تەرىپىدىلا ياڭاقتىن سەل يوغانراق بىر پارچە قاشتىشىدەك،ئاتنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ قالىدىغان بىرنەرسە كۆزۈمگە چېلىقتى.چاندۇرماي ئېلىپ،قويۇن يانچۇقۇمغا سالدىم.ئاندىن بىرنەرسە كۆزەتكەن قىياپەتكە كىرىۋالدىم.ئىچىمدە چەكسىز خۇشاللىق.ئۇلار يەنىلا ئۆز خىزمىتى بىلەن ئالدىراش....

مەتىسلىم ساقلاپ بولالماي، تامغا يۆلىنىپ مۈگىدەپ قالغان ئىدى. بىلال ئۇنى كۆردى بولغاي، قىشىمىزغا بىرىپ، «ئىچىڭلا پۇشۇپ كەتكەن بوسا، ماشىنىغا چىقىپ ئارام ئىلىڭلا» دىدى. بۇگەپ ماڭا تازا خوشياقتى، مەتىسلىم ئىككىمىز سىرتتىقا چىقىپ، ماشىنىدا ئولتۇردۇق. مەن يەنە تىلفۇن ئويۇنىنى باشلىۋەتتىم. تۇرۇپ-تۇرۇپ چاندۇرماي قويۇن يانچۇقۇمدىكى تاشنى سىلاپ قوياتتىم. ۋاقىت ئۆتىۋەردى، چۈشكە يىقىن ئۇلار يىنىپ چىقىپ، يۈز-كۆزلىرىنى چايقاپ چالا-پۇلا بىرنەرسە يەپ يەنە ئازگالغا (بىلالنىڭ سۆزى بويىچە ئىيتقاندا تۇتاش مازارغا) كىرىپ كەتتى.

مەن ئالدىرىماي تاماق يەپ (تاماق= قىتىق+ نان)، تىلفۇندا ئويان-بۇيانىنى رەسىمگە تارتىپ ۋاقىت ئۆتكۈزدۈم. ئۇ ئىشتىنمۇ زىرىكىپ، يەنە ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇردۇم. قاچانلاردا ئۇخلاپ قالدىم بىلمەيمەن. بىرچاغدا بەدىنىمنى تىترەك بىسىپ ئويغىنىپ كەتتىم.

ئەتراپ قاپقاراڭغۇ. ماشىنىدا مەتىسلىم يوق. ئەينەكتىن پەسكە قارىدىم. ئۇيەر-بۇيەردە گۈلخان يىقىلغان بولۇپ، ھەربىر گۈلخان ئەتراپىدا10-9ياش ئۆپچۆرىسىدە بوي-تۇرقى بار توپ-توپ باللار چۆرگىلەپ ئۇسۇل ئويناۋاتاتتى. ھەيران قالدىم، شۇنچە كىچىدىمۇ بۇ باللار قۇملۇقتا نىمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟! شۇنچە قارىسامۇ ئۇلارنىڭ چىرايىنى زادىلا ئىنىق كۆرەلمىدىم. ماشىنىدىن چۈشۈپ بىرقەدەم مىڭىپلا بەدىنىمنى تىترەك باستى.

چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىزىل كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ، كىيىملىرىنىڭ يىڭى ساڭگىلاپ تۇراتتى، چاچلىرى يۈزىنى يىپىۋالغان ئىدى. ئوتنىڭ رەڭگى يىشىل ئىدى. پۇتۇم قىتىپ قالغاندەك زادىلا قىمىرلىيالمىدىم. ئىسىمگە كەلگەن ئايەتنىڭ ھەممىنى ئوقۇپ باقتىم، ئەتراپتا ھىچ ئۆزگۈرۈش يوق. بەدىنىم چىپىلداپ سوغۇق تەرلەپ كەتتى، كۆزۈمنى يۇماي دىسەم بىرسى كىلىپ بوغۇپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىرچاغدا قىزىل

كىيىملىكتىن بىرى ئالدىمغا كېلىپ بىرنەرسىلەرنى دېگەندەك قىلدى،گېپىنى زادىلا ئاڭلىيالمىدىم.ئۇ ماڭا بارغانسىرى يېقىنلاپ كەلدى،يۈزۈمگە ئىسسىق بىر شامال ئۇرۇلغاندەك بولدى.ھوشۇمنى يوقاتتىم....

## 3-باپ ئوگۇشسزلىق

بېشىم تىگى يوق ھاڭغا كىرىپ كېتىۋاتقانىدەك ھالەتتە.قاپىقىم بەكلا ئېغىر.پېشانەمگە مۇزدەك بىرنەرسە تەگكەندىن كېيىن،بېشىم سەل ئوگشالغاندەك بولدى.يەنىلا كۆزۈمنى ئاچالمىدىم.ئۇيقۇچىلىق بىلەن باش ئاغرىقى ئىچىدە قانچىلىك ياتقىنىمنى ئۇقمايمەن.بىرچاغدا كۆزۈمنى ناھايىتى تەستە ئاچتىم.ئەتراپىمدا بىرقانچە ئادەم تۇراتتى.يەنە جىن بولۇپ قالمىسۇن دەپ كۆزۈمنى قايتا-قايتا سۈرتۈپ قارىدىم،يوغانباش ئەيىندىن،بىلال سارالا،مەتىسلىم،ئۇكام ئەلى!

ئەلى ياشلىرى لىغىلداپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى.

-خۇدايىمغا شۈكرى!ھەجەپ قورقۇتتىڭا ئادەمنى ئاكا!

-مەن.....ماڭا جىن ئۇچرىدى!جىن!جىن!!

-ھاياجانلانماي، ئالدىرىماي سۆزلىسە.زادى نىمە ئىش بولدى؟!

مەن ئەيىندىنىڭ گېپىگە جاۋاپ بەرمەي،ئەتراپىمغا نەزەر سالدىم:رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن پەردە ئارىلىقىدىن قۇياش نۇرى بىمالال كىرىۋاتقان دەرىزە،ھاك بەرگىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان تام،قويۇق موخىرەك پۇرىقى.....دىمەك مەن ھازىر مەتىسلىمنىڭ ئۆيىدە ئىكەنمەن.ئورنۇمدىن تۇرۇشقا شۇنچە تىرىشقان بولسامۇ،بىلىمنىڭ تۆۋىنىدە سىرىم بولمىغاچقا زادىلا تۇرالمىدىم.ماڭا زادى نىمە بولدى؟!جىن-شاياتۇنلار مىنى بىرنىمە قىلىپ قويدىمىكىنە؟!ئۆزۈمنى(توغرىسىنى ئېيتقاندا ئۇستۇنكى بەدىنىمنى) زەردە بىلەن كارىۋاتقا تاشلىدىم.بىلال مەتىسلىم بىلەن ئەلىنى چىقىپ كېتىشكە شەرەتلەپ،ئاستا يىنىمغا كىلىپ ئولتۇردى.ئاندىن ماڭا بىرتال تاماكا سۇندى.مەن بىشىمنى باشقا ياققا بۇرىۋالدىم.

-تۆرەم!ئاندا قىمماي بىرەتال چىكىپ قويىلى!

ئۇنىڭ مىنى«تۆرەم» دەپ ئاتىشى مىنى قايىل قىلدىمۇ ياكى تاماكا چەككۈم كەلدىمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ قولىدىن تاماكىنى ئىلىپ،تۇتاشتۇرۇپ

قاتتىق-قاتتىق شورىدىم.گەرچە ئۆپكەم قىقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ بىشىم بايامقىدىن سەل ئارام تېپىپ قالدى.ئاندىن بىلال بىلەن ئەينىدىكى ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم.ئۇلارمۇ ماڭا بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى:

مەن ھوشۇمدىن كەتكەندىن كىيىن،ئۇلار مىنى ماشىنا يىنىدىكى قوملۇق يەردە بايقاپتۇ.قانچە توۋلاپ،سىلكىپمۇ ئويغىتالماي،ماشىنىغا يۆلەپ ئىلىپ چىقىپتۇ.ئەينىدىن بىشىمنى تۇتۇپ قاتتىق قىزىتىپ كەتكەنلىكىمنى،لىۋىمنىڭ ئاقىرىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ،شامال دارىپتۇ دەپ ھۆكۈم قىلىپ،مىنى مەتىسلىمنىڭ ئۆيىگە ئىلىپ كەپتۇ.بىلالنىڭ تىباپەتتىن خىلىلا خەۋىرى بولغاچقا دوختۇرخانىغا ئاپارماپتۇ،تاغامنىڭ ئۆيىگە ئاپىراي دىسە ئۇلارنىڭ ئەنسىرەپ،نىزىرقاپ سوراپ تۇرىۋىلىشىدىن ئەنسىرەپتۇ.مەن ساق بىر يىرىم كۈن ھوشسىز يىتىپتىمەن.بىلال ھەرخىل يەرلىك دورىلارنى ياساپ مىنى داۋالاپتۇ(ئاشۇ بۇرنىنى كولىغان قولى بىلەن ياسىغان دورىنى قانچىلىك ئىچكەنىدىمەن،بىردىنلا كۆڭلۈم ئىلىشىپ كەتتى).

-ئەمىسە مەن نىمىشقا ماڭالمايمەن؟!

-سىلە ھوشسىز ياتقاندا پۇتلىرىنى يىلان چىقىۋاپتا !بىگىم زەھەرنى قايتۇرۇپ بولدى،بىرقانچە كۈندىن كىيىن ئوڭشىلىپ كىتىلا!

-ئۇنداقتا ھىلىقى جىنلارچا؟!

-مەن نىمە دىدىم ھازىر!سىلىگە سوغۇق تىگىپ كىتىپتۇ ئەمەسما،مازارنىڭ ئىچى ئىسسىق ھەم دىمىق،سىلە تالاغا چىقىپ شامال بىلەن ئۇچرىشىپلا،ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنىدا ھاۋا تەڭشىگۈچنى تازا ئىچىپ قوياپ ئۇخلاپلا ،شۇنىڭ بىلەن شامال دارىپ قىزىتىپلا،كىچىدە ئۆندەرەپ قوپاپ،خىيالى سەزگۈ بىلەن قۇملۇقتا يىتىپ قاپلا!

-ھەجەپ مەتىسلىم شامال دارىپ قامماپتىيا؟!

-ئۇ ئەدەم دىگەن مۇشۇ تۇپراقتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇغراقتەك مەزمۇت ئوغرى.سىلە ئەمدى تىخى ياش ئەمەسما،قۇۋۋەتلىرى سەل ئاجىز كەپقاپتا!

ئەيىندىنىنىڭ گىپى مىنى خىلىلا قايىل قىلدى.توۋا!دۇنيادىكى ھەممە پالاكەتچىلىك ماگىلا كەپتۇ دىسە.مازادىن چىقسام شامال دارىپ قالسام،شامال دارىپ ھوشۇمدىن كەتكەندە پۈتۈمنى يىلان چىقۋالسا!ھەي....كىمنىڭ قارغىشىغا كەتكەن بولغىيتىم؟نىمە يوق يەپ قوتا تەگگىنى ئىزدەپ بۇ قۇملۇققا كەلگەن بولغىيتىم؟ !نىمىشقا بەدەن چىنىقتۇرۇپ ،مەتسىلىمدەك قاۋۇل بولمىغان بولغىيتىم؟!ھەي....

دىگەندەك بىرقانچە كۈن ئارام ئىلىش،بىلال بەرگەن مەلھەمنى چىپىش ئارقىلىق يەرگە چۈشكىدەك بولدۇم.ماگالايدىغان بولغان كۈنۈم ئەڭ ئارزۇ قىلغىنىم بولسا، مۇنچىدا بىرقات تىرەم سويۇلۇپ كەتكۈدەك بىر يۇيۇنۇش بولدى.چۈنكى-4-3 كۈندىن بىرى قويماي يىتىپ، سىپسىپ كەتكەندىمەن،ئۆزۈممۇ ئۆزۈمگە سىپسىق پۇرىغاندەك بىلىنىپ، بەك سىقىلىپ كەتتىم.لىكىن بۇيەردە مۇنچا يوق ئىدى.

-مەتسىلىمكوا!ئەتراپتا ژۇيۇنغۇدەك بىرەر جاي باما؟

-بار،لىكىن خىلى يىراقتا،سىلە ئەمدى قوپلىيا تىخى،ئۆيىنىڭ ئارقىدا سىلە سۇ ئۇزۇپ ئويىنغىدەك بى تۇڭ باتۇ،ئەشىنگدا بى چاقىناملا ئەينا.

-تايىنلىق ئاۋىياماتكا با دىمىلە،قىنى بى كۆرەپ باقاي!

مەتسىلىمنىڭ يۇمۇرلۇق گەپلىرىدىن كەيپىم كۆتۈرلۈپ قالدى.بىز ھويلا ئارقىسىغا مىگىشىمىزغا ئەيىندىن زورلاپ گىلىنى قىرىپ قويدى.مەتسىلىم موھىم بىرئىشنى ئىسىگە ئالغاندەك ئەندىكىپ تۇرۇپ قالدى،ئاندىن ماگا قاراپ چالا ھىجىيىپ:

-ۋۇجىنەم!مۇشۇ ئۇۋاتەككۇ كاللامىنىزە!ئۇ تۇگنى ئۆتكەندە خوشنامىنىڭ تۇقىنىنىڭ نەۋرە ئىنىسىنىڭ تونۇشىغا بىرىپ تۇغاندەك قىلغان-دىدى .

-ۋوجو!!!نىمانىدا مۇرەككەپ مۇناسىۋەت بۇ؟!ھەراس،ئاشۇندا يوغان تۇگنى كۆتۈرەپ ئەكىتىشكە،ئاشتا مۇرەككەپ ئەدەم كىتىدا راس!

مەن سۆزۈمنى قىلغاچ تىز قەدەملەر بىلەن ھويلىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتۇم.دىگەندەك كىچىك«شەرق شاملى» ماشىنىسىنىڭ كوزۇپىدەك

كىلىدىغان بىر تۇگسىمان قۇتا بۇلۇڭدا تۇراتتى.بۇنداق يوغان تۇگنى مەتسىلىمنىڭ قەيەردىن تاپقانلىقىغا ئەقلىم يەتمەي قالدى.تۇك ئىچىگە ئۆيدىن تارتىپ چىقىرىغان شىلانكا سىېلىنغان ئىدى.ئارقىمدىن تاپ بىسىپ كەلگەن مەتسىلىم ئوگايىسزلىنىپ، ئادىتى بويىچە گەدىنىنى قاشلاپ ھىجىيىپ قويدى.مەن بىرتەرەپتىن كىيىمىمنى سالغاچ بىرتەرەپتىن مەتسىلىمگە تەنە قىلدىم.

-ۋۆي!ھىلىقى قۇشناچىمنىڭ بىژنىمىسىنىڭ بىژنىمىسى چاندۇماي ئەكىلىپ قويابتا ئەمەسما!يامان بالىكەن جۇما !

مەتسىلىم بىرنىمە دىمەكچى بولۇۋىدى،ئەيىنىدىن ئۇنى تارتىپ ئىلىپ ماڭدى.«ھۇ مازا توخىسى!ئاكاڭ قارىغايدىن قوتا تۇگۇگنى ئاپاپ!ما ئەيىنىدىن قىرىنىمۇ دەيمە،ئۆزىچە خەققە قىلتاق قۇرۇپ شەرەت بىرىپ!» ئۆز-ئۆزۈمگە غودۇرغىنىمچە تۇگنىڭ ئىچىگە كىرىپ،شىلانكىدىن سۇ چۈشۈردۈم.

ۋاھ~مانا راھەت دىگەن!ئاغىنىلىرىم بىلەن ھورمۇنچىغا چۈشكەندىمۇ بۇنداق راھەتلەنمىگەن مەن!

مىنى تاشلاپ كەتكىنىڭ راسمۇ؟

مەنمۇ سەندىن قۇتۇلغانغا خوش.

يىغلامدىكىن دىمە ئامرىقىم،

تۇنجى ئەمەس ماڭا يوقۇتۇش.

رىرارا رىرا......

19ياش ۋاقتىمدا شىئىرىنى يىزىپ23.ياشتا ئاھاگىنى كەشىپ قىلغان،ئۆزۈملا بىلىدىغان بۇ ناخشامنى غىڭشىپ، شاھ مۇنچىدا يۇيۇندۇم.مەتسىلىم ماڭا سوپۇن ۋە بىر لۆڭگە ئەكىلىپ بەردى.شۇ يۇيۇنغىنىمچە خىلى ئۇزاقتىن كىيىن تۇگدىن يىنىپ چىقتىم .بارلىق ھارغىنلىق،كىسەللىك،خاپىلىق كۆتۈرلۈپ كەتكەندەك يىنىكلەپ قالدىم.لىكىن ئۆي ئىچىدىن زادىلا ئەينەك تاپالمىدىم،مەيلى،سۇغا قاراپ

چىچىمنى تارايچۇ!

سۇدىكى شولامغا قاراپ سەل ئەندىكىپ قالدىم.چۈنكى ئىغىزىم ئۆز ئورنىدا ئەمەستەك قىلاتتى.بەلكىم سۇدا شۇنداق كۆرۈنگەندۇ.چىچىمنى تاراپ بولۇپ،يەنە خاتىرجەم بولالماي،يانفۇنۇمدىن ئۆزۈمنى كۆرۈپ باقتىم.كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى!ئاغزىم ئوڭ قۇلىقىمغا يىقىن جايغا سۈرۈلۈپ قالغان ئىدى!يانفۇن قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى،ئورنۇمدىلا ئولتۇرۇپ قالدىم.ئاڭغىچە ئەلى ۋە بىلال يۈگۈرۈپ كىلىپ مىنى يۆلەشتى.مەن ئۇلارنى قاتتىق سىلكىۋىتىپ،جان-جەھلىم بىلەن ۋارقىرىدىم:

-ماڭا ئەينەك بىرىڭلار!!!

ئۇلار بىر-بىرىگە خىلى ئۇزاق قاراشقاندىن كىيىن،ئەينەكدىن بىشنى يىنىك لىڭشىتتى.ئەلى ئىغىر قەدەملىرى بىلەن ئۆيدىن بىر ئەينەكنى ئىلىپ چىقىپ،تىترەپ تۇرۇپ ماڭا تۇتقۇزۇپ قويدى.مەن ئەينەككە يىنىش-يىنىشلاپ قارىدىم.دەرۋەقە ئاغزىم ئىغىر دەرىجىدە مايماق بولۇپ قاپتۇ.لىكىن مەن نىمىشقا سەزمىدىم؟!بايا مەن مۇشۇ مايماق ئاغزىم بىلەن تاماكا چەكتىممۇ؟!نىمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟!مەن تىخى توي قىلمىغان تۇرسام؟!ئەمدى مايماق ئاغزىم بىلەن قانداق خىزمەت تاپىمەن؟!دوس-دۈشمەنىنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟!خەقنىڭ«مازا كولاپ ئاغزىغا جىن تىپىۋىتىپتۇ» دىگەن سىستىق گىپىنى ئاڭلاپ ياشامدىمەن؟....!ئەينەكنى قەھرىم بىلەن تامغا ئاتتىم.ئەينەك پارە-پارە بولۇپ قۇمساڭغۇ توپىغا چۈشتى.خۇددى مىنىڭ يۈرىكىمدەك!

ئۆيگە كىرىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم،بايا غايىپ بولغان هارغىنلىق،كىسەل،خاپىلىق ھەسسىلەپ تۇتۇپ كەتتى.كۆزۈمنى تورۇسقا تىكىپ نۇرغۇن خىياللارنى سۈردۈم.

1. مۇشۇ يەردىن قوپقانچە،شەپكىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ،تومشۇغۇمنى يۆگەپ،ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە بىرىپ،يىشۆيۈەندە ئاغزىمنى داۋالىتىمەن.تولۇق

ساقايمىغۇچە ھەرگىز قايتىپ كەلمەيمەن!

2. مەلۇم ئۇقتىدىن ئىيتقاندا ،ئەينىدىن بۇ ئىشقا مەسئۇل بولىشى كىرەك ،شۇڭا داۋالىنىش چىقىمىنى ئۇ تۆلەيدۇ!

3. بەلكىم يامان داخاندىن بىرسى ئوقۇپ قويسا ئوگىشلىپ كىتىشىم مۇمكىن.

4. ئوگىشلالماي قالسام مىيپلار ئىدارىسىدا ئىشلەرمەن،ئەمما ئىبغىزى مايماقلىقمۇ مىيپلىققا كىرەمدىغاندۇ؟!

6. بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىغا كۆندە يىرتۋەتسەم كۆندە چاپلاپ قويىدىغان ھىلقى«ھەرقانداق كۆزى ئالىغاي،ئاغزى مايماق،قولى تۇتماس،پۇتى باسماسنى مەخپىي ئوردا رىستىپى بىلەن داۋالايمىز،ئۇنۇمى بولمىسا پۇلىنى ئون ھەسسە تۆلەيمەن» دىگەن ئىلاننى چاپلىغان شىئلەيلىنىڭ قىشىغا بارىمەن.....

چەكسىز خىياللار بىلەن ئۇخلاپ قاپتىمەن.بىرچاغدا ئويغانسام،ئەلى يىنىمدا ھىچىيىپ ئولتۇرۇپتۇ.غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى.

-بەك خوش بولاپ كىتىپ بارامسەن غوجوم!دۈشمەن ئىزدەپ بىژيەگە بامىسامىمۇ بولىدىكىن جۇما!

-ھەي ئاكا،جىنىڭ گەپ قىلسام ھازىرقى تۇرقۇڭمۇ بەك سەت ئەمەس جۇمۇ،چىچىڭنى ئۇچ بۇرجەك قىلىپ ياساتساڭ،بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا كۆرىدىغان دىگداڭ مۇشۇك فىلىمىدىكى جىنئەنگىلا ئوخشاپ قالىدىكەنسەن!

ئىككىمىز قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتۇق.كۈلۈپ بولۇپ يەنە كۆڭلۈم بۇزۇلدى.ئۇ مىنى تۇرتۇپ تۇرغۇزدى.ئاندىن دالان ئۆينى كۆرسىتىپ:

-ئاۋال ئاش يەيلى .ئاندىن ساڭا بىر خوش خەۋەر بار!

-مۇشۇ ئاغزىم بىلەن قاندا ئاش يەيمە؟نىمە خەۋەرتى؟

تۇيۇقسىز يانفۇنۇم ساراپ كەتتى.ئاپامدىن كەلگەن ئىدى.ۋەي دىيىشىمگە ئۇلگۇرمەيلا ئاپام قار-بوران يىغلاپ سۆزلەپ كەتتى.

-بالام ! بامۇياسەن؟ !تۆتكۈننىڭ ياغى بى تىلفۇن قىپمۇ قويمايسەنيا؟!نەچچە كۈننىڭ ياغى چۈشۈم بۇزۇلۇپ، قويغان-تۇتقىنىمنى بىلمەي ژۈدۈم.چىژلىقتۇ؟!

ئاپامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم شۇررىدە قىلىپ ئىرىپ كەتكەندەك بولدى، بوغۇزۇمغا بىرنەرسە كەپلىشىپ، يامان تەستە ئۆزۈمنى تۇتىۋالدىم ۋە چاندۇرماي جاۋاپ قايتۇردۇم.

-چىژلىق!چىژلىق!ئاھاي ئاپا!مەنيا كىچىك بالا بوممىسام، ھەجەپ ئۇشۇق ئەنسىرەپ ژۈرۈيدىكەنسە!مەن ناخايىتى ياخشى دەيمە.

-تويىنى كۆچۈرەپ، يەڭگىلىكمۇ قىپ بوغانسە ھەقىچان؟!شتتىك يىنىپ كەل جۇما!

ئاپامنىڭ يۇمۇرىستىك سۆزلىرى مىنى قىلچە كۈلدۈرەلمىدى.

-توي تۈگىگىنى ئىۋاخ!ساۋاقداشلار ژىغىلىپ قاپتىكەممىز، 5-4كۈن ئويناپ كىتەيلى دەپ قالدۇق!

-شۇندا بوسىمۇ تىلفۇن قىلىپ تۇراسە!پۇلۇڭ تۈگىدىمۇيا!

-ياق، تۈگىسە دەمە!ماقا، ما ئاغىنىلە تولاۋاتىدۇ، چىقىپ چىرەي.

ئۆزۈمنى يىغىدىن ئارانلا تۇتۇپ تۇرغاچقا تىلفۇننى تىزراق قويۇشقا ئالدىراپ كەتتىم .

-ئىشەك سۈيدىكىنى ئازراق ئىچەسە جىما!خۇدايىمغا ئامانەت!

-خۇدايىمغا ئامانەت!

تىلفۇننى قويۇپلا ئۆزۈمنى تۇتىۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم.ھەي ئاپا، ھەي ئاپا!پەرزەنتىڭگە زەرچىلىك ئىش بولۇپ بولغىچە سىزىپ بولىسەن!مۇشۇ تۇرقۇمنى كۆرسەڭ نىمىمۇ بولۇپ كىتەرسەن؟!ئىھ !ئۇلۇغ ئىگەم!ئاتا-ئانامغا ئۇزۇن ئۆمۈر بەرگەيسەن!

ئويلىغانسىرى يىغا تۇتۇپ، چاچلىرىمنى قاماللاپ، ئەيىندىن، بىلال، مەتىسلىم، ئەلىنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتىمنىڭ چۈشۈشىنىمۇ ئويلىماي ئۈن سىلىپ يىغلاپ، ئىسەدەپ كەتتىم.(ھازىر

ئويلىسام كۆلگۈم كېلىدۇ،ئاغزى مايماق بىر يىگىت ئۆيىنىڭ ئوتتۇرسىدا ھاڭراپ يىغلاۋاتقان،ئەتراپىدا بۇرنىنى كولايدىغان،گەدىنىنى تاتىلايدىغان... ئىشقىلىپ ھەرخىل قىياپەتتىكى تۆت ئادەم نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاراپ تۇرغان.تەسەۋۋۇر قىلىپ بىقىڭلار).

بىرھازادىن كېيىن«ئۇۋۇف!» دەپ بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېتىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.بېسىملىرىم خېلىلا يېنىكلەپ،كەيپىياتىم جايىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.قاي زامان مەن بۇنداق ئېچىلىپ يىغلاپ باقمىغانىغا !مىنىڭ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ ئەلىدىن باشقىلار چىقىپ كېتىشتى.قورسىقىمۇ خىلى مەھكەم ئېچىپ كېتىپتۇ.مەن دالان ئۆيگە چىقىپ،(بەلكىم مەتسېلىم ئەتكەندۇ )تەڭلىگە ئۇسۇلغان پولونى كۆتۈرۈپ بايا مەن ياتقان ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.ئۇلارنىڭ مىنىڭ مايماق ئاغزىمدا پولو يېيىشىمنى ئېچىدە زاڭلىق ئېتىپ كۈلىشىنى خالىمىدىم.تاماق يەپ بولۇپ،تاماكا چېكىپ ئولتۇردۇم.بىلال كىرىپ يېنىمدا ئولتۇردى.ماڭا ئۇزۇن بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن،بۇرنىنى بىردەم كورچىلىۋېتىپ:

-تۆرەم!سىلىنىڭ بۇ ئەۋالىنى مەن ساقايتالايمەن،خاتىرلىرىنى جەم قىلسا-!دىدى.

مەنمۇ ئۇنىڭغا قايتا-قايتا قاراپ قالدىم.ئىچىمدە«ئەجىبا بىزنىڭ ئۆيىنىڭ تىشىدىكى تامغا ئىلان چاپلىغان ئەۋلىيا شىلەيلى مۇشۇ بىلال ساراڭ ئوخشامدۇ؟!ياكى بىلال رىۋايەتلەردىكى لوقمان ھەكىمنىڭ تۇققىنىنىڭ قوشنىسىنىڭ تونۇشىمىدۇ؟!» دىگەنلەرنى ئويلىدىم.بىلال قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

-مەن سىلە ئويلىغاندەك ئۇندا يامان تىۋىپلاردىن ئەمەسمەن،لىكىن كەمىنە بىلال سەردار بىگىم بۇنچىلىك شامال دارىشنى ساقايتىشنىڭ پىرىمەن!

يو پاناھ! ما ساراڭ رەسمى يامانكەن!بۇ گۇينىڭ ئالدىدا خىيال سۈرۈشتىنمۇ قورقسا بولىدىكەن ئادەم.نېمىنى ئويلىسام شۇنى بىلىپ

قالغىنىنى دەيمەن!ھەيرانلىق بىلەن بىللە مەندە ئۈمىد تۇغۇلدى.ئۇ يانچۇقىدىن مومغا ئوخشاش يومشاق بىر نەرسىنى ئېلىپ«چاينىغاچ تۇسا،مەن ھازىر چىرىمەن!» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.بىشمىغا كەلگەننى كۆرەرمەن دەپ ئۇ نەرسىنى چاينىدىم،تەمى خۇددى بىزنىڭ يەرلىك ئىسسىقلىق چاي دورىلىرىغا ئوخشاپ قالاتتى.چاينىغانسىرى ئېغىزىم تېلىپ كەتتى،بارا-بارا ئېڭىكىم چۈشۈپ قالغاندەك بۇرنۇمنىڭ تۆۋەن قىسمى پۈتۈنلەي سېزىمىنى يوقاتتى.مەن ئۇ نەرسىنى يەنە چاينىدىممۇ-چاينىمىدىممۇ بىلەلمىدىم،قولۇمنى ئاغزىمغا تىقىپ باقسامۇ زادىلا سېزىم يوق!ئاللا كارامەت!مانى كۆرۈڭ ئەمدى،بولسا ما سارالڭ بەرگەن نەرسىنى يەپ ساپ گاچىلام بولۇپ كىتەي!

بىلال قولىدا كىچىك بىر قاپچۇقنى ئېلىپ كىردى،ئىچىدىن ھەر يوغان يىڭنىلەرنى ئالدى،ئاندىن چاقماق بىلەن ئېپتىدائىي ئۇسۇلدا دىزىنفىكسىيە قىلىپ،ئوڭ يۈزۈمگە پەم بىلەن سانجىشقا باشلىدى.گەرچە دەسلەپتە قورققان بولسامۇ ،ئەمما يۈزۈمدە سېزىم بولمىغاچقا،كېيىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇرۇپ بەردىم.بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۇ يىڭنىلەرنى ئېلىۋېتىپ،ئېسپىرىت بىلەن يۈزۈمنى قايتا-قايتا سۈرۈتتى.ئاندىن نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ:

-خاتىرجەم ئۇخلىسا،خۇدايىم بۇرىسا ئەته ساقىيىدا-!دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.مەن چۈشۈنۈكسىز خىيال،گۇمان ئىچىدە ئۇخلاپ قالدىم.

ئەتىسى ئويغۇنۇپلا،يۈگۈرەپ بېرىپ مەن تاشلىۋەتكەن ھىلىقى ئەينەكنىڭ پارچىسىنى ئېلىپ قارىدىم.شۈكرى!يۈزمىڭ شۈكرى!ئېغىزىم جايىدا تۇراتتى.دەسلەپتە ئەينەكتىن سۆيۈندۈم،پارچىسىمۇ ھەممە نەرسىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ ئەمەسمۇ!ئاندىن بىلالدىن قاتتىق سۆيۈندۈم(ھەتتاكى ئۇنىڭ ئاشۇ بۇرنىنى كورچىلىغان قوللىرىغا سۆيۈش خىيالىدىمۇ بولدۇم).يۈگۈرۈپ كىردىمۇ ئۇنى كۆرۈپ ھاياجاندا گەپ قىلالماي،قولىنى مەھكەم سىقتىم.

-ماڭا رەخمەت ئېيتىپ ژۇمىسلە!بىز ئۆز ئەدەملىغۇ! ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇئىشتا بىزمۇ سەل-پەل بىخۇت تۇرۇپ قاپتۇق ئەمەسما.

بىلال قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ماڭا مۇشۇ گەپنى قىلىپ قويۇپ،ئەيىندىنىنىڭ يىنىغا چىقىپ كەتتى .ئەلىمۇ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى .شۇ ئىشتىن باشلاپ بىلالغا بولغان كۆز قارىشىم بىراقلا ئۆزگىرىپ كەتتى.ئۇنى بۇندىن كىيىن «بىگىم» دەپ چاقىرىشنى قارار قىلدىم!مەن ئادەتتە ئاسان بىرسىگە قايىل بولمايمەن،لىكىن ئۇنىڭغا تولۇق قايىل بولدۇم،ئەلۋەتتە بۇنىڭغا مىنىڭ شەخسى غەرەزلىرىممۇ ئارىلاشقان.يەنى:

1) بىلالنىڭ، ياق !بىگىمنىڭ مۇشۇ ماھارىتىدىن پايدىلىنىپ،ئاشۇنداق كىسەللەر ماڭا ئۇچراپ قالسا،داۋالىتىپ ئارىلىقتىن پايدا ئالىمەن!كىم بىلىدۇ پاتىنىت ھوقوقى ئېلىپ زاۋۇت قۇرامدىمەن تېخى!

2) ئىمكانىيەت بولۇپ قالسا ئۇنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ.ئۇنىڭ ماھارىتىنى ئۆگۈنىۋېلىپ،قەشقەرگە قايتىپ،مەنمۇ ئۆي-ئۆيلەرگە،كوچا-بازارلارغا ئىلان چاپلاپ،تىۋىپلارنىڭ شاھى پىرىغا ئايلىنىمەن.

3) پەقەت بولمىغاندا بىگىمنىڭ ھىلىقى ناركوز قىلىدىغان بىرنىمىسنى ياساشنى ئۆگۈنىۋېلىپ،چىش ئاغرىقلىرىغا ساتىمەن.چۈنكى مەن چىش ئاغرىقىنىڭ دەردىنى بەك تارتقان،بەك تارتقان!چىش ئاغرىقى تۇتقان چاغدا ھەرقانداق ئادەم پۇلىنىڭ كۆزىگە قارىمايدۇ ئەمەسمۇ!

چۈش- پىشىم بولغىچە مۇشۇنداق خىياللارنى سۈرۈپتىمەن.ئەيىندىن بىلەن بىگىم «سىلە تولۇق ساقىيىپ بوغىچە ياخشىسى ئاقا سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل بوغاچ تۇسا«دەپ قويۇپ،مەتىسلىمگە بىرنىملەرنى تاپىلاپ چىقىپ كىتىشتى.بۇ ئىنىقلا«سەن پاداڭنى باق» دىگەن گەپقۇ!ئەمما مەن قەتئىي كۆڭلۈمگە ئالمىدىم .مەن بارسامۇ ھىچ ئىش قىلىپ بىرەلمەيدىكەنمەن،بارسام-بارمىسام ئوخشاش ھەققىمنى

ئالىمەن.لېكىن ئۇلار ماڭا زادى قانچىلىك ھەق بېرەر؟ئەگەرچە قەبرىنى بىۋاستە مەن تېپىپ بەرمىگەن بولسامۇ،ئەلى ئارقىلىق ئۇنىڭ ساۋاقدىشىنىڭ دادىسىنى، ساۋاقدىشىنىڭ دادىسى ئارقىلىق مەتىسلىمنى،مەتىسلىم ئارقىلىق قەبرىنى تاپتىمغۇ!پۇل بەرمەي قالسۇن قېنى!كەمىنە ئەغزەم تۆرەممۇ بوش ئادەملەردىن ئەمەسمەن!بولۇپمۇ پۇل ئالىدىغان چاغدا!

بىكارچىلىقتا ئىچىم پۇشۇپ قىلىدىغان ئىش تاپالماي،مەتىسلىم بىلەن پاراڭلاشتىم.ئۇ مەن سورىغان سوئاللارغا تىلىنىڭ ئۇچىدىلا جاۋاپ بېرىپ،مېنىڭ كۆڭلۈمنى بىرقىسملا قىلىپ قويىدى.مەن داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىۋەردىم.

-نىم بوللا مەتىسلىمكو!قوقىنىچلىرى تېخى بىسىلمىغان ئوخشىمامدا!

-دىمەيتمە!

-نىمىنى دىمەيلا؟

-ئۆزلىرىگە بالا تاپلىيا تۆرەم!

-قايدا بالا تىپىپتىمەن،مەن تېخى توي قىلمىدىم جۇما!

-مەن بالا-قازا دىدىميا!

ئۇ ماڭا ئالىيىپ قويۇپ،ھويلىغا چىقىپ كەتتى.مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقتىم .مەتىسلىم ھويلىدىكى كۆتەك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ موخۇرەك چېكىشكە باشلىدى.مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم.

-چاخچاق قىپ قويدۇم دەيمە!نىم بولدى بۇگەن سىلىگە!

-سىلىنى جىن ئۇرۇۋەتتىيا!

-جىن؟!ئانىدا ئەمەستۇ!ئەينىدىن تاغام ماڭا......

مەتىسلىم گىپىمنى بۆلۈپلا ماڭا قايناپ كەتتى.

-يەنە ئىشەنمەيتۇ!بويۇنلىرىنىڭ تۆپىدىكى قاپاقمۇيا كالللىمۇ؟!مەن گاداي جىنىمدا ئۇلارنىڭ سىلىنى قورقاپ كەتمىسۇن دەپ ئەشتا دەپ

قويغانلىقىنى بىلدىميا ئەينا!

-ئىمىشقا مىنىلام جىن ئۇرىدا؟!باشقىلانى ئۇمايدا!؟!

-سىلە بىرنەرسىنى ئىلىۋاللىيا!

-نىمە؟....!

تـوغرا !ىبرقـانچە كۈنـدىن بىـرى ئەھـۋالىم ياخـشى بولمىغـاچ،ھىلىقى قەبرىـدىن ئىلىۋالغـان قاشتىـشىدەك نەرسـىنى تولـۇق ئىسـمىدىن چىقىـرىپتىمەن.بۇ ئەينـۇ ئـوغرى مۆگـىدەپ ئولتۇرغـان بىـلەن ھەممىنـى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ.تۆتەيلەن بىللە كىرسەك ماگىلا پالاكەت ئۇچرىشى بىكار ئەمەسكەندە !يۆگـۈرەپ كىرىـپ چاپىنىمنى سالغان جايـدىن، پۇرلىـشىپ مەيـنەت بولـۇپ كەتـكەن چـاپىنىمنى ئىلىـپ،قويۇن يانچۇقىقا قولۇمنى سـالدىم.مۇزدەك بىرنەرسـە قولۇمغـا ئۇرۇلـدى.مەن ئـۇ تاشـنى ئىلىـپ مەتـــسلىمنىڭ يىنىغـــا چىقـــتىم.ئـــۇ خـــۇددى يىلانـــدىن سەسكەنگەندەك ،ئورنىدىن دەرھال قوپـۇپ ئارقىغـا داجىـدى.مەن تىخمۇ ھەيران قالدىم.

-مەتسىلىمكا!زادى نىم بولدى؟!نىمىدىن قوقايلا؟!

-ھەي....دىسەم ئىشەنمەيتۇ.

-ئىشىنىتۇ،ئىشىنىتۇ!

مەن سەل تىرىكىپ خوتەن شىۋىسىدە ئۇنىڭغا جاۋاپ بەردىم.

-ماڭ قايىلىسا!بۇرۇن سىلىگە ئىشەنمەيتىكەممە،ئەمدى نىمە دىسىلە ئىشىنىمەن،مىنى تولا قوقاتماي،بى دەپبەسە!

ئـۇ بىرھـازا ئويلانغانـدىن كـيىن يەنە كـۆتەك ئورۇنـدۇققا كىلىـپ ئولتۇردى.مەن ئۇنىڭغـا بىرتـال تاماكـا تۇتتـۇم.لىكىـن ئـۇ قـولىنى يىنىـك پۇلاڭلىتىـــپ قويـــۇپ،يەنە موخـــۇرەك يۆگـــدى ۋە بـــىشىدىن ئۆتكەن-كەچكەنلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بىرىشكە باشلىدى....

## 4- باپ  كەچمىشلەر ۋە رىۋايەتلەر

مەتسىلىمنىڭ ئۆزىنىڭ كەچمىشلىرى:

1) 70- يىللارنىڭ باشلىرى.

مەتسىلىم : كەنتنىڭ مال باقارى.ئۇ چاغلاردا تۈزۈك بىرەرۋاخ تاماق يېيىشمۇ چوڭ ئىش.مەتسىلىمدەك نۇرغۇنلىغان ياشلار،ئانچە-مۇنچە قەبرىلەردىن تېپىۋالغان«مۇت» پايدىنى ئوغۇرلۇقچە سېتىپ بىرقانچە كۈن «ياشىۋېلىش«قا ئادەتلەنگەن.

بىركۈنى كەچتە مەتسىلىم "كەنتتە ماللارغا يەم-بوغاز بىرىپ بولۇپ،«مۇت» پايدا ئىزدەپ قوملۇقتىكى بىرقەبرىگە بارىدۇ.ئىچىگە كىرىپ شام يېقىپ ،تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن بىر ئانا-بالا جەسەتتىن باشقا ھېچنىمە تاپالمايدۇ.تازا سىنچىلاپ قاراپ بالا جەسەتنىڭ ئوڭ قولىدا گىردە شەكلىدىكى بىر نەرسە،سول قولىدا نەيگە ئوخشاش بىرنەرسە بارلىقىنى كۆرۈپ مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۇنى ئاجرىتىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

ئەتىسى نازمازشام ۋاقتىدا ئىشنى تۈگىتىپ، كەنت ئېغىلىدىن چىققاندا،ئىشىك تۈۋىدە5-4ياش چامىسىدىكى بىر بالىنى كۆرۈپ قالىدۇ.مەتسىلىم ئۇبالىدىن قانداق سۇئال سورىسا ئۇ بالا پەقەت بىر ئېغىز«قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى» دىگەن گەپتىن باشقا گەپ قىلمايدۇ.ئاقكۆڭۈل مەتسىلىم ئۆزىنىڭ ئەتىگەنلىك ناشتا ئۈچۈن ئېلىپ قويغان يېرىم زاغرىسىنى بالىغا بىرىش ئۈچۈن ئارقىغا يېنىپ كىرىدۇ.لىكىن ھەرقانچە ئىزدەپمۇ زاغرىنى قويغان يېرىدىن تاپالمايدۇ.

ئۇ خېلى ئىزدەپ بىقىپ تاپالماي يېنىپ چىققاندا بالا كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا«قورسىقىم تويدى» دەيدۇ.مەتسىلىم بالىدىن نىمە يىگەنلىكىنى سورىغاندا بالا«تۆت قۇلاق،ئىككى جۈپ كۆز» دەپ قويۇپ كۆك ئوتقا ئايلىنىپ يوقاپ كېتىدۇ.مەتسىلىم قورققىنىدىن ئۆيىگە بىرىپلا قاتتىق ئاغرىپ قالىدۇ.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئۇ «كەنتكە بارغاندا ئېغىلدىكى ئىككى كالىنىڭ قۇلاقلىرى ۋە كۆزلىرى ئويۇلغانلىقىنى كۆردى.» كەنت كادىرلىرى ئۇنى قاتتىق تەنقىدلەپ،ئۇنى مالباقارلىقتىن ئېلىپ تاشلاپ،گەدىنىگىچە قەرىز ئارتىدۇ.

مەتسىلىم شۇ كىچىسى بوۋىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆلتۈرۈلگەن نەرسىلىرىنى بىر يۇرەكلىك دوستى بىلەن جايىغا ئاپىرىپ قويىدۇ.شۇنىڭدىن تارتىپ ھېچ ئىش بولمايدۇ.

2) 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرى .ھېلىقى ئىنقىلاپ تۈگەپ،خەلق خىلى ئەركىن بولۇپ قالغان چاغلار.

ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن،چەتئەللەردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر،يەرلىك خەلقنىڭ ساقلىغان،تېپىۋالغان بويۇملىرىنى خېلى قىممەت ئالىدىغان بولۇپ كېتىدۇ5.بالىلىق بولۇپ بولغان مەتسىلىم،بوۋىسىنىڭ نەسىھەتىنى قايرىپ قويۇپ،تۇرمۇشنىڭ قىسىنچىلىقىنى دەپ يەنە قەبرىگە بارىدۇ.

بۇ قېتىم ئۇ بىر ئايالنىڭ قەبرىسىدىن ياقۇتلۇق چاچ قىسقۇچقا ئوخشاپ قالىدىغان بىرقانچە بويۇمنى ئېلىپ كېتىدۇ.شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى(2ياشقا كىرمىگەن) كۈندە كەچتە ئىشىك تەرەپنى كۆرسىتىپ قىرقىراپ يىغلايدىغان بولۇپ قالىدۇ.مەتسىلىم بەك ئېرەنشىمەيدۇ.لېكىن مالنى سېتىشتىن سەل ئەنسىرەپ قالىدۇ.

بالىسى كۈندە جۆيلۈپ يىغلاش،كېچىدە بىرسى ئۆيدە ياتقانلارنىڭ بېشىنى سىيىلىغاندەك سىزىم بولۇش،ئىتلىرىنىڭ (ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۆيىدە ئۈچ ئىت باققانىكەن) ھەركېچە ئەنسىز قاۋاش .... قاتارلىق ئىشلاردىن كېيىن، ئۇ نەرسىلەرنى ئۆز ئورنىغا ئاپىرىپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ،ھەممىدىن قورقۇنۇچلىقى شۇكى، شۇ ئىشتىن باشلاپ ھەر سەيشەمبە كۈنى كەچتە ئۇنىڭ ئىشكىنى بىرى چېكىدىغان بولۇپ قالىدۇ،ئاچسا ئادەم يوق....

3) بىر قېتىم بىرقانچە ئاغىنىسىنىڭ زورى بىلەن يەنە «ھەركەت» كە

قاتنىشىپ قالىدۇ.بۇ قىتىم ئۇلار خېلى كۆپ تەڭگە ۋە مىتال بويۇملارنى قولغا چۈشۈرىدۇ.مەتىسلىم بەك قورقۇپ كەتكەچكە،ئۇلاردىن ھېچنىمە تالاشمايدۇ ھەم ئۆز ئالدىغىمۇ نەرسە ئالمايدۇ.ھەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بۇقىتىملىق ھەركەتكە قاتناشقان دوستلىرىنىڭ بىرسى ئېلىشىپ قالىدۇ.يەنە بىرسى ئۆيىدە ئۆلۈپ قالىدۇ.ئۆلۈپ قالغان رەھمەتلىك دوستىنىڭ چىرايىنى كۆرگەن مەتىسلىم نەچچە ھەپتىگىچە قارا بېسىپ ئۇخلىيالمايدۇ ....

4) گەرچە كەنتتىن،يىزىدىن يەرلىك خەلىقنىڭ قالايمىقان قۇملۇققا كىرىشىنى چەكلىگەن بولسىمۇ،يەنىلا توختىماي قۇملۇققا كىرىپ تەلەي سىنايدىغانلار ئۆسمەيدۇ.مەھەللىدە قۇملۇقتا ئۆلۈپ قالىدىغان،يوقاپ كىتىدىغانلارنىڭ سانى ئاۋىپ كىتىدۇ....

مەتىسلىم ئاڭلىغان خەلق رىۋايەتلىرى:

1) كونىلارنىڭ دىيىشىچە قۇملۇقتىكى قەبرىلەردە،قەۋرىدىكى بايلىقنى ساقلاپ ياتىدىغان جىنلار بارمىش،بىرسى ئېيتىشمىسا،ئۇلارمۇ ئېيتىشماسمىش،شۇنداقلا بىرنەرسە ئىلىۋالسىلا،ئاشۇ ئادەمنى ھەرگىز بوش قويمايمىش.بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى ئىلىمگە توشقان يۈرەكلىك بىر كىشى قۇملۇقتىكى يوشۇرۇن قەبرىدىن بىر گۆھەرنى ئىلىپ كەتكەنمىش.كېيىن جىنلار ئۇ كىشى بىلەن بەك كۆپ ئىتىشىپ كىتىپتىمىش.ئۇ كىشى كىچە-كۈندۈز ئۆيىدىن چىقماي،ئايەت ئوقۇپ يۈرۈپمۇ.جىنلار بىلەن كۈچ ئېلىشالماي،ئاخىرى ئىككى كۆزى تۇتۇلۇپ قاپتىمىش.ئۇ كىشى ئەما پېتى خىلى ئۇزۇن يىل ياشاپ،ۋاپات بولۇش ئالدىدا مەتىسلىمنىڭ بوۋىسى بىلەن دەۋىرداش بولغان ياشلارنى يىغىپ مۇنداق نەسىھەت قىپتىمىش:

قۇملۇقتىكى قەبرىلەر ۋە خارابىيلىقلار تىلسىملانغان.ئىگىسىنى تاپمىغۇچە ھېچنەرسە ئۇيەردىن چىقىپ كەتمەيدۇ.شۇڭا قەتئىي ئىسسىقلاردا تۇتۇقلاركى،ئىچىگە ئاسانلا ئالغىلى بولىدىغان نەرسىلەر

قويۇلغان قەبرىلەرگە زىنهار ئاياق باسماڭلار،چۈنكى ئۇ قۇملۇقتىكى جىنلارنىڭ سىلەرنى توزاققا دەسسىتىش ئۈچۈن سالغان يەمچۈكى !كىچىك بالا ياكى مەزلۇم كىشى دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرگىمۇ زىنهار ئاياق باسماڭلار،چۈنكى مەن ئاشۇ يەردىن نەرسە ئېلىپ چىققانلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىمەن!ئۇنداق قەبرىلەرنى دىۋە مالائىكىلەر قوغدايدۇ!گېپىمنى چوقۇم ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار....!

2) قۇملۇققا يىقىن ئولتۇراقلاشقان بەزى چوڭلارنىڭ دېيىشىچە،ئۇلار پات-پات كېچىسى قۇملۇقتا داقا-دۇمباقنىڭ،قىقاس-سۈرەننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالىدىكەن.ئەينى چاغدىكى يۈرەكلىك ياشلار بىر كېچىسى زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن قۇملۇققا كىرىدىكەن.يەتتە كۈندىن كېيىن پەقەت ئېلىشىپ قالغان بىرلا ياش يىگىت قايتىپ كېلىدىكەن،لېكىن ئۇ كۆپچىلىككە«بەك زور ئادەم،بەك زور ئادەم!» دېگەندىن باشقا ھېچنېمە دەپ بېرەلمەيلا ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىدىكەن....

3) قۇملۇقتا غايەت زور مەخلۇقلار ھەم گىگانىت ئادەملەر بارمىش . پات-پات قۇملۇققا يىقىن ئادەم بار رايۇنلارغىمۇ كېچىدە پەيدا بولۇپ قالىمىش.كۆرگەنلەرنىڭ قورقۇپ يۈرىكى يېرىلىپ كېتىپ ئۆلەرمىش....

4) قۇملۇقتا ئادەمنى ئېزىقتۇرۇپ كېتىدىغان بىرخىل شاياتۇنلار بارمىش.ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئېزىقتۇرىشى بىلەن قۇملۇقتا يول تاپالماي،ئۇسسۇزلۇقتىن،ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتەرمىش....

مەتىسلىمنىڭ بوۋىسىنىڭ ھېكايىسى:

1) مەتىسلىمنىڭ بوۋىسى ھايات چاغدا مۇشۇ مەھەللىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاقساقىلى ئىكەن.مەرھۇم ياش چىغىدا ناھايىتى بەستىلىك،خۇشخۇي،يۈرەكلىك بولغاچقا ،مەھەللە چوڭلىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن،يوقاپ كەتكەن بىرقانچە ياشلارنى ئىزدەش ئۈچۈن،ئىشەكنى ھارۋىغا قېتىپ،يېتەرلىك ئوزۇق-تۈلۈكنى يوغان تۇلۇم ۋە خورجۇنغا

قاچىلاپ يولغا چىقىپتۇ(ئۇ زامانلاردا يىمەك-ئىچمەك ناھايىتى قىس بولغاچقا،ئوزۇق-تۈلۈكنى ھەممە ئۆيدىن يىغىش قىلىپ بېرىپتىكەنمىش).شۇ ماڭغانچە يەتتە كۈن مېڭىپتۇ.لېكىن ھېچكىمنى تاپالماپتۇ.ئېشەك ئىسسىقتا ئۆلۈپ قاپتۇ.مەتسلىمنىڭ بوۋىسى مىڭ تەستە ئوزۇق قاچىلانغان خورجۇننى ۋە تۇلۇمنى سۆرەپ مىڭىپ بېقىپتۇ.لېكىن يۈك بەك ئېغىر بولغاچقا،بىر قەبرە ئالدىدا ھالسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ.شۇ يىقىلغانچە ھوشسىز يېتىپ يېرىم كېچىدە ھوشىغا كەپتۇ.

ئۇ يەنە يۈك-تاقىلارنى سۆرەشتۈرىۋاتقاندا،ئۇزۇن ئاق يەكتەكلىك بىرەيلەن پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

-نېمىگە كەلگەن بالا سەن بۇيەرگە؟

مەتسلىمنىڭ بوۋىسى بېشىنى كۆتۈرۈپ،بۇ ئاق يەكتەكلىك ئادەمگە قاراپتۇ.ئايدىڭ كېچىدە بۇ ئاق يەكتەكلىك كىشى شۇنچىلىك سۈرلۈك كۆرۈنۈپ كېتىپتۇكى،ئادەتتە مەھەللىنىڭ نوچىسى سانىلىدىغان مەتسلىمنىڭ بوۋىسى «ئاھ...» دەپلا ئولتۇرۇپ قاپتۇ.چۈنكى ئۇ ئاق يەكتەكلىك كىشىنىڭ كۆزلىرى قىپقىزىل،چىرايى پاختىسى ئۆرلەپ قالغان رەختتەك،چاچلىرى دەرۋىشنىڭكىدەك ئۇزۇن ھەم ئاق،تاياقتەك قوللىرىدىكى قاپقارا تىرناقلىرى يېرىم مىتىردىن ئۇزۇن ھەم يۆگىلىشىپ كەتكەن ئىكەن.

-مەن سەندىن سوراۋاتىمەن!

مەتسلىمنىڭ بوۋىسى قورقۇپ تۇرۇپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

-مەن*** مەھەللىسىدىن كەلدىم.بىرقانچە ياشلار قۇملۇقتا يوقاپ كەتكەن،جامائەتنىڭ ھاۋالىسى ۋە دۇئاسى بىلەن ئىزدەپ كىلىشىم.

ئاق يەكتەكلىك ئادەم بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن،مەتسلىمنىڭ بوۋىسى تۇرغان جاينىڭ قىيپاش ئۇدۇلىنى ئۇزۇن تىرناقلىرى بىلەن چەنلەپ كۆرسىتىپتۇ.

-ئاشۇ يەردىن ئۇدۇل مېڭىۋەر!ھەرگىز ئارقاڭغا قارىما!ئۆيۈڭگە

بارالايسەن!

-لېكىن مەن ماۋۇ ئۇزۇق-تۈلۈكنى ئېلىپ ماڭالمايدىغاندەك تۇرىمەن. يۇرتىمىزدا ئاچارچىلىق بولۇۋاتىدۇ، بۇ ئۇزۇق-تۈلۈكنى تاشلاپ كەتسەم بولمايتتى.

مەتسېلىمنىڭ بوۋىسى ئاشۇ گەپنى قىلىپ بولغاندا، ھېلىقى ئاق يەكتەكلىك شۇنداق بىر ئالىيپتۇكى، ئۇنىڭ جىنى چىقىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ.

-خەيىر...مەن بۇلارنى مۇرەڭگە ئېلىپ قوياي، ئارقىڭغا قارىماي مېڭىۋەر!

ئاق يەكتەكلىكنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان مەتسېلىمنىڭ بوۋىسىنىڭ پۇت-قولىغا ئازراق جان كىرىپ، دەرھال تۈلۈمنى مۇرىسىگە ئالماقچى بوپتۇ. كۆندۈزى ھەرقانچە كۆچەپمۇ كۆتىرەلمەي، سۆرىگەن بۇ تۈلۈم ۋە خوجۇن ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئاسانلا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ ئارقىسىغا قاراشقا پېتىنالماي، ھېلىقى ئاق يەكتەكلىك كىشى كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ....لېكىن زادىلا ھارغىنلىق ھېس قىلماپتۇ. خۇددى مۇرىسىگە ئۇچى ئاران ئىلماشقان يۈكلەرنىڭ زادىلا ئېغىرلىقى يوقتەك. تاڭ ئېتىشقا يېقىن مەتسېلىمنىڭ بوۋىسىنىڭ كۆز ئالدىدا مەھەللىسى غۇۋۋا پەيدا بولۇپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، «ھېلىمۇ ئۇزاق ماڭدىم، تاڭمۇ ئاتاي دېدى، مەھەللىمۇ كۆرۈندى، ئەمدى ئارقامغا قاراپ باقاي» دەپ ئويلاپ ئارقىغا قاراپتۇ. لېكىن قارىغىنىغا مىڭ پۇشايمان ئوقۇپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئارقىدا ھېلىقى ئاق يەكتەكلىك كىشى ئىككى تىرنىقىنى تۈلۈم بىلەن خورجۇنغا سانجىپ، ھاۋادا لەيلەپ ھېجىيىپ تۇرىمىش.

-مەن ساڭا نىمە دىگەن؟!

بۇ مۇدھىش ئاۋاز بىلەن تەڭ، مەتسېلىمنىڭ بوۋىسى مۇرىسىدىكى يۈكنى تاشلاپ، بارلىق كۈچى بىلەن قۇيۇندەك يۈگۈرەپ مەھەللە تەرەپكە قېچىپتۇ. شۇ قاچقانچە مەھەللىگە كىلىپلا يىقىلىپ قاپتۇ، نامازدىن يانغان

كىشىلەر ئۇنى بايقاپ،مەھەللىگە ئېلىپ كېتىپتۇ....

2) مەتسىلىمنىڭ بوۋىسىنىڭ قولىغا كونا قەبرە ئىزدەيدىغانلاردىن قالغان بىر نىشانە چۈشۈپ قىلىپ،قىزىقىش ۋە شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىگە بەرداشلىق بىرەلمەي،بىر توپ يارەنلىرى بىلەن ئاشۇ قەبرىنى ئىزدەپ،نۇرغۇن نەرسىلەرنى تېپىپ قايتىپ كەپتۇ.لېكىن ئەتىسىدىن باشلاپ پۇتى باسماس بولۇپ قىلىپ،5يىلغىچە پالەچ بولۇپ،بەك تەستە ئۇگشالغاندىن كېيىن،خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ،ھېلىقى نەرسىلەرنى يارەنلىرى بىلەن جايىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ.

3) مەتسىلىمنىڭ بوۋىسى قۇملۇقتا غايىپ بولغانمىش.ئۇزۇن يىللارغىچە قايتىپ كەلمىگەچكە،ئۇرۇق-تۇققانلىرى ئۇنى ۋاپات بولغانغا چىقىرىپ،نەزىرىسىنى بەرگەنمىش.ھازىرغىچە ھېساپلىسا بوۋىسىنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە50يىلدىن ئاشقانمىش ....

ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ،تېنىم شۈركىنىپ، سۈر بېسىپ كەتتى.گەرچە تېخى قاراڭغۇ چۈشمىگەن بولسىمۇ، خۇددى ئەتراپىمدا جىن ئولاشقاندەك سېزىم بولۇپ،تۆت تەرەپكە توختىماي قاراپ قوياتتىم.نىمە يوق يەپ بۇ جىن ئۇۋىسىدىن تاش ئېلىپ چىققان بولغىيتىم،ئەمدى مەن نىمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن،ئىسىت.....بارغانسىرى پۇت-قولۇمدا جان قالمىغىلى تۇردى .مەتسىلىم چىرايىمغا بىر قاراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

-قورقۇپ كىتىلا دىسەم ئۇنىمايتتۇ تۆرەم،دىمىسەم بوپتىكەنمەن ئەسلى!

-ياق...مەندە چاتاق يوق،دىگەنلىرى بەك ياخشى بولدى.

مەن چاندۇرماي شۇنداق دەپ قويۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ،تاماكىدىن بىرنى يېقىپ غەمگە چۆمدۈم.

قانداق قىلىشىم كېرەك؟!بۇنى ئاپىرىپ قويايمۇ؟!ئاپىرىپ قويغىدەك جۈرئەت مەندە بارمۇ؟!مەتسىلىمگە ئورنىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئۆتۈنسەمچۇ؟ !توغرا! شۇنداق قىلاي.ئۆز ئەقلىمگە ئۆزۈم بارىكاللا

ئوقۇپ ،مەتىسلىمنى شىلاشقا باشلىدىم.

-مەتىسلىمكا!ئەمدى سىلى خىلى تەجرىبىلىك ئەمەسما.شۇڭا خاپۇمماي مانى چاندۇماي تاشىۋىتىپ كەممەملا!

مەتىسلىم بىشىنى چۆمادو ئىچكەن ئادەمدەك قاتتىق چايقىدى.مەن ئىچىمدە كۈلۈپ كەتتىم.« سىنىڭ دوراڭنى مەن بىلمەمدىمەن،ھۇ تويماس ئوغرى!» .دەرھال ياتاق ئۆيگە كىرىپ،يۈرىكىمدىن قان تېمىتىپ تۇرۇپ 5توقماقنى سۇغۇرۇپ ئەچىقىپ،ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدىم ۋە مەنىلىك كۈلۈپ قويدۇم.ئەمما ئويلىمىغان يەردىن مەتىسلىم پۇلغا قاراپمۇ قويماي، ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ موخۇركىنى قاتتىق تارىتتى.

-ماڭا جاننىڭ لازىمى بايا تىنخى!مەن ھەرگىز ئاپامايتمە!

-ۋوي!مەتىسلىمكوووو! ماڭا قايلاپ دەپباقسا ئاشۇ گەپنى !ھەجەپ باشلاپ باغاندا ئۇندا دىمەۋاتتىلە!

-ئىككى ئىش ئوخشمايتۇ!

-مانداقىلىلى!سلە ئاپىرۋەتسە،مەن يەنە بىرتوقماق قوشاي.چىم بىلدۇ جىنلار تېخى سىلىدىن خوش بولاپ،بىنەسەمنى ئەكەپ بەگەن ياخشى ئەدەم دەپ سىلىنى مۇكاپاتلاپ...ياق قوغداپ قالامدۇ تېخى.

-سىلە ئاپاسىلىمۇ ئەشتا قىلىۋىرىتيا!ئەينا يول!مەن بارمايتمە!

كىينىكى دىئالوگلارنى يازمايلا قوياي،سۆيۈملۈك خوتەن خەلقىنىڭ ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكىنى مەتىسلىمدىن تولۇق ئىسپاتلىدىم.ئاغزىمنىڭ بىرقات تېرىسى چۇشۇپ كەتتى،پۇلنى ئىچىمدە ئۇنى قارغاپ تۇرۇپ ئون توقماققا چىقاردىم.........يەنە ئاقمىدى.

ئاخىرى جىلە بولۇپ ياتاققا كىرىپ،كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم.ئەمدى قانداق قىلىمەن؟!مىنى يەنە قانداق جىنلار ساقلاپ تۇرغاندۇ؟ئەگەر ئاپىرىپ بەرسەم ئۇلار مىنى مەتىسلىمنى كەچۈرگەندەك كەچۈرۋەتەرمۇ؟!ئەگەر ئۇنداق ئىش بولسا مەتىسلىم نىمىشقا پۇلنى ئىلىپ ئاپىرىۋەتمەيدۇ؟!چوقۇم بىرگەپ بار.مەن زىھنىمنى بىر يەرگە يىغىپ پىلان

تۈزدۈم.

1) چاندۇرماي ئاپىرىپ قەبرە ئىغىزىغا تاشلاپ قويىمەن دە، غىپپىدە تىكىۋېتىمەن.لىكىن جايىغا چۈشمەي قالسا جىنلار يەنە مىنى خاپا قىلىدۇ.دىمەك بۇ پىلان ئەتكەس قىلىندى.

2) بىرىپ ئەينىدىن بىلەن بىگىمگە تاشنى بىرىمەن.لىكىن بۇنداق قىلسام ئۇلارنىڭ ئالدىدا چۇپرەندە ئوغرى بولۇپ ئىناۋىتىم يەنە ئىغىر دەرىجىدە تۆكۈلىدۇ.ئەتكەس!

3) تەمكىنلىك بىلەن ئۇ يەرگە كىرىپ ،نەق جايىنى تىپىپ قويۇپ قويىمەن.بۇ پىلان خىلى بولىدىكەن،لىكىن مەندە شۇنچىلىك جۈرئەت بارمۇ؟!

4) قۇملۇققا بىرىپ مازارغا كىرىپ بولغىچە جىنلار مىنى جايلاپ كىتىدۇ!يۇقارقى پىلانىنىڭ ھەممىسى ئەتكەس!

5) ئۆلسەممۇ قۇملۇققا بارمايمەن.تاشنى دەرھال قەشقەرگە قايتىپ،يامان قارىمدىن بىرنى تىپىپ پاناھ ئىزدەيمەن!!!

ئۇزاق ئويلىنىپ باقتىم،ئىختىيارسىز ئاران ئەسلىگە كەلگەن ئىغىزىمنى سىيلاپ قويدۇم.شۇنداق قىلاي،5- پىلاننى ئىجرا قىلاي،ئەمدى قەدەم بىسىپلا مۇشۇنداق ئاۋارىچىلىققا يولۇقسام،رەسمىي يامان يەرلەرگە كىرىپ قالسام،بىكار تايىنى يوق پۇلنى دەپ ئاغزىم مايماق،پۇتۇق سايماق بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ نەرسە-كىرەكلىرىمنى يىغىشتۇردۇم.ئاندىن يىڭى پايپىقىمدىن بىرنى قۇربان قىلىپ،ھىلىقى ئۆلمىگۇر تاشنى يۆگەپ،مەن ياتقان ئۆيدىكى ئۈستەلگە قويۇپ قويدۇم.ئاندىن شىئىر يازىدىغان خاتىرەمدىن بىرقانچە ۋاراق يىرتىپ ئەينىدىن ۋە بىگىمگە خەت يىزىشقا باشلىدىم.

ئەينىدىن تاغا،بىگىم:

مەن كەتمەكچى.سەۋەبىنى مەتسلىم ئاكىدىن سوراڭلار.لىكىن سىلەرگە

تەۋسىيەرىم شۇكى، ئۇنىڭ گېپى راست!بۇ قۇملۇقتىكى قەبرىلەردە راستىنلا جىن بار!سىلەر مىنى ئالدىغان چاغدىلا مەن بىلىپ بولغان(بۇيەرنى مەن قەستەن ئۆزۈمنى ئەقىللىق كۆرسىتىش ئۈچۈن يېزىپ قويدۇم).مىنى جىن بەك خاپا قىلىپ كەتتى.سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارغا ئاگاھ بولۇڭلار،بۇ يەردە تەڭگە ئىزدەيمەن دەپ بىرەر پىشكەللىككە يولۇقۇپ قالىسىلەر!

بىلال سەردار بىگىم.سىلىگە كۆپ رەھمەت،بۇدا كېسىلىم قوزغىلىپ قالسا سىلىنى يەنە ئاۋارە قىلىشىم مۇمكىن.

ئەينىدىن تاغا، ئەگەر راستىنلا تەڭگە تېپىۋىلىپ قالسىلا پايدىنىڭ بىرقىسمىنى ئىنىم ئەلىگە،بىرقىسمىنى ماڭا بىرىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىسا،بولمىسا ۋىجدانلىرىغا،ۋەتەنگە،خەلققە يۈزكىلەلمەيلا!

مەن سىلەرنى دەپ ئاغزىم مايماق بولۇپ قالدى،پۈتۈمنى يىلان چىقىۋالدى!!!!

خەيىر!ئاللاھقا ئامانەت!ھەراست،مىنىڭ تىلىفۇن نۇمۇرۇم.189********كەچ سائەت ئوندىن كيىن تىلفۇن قىلماڭلار،چۈنكى مەن ئۇخلايمەن!بىگىم !سىلە چوقۇم ماڭا تىلىفۇن قىلسىلا.كىسىلىم يەنە قوزغىلىپ قالامدىكىن دەپ بەك ئەنسىرەۋاتىمەن!

ئەمدى رەسمي خوش!

ئەغزەمجاندىن.

خېتىمگە قايتا-قايتا قارىغاندىن كيىن،ئەغزەمجاندىن دىگەن خەتنى جىجىۋىتىپ،ئەغزەم تۆرىدىن!دەپ يېزىپ قويدۇم.ئاندىن خەتنى ھېلىقى تاشنىڭ تىگىگە باستۇرۇپ قويۇپ،سومكامنى ئىلىپ،مەتىسلىمگە«تاغامنىڭ ئۆيىگە بىرىپ كىلەي» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم...

خوتەن-قەشقەر تاش يولى.ئاپتۇبۇستا مەتتوختىنىڭ شاش ناخشلىرى ياڭرىماقتا.ئارقىدىن سانىغاندا ئۈچىنجى ئورۇن،سول تەرەپ دەرىزە

يىنىدا ئۆلتۈرغان مەن.

تـوغرا، مەن ۋاز كەچـتىم. ئۈيتوپىـدىن چىقىپ، تاغامنىـڭ ئۆيـدىكىلەر بىلەنمۇ كۆرۈشمەي، ئۇدۇللا قايتتىم، مىنىڭچە بولسا قـانچە تىـز كەتـسەم شۇنچە ياخشى. ھىلىمۇ يۈرىكىمنىڭ بىرىيىردە ۋەھىمىنىڭ نـوتىلىرى بىـخ ئۈرىۋاتىدۇ. ۋەھىمە خۇددى قاراڭغۇ كارىۋات ئاستىغا يوشۇرۇنغان يىلانغا ئوخشايدۇ. مەيلى ئۇ چاقىدىغان ياكى چاقمايدىغان بولسۇن، ئالدىڭىزغا چىقىپلا قالسا قورقۇپ چىرقىراپ كېتىسىز!

دېققىتىمنى ئامالنىڭ بارىچە چېچىشقا ئۇرۇنـدۇم. ئاپتوبۇس ئىكرانىـدا مەتـتوختىنىڭ ناخشىـسى تۈگەپ، مەلـۇم بىـر سـەنئەت كىچلىكـى باشلاندى. ساپلا ناتونۇش ھەۋەسكار ناخشىچىلار، قىزلار چىرايلىـق ئەمما گىرىمى بەك قويۇق، كىيىملىرى بەك ئوچۇق. ئوغـۇللار خىلـى كىلىـشكەن، لىكىن چاچلىرىنى كورىيەلىك زەيپانىلەردەك قويىۋالغان، تىخى بەزىلىـرى تارىمغىنىغا18 كۈن بولغان چاچلىرىنى پۆلاڭلىتىپ، ئادەمنىڭ بەدىنىنى توخۇئەت باستۇرۇۋېتىدۇ.

كەيىم تىخىمۇ ئۈچتى! مۇشۇمۇ ئۇيغۇر سـەنئەت كىچلىكىمـۇ؟! مۇشـۇمۇ ئۇيغۇر بالىلىرىمۇ؟! « ئۆلۈپ كەتسەممۇ سۆيىمەن سىـنى...... تـاڭ ئـاتقىچە ئۇخلىماي، ساڭا قوشاق يازدىم...» دىگەنمۇ ناخـشىمۇ؟! ئۆلـۈپ كەتكىـچە ۋەتەننى، خەلىقنى، مىللىتىڭنـى سـۆيۈش! تـاڭ ئـاتقىچە ئۇخلىمـاي قوشـاق يازغۇچە، ئاتـا-ئاناڭنىـڭ پـۇتىنى تۇتـۇپ قويـۇش!! خەلـق ناخـشىلىرىنى بۇزۇپ ئوقۇغۇچە بىرىپ نە سايە بولسا شۇيەردە ئويناش !!!

مۇشۇنداق زىددىيەتلىك پىكىرلەر ئىچىدە يول تىخىمۇ ئۇزۇن بىلىنىـپ بەك تەستە قەشقەرگە دەسسىۋالدىم، ئەي، ئەزىزانە قەشقەر، مەن كەلدىم!

## 5-باپ قەشقەردىكى كۈنلەر

ئۆيگە كىرسەم ئۆيدە ئاپام بىلەن سىڭلىم بار ئىكەن.ئۇلار بىلەن بىرئاز ئەسرالىشىپ،قورسىقىمنى ئەستەرلىۋىلىپ،ئارام ئالمايلا مەلۇم ئاغىنەمنىڭ قوشنىسىنىڭ تۇققىنىنىڭ تونىشى بولغان قارىمنىڭ ئۆيىگە باردىم.قارىمغا ئەھۋالنى چالا-پۇلا،راس-يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ،ئۆزۈمگە زىيانلىق،ئىناۋىتىمنى تۆكىدىغان جەريانلارنى ئېلىۋىتىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردىم.قارىم گەپلىرىمنى سەۋرىچانلىق بىلەن ئاڭلاپ بولغاندىن كىيىن:

-تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدا،بەندىچىلىكتە پۈتۈلگەننى كۆمەي ئامالىمىز يوق،كوزا كۈندە سۇنمايدا،كۈنىدە سۇنىدا....

-ئاھاي...قارىم،ماندا بى سورىغان گەپكە جاۋاپ بەسەدەيمە!ئەدەمنى قوقاتماي.

-دىمەكچىلىك ئارتۇق غەم يىمەگىلا.بولىدىغان ئىش بولاۋىرىدا،خاتىرجەم بەندىچىلىك قىلساڭلا بىژئىش بولاپمۇ كەتمەس.

-ماندا تۇما،پۈتۈك.....دىگەندەك نەسىلىنى ياساپ بەسەڭلا ئىسىپ يۈسەم سەل بوشەنرەك بولامدىكى دەيمە.

-ئۆزەڭلىگە،ئىگەڭلىگە ئىشەنمەي تۇرۇپ،داپو ئىسىۋالساڭلىمۇ بوشەن بولامايسىلە.بەك قوقاپ كىتىپسىلە،خاتىرجەم بولاڭلا.

-سىلىنىڭچە ماڭا ئۇچرىغان جىنمىدۇيا؟

-خۇدانىڭ ئالىمى بۇ!بەندىلەر ھاياتلام بولىدىكىن ھەقىسىم نەسىلىنى كۆرىدا.لىكىن يەنە سەۋەپنىڭ ئالىمى دەيدىغان گەپمۇ بار ئەمەسما،شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدا.

-ۋاي جىنىم قارىم!ماندا مەن چۈشەنگۈدەك بىژ گەپ قىلسا دەيمە!شۇ سەۋەپنى قاندا قىلىمىز دەپ كەلدىمغۇ قاشلىرىغا سىلىنىڭ!

-ئەمدى ئەغزەمجان، مۇشكۈلنى سالغان ئىگەم سەۋەبىنىمۇ ئۆزى قىلىدا.كەلمەكنىڭ كەتمىكى با،كىلىدىغاننى توسىقىنى بوممايدا،كىتىدىغان چاغدا ئۆزى كىتىۋىرىدا.

-ۋوجو...قارىم، بولدىلا، بىزگەپكىلا جاۋاپ بەسە ماڭا.جىن بامۇ يوقمۇ؟
-با!
قارىمنىڭ ئەڭ ئاخىرىقى جاۋابىدىن باشقا بارلىق سۆزلىرى مەن ئۈچۈن ساپلا قۇرۇق گەپتەك، «قاسساپ قېنى؟» دەپ سورىسا، «نان ياققىلى كەتتى» دىگەندەك بىلىنىپ كەتتى .قارىمنىڭ ئۆيىدىن قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ ياكى تۇمارغا ئېرىشەلمەي، سولىشىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم.

ياتاق ئۆيۈمدە ياتقاچ ئۆز-ئۆزۈمدىن سورىدىم:مەن راستىنلا ئوشۇق ئويلاپ كەتتىممۇ؟!ئۇنداقتا مەتىسلىم نىمىشقا شۇنچە پۈلغىمۇ ئاپىرىپ قويمايدۇ ئۇ قوتا تاشنى؟....!ئويلىغانسىرى ئۈيقۇم قاچتى.كومپيوتىرنى ئېچىپ مۇشۇنىڭغا ئالاقىدار گەپلەرنى ئىزدەپ باقتىم.توۋا!توردا ھازىر بۇنداق ئىشلارنى ئىلمىي چۈشەندۈرۈش ئەمەس،تىخىمۇ كۆپتۈرۈپ چۈشەندۈرىدىكەن.كۆرگەنسىرى قورقۇنۇچ باستى.تۆۋەندە مەن كۆرگەن مەزمۇن:

بەيدۇ:

ئاغزى مايماق بولۇپ قىلىش:شامال دارىش سەۋەپلىك يۈز مۇسكۇل نېرۋىلىرى تارتىشىپ قىلىشتىن كىلىپ چىقىدۇ.ياكى نېرۋا خاراكتىلىكمۇ بولىدۇ.

قوللايمەن 3تۇكۇرىمەن9587

ئىنكاس:

مەن كىپىنەك:نىمىشقا قول ياكى پۇت،كاسا مۇسكۇللىرى تارتىشىپ قالماي،يۈزنىڭلا تارتىشىپ قالمايدۇ؟!

جىياڭنەن مەنزىرىسى:يۇقىرىقى قەۋەتنى قوللايمەن!

يى فەن:نىمىشقا ھايۋانلارنىڭ ئاشۇنداق بولمايدۇ؟

راھىپ سەنشيۇۋ:مەندە ئاتا مىراس دورا بار،ئۇنۇمى بولمىسا پۇلنى قايتۇرىمەنqq9613:*** .

rossi:مەنمۇ-1قەۋەتنى قوللايمەن!

دولان:مومامنىڭ دىيىشىچە ئۇنى« جىن ئۇردى» دەيدىكەن.

قەقنۇس:مىنىڭ مىدىسىتىنادا ئوقۇپ كەلگەن نەۋرە ئاكامىۇ بۇنىڭغا ئىشەنمەيدىكەن ،شۇڭا مەنمۇ ئىشەنمەيمەن!

بەخت نۇرى:دوختۇرخانىمىز ئەڭ ياخشى مۇلازىمەت،ئەڭ ئىسىل ئۈسكۈنە ۋە ئەڭ تۆۋەن باھادا شامال دارىشنى داۋالايدۇ.ساقايمىسا پۇلى ئون ھەسسە قايتۇرىلىدۇ ،ئادىرىسى*****

ئاكاڭ بىر رىۋايەت:بىر توپ ئەخمەقلەر!

..........................................

بۇلارنى كۆرۈپ يۈرۈمنى يەنە بىرقىتىم سىيلاپ بېقىپ،ۋەھىمنى بىسىش ئۈچۈن تۇردىكى قەھرىمانلار بىرلەشمىسىگە كىرىپ كەتتىم،لىكىن كاللامدا بىر ئاڭ:مەن تۆگىشىپتىمەن....

كۈنلىرىم مەنىسىزلىك ئىچىدە ئۆتمەكتە.ئۆيدىكىلەر بىۋاستە دىمىسىمۇ ھەرخىل بىشارەتلەر بىلەن مىنى خىزمەت ئىزدەشكە قىستاپ سىرىتقا چىقىشقا مەجبۇر بولغىنىمنى ھىساپقا ئالمىغاندا،ئاساسەن تالاغا چىقماي،ئۆيدە تور ئويۇنى ئويناپ،كىنو كۆرۈپ،فانتازىيەلىك ھىكايىلەرنى ئوقۇپ،تەكلىماكان،شىنجاڭدىكى قەبرىلەر توغرىسىدا توردىن ماتىريال ئىزدەپ ،پەقەت كۆرگىدەك نەرسە تاپالماي قالسام دوستۇم ساپايىنىڭ بىلوگىنى كۆرۈپ كۈن ئۆتكۈزدۈم.

مانا بۈگۈن مەن قايتىپ كەلگەن 6- كۈنى.ئەينىدىن بىلەن بىگىم تىلىفۇنمۇ قىلىپ قويمىدى.ئەلىگە 28 قىتىم تىلىفۇن قىلدىم.ياكى ئېتىك ياكى مۇلازىمەت رايۇنىدا ئەمەس.ئىچىم تىتىلداپ كەتتى.ئۇلار نىمىشقا ماڭا تىلىفۇن قىلمايدۇ؟!ئۇلار نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟!ئۇلار مىنىڭ خىتىمنى كۆرمىدىمۇ؟......چىگىش خىياللىرىمنى يەنە باشلىدىم.

1) ئۇلار خىتىمنى بىرتىيىنغا تەڭ قىلماي،يەنە ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ.ھەتتاكى ئوقۇپمۇ سالمىغان بولىشى مۇمكىن،بەلكىم مىنىڭ ئۇلارغا نىسپەتەن ھىچقانداق قىممىتىم يوق.

2) ئۇلار نۇرغۇن تەڭگە ۋە قەدىمىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ، ماڭا پۇل بېرىشنى ئېغىر كۆرۈپ غىپپىدە تىكىۋەتتى! ئۇلارنى ھەرگىز تاپالماسلىقىم مۇمكىن!

3) مېنى مەتسىلىم دىگەن ئوغرى ئالداپ قاچۇرۇۋەتكەن، ئۇلارنىڭ تىلى بىر! بايلىق بار قەبرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى تېپىپ بولغاندا، مەندەك يا پۇلى يا ئىقتىدارى يوق بىرسى ئۇلار ئۈچۈن بىر يۈك!

4) ئۇلارنىمۇ ماڭا ئوخشاش جىنلار جايلىۋەتتى، بەلكىم مەندىنمۇ ئېغىرراق دەرىجىدە. شۇڭا مېنى ئىزدەش ئۇياقتا تۇرسۇن. ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن باش قاشلىغۇدەك ئارام يوق يۈرگەندۇ!

دەسلەپتە ئۇلارنىڭ مال-دۇنيانى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن كۆڭلۈم پەرىشان بولغان بولسىمۇ، كېيىن يەنىلا ئۇيەردە جىن بارلىقىنى ئويلاپ سەل خاتىرجەم بولدۇم. بولسا ئەيىندىن بىلەن بىگىمنىڭ ئىككىلىسىنىڭ ئېغىزى مايماق بولۇپ قالسا، خا-خا.....! ئىككىسى بىر-بىرىنىڭ مايماق ئېغىزىنى ئوڭشايمەن دەپ ھېلىقى مومدەك نەرسىنى ماكچايناپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ئازاپلانسا! ئەيىندىن مايماق ئېغىزىنى كالچايتىپ تۇرۇپ تاز بېشىنى قاشلىسا، بىگىم مايماق ئېغىزىنى كالچايتىپ تۇرۇپ بۇرنىنى كولىسا، مەتسىلىم بىرچەتتە چالا ھىجىيىپ ئۇلارنى زاڭلىق ئەتسە......كەيپىم كۆتۈرۈلۈپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم. ئاپام يۈگۈرۈپ كىرىپ پېشانەمنى تۇتۇپ بېقىپ چىقىپ كەتمىگەن بولسا قاچانغىچە كۈلەتتىمكىنتاڭ!

قاغا قاق قىلدۇ، ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلدۇ دىگەندەك مەن ئۆزۈمنى شۇنداق خىياللار بىلەن ئالداپ يۈرسەممۇ، ئەمەلىيەتتە سائەتتە بىر قېتىم تېلېفۇنغا قاراپ قويىمەن، تۇرۇپ-تۇرۇپ تېلېفۇنۇم بۇزۇلۇپ قالدىمىكىن ياكى توختاپ قالدىمىكىن دەپ ئۆيدىن ئۆزۈمگە تېلېفۇن قىلىپ باقىمەن، مەن زادى نىمىگە تارتىشىۋاتىمەن؟! پۇلغىمۇ؟! ئۇلارغىمۇ؟! ياكى مېنى جىن ئۇرغاندىن كېيىن كاللامدىن سەل چاتاق چىقتىمۇ؟....! ئۆزۈمنى

بەزلەپ بولالماي ئۇخلاپ قاپتىمەن.

بىرچاغدا ناتونۇش ئىككەيلەننىڭ پاراڭلاشقان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.ئۇيقۇمدىن چالا يىشىلدىم،لىكىن كۆزۈمنى ئاچماي،ئورنۇمدىنمۇ تۇرماي يېتىۋەردىم.

-ئەنە،ئويغىنىپ كەتتى،ئويغىنىپ كەتتى.

-ياق،قوپ،يېنىغا بارىمىز.

ناھايىتى پەس ئەمما ئېنىق ئېيتىلغان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم،كۆزۈمنى تەستە ئاچالىغان بولساممۇ،لىكىن بەدىنىمنى قىمىرلىتالمىدىم.بېشىمنى ئىككى يانغا بۇرىيالمىغاچقا،كۆزۈمنىڭ قۇيرىقىدا كارىۋاتنىڭ سول تەرىپىدە ئادەم سىياق ئىككى نەرسىنى غىل-پال كۆرگەندەك قىلدىم.ئۇلار مەن تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى،لىكىن زىنهار ئاياغ تىۋىشى يوق.ئۇلار ئالدىمغا كېلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى.ئۇلارنى ئېنىق كۆرۈپ قاتتىق ۋارقىراپ كەتتىم،ئەمما ئاۋازىم زادىلا تېشىغا چىقمىدى .

يۈزىنى توسىۋالغان ئاپپاق چاچلىرى ئارىسىدىن پەقەت كۆكۈش كۆزلىرىنىلا پەرق ئەتكىلى بولىدىغان،يەردىن بىر مېتىردىن ئارتۇق بوشلۇقتا لەيلەپ تۇرغان ئۇ ئىككى نەرسە ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى ! ئاۋازىم چىقمىغاچقا،كۆزۈمنى قاتتىق يۇمىۋالدىم،يەنىلا ئۇلارنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلالايتتىم(ئىشەنمىسەڭلار،سىلەر سىناپ بېقىڭلار)،لىكىن15 سېكۇنتتىن كېيىن يەنە كۆزۈمنى ئاچتىم.چۈنكى بىرنەرسىدىن كۆرمەي قورققاندىن،كۆرۈپ قورققان ياخشىراقكەن!ئۇلارنى كۆرۈپ يەنە يۇمىۋالدىم،يەنە ئاچتىم،يەنە يۇمىۋالدىم....

سىلكىپ تارتقان قول بىلەن تەڭ بەدىنىم لەسسىدە بوشاپ،بەدىنىمنى كونترول قىلالىدىم،چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم.

-بالام!نىم بولدۇڭ؟!

«ئۇف!!!» ئاپا مېنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم،ئاندىن ئۆزىنى كۆردۇم.

-قارا بىسىپتا،يا بى ياتقان يىرىڭنى پاكىزلاپ ياتمايدىكەنسە!
-قارا....قارا بىسىپتىما!
-قايلا بالام!قوپاپ كارىۋتىڭنى جايلىۋىتىپ يات،بوممىسا خىلى پاكىز بىقىپتىم،پەقەت تەبىيتىڭ يوق چوڭ ۋولاپ قالدىڭ ...
ئاپامنىڭ مىنى بىرمۇنچە ئەيىپلەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ خىلى ئۇزۇن مەڭدەپ قالدىم.مىنى قارا بىسىپتۇدە !لىكىن ئادەمنى كۆزى ئوچۇق تۇرۇپمۇ قارا باسامدۇ؟!مىنى راس قارا باستىمۇ؟!ئورنۇمدىن يەنە تۇرۇپ كارىۋاتقا سەپسالدىم:ياستۇق لۆڭگىسى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن،كارىۋات بىشىدا يانفۇن،مىيى،توك قاچىلىغۇچ،كىتاپ،يىرىمى قالغان كىرىمنى،تۈنۈگۈن سىلىۋەتكەن مايكام ....
بەلكىم راست قارا باسقاندۇ.لىكىن ھىلىقى ئىككى جىن....جىن دىگەن سۆز ئىسىمگە كىلىشى بىلەنلا گۈلدۈرلەپ بىرىپ خالانىڭ ئىچىدىكى ئەينەككە قاراش ئۈچۈن يۈگۈردۈم.شۈكرى!ئاغزىم جايىدا ئىكەن.
-ۋۇجۇ!تەرىتىڭ قىستاپ كەتمىگەن بوسا قانچىلىك ياتتىڭ؟!ئۇغىتىپ قويمىغان بوسام ئىشتانغا چىقىرىپ قويدىكەنسە ھە 30 غا چىرەي دىگەن ئەكەك بالوم!
ئاپام مىنى تەرىتى قىستاپ خالاغا يۈگۈردى دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى.ئۇنىڭ گىپىگە پەرۋا قىلماي يۈزۈمنى يۇيۇۋىتىپ،مىھمانخانا ئۆيگە چىقتىم.ئاپام تەخسىگە پۆرە ئىلىپ قويغان ئىكەن.ئۇنى يىگەچ تىلىۋىزۇرنى ئاچتىم.
-مەيلى سەپەردە،مەيلى ياتاقتا،مەيلى ئۆيدە بولاي مەن ئىزچىل**چىينى ئىچىمەن!
-ھازىر پەقەت-3 نۇمۇرلۇق قىزلا سىزگە چىراق ساقلاپ قالدى،ئۇنى تاللامسىز ياكى ۋاز كىچەمسىز؟!
-ئەسلى باھاسى1999يۈەن،ھازىر پەقەت499يۈەن،مانا8 ى قالدى،7تىسى

قالدى....تېلېفوننى دەرھال قولىڭىزغا ئېلىڭ!

-كونا پۇلنىڭ باھاسىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ،ھازىر 1977- يىلى بېسىلغان بىريۇرۇش پۇلنىڭ باھاسى3000يۈەن!كەلگۈسىدە ئۇن ھەسسە،ئەللىك ھەسسە بولۇپ كېتىدۇ!

-دوختۇرخانىمىز شەنبە-يەكشەنبە،ھېيت-بايرامدا دەم ئالمايدۇ!سەھەر كەلسىڭىز80 پىرسەنت ئېتىبار!

-ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ئەرلەرنىڭ بەدىنىنى سوغۇق ئېلىپ كېتىش،ئىلمىي ئوزۇقلانماسلىق تۈپەيلىدىن توقسان پىرسەنت ئەرلەردە بۆرەك سوۋۇپ كېتىش،ئىقتىدارى ئاجىزلاش كېسەللىكى بولۇش ئومومىيۈزلۈك ئەھۋالغا ئايلىنىپ كەتتى.نۇرغۇن ئائىلىلەر مۇشۇ سەۋەپتىن بۇزۇلۇپ كېتىپ باردۇ،سىزنىڭ مەسئۇلىيەتچان،قۇدرەتلىك ئەر بولغىڭىز بارمۇ؟بۇنىڭ چارىسى ئاسان،ئامرىكا ۋە مالايسىيادىكى تەتقىقاتچى ئالىملار كەشىپ قىلغان،قەتئىي ئەكس تەسىرى يوق بولغان****تابلېتنى ئىستىمال قىلىڭ.تۆۋەندە بىز***خانىمدىن يولدىشىنىڭ بۇ تابلېتنى ئىچكەندىن كېيىن بولغان ئۆزگىرىشىنى سوراپ باقايلى!مەرھەمەت....

ئىلاننىڭ ئۈستىگە ئىلان،ئىلاننىڭ ئىچىدە ئىلان،تىگىدىمۇ،تۆپىدىمۇ ئىلان!بىر-بىرىدىن ئۆتە لاۋزا،تېتىقسىزلىقىنى تېخى !ئاخىرى پۈتبول قانىلىدىن قايتىلاپ بەرگەن گېرمانىيە ئا دەرجىلىك بىرلەشمىسىنىڭ مۇسابىقىسىنى كۆرۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

-بوسا يۇيۇنۇۋېتىپ،كارىۋاتنى تازلىۋېتىپ يات،بۈگەن سەيشەنبە ئەمەسما،يانا قارا بېسىۋالمىسۇن جۇما!

ئاپامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ مۇنچىغا كىردىم،كارىۋېتىمنى چالا-پۇلا تازلاپ چىراقنى ئۆچۈرمەي يەنە ياتتىم.توساتتىن كۆزۈم تورۇستىكى پۈتبولدىن چوڭراق دائىرىدە قاپقارا ئىزناغا چۈشۈپ قالدى.دەرھال يۈگۈرۈپ قوپۇپ ئاپامنىڭ يېنىغا كىردىم.

-ئاپو!تورۇستىكى ئىز بۇرۇن بامتىيا؟!

-ئاھاي!كاللاڭنىڭ دەدى بامۇيا بالام!ئەتىگىنى قوپماي ساپان چۆرىگەن كالىدەك ئۇخلايسەن،كېچىسى ئوغرى مۈشۈكتەك كومپيوتېرغا قايلاپ ئوتتۇرىسە،30غا چىگەن ئەدەم سەندەك بولامدا؟!يا خىزمەت.....
ئاۋازىم بەك قاتتىق چىقىپ كەتكەچكە دادام ئويغىنىپ كىتىپ كايىشقا باشلىدى،ھەرنىمە بولسا ئاپام گەپنىڭ قامچىدەك يىرىگە كەلگەندە دادامنى توختىتىپ قويدى.
-بولا،بولا!بەك جىق سۆزلەپ كەتلە،بايام ئەغزەمجاننى قارا بىسىپ قاپتىكەن،تويغۇزمىسا ئەمدى بىچارە باللىنى!
-شۇندا،شۇندا!ئايىدا كەچكىچە جىنىنىڭ كىتىپىنى ئوقۇپ،مۈشۈكياپىلاقتەك كېچىدە ئۇخلىماي ژۇسە،ھىلىمۇ جىن بوغماپتا!
ئاستا كەينىمگە يىنىپ چىقىپ كەتتىم.ئاپام ئارقامدىن چىقىپ مىنىڭ قىشىمغا كىردى.
-بالام،سەنمۇ تولا ساراڭدەك ژۇگىرى ژۇمەي كۆزەڭگە ئوخلىساڭ بومامدا!
-قايلا ئاپا،ئا توروۇستىكى ئىز بۇرۇن بامتى؟!
-ئاھاي!نىمە ئۇخلا دىسە توروۇستىكى ئىز دەي ژۇرەيدا ماۋۇ!
-ۋاي جىنىم ئاپا!ئانىڭغا قايلا دەيمە!ئا ئىز بۇرۇن بامتى يا يوقمتى؟
ئاپام توروۇسقا بىر قاراپ قويۇپ،سەل ئويلانغاندەك قىلدى.
-مەن ھىيىتلىق ئۆي كۆتۈرگەندىغۇ ھىچ ئىز بادەك قىممىغان،ئەتە ئۇكاڭدىن بى سوراپ باقە جۇما!سەن بى تامچى بوممىغاندىكىن تامدا ئىز بامۇ-يوقمۇ دىمەي ئۇيقۇڭنى ئۇخلا،ھىلى داداڭنىڭ ئۇيقۇسى قىچىپ كەتسە،ئوبدان چۇشەندۈرۈپ قويمىسۇن يانا!
ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويۇپ جىمىپ كەتتىم.دادامنىڭ ئويغىنىپ ماڭا تامىدىكى ئىزنى «چۇشەندۈرۈپ» قويىشنى زادىلا خالىمايتىم.ئاپام چىراقنى ئۆچۈرۈپ چىقىپ كەتكەندىن كىيىن يەنە ساراسىمگە چۈشتۈم.ياق!مىنى قارا باسمىغان!ئۇ چوقۇم جىن!نىمىشقا تاشنى قوياپ قويسامۇ ماڭلا چاپلىشۋالىدىغاندۇ دەيمەن!ياكى ئورنىغا

ئاپىرىپ قويمىدى دەپ ئەسكەرتىپ قويغىلى كەلگەنمىدۇ؟!ئەيىندىن بىلەن بىگىم ئۇ تاشنى ۋە خېتىمنى تېخى كۆرمىگەنمىدۇ؟!ئىتتىكرەك بىرەرسى ئالغان بولسا جىنلار شۇنىڭغىلا ئىسىلسا، مەن قۇتۇلۇپ قالامتىم؟!ئەتە سىڭلىمدىن تامدىكى ئىز بۇرۇن بارمىتى دەپ سورايمۇ يا؟!ياق!!!ئۇ ئىنىق جىنىنىڭ قىلمىشى،مەن ئۆزۈم بىرىپ ئاپىرىپ قويمىسام بولمامدۇ نىمە ئۇ جىن ئۆۋىلىغان تاشنى!

قورقۇنۇچ ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە تاڭغا يىقىن ئاران كۆزۈمگە ئۇيقا كەلدى.تاماقمۇ قويماي،چۈشتىن كىيىن تۆتلەرگىچە ئۇخلاپتىمەن.ئويغانغاندىن كىيىن،يۈزۈمنىمۇ يۇيماي سوۋۇپ قالغان تاماقنى شاپىلدىتىپ يەپ بولۇپ،ئالدى بىلەن كەلگەن تىلفۇن ۋە ئۇچۇرلارغا قارىدىم (ئۇلاردىن يەنە خەۋەر يوق)،ئاندىن كومپيوتىرنىڭ ئالدىغا كىلىپ ئولتۇردۇم .دۇنيادىكى ئەڭ بىمەنە ھەم غەيرى ئىشلارنى تەتقىق قىلىپ يۈرۈيدىغان دوستۇم ساپايىنىڭ ساقاللىق باش سۈرىتى(كىيۇ-كىيۇدىكى)يورۇق تۇرۇپتۇ.ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىماقچى بولدۇم.

مەن:دۇنيادا جىن بار دىسە ئىشىنەمسەن؟

ساپايى:ئىشىنىمەن!

مەن:سەن كۆرۈپ باققانمۇ؟

ساپايى:(مەنسىتمەسلىك چىراي ئىپادىسى)كۆرگەنمۇ دىدىڭمۇ؟!قانچە قېتىم كۆرگەنلىكىمنىڭ سانىنىمۇ بىلمەيمەن!

مەن:ئىشەنگىنى قىلەۋا!

ساپايى:ماقۇل ،ئىشىمنى قىلاي!ماڭا ئەمدى گەپ قىلغۇچى بولما!

مەن:توختا!توختا!سەندىن سورايدىغان يەنە بىر ئىش بار؟

ساپايى.....:

مەن:ئۇنداق قىلماي گەپ قىل دەيمەن!

ساپايى:(توردىن چۈشۈپ كەتكەن ھالەت)

مەن:خا-خا!ئاكاڭ قارىغاينى ئالدايمەن دىمە!سەن يوشۇرۇن هالەتتە!

ساپايى.....:

مەن:راس گەپ قىلسام،مەن جىنغا يولۇقتۇم.هازىر ئۇلاردىن قۇتۇلالماي قىينىلىۋاتىمەن.

ساپايى:هە!!!راستمۇ؟جىن قانداق بولىدىكەن؟!سىنى قانداق قىلدى؟!

مەن:(مەنىستىمەسلىك ئىپادىسىدىن ئۇنى قوشۇلغان قۇسۇش ئىپادىسىدىن ئۇنى)

ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراشنىڭ بىھۇدە ۋاقىت ئىسراپ قىلىش ئىكەنلىكىنى هىس قىلىپ كيۇكىيۇنى ئۆچۈرىۋەتتىم.سان-ساناقسىز جىننى كۆرگەنمىش تېخى!تۇفى!

ئويۇن ئويناشمۇ خوش ياقماي كارىۋاتقا چىقىپ ياتتىم.خىيال سۇرگەنسىرى قورقۇنۇچ بىسىپ،يانفۇنغا تىڭشىغۇچ سىلىپ ناخشا ئاڭلاپ ئۇخلاپ قالدىم.بىرچاغدا قاتتىق توڭلاپ ئويغىنىپ كەتتىم.كۆزۈمنى ئاچسام ئەتراپ قاپقاراڭغۇ،بەدىنىم تولىمۇ قاتتىق هەم سوغۇق جايدا جاغىلداپ تىترەۋىتىپتۇ.ئورنۇمدىن تەستە تۇرۇشۇم بىلەن تەڭ ئەتراپ يورۇپ كەتتى.كۆزۈم يورۇقلۇققا كۆنگەندىن كىيىن ئاندىن بىلدىمكى،مەن بىزنىڭ ئۆينىڭ سىرتىدىكى كارىدوردا ئىكەنمەن!

ئاۋازلىق چىراق،مەن چىقارغاش شەپىدىن كىيىن يورۇپ كىتىپتۇ،ئۆينىڭ ئىشىكى يوغان ئىچىلىپ قاپتۇ.ئەنسىزلىك هەم خىجىللىقتا،دادام-ئاپاملارنىڭ ئويغۇنۇپ كىتىشىدىن ئەنسىرەپ،پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا غىپپىدە ئۆيگە كىرىۋالدىم.كارىۋاتقا چىقىپ يوتقاننى يىپىپمۇ يەنە توڭلاپ كەتتىم.بىر هازادىن كىيىن سەل ئىسسىغاندەك بولۇپ،سائەتكە قاراپ باقتىم.شىنجاڭ ۋاقتى سائەت ئۈچ!مەن قانداق بولۇپ يالىڭاچ هالەتتە كارىدورغا چىقىپ قالدىم؟!قانداق بولۇپ سوغۇق پەشتاقتا ئۇخلاپ قالدىم؟!كۇنىدۈزى بولغان بولسا نى ئات،نى نۇمۇس!مەن«چۈش سەيلىسى» كىسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىممۇ؟....!

ئەتىسى ئورنۇمدىن قوپالماي، قىزىتىپ، زۇكامداپ، دوختۇرخانىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدۇم.ئامبۇلاتورىيىدە ئاسما ئاستۇرغاچ بۇنداق كېتىۋەرسەم بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، جىددىي تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى ئويلىنىشقا باشلىدىم.

1) مەتىسلىمنىڭ دېگىنى راست.مەن تاشنى ئوغۇرلۇقچە ئاچىققان ئىكەنمەن، چوقۇم ئورنىغا قويۇپ قويمىسام، جىنلار مېنى بوش قويمايدۇ!لېكىن مەن ئۇيەرگە قانداق بېرىشقا جۈرئەت قىلالايمەن!

2) مېنىڭ بۇ ئەھۋالىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھېلىقى تاشنى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئالماپتۇ ھەم خېتىمنىمۇ كۆرمەپتۇ!ياكى جىنلار كىم ئېلىۋالغان بولسا شۇنىڭغىلا چاپلىشىدۇ، ئەگەر ئۇلار تاشنى يوقىتىپ قويغان بولسا تۈگەشكىنىم شۇ!

3) مەن ئەمدى يالغۇز ياتماسلىقىم كېرەك!تولۇق ساقىيىپ بولغۇچە چوقۇم ئاتا-ئانام بىلەن بىللە ياتىمەن!ياكى ئۆزۈمنى كارىۋاتقا باغلاپ قويىمەن!

4) ھېلىقى قارىمدىنمۇ يامانراق قارىمدىن بىرسىنىڭ قېشىغا بېرىپ، پاناھلىق تىلەيمەن!

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنىلا خوتەنگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.كەچ بولغاندا ئاپامنى ئاستا چاقىرىپ چىقتىم.

-ئاپو!بۈگەن سەن بىلەن بىللە ئۇخلايما؟

-ئوھوش!ماڭە نېرى غوجام!توپاقتەك ۋوغاندا قوغامنى ئەگمەي!

-راس گەپ قىلايما؟

-ھە.

-مەن كىچىك ۋاقتىمنى بەك سېغىندىم قايلا.سىنىڭ ھېدىڭنى ۋە پەپىلىشىڭنى بەك، بەك سېغىندىم!

-ۋىيى ما بالىنى!

ئاپام پېشانەمنى تۇتۇپ باقتى.

-قىزىتماڭ يانا سەل باكىن جىما بالام،يانا شىككۈن ئاسما سالدۇرىۋەت!
-ۋوجون!ئىمدا قىلىسە دەيمە!مەن....مىنى تولا قارا بىسىپ قوقاپ....
-ئىم دىدىڭ ئوغاۋالو هازىر؟!قوقتىم دىدىڭما؟
ئارقىمىزدىن دادامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كىتىشكە ئامال تاپالمىدىم.
-قوققان بوساڭ مەن بىللە ياتايما؟
-يا بولدى.
-ۋىيى!مەن داداڭ جىما سىنىڭ!قوقساڭ مەن با!بىللە يىتىپ مۈگدىشىمىز تىخى!
-يا بولدى.ئاپامغا چاقچاق قىپ قويدۇم.
سۆزۈمنى تۈگىتىپلا يالغاندىن تىلىفۇن قىلغان بولۇپ،ياتاق ئۆيۈمگە كىرىۋالدىم.دادام بىلەن ياتقاندىن جىن بىلەن بىللە ياتقىنىم تۈزۈك!چۈنكى دادام بىلەن بىللە ياتسام قورۇنۇپ،پۈتۈننىمۇ خاتىرجەم سۇنۇپ ياتالمايمەن،ئۇنىڭ ئۈستىگە دادامنىڭ تەلىم-تەربىيە ۋە ئادەمنىڭ پىسخىكىسىنىڭ ئەڭ نازۇك يىرىگە هوجۇم قىلىشنى ئاساسلىق مەزمۇن قىلغان«پاراڭ» لىرىنى زىنهار ئاڭلىغۇم يوق !
ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى ئەتىگەندە چىنىقىش ئۈچۈن ئالغان،ئەمما زادىلا مەيدانغا چىقىپ باقمىغان سەكرەش تانىسى بىلەن ئۆزۈمنى كارىۋاتقا باغلاش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم.ئىككى سائەتكە يېقىن سىناق ئىلىپ بىرىپ،كىنولاردىكى ئۆزىنى باغلاپ قويۇشنىڭ تۇپتىن يالغان ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ،سالپىيىپ ئولتۇرۇپ قالدىم.ئەگەر ئاپامغا« مىنى كارىۋاتقا باغلاپ قوي» دىسەم هەرگىز ئۇنىمايدۇ،ئۇنىغان تەقدىردىمۇ دادام بىلىپ قالسا مىنى ئاپام بىلەن قوشۇپ،ئاپتۇنۇم رايۇنلۇق-4دوختۇرخانىغا ياكى يەكەن ناهىيىلىك بىهۇشۋاغ دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويىدۇ.ئامالسىز بۇ كىچىنىمۇ ئاساسەن ئۇيقۇسىزلىق ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم....

## 6-باپ ئايفون ۋە قارا كۆينەك

كۈنــدە دەكــكە-دۈككــدە،قورقۇنۇچتا يۈرۈپ،ئاغرىقچـان بولـۇپ قالدىم.كۈنلىرىم ئاساسەن ئۆي بىـلەن دوختۇرخانىنىـڭ ئارىـسىدا ئۆتـۈپ كىتىپ باراتتى.بۈگۈنمۇ دوختۇرخانىغا ئاسـما ئاسـتۇرغىلى بـاردىم.ئاسـما تۈگىگەنـدىن كـيىن پەشـتاقتىن خىيـال بىـلەن چۈشۈۋېتىپ،تۇيۇقـسىز بىرسـىگە قـاتتىق سـوقۇلۇپ كەتـتىم. «تـاراس» قىلغـان ئـاۋازدىن چۆچـۈپ،بىـشىمنى كۆتـۈرۈپ قارىـسام،ئالدىمدا يارىـشىملىك بـۇرۇت قويۇۋالغـان،مەن بىـلەن تەڭ دىمەتلىـك كۆرۈنـىدىغان بىـر ئـاداش بىـر ماڭـا،بىر يەردىكـى بەش-ئـالتە پـارچە بولـۇپ كەتـكەن ئايفونغا قـاراپ تۇراتتى.

كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم:پەشتاقتا ئـايفون پـارچىلىرى چىچىلىـپ ياتـاتتى.ئايفونىنـىڭ بـۇقەدەر نـازۇك ئىكەنلىكىنـى زادىـلا ئـويلاپ باقماپتىمەن.سەل خىجىل بولۇپ يىگىتكە قارىـدىم.كۆڭلۈمـدە بـۇ ئـاداش بىلەن بىرەر قەپەس دىيىشىپ قالىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىغان ئىدىم.

-ئادىش،قايدا قىلىمىز ئەمدى؟!

ئۇ يىگىت سىپايىلىق بىلەن ئىغىز ئاچتى.

-مەن قايىلىماي مىڭىپتىمە،خاپۇماڭلا.

-مەنغۇ خاپۇمـايمەن،لىكىن ئـي يەگە چـۈپ كەتـكەن ئـايپۇننى بەش توقماققا ئاپتىكەنمە قايلاڭلا!

-شـۇنداما؟!مەن تەخـى باكاغـا ئاغـان ئوخـشايدۇ دەپتىمە،قايـدا قىـپ بەسەم بولىدا سىلىگە؟!

ئۇنىڭ تەنە گەپلىرىـدىن سـەل ئوغـام قايـناپ قالغـان ئىـدى.لىكىـن يىگىت تەلەپپۇزىنى ۋە چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ يەنە ئىغىز ئاچتى.

-بىلـمە.سـىلىمۇ قەسـتەن قىممـدىڭلا.بوسـىغۇ يولامغـا مىڭىۋەسـەم بولىتى،مەنمۇ شۇ تەستە ئاغان دەڭلا مـا تىلپۇننى،قاغـان زىيـان ئـۆزەمگە بوسۇن،سىلە بىژ توقماقنى تاشلىۋىتەمسىلە؟!

بىردەم ئويلىنىپ قالدىم.دىمىسىمۇ ئايفۇن ئەرزان نەرسە ئەمەس،ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ چېقىلىپ كېتىشىگە مېنىڭمۇ بەلگىلىك مەسئۇلىيىتىم بار ئىدى.ئۇنىڭ مىڭ يۈەن تەلەپ قىلىشى ھەرقايسى جەھەتتىن ئىددىيەمدىن ئۆتتى .يېنىمدىن مىڭ يۈەننى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم ۋە ئەپۇ سوراپ پەشتاقتىن چۈشۈپ كەتتىم،ئۇ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى....

«كىچىسى جىنلار خاپا قىلسا،كۈندۈزى مۇشۇنداق نەس بېسىپ يۈرسە،ھېلىقى ئۆلگۈر تاش ئاخىرى بېشىمغا چىقامدۇ نېمە؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ماشىنا توختىتىش ئورنىدىن مېنىڭ توكسىكلىتىمنىڭ ئالدىغا باردىم.پۇتۇمغا بىرنەرسە پۇتلاشقاندەك بولدى،يەرگە قارىسام،توكسىكلىتىمنىڭ يېنىدا بىر تومپىيىپ تۇرغان قارا رەڭلىك پورتمال تۇراتتى.«قارىغۇنى كۆزىدىن ئايىسىمۇ،ھاسىدىن ئايىماپتۇ» دېگەن شۇ دە!ئالدى-كەينىمگە قارىۋېتىپ،ئايىقىمنىڭ شوينىسىنى ئەتكەن بولۇپ پورتمالنى يانچۇقۇمغا تەستە سالدىم.بىر تۇرۇپ يانچۇقتىن زىيان چىقىپ بولغۇچە،غايىپتىن كەلگەندەك ئىچىدىكىنى ئېلىپ ماڭاي دەپ ئويلىغان بولسامۇ،يەنە بىر تەرەپتىن بۇ يەرنىڭ دوختۇرخانا ئىكەنلىكىنى،بۇ پورتمالنىڭ بىمار ياكى بىمار ھامىيسىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئويلاپ شەيتىنىمغا ھاي بەردىم.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ ماشىنا توختىتىش مەيدانىنىڭ چېتىدىرەك بىر يەردە توختاپ تاماكا تۇتاشتۇرۇپ،پورتمالنىڭ ئىگىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم.ئەگەر ھازىر «بۇ پورتمال كىمنىڭ؟!» دەپ ۋارقىرايدىغان بولسام،ھازىر ماشىنا توختىتىش ئورنىغا كىرىپ-چىقىۋاتقان كىشىلەر،ئاۋازىمنى ئاڭلىغان يولۇچىلار،ھەتتاكى ماڭالايدىغان بىمارلارمۇ «مېنىڭ،مېنىڭ!» دېيىشىپ يۈگۈرەپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى.شۇڭا مەن سۈكۈت ئىچىدە ساقلىماقچى بولدۇم.چۈنكى پورتمالنى يۈتتۈرۈۋەتكەن كىشى چوقۇم ئۆزى بارغان-كەلگەن ھەممە يەرنى ئىمىسقلاپ

ئىزدەيدۇ.مۇشۇ يەرگە كىلىپ ئۇياق-بۇياق قارىغان،چىرايىدىن ئازاپ يىغىپ تۇرغان بولسا،ئۇ دەل مۇشۇ پورتمالنىڭ ئىگىسى دىيىشكە بولاتتى.

نەق مەيدانغا دۈمبەمنى قىلىپ،پورتمالنى ئاچتىم.چۈنكى پورتمالنىڭ ئىچىدە نىمە بارلىقىنى بىلمىسەم،ئىگىسىنى دەلىللەش قىيىن بولاتتى.پورتمالنىڭ ئىچىدە نەق پۇلدىن بەش-ئالتەيۈز يۈەن،ئوخشىمىغان بانكا كارتىسىدىن قەۋەت-قەۋەت قىلىپ،ئاز دىگەندىمۇ ئونى سىلىنغان.ئۇنىڭدىن باشقا بىلگىلى بولمايدىغان بىر تالاي هۆججەت-تالون بار ئىدى.پورتمالنى ئوتتۇرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان خىرام بۆلگۈچنىڭ بىر تەرىپىدە چىرايىق بىر قىزنىڭ سۈرىتى،يەنە بىر تەرىپىدە خۇشخەتچىلەپ يېزىلغان بىر كۇپلىت شىئىر تۇراتتى.ئۇنى ئوقۇپ شائىرنىڭ ئىستىداتىغا قايىل بولماي تۇرالمىدىم هەم قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتىم.ئۇ شىئىر مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

ئۇشبۇ هەميان كىمنىڭكى،

سورىماڭلار مىنىڭكى.

تېپىۋالسىلىرى خاپۇماي،

13**********گە تېلفۇن قىلسا جىما!

كۈلكە ئىچىدە ئۇ نومۇرغا تېلفۇن قىلدىم.تېلفۇن ناهايىتى تېزلا ئۇلاندى.

-سالامىلەيكوم!

-ۋائەلەيكۇم!

-جىما؟

-مەن.بىژ نەسىلىرى يوقتەك تۇرامدۇيا؟

-خاتا ئۇرۇپ قاپلا!

قارشى تەرەپ تېلفۇننى قويىۋەتتى.هەيران قالدىم.ئەمما بىر مىنۇت ئۆتمەيلا ئۇ ماڭا قايتۇرۇپ تېلفۇن قىلدى.

-بايام خاپۇمىسا جىما،ئۇقماي قاپتىمەن،پورتمالىم يوق تۇرىدا.

-ھە ،ھېچقىسى يوق.پورتماللىرى مەندە.
-رەخمەت،ئۆزلىرىنى نەدىن ئىزدەيمە؟
-مەن دوختۇرخانىدا،سىلە نەدە؟
-ۋىيى،مەنمۇ دوختۇرخانىدا ئەمەسما،ما ئىشنىڭ قاملىشىپ قاغىنىنى قايىلىسا.سىلى قاسى ياتاقتا،مەن دىكىكىدە چىقاي،ھەراس،كۆگەللىرى نىمە تاتىدا؟دەۋەسە جىما،ئاغاچ چىقىمە!
-يا،ئارتۇق كايىمىسا،مەن ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا،ئاشەگىلام چۈشسە!
ھايال ئۆتمەي ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا بىرەيلەن ھاسىراپ-ھۆمىدەپ،قولىدا بىر يىشىك «قىزىل كالا» ئىچىملىكى كۆتۈرگەن ھالەتتە پەيدا بولدى.قىززىق ئىشنى كۆرۈڭ،ئۇ دەل بىر باياتىن مەن بىلەن سوقۇشۇپ كىتىپ،ئايفۇنى چىقىلىپ كەتكەن يىگىت شۇ ئىدى.ئۇمۇ مىنى كۆرۈپ خۇددى نۇمۇسلۇق بىر ئىش قىلغاندەك قىزىرىپ كەتتى.
-قايلاپ بېقىڭلا،ئىچىدىكى نەسلە ساقمىكىن.
-يا.يا...سىلىگە ئىشىنىمىز.
-ماڭىغۇ ئىشىنىسىلە،لىكىن مەنمۇ يەدىن تاپىتىم ئەمەسما.ئۇنىڭ ئالدىدا بىرەسى يوقلاپ قويغان بوسا دەيمىنا.
يىگىت بىشىنى يىنىك لىڭشىتىپ،قولىدىكى ئىچىملىكنى يەرگە قويۇپ،پورتمالنى ئېچىپ تەكشۈردى.ھەممە نەرسە تولۇق بولسا كىرەك،ئۇنىڭ چىرايى ئىچىلىپ كەتتى.
-رەخمەت ئاداش،سىلىدەك ياخشى ئەدەم ئاز قالدى جىما ھازىر.ئىسمىم نەسىردىن،تونۇشۇپ قالىلى.
-ئىسمىم ئەغزەمجان!
بىز قول ئىلىشىپ كۆرۈشكەندىن كىيىن،ئۇ ھىلىقى بىر يىشىك ئىچىملىكنى زورلاپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويغاندىن باشقا،ئۇنىمىغانغا

قويماي ،مىنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇرىۋالدى ،ئامالسىز ئۇنىڭ بىلەن ئاشخانىغا كىردىم.بىز بەك تونۇشمىغاچقا تۇزۇك پاراڭ تېمىسىمۇ چىقماي ،تاماق تېزلا يېيىلىپ بولدى.يىگىت يانچۇقىدىن مىڭ يۈەننى ئېلىپ ئالدىمغا قويدى.

-ۋوجوا!ما ئېشىڭلا بومىسىدى جىما ئادىش!نىمدا قىلىسىلە؟ئىچىملىك ئاغاندىكىن بولدى دەيمە.

-مانى ئامىساڭلا زادى بومايدا ئەغزەمجان!

-يا ،ماندا دىسەڭلا بۇندىن كىيىن قەتتى ئىزدەشمىسەك بولىدا!

-ئاپلا دەيمە.ئاۋال ئىلىڭلا ،ئەندىن مەن سەۋەپىنى دەپ بىرىمەن.

نەسىردىن ئۆپكىدەك ئىسىلىپ كەتكەچكە ،مەن پۇلنى ئالدىم.ئۇ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ بىر ئايفوننى چىقاردى ۋە بىرلا قايرىپ ،بىرقانچە پارچە قىلىۋەتتى ،ئاندىن يەنە قۇراشتۇرۇپ ،ئەسلى ھالىتىگە قايتۇردى.ئىشنىڭ تېگىگە يەتتىم.دىمەك نەسىردىن ئەسلى بىر قويمىچى ئىدى.ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن مەندەك ئەغزەمجاندىن قانچىنىمۇ ئالداپ بولغاندۇ ھە!بىردىنلا ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ كەتتىم.

-دىسەم-دىمىسەم ھازىر مەندىن سەسكىنىپ كەتتىڭلا ھەقىچان.بۇرۇنقىسى كەتتى مەيلى ،ھازىردىن باشلاپ بۇندا ئىشتىن قول ئۈزىمەن ،ماقا ئەمىسە!

نەسىردىن گېپىنى تۈگىتىپلا ،ئورنىدىن قوپۇپ ،ھىساپ قىلىپ چىقىپ كەتتى.لىكىن ھىلىقى ئايفوننى قويۇپ قويغان ئىدى.مەن ئۇنى يانچۇقۇمغا سىلىپ ھەيرانلىق ئىلكىدە سىرىتقا چىقىپ كەتتىم....

ئەتىسى ئۆيدە يالغان ئايفوننى بۇزۇپ ،قۇراشتۇرۇپ ئولتۇرسام ،نەۋرە ئىنىم ئىرپانجان كىرىپ كەلدى.بىردەم قولۇمغا قاراپ ئولتۇرغاندىن كىيىن ،ھاياجاندىن كۆزلىرى نۇرلۇنۇپ كەتتى ۋە قولۇمدىكى يالغان ئايفۇنغا يىپىشتى.

-ماڭا بىرە جىما!

-بىرەممەيدىكىن دەپ قويسا جىما!

-نىمىشقا؟

-پۇلغا ئاغان.

-ۋوجو!ئەمدى سەن بولاپ مەن بولاپ،ئاكا-ئۇكا بولاپ ئاشتا دىيىشىپ كىتەمدۇق؟

-مىنى گومپىغا چۈشۈرىمەن دىمە جىما،سىنى ئۇمدان بىلىمە!

-قانچە پۇلغا ئالدىڭ هە،دىگىنە!

-مىڭ كوي!

-ماگەۋا!مۇشۇ يالغان تىلفۇننى مىڭ كويغا ئالدىڭما؟

-هە،قاندا؟قىممەت كۆسەڭ ئىشىگىنى قىل!

100-كوي!

-مۇمكىن ئەمەس!

-150!

-ئىشگىنى قىل!

-200!

-يوقال!

300!-ئەمدى ساتمىساڭ مەيلى،مىنىڭ مائىشىم يوق بىلىسە!

-ئاله بوپتۇ!

شۇنداق قىلىپ،بۇ يالغان ئايفۇننى ئىرپانجانغا300 يۇئەنگە ساتتىم.ئۇ مەنىدىن ئالتە ياش پەرق قىلىدىغان بولۇپ،كىچىكىدىن ھەييار ھەم ساختىپەز ئىدى.مىنى ھازىرغىچە قانچىلىك ئالداپ قاقتا-سوقتا قىلغانلىقىنى ساناپ بىرەلمەيمەن.بۇنداق ئوبىدان پۇرسەتنى قولدىن بىرىۋەتسەم بولمايدۇدە ئەلۋەتتە!ئۇ يالغان ئايفۇننى قولىغا ئىلىپ بۇزۇپ،قۇراشتۇرغاچ مەندىن قايسى يەردىن سىتىۋالغانلىقىمنى سورىدى.مەن ۋەقەلىكنى ئۆزگەرتىپ،بىرسىنىڭ يەنە بىرسىنى شۇنداق قىلىپ ئالداۋاتقانلىقنى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى،ئاندىن ئۇنىڭ كەينىگە

چۈشۈپ،ئۇنى قورقۇتۇپ يۈرۈپ،300يۈەنگە سىتىۋالغانلىقىمنى ئېيتىپ بەردىم.

-ئۇنى قايدا قوقاتتىڭ؟

-«سىنىڭ بۇ ساختىپەزلىكىڭنى ساقچىغا مەلۇم قىلسام سىنى بىژدەمدە جايلايدا» دىدىم!

-ئۇ نىمە دىدى؟

-«جىنىم ئاكا،قولام سەل قىسقا بولاپ قىلىپ شۇندا بولاپ قالدى،خاپۇما،بۇدا ئۇندا ئىش قىممايمەن» دىدى.

-هە....

ئىرپانجان يىنىك ئىسقارتىپ،سىرتقا چىقىپ كەتتى....

يىرىم كىچىدە تور ئويۇنى ئويناپ ئولتۇرسام تىلىفۇن كەلدى.ئىلىشمغىلا بىرەيلەن« **دەرۋازىسى ساقچىخانىسىغا بىر كىلىپ كەتسە!» دەپلا تىلىفۇننى قويىۋەتتى،ئەنسىرەپ كىيىملىرىمنى چالا-پۇلا تۈزەشتۈرۈپ سىرتقا يۈگۈردۈم....

ساقچىخانا.ئۇلۇك كۆزىنىڭ ئەتراپى خىلى ئوبدانلا كۆكىرىپ قالغان ئىرپانجان بىرچەتتىكى ئورۇندۇقتا سالپىيىپ ئولتۇرۇپ كىتىپتۇ.ئوتتۇرا ياش بىر ساقچى ماڭا سالام بىرىۋىتىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى.

-بۇ ماندا ئىش قايلىسا.ئۈكىلىرى يالغان تىلپۇن كۆتىرەپ خەقنى ئالدىماقچى بوپتىكىن،خەق ئۇنى تۇتۇپ ساقچىغا مەلۇم قىلدى.بۇ بالا تەخى كىچىككىن.شۇڭا جەمىيەت ئامانلىقىنى قالايمىقان قىلىش،ئىقتىسادى ئالدامچىلىقى قىلىش جىنايىتى بىلەن بىژتەرەپ قىممايلى.تەربىينى چىڭراق قىلىڭلا.لىكىن مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە بويىچە300 يۈەن كاپالەت تۆلەيسىلە!

مەن دەرهال ئۆزرا ئېيتىپ،يىنىمدىن ئىرپانجان ئۆزى بەرگەن 300پۇلنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ،بىرقانچە ۋاراق رەسمىيەتكە قول قويىۋەتكەندىن كىيىن،ئىرپانجاننى ئىلىپ تالاغا چىقىپ كەتتىم.سىرىتقا

چىقىپلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم.

-كۈلە ،تازا كۈلە!ئۆلگەن بوسام تەخىمۇ خوش ۋولتىتىڭ ھە سە!

ئۇ مىنىڭ كۈلگىنىمگە ئاچچىقلاپ كەتتى.يولدا ماڭغاچ ئۇنىڭدىن بولغان ئىشنىڭ جەريانىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ كۈلۈپ كېتىپتىمەن:ئىرپانجان پىيادىلەر كوچىسىدا بىر بۇرادەرنى خالتىغا سولايمەن دەپ ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ،ئايفۇننى يەرگە تاشلاپتۇ.ئۇ بۇرادەر يەرگە بىر قاراپلا تەرى تۆرۈلۈپ،ئىرپاننىڭ قاپىقىغا بىرنى سىلىپ«ھىي!لاتا!تۆلەۋىرەمدىمە سىنىڭ قوتا ئايپۇنىڭنى!مۇشىنىڭ بىلەن تۆتىنجى قېتىم بولدى جىما!ھەممىڭ شىرىك ئوخشىمامسە،ماڭە ساقچىغا لاتا گۇي!» دەپ ئۇنى سۆرەشتۈرۈپ،ساقچىغا ئىلىپ كەپتۇ،ساقچى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كىيىن،تىلفۇننى مۇسادىرە قىلىپ،ئۇنى قورقۇتۇپ،چوڭلارنى چاقىرىشنى بۇيرۇپتۇ.ئىرپانجان ئۆيدىكىلەرگە دىيىشتىن قورقۇپ،ماڭا تىلىفۇن قىلىپتۇ....

-تووا،تووا!خوپ بوپتا!چىم سىنى خەقنى ئالدىسۇن دەپتىكىن!ماڭا پۇلۇمنى تۆلەپ بە!

-قاسى پۇلۇڭنى تۆلەپ بىرىمە؟

-بايام سىنى كىپىلىككە ئەچىقىمەن دەپ300 كوي تۆلىدىمغۇ؟

-ماڭەۋە....سەن بۇندا قوتا بىژنىمىنى ئەكەممىگەن بوساڭ،مەنمۇ بۇندا كۈنگە قامايتىم،سەن تەخى مىنىڭ داۋالىنىش پۇلۇمنى تۆلىشىڭ كىرەك!

-قاسى داۋالىنىش پۇلۇڭنى؟

-كۆزەمدىكى كۆكنى كۆدۈڭمۇيا؟بۇنىڭغا سەن ۋاستىلىق سەۋەپچى جىما!

شۇنداق قىزىقارلىق پاراڭ بىلەن ئۆيگە يىتىپ كەلدۇق.ئىرپانجاننىڭ كۆزى كۆك بولغاچقا،ئۆيىگە بارالماي مەن بىلەن قونۇپ قالدى.بىر كىچە خاتىرجەم ئۇخلاپتىمەن....

يىنىمدا ئىرپانجان بولغاچمىكىنتاڭ،بىرقانچە كۈن نورمال ئۆتۈپ

كەتتى.لىكىن ئۇنىڭ كۆزىدىكى كۆكلەر يۇتكەندىن كىيىنلا ئۆيگە قايتىپ كىتىۋالىدى.مىنى يەنە غەم باستى.كىچىسى قورقۇپ ئۇخلىيالمايتتىم،كۇندۇزى ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرەلمەيتتىم.بۇگۇن چۈشكە يىقىن ئورنۇمدىن تۇرغاندىن كىيىن،بىرقانچە دوستۇم بىلەن مەدەنىيەت مەركىزىگە شاھمات ئوينىغىلى باردۇق.ئورۇن قالمىغاچقا،ئۇستا شاھماتچىلارنىڭ ئويىنىشىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق.بىرچاغدا،كىچىك بىر بالا يىنىمغا كىلىپ«ئاكو،ساقچىلا سەندەك قارا كۆينەك كەيگەنلىنى تۇتىۋاتىدا،بىزيەگە بۇكۇۋال!» دىدى.مەن ئۇنىڭغا«ئىشىڭنى قىل!» دەپ قويۇپ،شاھماتنى كۆرۈۋەردىم.

ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئەنسىز چىقىرىغان ئاۋازى ئارقىمىزدىلا ئاڭلاندى.ھەيرانلىقتا ھەممەيلەن ھاڭۋىقىپ تۇرۇپ قالدۇق.ساقچىلار ئۇياق-بۇياق قاراپ مىنىڭ يىنىمغا كىلىپ توختىدى ۋە ماڭا سوغۇق ھالدا«ماشىنىغا چىقە،سەندىن سورايدىغان گەپ با!» دەپلا مىنى تارتقۇشلاپ ئىلىپ ماڭدى.كۆڭلۈمدە جىنايىتىم بولمىغاندىكىن نىمىدىن قورقاتتىم دەپ ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇردۇم.ج خ ئىدارىسىغا كەلگەندىن كىيىن،بىر ساقچى مىنى ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرىدىغان بىر زالغا ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.توۋا،بۇ زال ئاساسەن ماڭا ئوخشاش قارا كۆينەك كىيگەنلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى.مەن ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم.

-ئاناڭگى گۇيلا،باكادىن باكا سولاپ قويدىيا مىنى!

-شۇنى دەگلا.

-ئىنىقلايدىغان ئىش ۋاكىن دەيدىغۇ؟

-نىمە ئىشكىن؟

-بىزكىمنىڭ سومكىسىنى قارا كوڭلەك كەيگەن بىزسى مەدەنىيەت سارىينىڭ ئەتراپىدا بۇلاپ قىچىپ كىتىپتىن....

ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن ئىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندىم.دىمەك ھىلقى

كىچىك بالا ماڭا چاقچاق قىلماستىن،ئەكسىچە راست گەپ قىلىپتىكەن ئەمەسمۇ ئىست!بۇ يەردىن چىقىپلا ئۇ بالىنى تېپىپ پۇل بىلەن مۇكاپاتلاش قارارىغا كەلدىم.لېكىن بىر قانچە قارا كۆزىنەكنىڭ گېپى مېنى ساراسىمىگە سېلىپ قويىدى.

-ساقچىلا بىزنى قاچان قويۇپ بېرە؟

-ۋاي تاڭ!ئاڭلىسام بىزكويىغا بىژيىل كىسىدۇ دەيدا.

-بۇلاڭچى قانچە پۇل بۇلىغاندۇ؟

-سومكىنى بولىغاندىن بېرە مىڭ كوي بادۇ!

-ئوا!!!ئۇندا ۋوسا بىرسىمىزنى مىڭ ژىل كىسىدىغان ئوخشىمامدا؟

-مىڭلا ئادىش،ئوقوغان ئەدەمدەك گەپ قىلىڭلا،كىسىم دىگەن مۇددەتلىك،مۇددەتسىز دەپلا ئارىلىدا!

-بىزغۇ قارىغا كەتمەسمىز؟

-بىژنىمە دىگىنى بومايدا،مالنىڭ ئىگىسى «مۇشۇ بۇلاڭچى شۇ» دەپلام قاسا،بەك ئاۋارە بولاپ كىتىمىز جىما....

ئۇلارنىڭ كېيىن دېيشكەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولغۇچە،بىر ساقچى مېنى چاقىردى.لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ماڭدىم.ساقچى مېنى بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىردى.ئىشخانىدا بىر ياش ساقچى،بىر موماي ۋە بىر قىزچاق ئولتۇراتتى.ساقچى مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىدى:

-مۇشۇ شۇمۇيا؟

-دەل شۇ!دەل مۇشۇ شۇ!

مومايىنىڭ چىرقىراق ئاۋازى مېنىڭ يۈرىكىمگە ئېتىلغان ئوقتەك بىرىپ قادالدى.ئاھ خۇدا!مەن تۇگەشتىم!مەن قارىغا كەتتىم....!يەردە لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم.

-ئاچا،ئوبدان قايىلىسا،نىمدا ھەممە ئەدەمنى مۇشۇ شۇ دەيلا؟!تۈزۈك گەپ قىلسا دەيمە!ما چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس،ئەدەمنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىدىغان ئىش!

ساقچى تەئەددى بىلەن مومايغا سۆزلەپ كەتتى.لىكىن موماي يەنە ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى .ساقچى ئەمدى قىزدىن سورىدى.

-ئۇكام.سىلە قايىلىسا ،مۇشۇ بالا شۇمۇ ئەمەسمۇ؟

قىز ماڭا لەپپىدە بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن،تەستە ئېغىز ئاچتى.

-يا...يا...ياق!بۇ...بۇ ئەمەس!ئۇ...ئۇنىڭ...بو..بويى بەك....بويى بەك ئېگىز!

پۇت-قولۇمغا قايتىدىن جان كىردى.مىنى ئېلىپ كىرگەن ساقچى مىنى يەنە بىر ئىشخانىغا ئېلىپ كىردى،ئاندىن مەندىن ئەپۇ سوراپ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئېيتىپ بەردى:قارا كۆينەك كىيگەن بىر بۇلاڭچى قىزنىڭ قولىدىكى سومكىسىنى بۇلاپ قېچىپ،مەدەنىيەت مەركىزى ئەتراپىدا غايىپ بولۇپتۇ.شۇڭا ساقچىلار قارا كۆينەك كىيگەن گۇمانىدارلارنى،بولۇپمۇ مەدەنىيەت مەركىزى ئەتراپىدىكى قارا كۆينەك كىيگەنلەرنى تۇتۇپ،يۈزلەشتۈرمەكچى بولۇپتۇ.بايا مىنى بۇلاڭچى دىگەن موماي،قىزنىڭ ئاپىسىكەن،قىز كىكەچ بولغاچقا،ئاپىسى ۋاكالىتەن جاۋاپ بىرىپتۇ.ئۇ ئايال نىمىنى ئويلىدىكىنتاڭ،ئەكىرگەن ھەممە قارا كۆينەكنى «مۇشۇ شۇ!» دەپتۇ،قىز ئىنكار قىلغاندىن كىيىن قويۇپ بىرىلىپتۇ....

ئۆيگە قايتىپ كىلىپ،بۈگۈن بولغان ئىشلارنى ئويلاپ ھەم كۈلگۈم كەلدى ھەم ئاچچىقىم كەلدى.خەپ!بۈندىن كىيىن ھەرگىز قارا كۆينەك كىيمەيمەن....!

## 7-باپ ئۇ ياقتىكى ئىشلار

ئەغزەمجان كەتكەن كۈنى سەھەر.

بىلال ئۇ كېتىشتىن بۇرۇن ياتقان ئۆيگە كىرىپ،ئوستەلگە قويۇلغان خەتنى كۆردى ۋە پايپاقنى قولىغا ئېلىپ دەرىزە سىرتىغا تاشلىۋېتىپ، ئوقۇپ بولۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.ئەيىنىدىن ئارقىدىن كىرىپ بىلالنىڭ قولىدىكى خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ،ئۇنىڭ كۈلكىسىگە جۆر بولدى.

-تۆرەم غىپپىدە تىكىۋېتىپتۇ دە!بەك قوقاپ كېتىپتا!

-بالا ئەمەسما تەخى!ئەينى يىللىرى بىز ئۇنىڭدىن ئۆتە ئىدۇققۇ دەيمە!

-مەنغۇ ئانچە ئەمەستىم،سىلىنىڭ ياش ۋاقتىلىرىغا بەك ئوخشاپ قالىدىكىن.

-چىرايىغۇ مىنىڭ ياش ۋاقتىمغا ئوخشاپ قالىدىكەن،(بىلال قەستەن قويۇق چاچلىرىنى سىلاپ قويدى)ئەمما خۇي-پەيلى بەئەينى سىلە ئەيىنىدىن خوجا!

ئۇلار بىر-بىرىگە گەپ ئىتىشىپ تۇرغاندا مەتسىلىم كىرىپ كەلدى.ئۇ ئىككەيلەنگە بىر قاراپ قويۇپ چالا ھىجايدى.

-بەگلىرىم،تۆرەمگە راس جىن چاپلاشتىيا ئەينا!

-دىمەك ئۇنى سىلە قوقىتىپ قوياپىلىدە!

-ياق ئاتىداق ئەمەس،مەن راس گەپ قىلسام سىلەر ئىشەنمەيسىلەر،تۆرەم ئىشىنىپتۇ.

-ھەي....بەزى ئىشلارنى بىلگەنىدىن بىلمىگەن ياخشى،ھە،سىلى بى كەچۇرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەمەملا،ئاشۇ تۆرەمگە دىگەن گەپلەرنىڭ نەق ئۆزىنى!

ئەيىنىدىن ئەغزەمجانغا سۆزلەپ بەرگەن ھىكايىلىرىنى تولۇق سۆزلەپ بەرگەنىدىن سىرىت يەنە،تەكلىماكان توغرىسىدىكى،قۇمدىكى قەبرىلەر توغرىسىكى نۇرغۇن ھىكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى (ئەغزەمجاننىڭ يۈزىنى ئايىدى بولغاي،ئۇنىڭ تاش ئوغۇرلىغان ئىشنى دىمىدى).ئەيىنىدىن ئۇنى

توختىتىپ قويۇپ، يەنە خاتىرىسىنى ئاچىقىپ ئۇنىڭ دىگەنلىرىنى خاتىرلەپ قويدى. بىلال پۈتۈن زىھنى بىلەن گەپنى تولۇق ئاڭلاپ بولغاندىن كىيىن قاتتىق بىرنى كىرىلىپ قويۇپ، ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك سۆزلەپ كەتتى.

-تەكلىماكان ،تەكتىڭ ماكان! ئۇندا چۆككەن سانسىز مىھمان! سىنىڭ سىرىڭنى، سىنىڭ قەدرىڭنى كىملە بىلە، كىملە بىلە! تەكلىماكان توغرىسىدىكى نۇرغۇن رىۋايەتلەر بىكاغا تارقالمىغان....

ئەيىندىنىڭ ئىسىگە توساتتىن بىر ئىش كەلگەندەك بولۇپ، بىلالنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى.

-مەتسىلىماخۇن! قۇم كۆچەشكە يانا قانچىلىك قالدى؟

مەتسىلىم خۇددى ئۇستا پالچىدەك بارماقلىرىنى لىكىلدىتىپ ساناپ. ئويلىنىشقا باشلىدى.

-ئازغىنە كەم بىر ئاي باتۇ!

-ھىم....

ئەيىندىن خاتىرىسىگە يەنە بىرنىمىلەرنى يازدى. بىلال ھويلىنى بىر ئايلىنىپ كىرىپ، مەتسىلىمدىن سورىدى.

-ئۆتكەندە سىلە سىزغان رەسىم قەنى؟

-ۋوجىنەم! تايىنى يوقبى رەسىمتىيا ئۇ.

مەتسىلىم خىجىل بولغاندەك گەدىنىنى قاشلاپ قويدى. ئاندىن قازناق ئۆيگە كىرىپ، پۈرلاپ قويغاندەك بولۇپ كەتكەن رەسىمنى ئۇنىڭغا بەردى. ئۇلار بىرىنجى پارچە رەسىمگە سەپسالدى.

چەكسىز قۇملۇق چوڭ گەۋدە قىلىپ سىزىلغان، ئوڭ تەرەپ ئۇستۈنكى بۇرجىكىدە بىر ئادەم بىشىنىڭ خۇۋا ئىزناسى بار، ئوتتۇرىدا دۈمچەك-دۈمچەك بارغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر بارخان زەڭگەر رەڭدە ئالاھىدە كۆزگە چىلىقىپ تۇرىدۇ. سول تەرەپ ئۇستۈنكى بۇرجىكىدە قانداق ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر نەرسىنىڭ باش

سۇرىتى بار.بۇ رەسىمنى كۆرۈپ،ئەينىدىن بىلەن بىلال بىر-بىرىگە مەنىلىك بېقىشقاندىن كېيىن،ئەينىدىن مەتسىلىمدىن سورىدى.

-بۇ قايە؟

-بىلمەيتمە!

-راس بىلمەيلا؟

-بىلمەيتمە!

-بىلمىگەن نەسنى قايدا سىزالايلا؟

-ھەۋەسكە سىزىپ باققان.

ئەينىدىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە بىلالغا قاراپ قويدى.بىلال مەتسىلىمگە يىقىنلاپ كىلىپ پەس ئاۋازدا«جىغانىشا قەبرىسى» دەپ قويدى.مەتسىلىم توك سوققاندەك بولۇپ ئەندىكىپ كەتتى.ئاندىن ئۇلارغا ئىتتىك-ئىتتىك قاراپ ھودۇقۇپ سورىدى.

-سىلەر...سىلەر نىمە ئەدەملى زادى؟ھەجەپ بۇيەرنى بىلتىكەنسىلىيا!

-بۇ قايە؟

ئەينىدىن قايتىلاپ سورىدى.مەتسىلىم ئۆزىنى سەل توختىتىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى.

-بۇ يەرگە مەن بەك ئۇزاق يىللار ئىلگىرى بارغان.رەھمەتلىك بوۋام ئەشۇ يەردە جىق بىنەسە بار دەيتتقان.مەن بىرلا قىتىم بىرىپ تاس قالدىم جاندىن ئارىلغىلى.

-بىلگەنلىرىنى تولۇق دەپبەسە،ئاز بوسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ!

بىلال يىنىدىن بىر توقماق پۇلنى ئىلىپ مەتسىلىمگە تۇتقۇزۇپ قويدى.مەتسىلىم بۇ قىتىم ئۆز ئادىتىگە مۇخالىپ ھالدا بېشىنى چايقىدى.

-بەگلىرىمدىن پۇل ئىلىۋەسەم مىنى قاقباش گادايكىن دەپ قالمىسا ئەينا.مەنمۇ بالا-چاقا غېمىنى دەپ ئانچە-مۇنچە ئالغىنىم بىلەن،ئادەتتە بەك مال-دۇنيا ئىزدىمەيتمە.

-ھا-ھا-ھا!

بىلال قاقاھلاپ كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن پۈلنى ئۇنىڭ مەيدە يانچۇقىغا زورلاپ سېلىپ قويدى. بۇ قېتىم مەتىسلىم رەت قىلمىدى.

-1981-يىللارمىكىنا، بىر ئاغىنەم بىلەن بىللە ئەشەگە بارغان. كونىلارنىڭ دەپ بەرگەن يولى بويىچە ئاران تېپىپ، ھېچنىمە ئالالمىغانلىقنىڭ ئۈستىگە تاس قالدۇق ئۆلۈپ كەتكىلى. ئاغىنەم دېتىۇ ئاللىلى! مەن دېتىمە قاچىلى....

-ھەي، ھەي مەتىسلىماخۇن! ماندا بىر باش-ئايىغى يا گەپ قىلىلى!

ئەينىدىن خاتىرىسىگە يېزىۋاتقان مەزمۇننى ئۇلىيالماي جىجىۋەتتى،

-قەبرىنى تېپىپ ئىچىگە كىرەي دەپ تۇرساق يېقىنلا بىر جايدا يوغان دەرەخ كۆرۈندى. چۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەرەخ ئۈنەمدۇ دېيىشىپ، ئاغىنەم بىلەن يېقىن بېرىپ قارىساق، ئەدەمنىڭ پايخۇنىغىلا ئوخشايدىغان دەرەخكەن. بىز يېقىنلاشقاندا ئۇ دەرەخ مىدىرلىغاندەك بولدى. دىققەت بىلەن قارىساق نەدە دەرەخكىنا، بەك زو ئىدەمنىڭ پۇتى!

ئۈستىگە قارىساق بەدىنى، ئۇنىڭ ئۈيىنىدە يوغان كاللىسى كۆرۈندى. ئاغىنەم قانداق بولدىكىنا ئۇقمىدىم، مەن قېتىپ تۇرۇپلا قاپتىمەن! ئاز دىگەندىمۇ 3 مېتىر چىقار ئۇ ئۈۋاتەككۇ دېۋە! ئاغىنەم تارتمىغان بولسا تۇرۇۋېرتىكەنمە. قېچىپ خېلى بىرىيەرگە بارساقمۇ ھېچ قوغلىمايتتۇ، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئارقىمىزغا قايتىپ كەلدۇق. ئۇزۇن كۆزەتكەندىن كېيىن، بۇتكەن دەپ ئويلاپ قەبرىنىڭ ئىچىدىن قولغا چىققاننى ئېلىپ ئەمدىلا چىقىشىمىزغا ئۇ دېۋە ئالدىغا ماڭغاندەك زايا بولدى.

بىز ئاستا ماڭساق ئاستا ماڭىتۇ، تېز ماڭساق تېز ماڭىتۇ، بىرچاغدا ئالدىمىزغىلا پەيدا بولدى. يەنە ئارقىمىزغا قاچتۇق، قەبرىگە ئاز قالغاندا ھوشۇقامدىن بىرنەرسە تارتىپ مىنى دارقىرىتىپ سۆرەپ كەتتى، قۇمغا مىلىشىپ، كاللام چۆرگىلەپ خۇدىمنى يوقىتىپتىمەن. ئىسىمگە كەلسەم مەللىگە يېقىن بىر يەردە پاقىدەك يېتىپتىمەن، ئاغىنەم يېنىمدا سىپىق

پۇتىنى يۇزۇمگە توغرىلاپ ئېگىرىغىلى تۇرۇپتۇ.ئورنىمىزدىن قوپۇپ بولغان ئىشلارنى ئەسلىتۇق.يۇزۇمنىڭ بىرقانچە يىرى سۇرۇلۇپ كەتكەننى ھەسەپ ئەتمىسەك ساقكەنمەن.مىنى تارتقان نەرسىنىڭ نىملىكىنى بىلمىدىم.لىكىن ئاغىنەم بىر ھايۋاندەك نەرسىكەن ،ئالدى پاقالچىكىدە ئىككىمىزنى سۆرەپ ئەپكەتتى دىدى....

-ئۇ يەرگە سىلە نىمىگە تايىنىپ تىپىپ بارالىلا؟

-بوۋام ھايات چىغىدا خاتىرىسىگە مۇشۇنداق رەسىم سىزاتتى.مەن ئۇنىڭدىن «بۇ نە؟» دەپ سورىسام،ئۇ بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ«جىق بايلىق بار يەر بالام» دەيتتى.ئېسىمدە قالغان غۇۋا شەكىلنى سىزىپ نەچچە قېتىم ئىزدەپ ئەشۇ يەرنى تاپقان.

-بوۋىلىرى ئۇ يەردە نىمە بارلىقى توغرىسىدا باشقا گەپ قىممىغانما؟

-ياق.«مەن چوڭ بولغاندا ئەشۇ بايلىقلارنى ئەكىلىمەن» دىسەم،بوۋام«سىڭگەن ناننى يەپ ياشا بالام،ئۇ سەن بارالايدىغان يەر ئەمەس» دەيتتى.

-كىيىن يەنە قايتا بالىمۇ؟

-توۋا دىسە خوجام!خوتەك جىنىدا پۇتى سىيىلىپ كەتكەن يەرگە قايتا دەسسىمەيتۇ.

-ھا-ھا !راس دەيلا.ئۇ يەرنى ھازىرمۇ تاپالاملا؟

-ھىم....تەس.ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتتى.تولا قۇم كۆچۈپ كۆمىلەپ كەتتى بۇچاققا.

-شۇنداقتىمۇ ئويلىنىپ باقالا.ئەسلىرىگە كەگەندە بىزگە ئۈھۈ دەپ قويالا!

-ئوبدان ،ئوبدان !

ئەيندىن خاتىرىنى تولۇق يىزىۋالغاندىن كىيىن ،مەتسىلىمگە رەھمەت ئىيتىپ ،بىلال بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى....

ئەغزەمجان كەتكەن-4 كۈنى.

تۇتاش مازار ئالدى.جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى ۋە قىدىرىپ تەكشۈرۈش مەركىزىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئەينىدىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىچىدىن سىرتقا بويۇملارنى توشۇپ چىقىۋاتاتتى،بىلال بولسا چاچلىرى ئاپئاق،ئەمما ساقاللىرى قاپقارا بىرەيلەن بىلەن ھە دەپ مۇنازىرە ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

-سىلىنىڭچە بۇ جىغانشاھ قەبرىسى شۇمىدۇ؟

-ئەمەس.

-ئۇنداقتا بۇ قايسى قەبرىدۇ؟«تۇتاش مازار» مۇ؟

-بۇ قەبرە ئەمەس.

-قەبرە بولمىسا نىمە؟

-تولا مىنى گەپكە سامىسا جىما ئادىشىم!

-ھا-ھا-ھا!ھەي بىگىم،ھەي بىگىم!بەك قىززىقچى جۇمۇ سىلە!مەن سەمىمىيلىك بىلەن سوراۋاتىمەن سىلىدىن.

-بۇ ئەسلى قەبرە ئەمەس،ئىبادەتخانا ياكى قوبۇلخانا!

-تارىختا رىۋايەت تۇسىنى ئالغان ھېلىقى قۇم كۆچۈشتە كۆمۈلۈپ يەر ئاستىغا كىرىپ قالغانمۇ؟

-توغرا.

-ئۇنداقتا سىلەر بۇيەرنى قانداق تاپالىدىڭلار؟

-بىر يولباشچى باشلاپ تەپ بەدى.

-ئوھو....كىمكىنە ئۇ؟

-دىسەممۇ سىلە تونىمايلا.ئۇ دىگەن يەرلىك دىخان.

-مۇنداق ئىشلار بار دەيلى.مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ھەرقايسىلىرىنىڭ زور تۆھپىلىرىنى خەلق،ۋەتەن ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا ،ئەينىدىن بىر گەۋدىلىك خەنزۇ يولداش بىلەن ئۇلار تەرەپكە قاراپ كەلدى.خەنزۇ يولداش بىگىمگە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن بىرھازا تىكىلىپ قاراپ تۇرىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇرىسىنى

چىلىڭ قاماللاپ ئۆزىگە تارتتى ۋە راۋان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنىڭغا پىچىرلىدى.
-بېگىم!سىزنىڭ يەنە قايتىپ كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمەن!بىز ھەم ئىدارە سىزگە مۇھتاج!
-چىم مىنى قايتىپ كەلدى دەيدا؟
بىلالنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇ خەنزۇ يولداش ۋە ئاقباش كىشى تۇرۇپلا قالدى.پەقەت ئەينىدىنلا مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى.
-مەن ئەزەلدىن ئۆزەمنى ئايرىلىپ باقتىم دەپ ھېساپلىمايمەن.شۇڭا مەن ئۈچۈن قايتىپ كىلىش دەيدىغان گەپ مەۋجۇت ئەمەس!
ئۇلارنىڭ قېتىپ قالغان چىرايى ھاياجان ئىلكىدە ئەسلىگە كەلدى ۋە ئىچ-ئىچىدىن كۈلۈپ كەتتى .ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا تۇتاش مازار ئىچىدىكى قەدىمىي بويۇملار ئالاھىدە ئۆلچەم بىلەن قاچىلىنىپ،ماشىنىلارغا بىسىلدى.
ئەغزەمجان كەتكەن-11 كۈنى.
مەتسىلىمنىڭ ئۆيى.ئەينىدىن،بېگىم،ئاقباش ئادەم،خەنزۇ يولداش پاراڭلىشىۋاتاتتى.مەتسىلىم ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇشنى بىئەپ ھىس قىلىپ سىرتتقا چىقىپ كەتتى.
-غوجام.سىلە قانداق بولۇپ توساتتىن بۇيەرگە كىلىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟قانداق بولۇپ شۇنچە زور يېڭىلىقلارنى بايقىدىڭلار؟
-بۇنى بىر ياش ئىنىمىزنىڭ تاساددىبىي ئۇچراپ قىلىشى بىلەن باشلاندى دىسەك بولىدا.
-ئۇ...ئىسمى نىمكەن ئۇ بالىنىڭ؟
-ئەغزەمجان،تولۇق ئىسمى ئەغزامجان تۆرەم!
-ئەگىزەمجان....(ئۇ«غ» تاۋۇشىنى ياخشى تەلەپپۇز قىلالمىدى).تىخى تۆرەم دەيلى.ئۇنداقتا ساپلا چوڭلىرىم يىغىلىپ قاپتۇدە،غوجام،بېگىم،تۆرەم دەپ!
-ھا..ھا....

-خىخ....

-خا-خا-خا!

ئۇلار بىرلىكتە ئاۋازىنى قويۇپ بىرىپ كۈلۈپ كەتتى.قىسقا كۈلكىدىن كىيىن ئەينىدىن سۆزىنى داۋام قىلدى.

-جاۋ شۇجى!سىزگە دىسەم بۇ بالا پالاكەت بوغىنى بىلەن ئاجايىپ ژۇرەكلىك ھەم قىززىقچى دىسە!بەكرەك چىنىقتۇرساق،بىزنىڭ كەسپىنىڭ ئەخلى بولاپ قىلىش ۋا!

-ئۇ بالا قېنى ھازىر؟

-ئازراق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ،قەشقەگە كەتتى.مىنىڭچە پات ئارىدا يانا قايتىپ كىلىدا.

-ھە....

جاۋ شۇجى كىچىك خاتىرىسىگە ئەغزەمجانغا ئالاقىدار ئىشلارنى يىزىۋالدى.بۇ چاغدا ئاقباش ئادەم سۆز قىلدى.

-ھېلىقى مەتسلىم دىگەن كىشىچۇ؟

-ئۇ كىشىنى ئاسان ئىندەككە كەلتۈرگىلى بومايدىكىن.ئۆزىغۇ تىرىك خەرىتە بومىسا.

-بىز سۆزلىشىپ باقامدۇق يە؟

-ياق.ھازىر سىلەر سۆزلەشسەڭلارمۇ بىكا!پەيتى كەلگەندە بىز ئۇنىڭغا تەربىي ئىشلەپ سىپىمىزگە قىتىۋالمىز!

-بىگىمنىڭ دىيىشىچە ئۇ كىشى تولىمۇ سىرلىق ھەم يامانىكەن.شۇنداقمۇ بىگىم؟!

-شۇندا.ئۇ ئادەمنىڭ ئىچىگە چىرىپ چىقىنى بومايدۇ.مەن جىنىمدا ھازىرغىچە ئۇنىڭ نىمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەممەيۋاتىمەن.

-نىمە؟!

جاۋ شۇجى بىگىمنىڭ سۆزىدىن ھەيران قالدى.

-سىز بىلەممىگەن بولىسىڭىز ئۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسكەن ئۇنداق

بولسا!
-شۇندا.بىگىمۇ بەزىدە ھەقىقەتەن گاڭگىراپ قالدى.لېكىن ئۇ كىشى ناچار ئادەم ئەمەس،بىگىسى بار، پۇچۇق چاپانغا چىرىۋاغان ئەۋلىيا تېپىغا چىرىدۇ.
-قالغىنىنى سىلەردەك تۆھپىكار پىشقەدەملەر بولغاندىكىن بىز خاتىرجەم.ھېلىمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بەك جىق جاپا چېكىپ كەتتىڭلار،سىلەرنىڭ بۇنداق بەدەلسىز مېھنىتىڭلارنى ۋەتەن،خەلق ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ!
-نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز لاۋجاۋ!كەمىنە بىگىم ئۇندا نام قالدۇرۇشتىن بىزا بوغىنىمغا يامان ئۇزۇن بولاپ كەتتى.
-ئۇنداق دىسەك بولماس.سىلەرنىڭ...
-بولدى.بۇگەپنى قىلىپ بىزنى خىجىل قىلماڭ.
ئەيىنىدىن جاۋشۇجىنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى.جاۋ شۇجى گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدى.
-قالغىنىنى كىيىنچە دىيىشەيلى ئەمىسە.لېكىن ئېسىڭلاردا بولسۇن . ھەرۋاقىت بىز سىلەرگە ھەمدەمدە بولىمىز.ھەرقانداق ۋاقىتتا بىز پۈتۈن سەپ بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشىڭلارنى تولۇق ئاڭلايمىز.قانداق ياردەم ۋە كۈچ كىتەرلىك بولسا دەڭلار.
-بولىدۇ.جاۋ شۇجى!سىزگىمۇ رەخمەت!ئەھەت پىرافىسور،سىلىگىمۇ رەخمەت!
-شۇنداق بولسۇن ئەمىسە!
ئۇلار ئۆز ئارا قايتىدىن قۇچاقلىشىپ،خوشلىشىپ چىقىپ كىتىشتى....
ئەغزەمجان كەتكەن-16 كۈنى.
مەتسىلىمنىڭ ئۆيى.بىگىم بىلەن ئەيىندىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.
-بىگىم،سىلىچە ئەغزەمجان قايتىپ كىلەمۇ؟
-چوقۇم قايتىپ كىلىدۇ.

-ها-ها-ها....مەنمۇ شۇندا ئويلايمە.

-ئەغزەمجان سىلىنىڭچە قانداقراق بالا؟

ئەينىدىن بىگىمنىڭ سۆزىگە دەرھال جاۋاپ بەرمەي، بىردەم ئويلانغاندىن كىيىن جاۋاپ بەردى.

-مىنىڭچە ئۇ قىززىققان، ئىچى كۆشلۈك، يىگىلىققا ھىرىسمەن، خىيالپەرەس، پۇلپەرەس بولسىمۇ رىقابەت ئىگى كۆچلۈك بالا.كەمچىللىكى شۇكى تىنى ئاجىز ھەم جىق ئىشلارنى بەك چوڭقۇر چۈشۈنۈشنى خالاپ كەتمەيدا.

-توغرا دىلە.لىكىن بىزگە ئاشۇنداق كۆڭلىدە چۈتۈرى يوق ئادەم لازىم.خىيالپەرەسلىكى ئۈنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرغا بايلىقىنى بىلدۈرىدا،ئادەتتە بايلىققا قىزىقمىغان،زىيادە ئىغىر-بىسىق ئەدەم ھەرگىز نورمال ئەدەم ئەمەس.ئەغزەمجان تىپىك نورمال ئەدەملىنىڭ قاتارىغا چىرىدا.ئۈنىڭدىن باشقا سىلە دىگەن كەمچىلىكىنىڭ ئىچىدىكى بىرسى مىنىڭچە كەمچىللىك ئەمەس بەلكى ئارتۇقچىلىق.

-قانى دەيلا؟

-جىق ئىشلارنى ئارتۇق ئويلىنىپ كەتمەسلىك.بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھاياتلىققا ئىنتىلىش ئىقتىدارى ئالاھىدە كۆشلۈك بولىدا.تۇرمۇشنى بەك چۈشىنۈپ كەتكەن ئەدەم سىلە بىزدەك ھەممە نەسىدىن گۇمانلىنىدىغان،ھەممە ئىشتىن خۇدۇكسىرەيدىغان بولاپ قالىدا ئەمەسما.

-يەنىچا؟

-يەنە ئۇ كۆرۈنۈشتە پۇلپەرەستەك كۆرۈنگىلى بىلەن ئىچىكى دۇنياسى ساپ.تاشقى مىجەزى سەپرا بولغىنى بىلەن ئىچىكى مىجەزى دەرىجىدىن تاشقىرى يۇمۇرىستىك.كاجدەك تەسىر بەگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئاسانلا قايىل قىغىلى بولىدىغان بالا.

-قاندا دەيلا؟

-ئويلا باقسا.ئەگەر ھىلىقى ئىشنى باشقا ئەدەمگە شۇندا دەپ

چۈشۈندۈسەك ئىشنىپ بىزگە ماسلىشىپ بىرەمتى؟!شۇنچە ئىشلار بولۇپ كەتسىمۇ داۋىراڭ ساماي،يۇمۇرىستىك تۇيغۇسىنى يوقاتماي تۇرالامتى؟!
-دىگەنلىرى توغرا.
-تەن ساپاسىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئالدىرىماي چىنىقتۇرۇپ پىشۇرۇۋالامىز.
-ھا-ھا-ھا.....پىشۇرىمىز دەپ كاۋاپ قىلىۋەتمىزمۇ ئۇ بالىنى.
-قاغىنىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ بىرىدا.
-ھە....ئۇ ھازىر نىمىش قىلىۋاتقاندۇ؟
-مەتسىلىمنىڭ گىپىدىن قوقاپ كىتىپ ئۆزىنى ئۆزى ئالدىغىلى كەتتى.
-ھىلىمۇ خىلى ئۈزۈن بولدى.
-ھا-ھا....خاتىرجەم بوسا غوجام،ئۇنىڭ كىلىدىغان ۋاقتى بوپ قالدى.
-ئۇنى مۇشۇندالام يىتەكلەپ كىتەمدۇق؟
-ياق.مىنىڭچە بىز يەنە چوڭراق چاڭچىلە ئويناپ ئۇنىڭ پىسخىك جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى تۈگىتىيلى.
-قايدا ئويان قويىمىز؟
-ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا نۇرغۇن پۇرسەت باغۇ؟بۇندا ئويان قوياشتا سىلە ماڭا ئۇستاز بولالايلا جىما غوجام دەپ قوياي!
-ھا-ھا-ھا!شۇندا،سىلە پەقەت ئويان قويامايلا!
-ھا-ھا-ھا!
ئەغزەمجان كىلىشكە بىركۈن قالغان كۈنى.
يەنىلا مەتسىلىمنىڭ ئۆيى .بىگىم دالان ئۆيىدىكى پاكار ياغاچ تاماق ئۈستىلىگە قالايمىغان قويۇلغان رەسىملەرنى پۈتۈن زىھنى بىلەن كۆرۈۋاتىدۇ. ئەينىدىن بولسا يەنىلا رەسىمگە تارتىش،خاتىرە يىزىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل.مەتسىلىم بولسا بىگىم بايىلا بەرگەن بىر توقماق پۇلنى چىلىك قامالاپ ھىجىيىپ ئۇلارغا قاراپ تۇرىۋاتاتتى.
-يانا باشقا رەسىملەرمۇ بامۇيا؟
-قامىدىيا ئەمدى.مۇشۇ رەسىملىنىمۇ بەك تەستە سىزدىمەن.

-ھە....مۇشۇ رەسىمدىكى ھەممە يەنى بىلەملا؟
-ياق.بەزىلىرىنى خىيالىي سىزىپ قويغان.
-خىيالىي سىزىپ قويغان دېگەچ تۇرىلى ماقا.
بىگىم سوئالىنى توختىتىپ يەنە داۋاملىق رەسىم كۆزىتىشكە باشلىدى.مەتىسلىم خىجىل بولغاندەك «جىندەك ئىش باتى.چىقىپ كىرەي» دەپ قويۇپ سىرىتقا چىقىپ كەتتى.بىگىم رەسىملەرنى كۆزىتىپ بولغاندىن كېيىن تۆت پارچىسىنى بىرىيەرگە،قالغانلىرىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا باشقا يەرگە قويدى.ئاندىن ئەينىدىندىن سورىدى:
-قايلىسا مانىگغا،سىلە نىمىنى ھىس قىللا؟
ئەينىدىن ئاپىراتىنى قويۇپ ئاۋال بىرىيەرگە قويۇلغان تۆت پارچە رەسىمگە قارىدى،ئاندىن ئايرىم قويۇلغانلىرىنى كۆرۈپ چىقتى.
-بۇ تۆت پاچە رەسىم بىژلا جايىنىڭ رەسىمى.مەتىسلىم بۇ جاينى ئىنتايىن موھىم بىلگەن ھەم پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەڭ توغرا ھالەتتە سىزىپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشقان،خاتالاشمىسام ئۇنىگدا بەشىنجى قىتىم سىزغىنىمۇ با.لىكىن بىزگە بىرىشنى خالىمىغان.
-بارىكاللا غوجام!سىلىگە مەن ئەزەلدىن قايىلتىم،بۇگۈن تىخىمۇ قايىل بولدۇم.مەن سىلە ئۇيلىغانىنىڭ يېرىمىنى پەرەز قىپتىمەن.لىكىن ئۇنىگدا يەنە بەشىنجى پاچە رەسىم بالىقىنى ئويلىماپتىمەن.
-بەك ئاشۇرۇۋەتلە،مەنمۇ پەقەت پەرەز قىلىۋاتىمەن.قايىلىسا مانا.كۆرۈۋۇتۇشتە ھەممە رەسىم ئوخشاش،لىكىن بىرىنجى پاچە رەسىمدە قۇملۇق،قەبرە ۋە بىر سايە گۇگگا سىزىلغان.شىككىنجى پاچىدا ئەدەمنىڭ سايىسى تىخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەنگەن.ئۈچىنجى رەسىمدە قۇملۇقتىكى يول غۇۋا شەكىللەنگەن.ئاخىرقىسىدا ئەدەم ۋە يول ئاساسەن تولۇق سىزىلغان.بۇ بىر بوۋاي،گەرچە تولىمۇ قاۋۇل بولىسمۇ،كىيگەن كىيىمىدىن ۋە ساقاللىرىدىن بوۋايىلىقى شۇندا ئىنىق بىلىنىپ تۇرۇپتا.ماۋۇ يوللار شۇنچە ئېنىق،ھەتتا توغراق ۋە نامەلۇم گىياھلارمۇ

سزىلىپتۇ.پەقەت قەبرە يەنىلا شۈنداق غۇۋا....

-توغرا دىلە.بۇ چىمدۇ؟

-مىنىڭچە مەتسىلىمىنىڭ بوۋىسى بولىشى مۇمكىن.

-ماۋۇ رەسىم قەبرە بىلەن ئالاقىدارمىدۇ؟

ئەيىندىن بىگىم چەنىلەپ كۆرسەتكەن ئايرىم ئىلىپ قويۇلغان يەنە بىرپارچە رەسىمگە قارىدى.رەسىمدە بۇك-باراقسان ئورمانلىقتا ھەرخىل قىياپەتتە ئولتۇرغان،ياتقان،ئۈمىلەۋاتقان ئادەملەرنىڭ تەسۋىرى بار ئىدى.لىكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۈلۈۋاتقان،بەزىلىرى يىغلاۋاتقان،بەزىلىرى ھىسسياتسىز ھالدا قېتىپ قالغان ئىدى.

-ئۇنى بىرئەنە دىمەك تەس.لىكىن بۇ كىشىلەرنىڭ كىيىنىشى ۋە تۇرقىدىن ھەممىسىنىڭ يىقىنقى زامان ئەدەملىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدا.

-ئۇ نىمىشقا بۇندا رەسىمنى سىزىدىغاندۇ؟

-تاگەي.ئىشقىلىپ بۇ ئەدەمنى چىڭ تۇتۇپ قولدىن بىرىپ قويمىساقلام،بۇ رەسىمنىڭ سىرىمۇ ھامان يېشىلىدا.

-ھە....ماۋۇغۇ ھىلىقى جىلانشاھ مازىرى،مانى قاندا قايلىسامۇ ئۆيدەكلام كۆرىنىۋاتىدا،پەقەتلام قۇملۇق ياكى قەبرىگە يىقىن كەممىدى.

ئەيىندىن بىگىمنىڭ سۆزى بويىچە ئەڭ ئاخىرقى بىرپارچە رەسىمنى قولىغا ئالدى.ئۇ رەسىمدە قۇملۇق ئوتتۇرىسىدا بىر ياغاچ ئۆي ۋە تولىمۇ غۇۋا سزىلغان بىرقانچە ئادەمنىڭ ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ھالىتى تەسۋىرلەنگەن ئىدى.

-شۇنداكىن.بۇ ئېنىق ئۆي.بەلكىم بۇ بىر مەلە بولىشىمۇ مۇمكىن.

ئۇلار يەنە شۇنداق ئۇزۇن مۇلاھىزە قىلىشقاندىن كىيىن رەسىملەرنى رەتلەپ سومكىغا سىلىپ جايلاشتۇرغاندىن كىيىن سىرىتقا چىقىپ كەتتى....

## 8-باپ تاشنىڭ رىۋايىتى

يىتىپ ئۆلگىچە ،ئىتىپ ئۆل.

تار يەدە گۆش يىگۈچە ،كەڭ يەدە مۈش يە.

مازادىن نەرسە ئالماڭ ،ئالسىڭىز تىرىك قالماڭ.....

ئۆزۈمگە تۇرلۇك تەمسىللەرنى نەقىل قىلىپ،خوتەنگە يولغا چىقتىم.يىقىندا بولغان ئىشلارنى دىمەيلا قوياي.بۇ ساراڭ جىنلار يا جىننى ئالمىدى،يا ئارامىمدا قويمىدى.ئۆيدىكىلەرنى ئەلى 99- قىتىم ئۇرغان تىلفۇنۇمنى ئاخىرى ئالغاندىن كىيىن،تىل بىرىكتۈرۈپ ئالداپ ماڭدىم.مىڭىش ئالدىدىكى دىئالوگدىن ئارىيە:

باش پىرسۇناژلار:دادام.ئاپام ۋە مەن

ئارقا كۆرىنىش:دادام ساپادا كىرىلىپ ئولتۇرغان.ئاپام ئۇنىڭ يىنىدا ،مەن ئۇدۇلدىكى ئورۇندا.ئارىمىزدا بىر ئەينەك ساجى بار.

-ئۆتكەندە خوتەندە خىزمەت چىقىپ قاغان،يانا بىرىپ كىلەيمىكى.

-ۋۇجۇ!خوتەندە؟!قايدا خىزمەتكىن؟!

-قەدىمي يادىكارلىقلارنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسى!

-نىمىش قىلىش ئىدارىسى؟!سەن ئەشەدە ئىشلىيەلەمسەن؟

-ئاهاي،دادا!ئىشلىيەممىسەم يىنىپ كىلەمە!

-مىشەدە باكا ژۇرۇپ جىنىڭنى باقامايسەيۇ،خوتەندە بىژمە ئىدارىسدا قايدا ئىشلەسە سەن!

سۈكۈت....

-ۋاي دادىسى،بى ئوقۇغان زىيالىدەك،دۆلەت كادىرىدەك گەپ قىلسا!نىمدا بالىنىڭ غورورىغا تىگىلا!

-هىي!سەن ئۇ كەسپتە ئوقۇمىساڭ يا !قىدىرىپ تەكشۈرۈش دىگەن ماندا تىخنىكا كىتىدىغان،جاپاغا چىدايدىغان ئەكەكلە قىلىدىغان ئىش ئۇۋۋۇ!(دادام ئاپامنىڭ گىپىگە پىسەنت قىلماي يەنە ماڭا تەنبىھ بەردى)

-ئۆيدە ئوتتاسام تىخى خاپولىساڭ،ئىشلەي دىسەم تىخى بىژنىمە

دىسەڭ.چىك..........
-راس ئىشلەيسە؟!
-ئىشلەمە.
-ماندا ئىشلەمە دىمەي، ئەكسىچە ئىشلەيمەن، دىمەمسە!
(مۇشۇ چاغدا كىلىشىپ قويغىنىمىز بويىچە، ئەلىدىن تىلىفۇن كەلدى)
-سالامىلىيكوم!
-هە، مەنمۇ شۇ باراي دەپ تۇغان، دادام ئۇنىماۋاتىدا!
-ئەكىلە ئاداش تىلپۇننى!(دادام يانفۇننى مەندىن ئىلىپ، ئەلى بىلەن بىرهازا پاراڭلاشتى)
-بولاپتا.بىرىپ كەل.مەن سىنى كەمسۇندۇمىدىم بالام، سەن راس ئۇ خىزمەتنىڭ خىلى ئەمەس، ئەمما ئە كىشى دىگەن گەنجىلىك بولىمىز، مىشەدىكىدەك ئۆمىلەپ ژۇسەڭ بومماىدا جۇما!
-بامىيە بالام!يىنىمىزدا تۇساڭ مەن رازى، خەقنىڭ يۇتىدا قىژلىنىپ!
(ئەمدى ئاپام يىنىۋالدى)
-ئاها.....سىلىمۇ بى تۇژۇك گەپ قىلىڭلا!نىمە ئۇ خەقنىڭ ژۇتى دىگەن!ئۇيغۇر با يەنىڭ هەممىسى ئۆزىمىزنىڭ ژۇتى جىما!ئۆلگىچە ئەغزەمجاننى پوكانغا بىسىپ باققىنى بومماىدا، بىز بى ئاسمانغا تۇۋرۇك بومماىمىز، ئۆلەپ كىتىمىز!مەيىلى ژۇت كۆسۇن، ئىشلىسۇن، چىنىقسۇن!
شۇنداق قىلىپ يولغا چىقىۋالدىم.
خوتەن.مەتسىلىمنىڭ ئۆيى.
ئۆيدە مەتسىلىم خورەك تارتىپ ئۇخلىغىلى تۇرۇپتۇ.مەن قويۇپ قويغان تاش ۋە خەت يوق.تووۋا !تاشنى ئىككىسىدىن بىرسى ئالغان بولسا جىنلار يەنە نىمىشقا مىنى ئازاپلايدۇ؟ !مەتسىلىمدىن سوراي دەپ ئويلىغان بولسامۇ،ئۇنىڭ كالىدەك تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئۇيقۇسىنى بۇزغۇم كەلمىدى.كۆز پەسلى بولسىمۇ هاۋا ئوتتەك ئىسسىق.مەتسىلىم ئويغانغۇچە هىلىقى يوغان تۇگدا يۇيۇنىماقچى بولدۇم.

ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپلا كەيپىم ئۇچتى.چۈنكى ھېلىقى رەھمەتلىك پايپىغىم تاش بىلەن بىللە تۆگىنىڭ يېنىدا تۇراتتى.«ئاناگىنى!ئىماندىق جىنلار مەن بىلەنلا قالىدىكەن دەپتىمەن!ئەيىندىن تاز بىلەن ماڭغا بىگىم ئۇنى تاشىۋېتىپتىكەن ئەمەسمۇ!» ئىچىمدە ئۇلارنى قانغۇچە تىللىۋېلىپ،قولۇمدا تۇتۇشتىن ئەيمىنىپ،پۇتۇم بىلەن ئۇ تاشنى يىراققا سۈرۈپ قويۇپ،تۆگىغا چۈشتۈم.

نامازشامغا يېقىن ئۇلار قايتىپ كەلدى.

-ئوھوي!تۆرەم قايتىپ كېلىپلا،بۇنى قايدىن سورامىز؟

-خا ھا!پۇللىرىنى ئۇنتۇپ قاپلا،سىلىنى ساقلاپ تۇرامىز!

ئىككى قېرى سالامنىڭ ئورنىغا قاملاشمىغان قوشاقلىرىنى باشلىۋەتتى.مەن زورىغا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ،ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم.ئاندىن ئۆزۈمگە سۇرلۇك تۇس بېرىپ تۇرۇپ ئۇلارغا سۆزلىدىم.

-ئاڭلاپ تۇرۇڭلا!

بىرىنچىدىن مەن ژىپ ئۇچى ھەققىنى ئاغىلى كەلدىم.قوشاقلىرىڭلاردىن ئۆرگىلەي !ئىككىنچىدىن مەن يازغان خەتتىكى گەپلەنىڭ ھەممىسى راستى،ھەقاسىڭلىغا ئىچىم ئاغرىپ كەلدىم . ئۈچىنچىدىن ھېلىقى تاشنى جايىغا ئاپىرىپ قوياي دەپ كەلدىم.

-قاسى تاشنى؟

-مەن يازغان خەتنىڭ تۆپىگە پايپاقتا يۆگەپ قويغان تاش شۇتى.لېكىن بايام ئۆينىڭ ئاقىدا تۇرىدا!

-قەنە؟

مەن قورقۇپ تۇرۇپ ئۇ تاشنى ئېلىپ كەلدىم.كۆڭلۈمدە«بىرسى بۇتاشنى قولىغا ئالسىلا مەن قۇتۇلىمەن» دىگەننى ئويلىدىم.ئەيىندىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ،بۇرنىنى بىر قولىدا تۇسۇپ تۇرۇپ پايپاقنى قولىغا ئالدى.

-بىژقىتىممۇ كەيمىگەن قىزلىقى با پايپاقتى،خاپۇممىسىلىرى!

مەن ئۇنىڭ بۇ يىرگەنگەن قىياپىتىدىن بەكمۇ غەزەپلەندىم.بىلال قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.ئەيىندىن ئاۋال پايپاققا ،ئاندىن ماڭا بىر قاراپ قويدى.

-ھە ،ماندا دىسە ،مەن تىخى سىلىنىڭ پوسمىلىرى ئوخشايدۇ دەپتىمە!

مەن دەماللىققا نىمە دىيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.چۈنكى مىنىڭ ئەس-يادىم ئۇنىڭ تاشنى قولىغا ئىلىشىدا قالغان ئىدى.پايپاق ئاخىرى ئىچىلدى .ئەيىندىن تاشنى قولىغا ئىلىپ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.ئاندىن نەپەسلىرى بارغانسىرى تىزلىشىپ ،چىرايى قىزىرىشقا باشلىدى.بىلالمۇ كۈلكىسىنى توختۇتۇپ ،ئۇ تاشقا قاراپ قىتىپ قالغان ئىدى.ئەيىندىن ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاۋاتاتتى.

-ئاھ خۇدا....

سىنى ئىزلەپ بارمىغان، كەربالامۇ قالمىغان،

نى شاھانە شىرمەرتنى،ئاھۇ-زاردا خارلىغان!

بىگىم ئۇتاشنى قولىغا ئىلىپ ماڭا ناتونۇش ئادەمگە قارىغاندەك بىشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر قارىۋەتكەندىن كىيىن تاشقا يىنىش-يىنىشلاپ قاراپ ،پۈراپ كەتتى.مەن ئۇنى تاشنى يالاپ سالامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم ،گەرچە يىڭى بولسىمۇ پايپاققا يۆگىگەن نەرسە ئەمەسمۇ!

-تۆرەم بۇنى نەدىن ئاللا؟!نەگە ئاپىرىپ قويماقچى؟!

-توۋا ،بۇ تاشنىڭ مىشەدە ئۇچراپ قاغىنىنى دىسە!تۆرەم،سىلە نىمىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىلىرىنى بىلەملا؟!

ئۇلارنىڭ قاتمۇقات سوئاللىرىدىن بىرىنجى بولۇپ شۇنى ھىس قىلدىمكى،بۇ تاش ھىلىقى تەڭگىدىنمۇ ياخشى نەرسە!چۈنكى ئەيىندىن تەڭگىنى كۆرگەندىمۇ بۇ دەرىجىدە ھاياجانلانمىغان!دىمەك مەن تاسلا قاپتىمەن بىر قىممەت باھالىق نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغىلى!

مەن يۇگۈرەپ بىرىپ دىگۈدەك ،بىلالنىڭ قولىدىن تاشنى يۇلۇپ ئالدىم.

-ھە ،نىمە بولاتتىمىز؟!بىگىم غوجامنىڭ يانا مىنى سوتلىغۇسى كەپقاغان

مەن مەغرۇر ھالەتتە،گېپىمنى ئايىغىنى سوزۇپ قويدۇم.«ئاھۆ!» مەتىسلىمنىڭ سەت يۆتۈلۈپ بەلگە بىرىشى بىلەن جىنلار ئىسمگە كىلىپ،تاشنى دەرھال بىلالنىڭ قولىغا يەنە تۇتقۇزۇپ قويدۇم.تاس قاپتىمەن مەتىسلىم ئىسمگە سالمىغان بولسا،پۇلنى دەپ يەنە جىنلارنىڭ قولىغا چۈشكىلى!

-سىلىنى سوتلىغىلى بولامدا تۆرەەەەەەم!ئەمدى بىز كۆمگەن تاش بوغاندىكىن سىلىدىن سوراپ باقتۇق.

بىلال تاشنى قولۇمغا قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولىۋىدى،مەن بىر يىرىم كۆيۈپ كىتىغاندەك كەينىمگە داجىپ كەتتىم.

-چاقچاق قىپ قويدۇق سىلىگە!سىلە زادى نىم بوللا؟ئەمەلى ئەۋالنى بىزگە دەپبەسە جۇما!

ئەيىندىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ،بىلالنىڭ قولىدىن تاشنى ئالدى.مەن ئۇلارغا بولغان ئىشلارنى ئاساسەن تەپسىلى ئىيتىپ بەردىم.(چاندۇرماي ئىلىۋالدىم دىمەي،سىرتتا چىققۇتىپ ئۇچراپ قالدى دەپ قويدۇم).

ئەيىندىن بىلالغا ئەستايىدىل ھالدا تىكىلدى.

-دىمەكچىلىك ئۇ رىۋايەت جىلىڭ!

-ئالدىراپ يەكۈن چىقامايىلى،تەكشۈرۈپ بىقىپ ئەندىن....

-ياق،سىلە مىنىمۇ، ئۆزلىرىنىمۇ ئالدىمىسا بىگىم،بۇ نەق ئاشۇ تاش.سىلە مەندىن بەكرەك بىلىلىغۇ دەيمە!

-لىكىن ماڭا بەك تاساددىبي بىلىنىپ كەتتى .

-تاساددىبي بىلىنمىسۇن،ئىگەم بۇ تاشنى تۆرەم ئارقىلىق بىزگە ئۇچراشتۇرۇپتا.

ئۇلار مىنىڭ كەچمىشىمگە تەبىر بەرمەي ئۆزىنىڭ گىپىگە چۈشۈپ كەتتى.

-بەگ-غوجىلىرۇم!بۇ تاش جىنلانىڭ پاتىشايىنىڭ تىشمىتىيا؟!

-قايدا دەيلا؟

-مەن بايامنىڭ ياغى بوغان ئىشلىنى سۆزلەپ بەدىم،لىكىن ھەقاسىلىرىدىن ھىچ بى ماڭا پايدىلىق گەپ ئاڭلىمايمەنيا؟

-ھە....ياق،بۇ ئۇنداق تاش ئەمەس،ئەمدى سىلىنىڭ ئىشلىرىغا كەسەك....

ئەينىدىنىڭ قەستەن گىپىنى توختىتىۋالغانلىقىدىن بەك ئاچچىقىم كەلدى.

-بى ئەكىشىدەك پۈتۈن،پۈتۈن گەپ قىلسا ئەينىدىن تاغا!

-سىلە سوغاقچانما؟

-ئاھاي....مەن نىمە دەتىمە،سىلە نىمە دەتىلا دەيمە!سوغاقچان-پوغاقچانىنى قوياپ،مىنى قوتۇلدۇرۇشىنىڭ چارىسىنى دەپ بەسە!

-ئاۋال جاۋاپ بەسە!

-شۇندا!بەك سوغاقچان،قاندا دەيلا؟!

-ھىم....مۇشۇ تاش سىلىگە زىيان قىپتا.

-مەنبى بۇ تاشنى يىمىگەن،قايدا زىيان قىغاندۇ؟

-بۇ تاش ئادەتتىكى تاش ئەمەس،ئەگەر ئۇزاق مۇددەت كۆمۈلەپ قامىغان بوسا سىلىنى تىخىمۇ بەك ئاۋارە قىلىتى!

-ھە؟!ئىنىق گەپ قىلسا،مىنى تولا قوقاتماي!ھىلىمۇ قوقاقتىن تۈنۈگۈن ساقايدىم مەن!

-ئۆيگە چىرىپ پاراڭلىشلى!

ئەينىدىن بىزنى ئۆيگە باشلاپ كىرىدى.

ئەينىدىن تاشنى ئەينەك قۇتىدەك بىرنەرسىگە ئاۋايلاپ سىلىپ،قاتمۇقات رەختلەر بىلەن ئوراپ،سومكىسىغا سالدى.ئاندىن تاشنىڭ رىۋايىتىنى باشلىدى:

چىيەنلۇڭ خان زامانى .ئەينى چاغدىكى خوتەن دىيارى.

بىر جىسەكچى ئەينى چاغدىكى كىچىك بەگلەردىن بولغان ئەلسۆي بەگكە «يۇرۇڭقاش دەرياسىدا كۈندە كەچتە بىرنەرسە ۋاللىدايدۇ» دەپ مەلۇم قىلىدۇ.ئەلسۆي بەگ دەسلەپتە ئېرەن قىلمايدۇ.

كېيىن كېچىلىك چارلىغۇچى لەشكەرلەر،كەچتە سۇ ئالغىلى چىققان خەلق قايتا-قايتا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن،ئەلسۆي بەگ مەخسۇس كۈچ ئاجرىتىپ،يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ تىگىدىن ئۇ نەرسىنى سۈزۈپ ئاچىققۇزىدۇ.

سۇنىڭ تەكتىدىن يېرىمى قارا،يېرىمى ئاق،بىر قاراشتا بىر-بىرىگە خىرىس قىلىپ تۇرغان مەخلۇققا ئوخشايدىغان قوشمۇشتەك بىر قاشتېشى چىقىدۇ .بۇتاشنى ئۆلىمالار كۆرۈپ،بەگكە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

-بۇ ئاجايىپ خىسلەتلىك تاشكى،قارىسىنى ئاسقان ياكى تاقىغان ئادەمنى سوغۇق يەلدىن بولغان كىسەل باسالماس،قەھرىتاندىمۇ توڭماس!

-ئېقىنى ئاسقان ياكى تاقىغان ئادەمنى ئىسسىق يەلدىن بولغان كىسەل باسالماس،تومۇزدىمۇ تەرلىمەس !

-ئاپىرىن،ئاپىرىن!بىگىمگە ھەق ئۆزى ئاتا قىلىپتۇ،ئۇشبۇ تاشتىن نەقىش ياساپ ئۆزلىرىگە ۋە جانابى تولون ئاغىچىگە(ئەلسۆينىڭ توقىلى) بىزەك قىلماقنى ئىستەيمىز!

-قانداق بىزەك ياسىساق بولۇر؟

-بۆرە !ئەركەك-چىشى بۆرە!

ئۆلىمالارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بەگ ئەڭ ياخشى قاشتاش ئويمىچىسىغا بۇ تاشتىن بۆرە ياساتتىدۇ.دىگەندەك بۇ تاشنىڭ ئىسسىق ۋە سوغۇقنى ھەيدەشتە ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ چىقىدۇ.بىر ئۆلىما ئۇنىڭغا«قۇت بۆرە تېشى» دەپ نام قويىدۇ.ئۇنىڭ نامى ئەلگە تارىلىدۇ.بەگ بۇ تاشنى ئۇزاق ئويلىنىش ئارقىلىق چىيەنلۇڭ خانغا ھەدىيە قىلماقچى بولىدۇ.

لىكىن،ئەلسۆي بەگنىڭ قوشكىزەك ئاكىسى ئەلكۆي بەگ «ئەگەر ئىنىم

قۇت بۆرە تېشىنى چىيەنلۇك خانغا ھەدىيە قىلسا ،ئىنىق ئۇنىڭ ئەمەلى ئۆسۈپ كېتىدۇ،ياق ....ئىستىدات،ئىلىم جەھەتتە مەنىدىن بەسى يىراق ئىنىم ئاشۇ غايىپتىن كەلگەن تاشنىڭ ھۆرمىتى بىلەن بىراقلا مەنىدىن ئېشىپ كەتسە ھەرگىز بولمايدۇ!» دەپ ئويلاپ تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئاكا-ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرمەيدان يوشۇرۇن جەڭ مەيدانغا كېلىدۇ.زادىلا ئامال قىلالمىغان ئاكىسى،نىيىتىنى بۇزۇپ ئىنىسىنىڭ قەسىرىگە ئوت قويۇپ،ئۇ تاشقا ئىرىشمەكچى بولىدۇ.قەسىردىن پەقەت تولۇن ئاغىچىلا ھايات قېچىپ چىقىپ،تاشلارنى ئېلىپ،تەكلىماكاننىڭ ئىچىدە غايىپ بولىدۇ،شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇت بۆرە تىشى قايتا كۆرۈنمەيدۇ....

خەلق ئارىسىدا تار دائىرىدە تارقالغان بۇ غەزەل ئۇ ئىشلارنىڭ دەلىلى:

تولۇن ئاغىچە قۇم ئارا،پىغان-دەرتتە ئاھ تاتۇر،
يۈرىكىدىن قان تېمىپ،قوش تاشنى تۇتۇپ ياتۇر....

ئەيىندىنىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا بىگىم سۆزلەپ كەتتى.

-بۇ رىۋايەتنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى با،باشلىنىشى ئوخشايدا،لېكىن ئاخىرى ماندا:

ئوتنى ئەلكۆي ئەمەس بەلكى ئەلسۆيىنىڭ چوڭ ئايالى(تۇغماس)گۈلەم ئايىم ياققانلىقى،چۈنكى ئەلسۆي ئۆزىگە تۆت ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەن،ئاجايىپ لاتاپەتلىك تىوقىلى تولۇن ئاغىچىگە ئالاھىدە ئامراق بولغاچقا،كۈندەشلىك ئوتىدا پۇچلانغان گۈلەم ئايىم ئۆزىنى قوشۇپ ھەممەيلەننى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى،شۇ قېتىملىق ئوتتا چىرايى كۆيۈپ كەتكەن بولسىمۇ،تولۇن ئاغىچە ھايات قېچىپ چىقىپ،تاشلارنى ئېلىپ تەكلىماكانغا كىرىۋالغانلىقى قەيت قىلىنغان.

بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە مۇنداق غەزەللەر بار:

ئىسمى تولۇن،ھۆسنىمۇ ھەم تولون ئېدىلەر،

گۈلەم ئۇتى ئىچرە كۆيۈپ خازان بولدىلەر....

مەن بۇ رىۋايەتلەرگە بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي تۇرۇپ قالدىم.

- راسمۇيا؟!شۇنچە ئۇزۇن ژىل بۇرۇنقى تاشنى سىلە قاندا بىلىلا؟ دىمەك مىنى ئاشۇ ئەلسۆي-پەلسۆي،تولون-پولون دىگەنلىنىڭ جىنلىرى ئاۋارە قىغان ئوخشىمامدا؟

-بۇ پەقەت رىۋايەت،تارىختا ياكى خاتىرىلەردە قالدۇرۇلغان ئەمەس.لىكىن قاشتىشىنىڭ ئىچىدە شۇنداق ئىسىللىرى باكى،سىلە ئۇنىڭ رولىنى ئاڭلاپ ئىشەنمەي قالىلا!

-ئاھاي...قويسا ئۇندا قۇرۇق تاشنىڭ گىپىنى!رىۋايەت دەيلى ئەسلى.ئۇندا قۇرۇق رىۋايەتنى...

-نىمە؟!قۇرۇق رىۋايەت؟قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىسا جىما!

ئەينىدىن بىردىنلا قاپىقىنى تۈرۈپ،يەنە گەپ باشلىدى.

-1923يىلى.

بىرىتانىيەلىك ۋىليام.جامىس بىلەن شىۋىتسىيەلىك ھىندو.لارسون قاتارلىق نامدا ئىكىسپىدىسىيە قىلىش ئەمەلىيەتتە دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمىي يادىكارلىقلىرىنى ئوغۇرلاشنى مەقسەت قىلغان ئىككەيلەن شىنجاڭغا كىرىپ،يۇقىرى باھا بىلەن ئاشۇ تاشنىڭ ئىز-دىرىكىنى بىلىدىغان بىر يولباشچىنى ياللىغان.كىيىن ئۇلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە تاشنىڭ ئورنىنى تاپقان.لىكىن نىمە سەۋەپتىندۇر تاشنى ئېلىپ،تاشلارنىڭ رەسىمنى سىزىۋىلىپ قايتىپ كەتكەن.

قايتىپ بىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي جامىس زابويغا ئايلىنىپ.ئىسپىرىتتىن زەھەرلىنىپ ئۆلگەن.لارسون روھىي كىسەل بولۇپ قالغان.

-1953يىلى .

يەنە بىر تۈركۈم چەتئەللىك ئەتكەسچىلەر تاشنىڭ رەسىمنى كۆتۈرۈپ شىنجاڭغا كىلىپ،يەرلىك ھايانكەشلەر بىلەن بىرلىشىپ،تاشنىڭ ئىز-دىرىكىنى قىلىپ تەكلىماكانغا كىرگەن.لىكىن ئۇلار تاشنىڭ ئورنىنى

تاپقاندا قاتتىق قۇم بوران چىقىپ، نۇرغۇن چىقىم تارتىپ ئاران قېچىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇقۇمۇشلۇق بىرسى ئۆزىنىڭ چەتئەلدىكى نوپوزلۇق بىر ژورنالغا يازغان ماقالىسىدە، ئۇ قېتىملىق قۇم بورانىنى «ئادەمنى قوغلايدىغان قۇم بوران، بىز قۇملۇقنىڭ چىگرىسىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ قۇم بوران ئارقىغا كەتتى» دەپ تەسۋىرلىگەن.

2196- يىلى.

خوتەنلىك يەرلىك بايلار كۆچ تەشكىللەپ، 70كىشلىك قوشۇن بىلەن تاشنى ئىزدەپ تەكلىماكانغا كىرگەن. لىكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن پەقەت بىر ياشلا نىرۋىسىدىن ئاداشقان ھالەتتە ھايات قايتىپ كەلگەن. باشقىلارنىڭ سوئالىغا پەلىپەتۈش جاۋاپ بىرىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ قالغان.

-1973يىلى.

خوتەنگە چىنقىشقا چۈشكەن زىيالىيلار يەرلىك خەلقتىن تاشنىڭ رىۋايىتىنى ئاڭلاپ. جەمئىي يەتتە ئادەم تەكلىماكانغا تاشنى ئىزدەپ كىرگەن. ئۇلارنىڭ تاپقان-تاپمىغانلىقى نامەلۇم، لىكىن ئۇلار ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كىلىپ ھەممىسى قاتتىق ئاغرىپ قالغان. باشقىلار تاش ۋە ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشى ھەققىدە سوئال سورىغاندا، ئۇلار بىردەك «بىز ھىچنىمىنى بىلمەيمىز، بىز ئېزىتقۇغا ئۇچرىدۇق» دەپلا جاۋاپ بەرگەن.

-1991يىلى.

قەشقەرلىك يەككە تىجارەتچى ئەنۋەر ھاجى بىلەن ئارخىلوگىيە كەسپىدە ئوقۇغان ئالىي زىيالىي بەي موۋ موۋ بىرلىكتە تاشنى ئىزدەپ تەكلىماكانغا كىرگەن. لىكىن ئۇلار ئۈچ كۈندىن كىيىنلا قايتىپ كەلگەن. بەي موۋ موۋ قاتتىق ئاغرىپ، داۋالىنىپ ساقايغاندىن كىيىن يۇرتىغا كەتكەن. ئەنۋەر ھاجىدىن باشقىلار مۇناسىۋەتلىك سوئال سورىغاندا ئۇ «بىز ھىچنىمىنى تاپالمىدۇق» دەپ جاۋاپ بەرگەن. لىكىن ئەنۋەر ئىزچىل قاراڭغۇدا زادىلا تالاغا چىقالمايدىغان بولۇپ قالغان.

-1999يىلى.

داڭلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەركىب تاپقان،ئۆزىگە«ئەسىر ھالقىش ئەترىتى» دەپ نام قويۇۋالغان ئارخىئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تاشنى ئىزدەپ تەكلىماكانغا كىرگەن.ئۇلار تاشنى بار دەپ ھۆكۈم قىلغان يەرگە بارغاندا قاتتىق بوران چىقىپ،ئۇلارمۇ چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

ئەينىدىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتىن ئېغىزىم چۈشۈپ قالغىلى تاسلا قالدى.بىردىنلا مېنى يەنە قورقۇنۇچ بېسىشقا باشلىدى.چۈنكى تاشنى ئىزدەپ بارغان،تاپقان-تاپالمىغانلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئاقىۋەتكە ئېرىشەلمەپتۇ.مەن تاشنى تېپىپلا قالماي تېخى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن،دېمەك مېنىمۇ چوقۇم....

ئەينىدىن چىراي ئىپادەمدىن مېنىڭ ھېسسىياتىمنى چۈشەنگەن بولغاي،كۈلۈپ تۇرۇپ ماڭا تەسەللىي بەردى.

-سىلە ئارتۇقچە قورقۇپ كەتمىسە تۈزەم.بۇ ئۇندا جىن تۇغىدىغان تاش ئەمەس،ئالاھىدە قاشتېشى خالاس.

كۆڭلۈم سەل ئورنىغا چۈشتى.

-ئۇندا بوسا بۇ تاش قايسىدۇ؟!مەن دېمەكچى، ھىلىقى سوغىقىمۇ يا ئىسسىقمۇ؟

-سوغىقى!سىلىنىڭ مىجەزلىرى سوغاق بوغاندىكىن،شۇ كۈنى بۇنى قويانغا سېلىپ ژۇرۇپ،بەدەنلىرىنى بەك سوغاق ئېلىپ كېتىپتا!

-دېمەك بۇ ئاشۇ قۇت بۆرە تىشى دەيلى؟

-مېنىڭچە شۇ.

ئەينىدىن تاشنى ئېلىپ چىراق يورۇقىغا تۇتتى.زەن سېلىپ قارىدىم،راستىنلا بۆرە ئىكەن !يايلىسى بولغاچقا ئەينى ۋاقىتتا ماڭا ئاتتەك كۆرۈنۈپ كېتىپتىكەن،ئەسلى بۇ يايلىق بۆرىكەن ئەمەسمۇ !يىرىم ئېچىلغان ئېغىزىدىن چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان،بىر كۆزىنى قىزىم

تۇسۇۋالغان، ناھايىتى گەۋدىلىك، بېشىنى يىرىم ئېگىپ تۇرغان بۇ بۆرە، ماڭا بەك سۈرلۈك ھەم ھەيۋەت تەسىر بەردى.

-مىنى سوغۇق ئېلىپ كەتكەچكىلا جىن خاپا قىغانمىدۇ؟

-ئۇنىسى مەن بىلمەيمە، لىكىن شۇنىڭ تەسىرى بولۇشى مۇمكىن.

-بۇ تاش قانچە پۇلغا يارايدا؟

-بۇ تاشنى پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بومايدا. قەدرىنى بىلگەن ئەدەمگە دۇنيادىن ئەۋزەل، بىلمىگەن ئەدەمگە كىسەكتىن پەرقى يوق!

ئىسىت! نىمە دەپ جىنىدىن قورقۇپ شۇنچە نوچى تاشنى ئۇلارغا بەرگەندىمەن! ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن «قايتۇرۇپ بىرىڭلار، مەن سىلەرگە ساتايدىيەلەيمەن! مەن نىمانچە قاپاقباش! بىشىمغا كەلگەننى كۆرۈپ، چىداپ تۇرسام بولماسمىتى.... ئۆزۈمنى توختىماي ئەيىپلەۋاتقان چاغدا، ئەيىندىنىڭ سۆزى خىياللىرىمنى بۆلدى.

-تۆرەم! سىلىنى تارىخى بىر ئىش قىلدى دىسەك بولىدا! بۇنىڭ تەتقىقات يەكۈنى چىقىپ دەلىللىنىپ قاسا چوقۇم ئىسمىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ قامۇسىغا چىرىدا!

ئىچىمدە «قانچە پۇل بىرىدا» دەپ سورىغۇم كەلسىمۇ، ئۇنداق دىيەلمىدىم. راس گەپ قىلسام ماڭا قامۇسقا كىرىشتىن، 5مىليون بەرگىنى ياخشىراق. چۈنكى قامۇستىكى رەسىمنى كۆتۈرۈپ بارسام خىزمەت بەرمەيدۇ، ئۆي بەرمەيدۇ، ھىلىقى قىزبالا «ۋۇجۇ! ھەجەپ يامانكەنلا، قامۇستىكى سىلە شۇما؟ ئەمىسە سىلىگە تىگەي!» دىمەيدۇ ئەمەسمۇ!

-مەلۇم جەھەتتىن بۇ تاشنى تېپىش سىلىنىڭ پېشانىلىرىغا يىزىلىپتىكىن. بوممىسا نۇرغۇن ئالىملا، ئېكسپىدىتسىيەچىلە تاپالمىغان تاشنى سىلە ئويناپ ژۈرۈپ تېپىۋالامتىلە! «تەلەي نەدە دىسە دوڭگا ماڭلايدا» دىگەن راسكىن!

«تۈفى! دوڭگا ماڭلاي دىگەن سەن، قىرى تاز!» ئىچىمدە ئۇنى قاتتىق

تىللىدىم.بىلال قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.ئاپلا ،ماۋۇ بىگىمنىڭ ھەممىنى بىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن!دېمەك ئۇ ئىزچىل مېنىڭ نېمە ئويلىغانلىقىمنى،ئۇلارنى تىللىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرغانمىدۇ؟ياق،ھەرقانچە بولسىمۇ،ئۇندا يامان ئەمەستۇ؟

-سىلىمۇ ئەجرىلىرىگە لايىق جاۋاپ ئالىلا،خاتىرجەم بوسا!

ئەيىندىنىڭ بۇ گېپىدىن كېيىن كۆڭلۈم يەنە كۆتۈرۈلۈپ قالدى.كۆڭلۈمدە«خا-خا!يەنىلا ئەيىندىن تاغام ياخشى!» دەپ ئويلاپ بولۇپ بىلالغا يەنە قاراپ باقتىم،ئۇ بۇرنىنى كولاپ بىرنەرسىنى خىيال قىلىۋاتقاندەك تۇراتتى.بەلكىم ئۇ «نىمانداق مەيدانى يوق،تۇتامى يوق ئاداشتۇ بۇ!» دەپ ئويلاۋاتقاندۇ.نىمە كارىم،ئىشقىلىپ ئەيىندىن بايام«لايىق جاۋاپ ئالىسەن» دىدى،بۇ دېمەكلىك«پۇل ئالىسەن» دىمەكلىك.ھەرنىمە بولسا مۇشۇ تاشنى دەپ تارتقان كۈلپەتلىرىم بىكارغا كەتمەيدىغان بولدى.

-يانا بىرسى قەيەدىدۇ؟!

بىلالنىڭ سۆزى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتتى،توغرا!بۇ تاش رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا بىرجۈپ بولىشى كىرەك !ئەگەر يەنە جىندىن قورقمىغان بولسام،ھازىرلا يۈگۈرەپ بىرىپ مازارغا باشچىلاپ چۈشكۈم بار ئىدى.

-ھىلىقى ئورچەك مازادا بادۇ!

-ياق،بىز خىلى يەرلەرگىچە تەكشۈرۈپ باقتۇق،با بوسا بىزگە ئۇچرايتى.

مەن يەنىلا ئۈمۈدسىزلەنمىدىم.چۈنكى بۇ تاشنىمۇ ئۇلار بۇرنىنىڭ ئاستىدا تۇرسا كۆرمىگەن،كىم بىلىدۇ مەن يەنە ئاسانلا تىپىۋالامدىمەن تىخى!

-قاچانلىققا يولغا چىقىمىز؟

-نەگە؟

-تاش ئىزىدىگىلىچۇ!

-ھە....ئەتە.سىلىمۇ بىللە بارامىلا؟

-بارامە ئەمدى،ئاتايىتىن كەپتىمە.

-باسىلىرىغۇ بەك ياخشى بولىتى.لىكىن زە.....

-لىكىن نىمە؟!

-ھىشنىمە....

-تولام ئىچىمنى سىقمىسا جىما ئەينىدىن تاغا،مەن سىلىنىڭ نىمە دىمەكچى بوغانلىقلىرىنى بىلىمەن!

-بىلگەن بوسىلىرى ياخشى.

ئەينىدىن ناھايىتى ياسالما بىر ھىجىيىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.كەيىنىم قىرىق گەز ئۆچۈپ،بىلال بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان مەتسىلىم بىلەنمۇ پاراڭلاشقۇم كەلمەي، مەن ياتاق ئۆيگە قاراپ ماڭدىم.....

## 9-باپ  ئەخمەقلىق ماگىلا خاس

ئالدىمدىكى قۇملۇققا،ئازگالغا قاراپ يەنىلا تىنىم شۇركىنىپ كەتتى.نىملا دىگەن بىلەن مىنى مۇشۇ يەرگە قەدەم باسقاندىن بىرى نەس بىسىپلا كەلدى.

ئازگالغا يەنە ئەڭ ئاخىرىدا چۈشتۈم.ئىچىمدىكى قورقۇنۇچنى زورىغا بىسىپ،قول چىراقنى يىقىپ ئەتراپنى كۆزەتتىم.ئەينى چاغدا بىگىم تەشكەن بىرىنجى ئىشىكنىڭ ئىچىدە ھىچنىمە قالمىغان ئىدى !ئەينىدىن بەلگە قويغان،نۇمۇر سالغان،رەسىمگە تارتقان ھىلقى نەرسىلەر قىنى؟!كۆگلۈمدىكى ۋەھىمە،غەزەپكە ئايلاندى.ئەينىدىن بىلەن بىگىم ھەممە نەرسىنى جايلاپ بولغاچقا شۇڭا مىنى ئەستىن چىقىرىپ،تىلفۇن قىلىپمۇ قويماپتىكەندە!

-ھىم!غەزەپ يامان بەگلىرىم،يامان غوجىلىرىم جۇما ھەقاسىلىرى!

ئىككىنجى قاتاردا كىتىۋاتقان ئەينىدىن گىپىمنى ئاگلاپ توختىدى.

-قايدا دەيلا؟

-ئايدا دەيمە!قەنى ئۆتكەندە مەن كۆگەن ھىلقى نەسلە؟

-بىرىشقا تىگىشلىك جايىغا كەتتى.

-بانكا كارتىسىغىمۇ يا ھىلقى سىلىنىڭ ئاسارە-ئەتىقە دۇنياسىغىمۇ؟!

-بوسىغۇ ھەممە ئىشنى سىلىگە مەلۇم قىلىپ تەستىقلىرىنى ئاساق بەك بەلەن بولىتى،ئەمما بەزى چاغدا جىددىي ئىشلىغا جىددى مۇئامىلە قىممىساق بومايدا ئەمەسما .كۆگەللىرىگە كەگەن ئوخشىمامدا؟!

بۇ قىرى تاز ماگا جاۋاپ بەرمىگەن بولسىمۇ بەك كۆگلۈمگە ئالمايتىم،لىكىن ئۇنىڭ بارلىق سۆزلىرى ماگا يىگىنە سانجىغاندەك بىلىندى.بۇ ئىنىقلا«سەن قانچىلىك نىمىتىڭ؟!ىنەگە ئاپارساق سەن بىلەن ئالاقىسى يوق!» دىگەن گەپقۇ!

-يا،پەقەت كۆگلۈمگە ئاممىدىم.بوسا ھىلقى تاشنىمۇ ئاشەگە ئاپىرىپ قويالا.ھەقاسىلىرى جايلىغان نەسىنى مەن قايدا باشقۇرالايمەن!

-جايلاش دىگەن سىلىدىن ئايلانسۇن تۆرەم!ئۇنىڭ ئۇستىگە بىژنەسنى جايلىيالايدىغان ئەدەم جايلايدا!

-ھى-ھى..

مەتسلىم مىنى ئۆزىنى شۇنچە تۇتىۋالاي دىسىمۇ، سەت ھىجايغان ئاۋازى تىشىغا چىقىپ كەتتى.بوغۇزۇمغا بىرنەرسە كەپلەشكەندەك بولۇپ قالدىم.نىمە دەپ ھىلىقى تاشنى بۇلارغا بەرگەن بولغىيتىم.ئۇ مىنى«سەن تەييا نەسىنىمۇ جايلىيالماي يىنىپ كەلدىڭغۇ؟!يەنە نىمە دەيتىڭ!» دەپ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويىدى.مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ ھەرقانداق نەرسە تىپىۋالسام ھەرگىز ئۇلارغا كۆرسەتمەي.ئۇدۇل ئاپىرىپ يوغانىراق ئاسارە-ئەتىقە ستىش ئورۇنلىرىغا ئاپىرىشنى قارار قىلدىم.يەنە بىر تاش ماڭا ئۇچراپ قالسا ئىدى،شۇ چاغدا پوچىلىق قىلىشقىنىڭنى كۆرەتتىم!

2- ئۆي،قۇرۇق.3-ئۆي، قۇرۇق ....كەيپىم بارغانسىرى ئۇچتى.«ھەي ئەيىندىن تاز،ھەي ماڭقا بىگىم!جىق نەرسىلەرنى جايلاپ بولاپسىلەر» ئىچىمدە سەپرالار ئۆرلەپ تۇرسىمۇ،ھەممە يەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن سەپ سىلىشنى ئۇنۇتمىدىم.ماڭغاچ ئۇچراپ قالغان بىرقانچە ئۇششاق تاش پارچىلىرىنى قولۇمغا ئىلىپ،تەجرىبىلىك قىدىرىپ تەكشۈرگۈچىدەك چىراقنىڭ يورۇقىدا تازا قارىدىم.مەلۇم نەرسىگە شەكلى ئوخشاپ قالغان تاش بولسىلا يانچۇقۇمغا سىلىپ ماڭدىم.

7- ئۆيگە كەلگەن چىغىمىزدا ئالدىمىزدىكى يول توسۇلۇپ قالدى.بىگىم ئۇدۇلىمىزدىكى قومساڭغۇ توپا تامنى پۇراپ بىقىپ،سىلاپ بىقىپ ئاندىن ئىگىكىنى تۇتۇپ توختاپ قالدى.ئۇ بىرنەرسىنى مۇلاھىزە قىلىۋاتقاندەك تۇراتتى.بىردەمدىن كىيىن ئەيىندىن بىلەن قولاق يىقىشىپ مەسلىھەتلەشكەندىن كىيىن بىشىنى چايقاپ مەتسلىمنىڭ يىنىغا كەلدى.

-ئۆزلىرىنى مالال قىپ قويدىغان بولدۇق!

مەتسلىم بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدى.بىگىم ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلىپ تۇراتتى.

-بۇيەرگە كىرسەك بوممايتۇ!

-نىمىشقا؟!

-ھىي-ھىي!بىزگە بىر ئىش بوپ قالامدىكى دەيتمە.

-سىلە چىرىش ئېغىزىنى تىپىپ بەسلىرىلا بولىدا.ئىچىگە چىمىسلىمۇ مەيلى.

بىلال سۆزىنى قىلىپ بولۇپ ماڭا قاراپ قويدى.«مەتسىلىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭ،يەنە كىرەلەمسەن؟» دىگىنى ئۇ.

مەن مىيىغىمدا كۈلۈپ قويۇپ مەتسىلىمگە قەستەن سالماق ھالەتتە تەربىيە بەردىم.

-بىگىم راس دەيدا.سىلە چىمىسلىرىمۇ بولاۋىرىدا.چىرىدىغان تۆشۈكنى تەپ بىرىپ،مىشەدە ساقلىغاچ تۇسا،بىز چىرىمىز!

مەتسىلىم ناھايىتى خاتا بىر ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئادەمدەك«ھىي...ھىي....» دەپ قويۇپ،كەڭلىكى ئۈچ مىتىر ئەتراپىدا كىلىدىغان تامنىڭ ئۇلۇڭ تەرەپ ئاستى سول بۇرجىكىدىكى بىريەرنى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ سىيلاشقا باشلىدى.بىردەمدىن كىيىن ئىككى قولى بىلەن بىرلا ئىتتىرىپ،ئازراق تۆشۈك ئاچتى.

مەن تام ئۆرۈلۈپ بىزنى قوم بىسىۋالامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ تۇرسام،ئۇ ئىككى قولى بىلەن بىرنەرسىنى تارتىپلا چىقاردى.تامنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بىر ئىشىك شەكىللىك بوشلۇق ئېچىلدى.سەپسىلىپ قارىسام،ئۇنىڭ تارتىپ چىقارغىنى چاپان شالغا ئوخشاپ قالىدىغان ياغاچ ئىكەن.

مەن تولىمۇ ھەيران قالدىم.مەتسىلىم بۇلارنى قانداق بىلىدۇ؟!بۇ ياغاچ شۇنداق سىپتا قىرىلغان،ئادەمنىڭ قىلمىشى ئىكەنلىكىنى قارىغىمۇ بىلەلەيدىغان تۇرسا!دىمەك مەتسىلىم مازار مۇشىكى دىگەن رىۋايەت بىكارغا تارقالمىغان!بۇ ئوغرى بوش ئادەم ئەمەس!ئۇ بۇ يەرگە خالىغانچە كىرىپ چىقالىغاندىن سىرت،يەنە كىيىن كىرىشكە ئىمكانىيەت قالدۇرغان!

ئەيىندىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ،مەتسىلىمنىڭ مۈرىسىگە يىنىك شاپاللاپ

قويۇپ،بىلال بىلەن ئالدى-كەينى بولۇپ يىگى بوشلۇققا كىرىپ كەتتى.مىنىڭ قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يەنىلا كۆچلۈك ۋەھىمە بولىسمۇ ئىناۋىتىمنى ئويلاپ،ئەينىدىن ھەركىتىنى ئۆز پىتى دوراپ،مەتسلىمنىڭ دولىسىغا شاپاللاپ قويۇپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىرىدىم.مەتسلىم بىشىنى چايقاپ ئۆز ئورنىدا توختاپ قالدى.

بۆرە تېشى،ئۈنچە-مەرۋايىت،تەڭگە....ھىچقايسىدىن ئەسەر يوق.يىگى مازار ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يىرىم مىتىردەك كىلىدىغان دۈمچەك توپىدىن باشقا ھىچنىمە يوق!

-بۇ يەدىكى نەسلىنى مەتسلىمكام قۇرۇغداپ بولاپتا!

ئەلەم بىلەن قەستەن سىرىتتىكى مەتسلىمنى ئاڭلىسۇن دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىدىم.

-ياق!بۇ يە يانا بىر چىرىش ئېغىزى بولىشى مۇمكىن!

بىگىم ھىلىقى دۈمچەك توپىنىڭ يىنىغا كىلىپ تۇرۇپ،پەس ئاۋازدا ماڭا جاۋاپ بەردى.ئەينىدىن بولسا يەنە خاتىرە يېزىش،سۈرەتكە ئىلىش....ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى.مەن ئۇ دۈمچەكنىڭ ئەتراپىنى بىرقانچىنى ئايلاندىم،تۇتۇپ باقتىم،تاشتەك قاتتىق.بۇ ھىچقانداق كىرىش ئېغىزىغا ئوخشىمايۋاتاتتى.

-مەتسلىماخۇن!

ئەينىدىن بىرقانچە قىتىم چاقىرغاندىن كىيىن مەتسلىم بوينىنى باغلىغاندەك كىرىپ كەلدى.ئاندىن دۈمچەك توپىنىڭ سەل سۈرۈلۈپ كەتكەندەك تەرپىگە كەلدى،ئاندىن ئۇ يەرگە قارىتىپ قاتتىق تېپىشقا باشلىدى.ئۇ ھەربىر قىتىم تەپكەندە ئۇ يەردىكى تاشتەك قىتىپ كەتكەن توپا ئاز-ئازدىن چۈشۈپ،ئادەمنىڭ قولى پاتقۇدەك ئارىلىق ئېچىلدى.مەتسلىم ئىككى قولى بىلەن ئىنجىقلاپ تۇرۇپ ئۇنى سول تەرەپكە تارتىشقا باشلىدى.ئۇ دۈمچەك توپا قىمىرلاپمۇ قويمىدى.

-مايانغا ئۆتەپ تۇسا!

بىگىم ئەدەپ بىلەن مەتىسلىمنى بىريانغا سۇرۇپ قويۇپ، پوقچىنىڭ بەلچىسىدەك يوغان قوللىرى بىلەن ئانچە كىچىمەيلا دۇمچەك تىپىنى تارتىشقا باشلىدى.ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ دۇمچەك توپا سول تەرەپكە سۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئاستىدىن قۇدۇقتەك بىر كامار كۆرۈندى.مەتىسلىم گەدىنىنى قاشلاپ«ۋۇجىنەم!كىچىك دىگەن بارىيەدە باركىنا ئەينا!» دەپ چالا ھىجىيىپ قويدى.

رىۋايەتلەردىكى كوھىقاپنىڭ ئىغىزىدەك قاپقاراڭغۇ كامار.ئىچىدىن غۇرۇلداپ قۇم-تۇپىلارنى توزىتىپ سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى.مەتىسلىمدىن باشقا ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئىچىگە قارىتىپ چىراق تۇتتۇق، يەنىلا ھىچنىمىنى كۆرگىلى بولمىدى.بىگىم كامارنىڭ ئىغىزىدىن چىقىۋاتقان شامالغا بىۇرنىنى تۇتۇپ بىردەم تۇرغاندىن كىيىن ئۈمۈدسىزلىك بىلەن بىشىنى چايقىدى.

-بۈيەگە ھازىرچە چىگىلى بومايدىكەن.

-ماشىنىدىن ئاغامچا ئەچىرىپ چىرەمدۇقيا؟

-مەن ئەچىرىپ بىرەي سىلە چىرەملا؟!

بىگىم سۇئالىمغا سۇئال قايتۇرۇپ ماڭا قارىدى.مەن يەنە گەپتە تۇتۇلۇپ قالدىم.نىمە دەپ شۇنداق ئەخمىقانە گەپ قىلغاندىمەن، قانداق قىلىشىم كىرەك؟خىياللىرىم قاناتلىنىپ تىز سۇرئەتتە ئۇچۇشقا باشلىدى.

1. باتۇر ئەزىمەت ئىكەنلىكىمنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن ئارغامچىغا ئىسىلىپ كامارغا كىرىمەن.لىكىن ئۇنىڭ تىگىدە مىنىڭ كىرىشىمنى نىملەر كۈتۈپ ياتقاندۇ!

2. ئىسىلىپ ئەھۋالغا قاراپ بىقىپ، چاتاق بولۇپ قالسا« مىنى تاتىڭلا!» دەپ ۋارقىرايمەن.ھىچ بولمىغاندا ئىچىگە چۈشەلىگەن نوچى بولىمەن!

3. «مەن نىمىشقا چىرىمەن؟ھەقاسىلىرى بەك يامان بوغاندىكىن بى چۈشۈپ بىقىشاملا!» دەپ ئۇلارنى قىستاپ ئەنتىمنى ئالىمەن.(لىكىن ئۇلار

بەلكىم مۇشۇ گېپىمنى كۈتۈپ تۇرغاندۇ)

قىسقا ئويلىنىپ ئاخىرى 2- پىلاننى تاللىدىم.ۋە مەغرۇر ھالدا ئاۋال ئەينىدىنگە ئاندىن بىگىمگە قاراپ كۈلۈپ قويدۇم.

-ماقا!ئەينىدىن غوجام خاپۇماي ئاغامچا ئەچىرىپ بىرەملا؟مەن چۈشىنىسەم بۇ كاماغا چۈشكىدەك ئە كىشى يوق ئوخشايدا!

ئەينىدىن گېپىمنى ئاڭلاپ چىرايى بىر ئۆزگىرىپ يەنە ئەسلىگە كەلدى.

-سىلىغۇ بەك يامان بالا ،ئۇنىڭدا سو يوق ،لىكىن بىژنەسە بولاپ قاسا زە تىگىدە.......

ئۇ قەستەن جىننى دارىتىملاپ مىنى قورقۇتماقچى بولىۋاتاتتى.

-خاتىرجەم بوسا ،ئايدا نەسىنى تولا كۆرەپ پىشىپ كەتتىم مەن ،خاپۇماي ئەچىرىپ بىرەملا يا ئۆزەم چىقايما؟

-مىنىڭ ھىلىقى ئاغىنەم3 يىل بۇرۇن مىشەگە كىرىپ كىتىپ ،ھازىرغىچە چىقمىدىيا!كىرسىلىرى بومايتۇ!

-بەك يوغووون ئىش بولاپتىكىن ،سىلىدىن سورىمىغان مەن!

ئاغزىمدا شۇنداق دەپ قويغان بولسامۇ مەتسىلىمنىڭ چىرقىراق ئاۋازى بىلەن تەڭ لەسسىدە يىلىم چىقىپ كەتتى.ئەينىدىن تاز ماڭا «ھە!چۈشە نوچى بولساڭ ئەمدى!» دىگەن مەنىدە تىكىلىپ تۇراتتى.يەنە مازلاشتىم.ھەممىمىز ئۈن-تۈنسىز ئارقىمىزغا ياندۇق.بىشىمنى تاكى مەتسىلىمنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىمۇ كۆتۈرەلمىدىم.

نىمىشقا دۇنيادىكى بارلىق يۈزى تۆكىلىدىغان،ئىناۋىتى مەنتەڭ بولىدىغان ،خەقنىڭ ئالدىدا مازلىشىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسىگە مەنلا ئۇچرايمەن؟!ئىگەم ماڭا نوچىلىق قىلغۇدەك بىر قىتىم پۇرسەت بەرسە بولامدۇ؟!ئاشۇ ماڭقا ساراڭ بىلەن قىرى تازنىڭ ئالدىدا ھەجەپ تولا مازلاشتىم ،ھەجەپ تولا مازلاشتىم....مۇشۇنداق ناچار كەيپىياتتا تاماقىمۇ چىقماي ياتاق ئۆيدە تورۇسقا قاراپ ياتتىم.

ئوڭ تەرىپىمگە ئۆرۈلسەم بىقىنىمغا بىرنەرسە پاتقاندەك بولدى.تۇتۇپ

باقسام،ھېلىقى مەن تېرىپ ماڭغان تاشلار ئېكەن،يانچۇقۇم پولتىيىپ كىتىپتۇ،دېمەك مەن بىلىپ-بىلمەي خېلى جىق تاش يىغىپتىمەن،خا-خا....!كۈلگەن ئاۋازىمنى ئۇلار ئاڭلاپ قالدىغاندەك،ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئېشىكتىن بېشىمنى چىقىرىپ سىرىتنى كۆزىتىپ باقتىم،جىمجىت.

دەرىزىنى تاقاپ،رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن پەردىنى ھىملاپ قويدۇم . ئاندىن يانچۇقۇمدىكى تاشلارنى ئاۋايلاپ ئۈستەلگە قويۇپ،بىر-بىرلەپ سەپسالدىم.رەڭگى ئادەتتىكى تاشلاردىن سەل ئاق،شەكلى بەزىسىنىڭ تاشقا،بەزىسىنىڭ نانغا،بەزىسىنىڭ تۇخۇمغا ئوخشايدۇ،كىچىك بىرسىنى زورلاپ بۆرىگە ئوخشىتىپ باقتىم،ئىشقىلىپ بۆرىگە ئوخشىمىسىمۇ،بىر ھايۋانغا ئوخشايدىغاندەك قىلاتتى.مەيلى نىملا بولمىسۇن بۇلارنى ئۇلارغا ھەرگىز كۆرسەتمەيمەن ھەم دېمەيمەن!ئۆزەمچە ناخشا توۋلاپ كەتتىم،بايامقى ناچار كەيپىياتىم تېزلا كۆپۈككە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى.

جىنلار كېلىپ بوغسىمۇ،
قۇم-بورانلار سوقسىمۇ،
ئاغزىم مايماق بولسىمۇ،
ئەمدى ساڭا دېمەيمەن!
لايلالايلاي لاي لاي لاي!

بۇ تاشلار بەلكىم ھېلىقى تاشتەك نوچى بولمىسىمۇ ھېچ بولمىغاندا تەڭگىدىن جىقراق پۇلغا يارار؟29!پارچە تاش!بىرسى100 مىڭ بولسا،ۋاھ....

1. تاشلارنى سېتىپ بولۇپ،بۇنداق ماڭقا بىگىم،تاز غوجامنى كۆزۈممۇ كۆرمەيدۇ،نە ياخشى بولسا شۇيەرگە بېرىپ ئوينايمەن!
2. 60-50ئادەم ياللاپ،زامانىۋى قۇراللار بىلەن ھېلىقى قەبرىلەرنى قېزىپ،چۇۋۇپ،ھەممە نەرسىنى ئىككىسىنىڭ كۆزىچىلا ئېلىپ كېتىمەن!

3. «قەرىز ئالماي ئۆي ئېلىشنىڭ سىرى» ،«بېيىش قېيىن ئىش ئەمەس» ،«ئەغزەمچە بېيىش دەستۇرى» .....دەپ كىتاپلارنى يازىمەن!

4. ئەپسانىۋى رىۋايەتتىن بىرنى توقۇپ،«ئەغزەم تۆرىنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرى» دەپ كىنودىن بىرنى ئىشلەيمەن!ھولليۋۇتتىن رىژىسسۇر تەكلىپ قىلىپ،ئۆزۈم باش رول ئېلىپ ئىنخى!

بۈگۈن كىچە مەن ئۇلار بىلەن تونۇشقاندىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى چۈشلەرنى كۆردۈم.ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ئاماقمۇ يىمەي،ئۇلارغا«ئۆيدىن جىددى تېلېفۇن كەلدى،غاچچىدە بىرىپ كىلەي!» دەپ قويۇپ،لاقا-لۇقلىرىمنىمۇ ئالماي،تاشنى يانچۇققا مەھكەم سىلىپ قەشقەرگە يولغا چىقتىم....

يەنە ئوخشاش يول.يەنە ئوخشاش ئاپتۇبۇس،يەنە ئوخشاش ئارقىدىراق ئورۇن.ئەمما بۇ قېتىم مىنىڭ كەيپىياتىم تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

ئالدىنقى قېتىم ۋەھىمىدە ماڭغان بولسام،بۇقېتىم ئايەم كەيپىياتىدىمەن!شوپۇر ئۇستامۇ مىنىڭ كەيپىياتىمنى بىلىپ قالغاندەك ئابدۇكىرەمكامىنىڭ ئىتوت دىيىنى قويۇپ قويغان ئىدى.گەرچە سانسىز قېتىم كۆرۈپ،گەپ-سۆزلىرى يادا بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ،ئىچ-ئىچىمدىن كۈلۈپ،يول ئازاۋىنى ھىس قىلمايلا،چۈشكە يىقىن قەشقەرگە كىلىۋالدىم.

ئۆيگە كىرگىنىمدە دادام-ئاپام مەلۇم ناخشا پىروگىراممىسىنى سۆكۈپ،تىللاپ ئولتۇرۇپ كىتىپتۇ.

-ۋۇجۇ!ئاشۇندا لاتا قاس-قاس گۇيىلىنىمۇ ھەپتىلىك چىمپىيون قىلدىيا ماگۇيلا!

-ئى بودەك قىز ۋالىمۇ خىلى يامان ئەمەس ئوقىغان ناخشىنى!

-ما گۈي بىرە باھالىغۇچىنىڭ تۇققىنى ئوخشايدا!ئاھاي....

-ما مەلىمۇ رەسمىي ساختىپەزكىن!نورمال ئەدەم ناخشىنى ياخشى ئوقۇپ شاللىنىپ كەتسە،«كۆڭلەم يىرىم بوممىدى،ھاشىمجانغا مۇۋاپىقىيەت تىلەيمەن....» دەمدا؟!

-شۇڭا دەيمە.ھازىرقى ياش باللا بەك ساختىپەز بولاپ كەتتى!ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغاندىكىن«بەك كۆڭلەم يىرىم بولدى!» ،«مەن پەقەت قايىل ئەمەس!» دەپ بىر ئىغىز جىلك گەپ قىپ قويىسا،ياكى ژىغلاپ قويسا بىزكىم ئەچىقىپ ئىتىۋتەمدا!

ئىككى مىھرىبانلىرىمنىك كايىشلىرىنى زوقلىنىپ ئاڭلىۋىتىپ ئۇلارنىڭ قىشىغا كەلدىم.

-چىژ تۇرۇشلا،داد ىخان،ئاپىخان!

-ۋىيى!بالام شىككۇن چىدىيامماي قىچىپ كەلدىڭما؟

-يوۋ !دايىم گىپىڭدە تۇمايتىلىك بالام،مۇشۇ دو «بولاممىسام يىنىپ كىلەمە» دەپ ئالدىن بەگەن ۋەدەڭدە تۇرۇپسە ھەنىم بوسا!

ئاپام،دادامنىك تەنىلىرىنى پىسەنتىمگە ئالماي،كۈلۈپ قويدۇم.

-بىژنەسـسەمنى ئۇنتـۇپ قاپتىكەنمە،ئاشـنى ئـاغىنى كەلدىم.كۆمىدىڭلىما!ژۈك تاقامنىمۇ ئەكەممىدىم!

-قوساق قاندا؟

-بىكەتنىك ئالدىدىن تاماق يىدىم.

-ھە بولاپتا.قاچانلىققا ماڭىسە؟

-ئۇزاققا قامايمە.مەن بى ژۈيۈنۈپ چىقاي،بەك توپا-تەرەت بولاپ كەتتىم.

مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ بولۇپ،ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان لىكىن دادام كۆرسىلا خۇيى تۇتۇپ قالىدىغان بىرقۇر كىيىممنى كىيىپ،ئەينەككە قاراپ،ئۆزۈمگە تىخىمۇ سىرلىق تۇش بىرىش ئۈچۈن ئاپتاپ توسۇش شەپكىسىدىن بىرىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ،بازارغا قاراپ يولغا چىقتىم.

قەشقەرنىك ئاۋات كوچىسى.ماينىڭ ئالدىدىكى تۇتاش ئىچىلغان قاشتىشى دۇككانلىرى.مەغرۇر قەدەم بىلەن-1 دۇككانغا كىردىم.پوكەيدە ياش خەنزۇ قىز ئولتۇراتتى.مىنى كۆرۈپ ئەدەپ بىلەن«كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز،قانداق قاشتىشى لازىم ئەپەندىم؟» دەپ ئورنىدىن

تۇردى،مەن بىرتال تاشنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ،«كۆرۈپ بىقىڭ» دېدىم.ئۇ تاشقا بىر قاراپ قويۇپ«كەچۈرۈڭ،بىز تاش ستۇۋالمايمىز،ئەگەر سېتىش نىيىتىڭىز بولسا،يىنىمىزدىكى -3دۇككاندىكى لاۋيۇگە كۆرسىتىپ بېقىڭ!» دېدى.مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە خام سىمىز،كۆزئەينەكلىك لاۋيۇنى ئاسانلا تاپتىم.

-بۇ تاشلارنى بىز ئالمايمىز.

-نېمىشقا؟

-بىز قاشتېشى ياكى زەر بويۇملار بولسا ئالىمىز،بىلەي ياكى باشقا قۇمقاتما تاشلارنى ئالمايمىز.

-بۇنى بىلەي تاش دېمەكچىمۇسىز؟!

ئۇ «شۇنداق» دېگەن مەنىدە بېشىنى يىنىك لىڭشىتىپ قويدى.«ھىم!سەن پوقنى بىلەتتىڭمۇ!» ئىچىمدە ئۇنى راسا تىللاپ،ئاستا مڭىپ،ئۆستەڭ بويىدىكى زەرگەر بازىرىغا كەلدىم.

مەن كىرگەن بىرىنجى دۇككاندا20 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بىر يىگىت ئولتۇراتتى.سالامىلىشىپ كۆرۈشكەندىن كىيىن مەقسىتىمنى ئېيتىپ،تاشتىن بىرقانچىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم.ئۇ يىگىت يىڭى ھۈنەر ئۆگۈنگەن بولسا كېرەك،تاشنى ئۇياق-بۇياق چۆرۈپ كۆرۈپ بېقىپ،«خاپۇماي بىزدەم تۇپتۇسا!» دەپ ئىچىدىكى دۇككانغا ۋارقىرىدى.

-دادۇ!مىيەگە چىقە!

-نېمە؟!

-ما ئاكام ساتقىنى بىژنەسە ئەكەپتىكىن كۆرەپباقە!

ئىچىدىكى دۇككاندىن كەكە ساقال،پاكىز قىرىغان بىر بوۋاي چىقىپ كەلدى ۋە مەن بىلەن ئالدىراپ سالامىلىشىپ بولۇپ،تاشنى قولىغا ئالدى،ئاندىن بىر ماڭا،بىر تاشقا قاراپ قويدى.

-ئۇكام،يىڭى ۋازانى بىلەملا؟

-بىلىمەن!

-ئاشـەدە بـىلەي ۋازىـرى دەپ بـىژىيە با،تاختىا كـۆرۈككە ئـاز قاغـان يەدە.شۇيەگە ئاپىرىپ باقسا،بىز ماندا قىممەت مال تۇتمايمىز!

قېرى زەرگەر تاشنى ماڭا چاڭگاللىتىپ قويۇپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.مەن ئۈمۈدسىزلەنمەي بىرقانچە دۇككانغا ئەكىرىپ باقتىم.

تەلىيىمگە يارىشا ئاقپىشماق،دوغىلاق بىر زەگەر بالا قولۇمدىكى تاشنى ئېلىپ ماڭا قايتا-قايتا قارىۋەتكەندىن كېيىن،«ماڭسا!» دەپ مىنى دۇككاننىڭ ئارقىسىدىكى بىر ئامبارغا باشلاپ كىرىدى.مەن ئۇنى ئادەم يوق يەردە باھا قويىدىغان چېغى دەپ ئويلاپتىمەن.ئەپسۇس....ئۇ كۆمۈردەك دۆۋىلەنگەن تاشلارنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

-قانچىلىك ئالىلا؟!بىزدە قانچىلىك ئالىمەن دىسىلىرى بىا جىما!الازىم بوسا كىلىۋەسە،ماقا،ئۈزاتمىدىم ئەمىسە!

دەپ قويۇپ ئالدى-كەينىگە قارىماي چىقىپ كەتتى.

ئىست....تۇغۇلغىنىمغا!ئاڭلىمىغان چىرايلىق گەپ،سانجىلمىغان نەشتەر قالماي رەسۋايە بولۇپ زەرگەر بازىرىدىن ئاران قېچىپ چىقتىم.

مەن نىمىشقا مۇشۇنداق بىرموچەنگە بەشنى بەرسە خەق قاراپ قويمايدىغان قوتا تاش-داڭگالنى ئېلىپ،مۇشۇ سالاپىتىم،مۇشۇ يېشىم بىلەن دۇككانمۇ-دۇككان،زەرگەرمۇ-زەرگەر قاتراپ يۈردۈم؟!

نى ئات،نى نۇمۇس!بولۇپمۇ ھىلىقى كوسا،قارىۋاي، دەيۈز زەرگەرنىڭ «سىلە نايمانلىقمۇيا؟!كەتكۈدەك پۇللىرى بوممىسا قوللىرىنى كۆتۈرەپ قويسا،بىرە ۋاراق پۇلنى ئۆرۈپ قويىمىز!» دىگەن گىپى جىنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.مەن نىمە دىگەن دۆت!!!

ئۆيگە كىرىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئىغىر كەتمەن چاپقان دىھقاندەك ئىچىمگە تىنىپ كەتتىم....

## 10-باپ  يېڭى بايقاش

يول بويى«زادى ئەقلىگە شەيتان مىنىۋالغان،ئەس-يادىغا مال-دۇنيا كىرىۋالغان،كۆزىنى پۇل توسىۋالغان ئادەم،بۇرنى بولمىسا پوق يەيدىكەن!مەن بىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن زىيالىي،ئاز-تولا بولسىمۇ بىلىم ئىگىسى تۇرۇپ،شۇنچىلىغان ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈم دىسە!ياكى تۈزۈكرەك خىزمەت تاپالماي،ياكى ئاتا-ئانامنى رازى قىلالماي....!» دىگەنلەرنى ئويلاپ،كۆڭلۈم تولىمۇ پەرىشان هالدا خوتەنگە،ئىنىقراقى ئۇلارنىڭ يىنىغا ئەتىسى چۈشتىن كىيىن قايتىپ كەلدىم.

-سىلىنى بەگلىرىم كىلىتۇ دىگەن،راس قايتىپ كەپلىيا تۆرەم ئەينا! مەتسىلىم مىنىڭ سالپىيىپ قايتىپ كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ ساددىلارچە كۈلۈپ كەتتى.

-قاچان ئاشتا دىگەن؟

-ئۈلۈشكۈن سىلە ماڭغاندا!

-ئۇلار قايدا بىلگەندۇ؟

-هى....دىسەم كۆڭەللىرىگە كىلىتۇ!

-دەۋەسە،كۆڭلەم يىرىم بولىدىغان يەدىن ئۆتەپ كىتىپ بولدۇم.

-بىرمۇنچە تاش-داڭگالنى ئىلىپ ساتىمەن دەپ كەتتى،يامان كۆڭلى يىرىم يىنىپ كىلىتۇ،قالايمىقان گەپ قىممىسا دىگەن ئۇلار!

-نىمە؟!

بۇقىتىم مەندە قىلچىلىك غەزەپلىنىش هىسسىياتى بولمىدى.ئەكسىچە پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى خىجىللىق قاپلاپ كەتتى.تاماكىدىن بىرنى يىقىپ جايىمدىلا ئولتۇردۇم.مەتسىلىم مىنى خاپا بولۇپ قالدى دەپ ئويلىدى بولغاي،يىنىمغا كىلىپ گەدىنىنى قاشلاپ بىرهازا ئولتۇرغاندىن كىيىن ئاندىن ماڭا تەسەللى بىرىشكە باشلىدى.

-ئەمدى تۆرەم،ئازمايدىغان بەندە بولمايتۇ.سىلە تىخى ياش،بىر كۈنلىرى

قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشلىرى بولتۇ،ئاق چىكىپ گاداي بولۇپ كەتكەنلىكمۇ هازىي پۇل تېپىپ يۈرۈيتۇ.....

مەتسىلىم دىگەن ئوغرى ماڭا تەسەللى بەردىم دەپ نىملەرنى دەيدىغاندۇ ئەمدى،ئاڭلىغانسىرى بەدەنلىرىم بىرقىسىم بولۇپ،سەپراللىرىم ئۆرلەپ قالدى.

-ئاهاي!نىم دەي ژۈرۈيلا سىلە!مەن قايدا ئىزىپتىمەن؟قايدا خاتالىق ئۆتكۈزۈپتىمەن؟!خۇددى قىرىق-ئەللىك ژىل تۈرمىدە يىتىپ چىققان ئەدەمگە تەربىي قىغاندەك گەپ قىلىي ژۈرۈۋۈيلىيا!ماڭا نىم بوپتا؟چىم مىنى تاش-داڭگال ساتتى دەيدا؟كاللامىنىڭ توپاق پىشتى يوق مىنىڭ،نەدىكى بىمەنە گەپلىنى قىلدىكەنلا،تولا كەيپىمنى ئۇچاماي،نە سايە ۋوسا شۇ يەدە ئوينىسا ماڭسا!

قولۇم بىلەن ئۇنى ئىتىرىپ قويدۇم.ئۇ بىزەڭ ئوغرى چالا ھىجىيىپ مىختەك ئولتۇرىۋالدى.مەن قوپۇپ كىتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

-ۋوي تۆرەم!ئاندىاق ئىتتىك ئاچچىقلىساق بومايتۇ.مەنمۇ بىر قىتىم سىلىدەك،يا سىلدىنمۇ كاشال ئىشتىن بىرنى قىلغان.

-شۇنداما؟دەپباقسا قەنە!

يەنە ئورنۇمدا ئولتۇردۇم.

-سىلىدەك چىغىمىكى،يا زوراق ۋاقتىممۇ ئىشقىلىپ بىر كۈنى كىچىسى،بىر قەبرىدىن ۋال-ۋال چاقناپ تۇرىدىغان تاشتىن بىرنى ئىلىپ خوش بولۇپ ئۆيگە كەتتىم.ئەتىسى ناماشىمەدىن سەل ئۆتكەندە مەتقاسىم خوتەك (مەخسۇس شۇنداق بويۇملارنى ئالىدىغان كىشىكەنتۇق)دىگەن ئۇۋۋا تەككۇ ئوغرىنىڭ قىشىغا ئىلىپ باردىم.ئۇ ئوغرى تاشقا بىرقاراپ«ۋوجون ئۇكام،كۆزۈڭگە ئاشاڭنىڭ لاپىغىسنى تاقىۋامىغانسە ئەينا!» دەپ تاشنى يەرگە ئىتىپلا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.مەن ھەيران بولۇپ ئارقىدىن كىرىپ سورىسام،ئەسلى بۇ تاش مۇشۇك سىيىپ قويغان تاشكەن...

-ھا-ھا-ھا!
-ھىي-ھىي-ھىي!
مەتىسلىمىمۇ ماڭا قوشۇلۇپ كۈلۈپ كەتتى.كەيىنىم بىلىپ-بىلمەي ياخشىلىنىپ كەتتى.
-مۇشۇك سىيىپ قويغان تاش كەچتە پاقىرامدىكىن؟
-ئەشتا ئوخشايتۇ.
-مازا مۇشىكى سىيگەن ئوخشايدا ھە،خا-خا...!
-ھىي-ھىي!.
كەيپىياتىم تولۇق ئەسلىگە كەلدى.ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتىم.
-مەتىسلىمكا،سىلىدىن بىرگەپ سورىسام جىلە گەپ قىلامىلا؟
-يالغان گەپ قىلسا خۇدايىم ئۇرىتۇ.سورىسا قىنى!
بۇ ئوغرىنىڭ ئۆمرىدە راس گەپ قىلىپ باققان-باقمىغانلىقىنى بەلكىم ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ ھەقىچان،يالغان تەقۋا بولىۋالغىنىنى تىنخى!
-سىلە بۇيەردىكى قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىرۇدىن چىرىپ-چىقىپلا ھە؟
-نەدىكىنا ئەينا!بۇ يەردە چاشقاننىڭ كامىردەك قەبرە،كۆمۈلگەن خارابلىق كۆپ تۇرسا،مەن قانداق ھەممىسىگە كىرىپ چىقالايتمە،ھىچكىم ئۇنداق قىلالمايتۇ.
-ھە...سىلىنىڭ بالا-چاقىلىرى نەدە؟
-خوتۇنۇم ئۆلۈپ قالغىنى ئۇزۇن بولدى،بەش بالامنىڭ ئۇچى ئۇرۇمچىدە ئىشلەيتۇ،بىرسى چەتئەلدە ئوقۇيتۇ،بىرسى كۇلىدا شىركەت ئاچتۇ!
-يوۋ پانا!مازا جايلاپ خىلى جىق ئىش قىلىۋاپلا جۇما!
-خۇدايىم تۆۋە دىسە ماقىما!مەن مازاردىن نەسە ئوغۇرلاپ بالىلىرىمنى باقمىدىم،ھەممىسى ئۆز كۈچىگە تايانغان ئەينا.ئىشلىگەن چىشلەيتۇ،ئانچە-مۇنچە يول باشلاپ ئالغان پۇللىرىمنى كىچىك بالام ئۇچۇن يىغىۋاتىمە!

-ھىم....كىچىك بالىنى باشقا قېرىنداشلىرى باقسا ،ئوقۇتسا بوممامدا؟
-مەن ئۆلگەندە باقا ئەينا ،مەن تىخى تىرىك تۇرۇپ ،ئۇلارغا تاشلاپ قويسام بومايتۇ.
-سىلىنى ئۇلار يوقلاپ تۇرامدۇيا؟
-يوقلايتۇ!پۇل سالىتۇ،ئەكىتىتۇق دەپ نەچچە قېتىم كەلدى،لىكىن مەن مىشەگە كۆنۈپ كىتىپتىمە،ئايىنداق ئايالىرى كىنىدىكى ئوچۇق،پاقىسىنىڭ ئۈستىنىدىلا لاتا كىيىشقان،ئەرلىرى موزايدەك غىلجىڭشىپ يۈرىتقان يەلدە كۆنەمىيىتمە!
بىردىنلا مەتىسلىمگە ھۆرمىتىم قوزغىلىپ قالدى.بۇ بىچارە ئادەم بالىلىرىنى قاتارغا قوشۇپ،خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ،يەنە بالىنىڭ غىمى بىلەن يۈرۈپتۇ.بەلكىم بالىلىرى ئۇنىڭ دىگىنىدەك قىلدىمۇ دەيلى،لىكىن يەنىلا ياخشى تۇرمۇش،باياشات موھىتقا كۆنۈپ قالغان بالىلاردىن ۋاپا كۈتمەك تەس!
ھەي جاپاكەش ئاتا-ئانىلار،ھەي بىچارە ئاتا-ئانىلار!ئۇنىڭ مىللىي غورورىنى،ئىمانىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى دىمەيلا قوياي،ئىگەم بارلىق پەرزەنتلەرگە،ئىنساپ،ۋاپا ئاتا قىلغايسەن!بىچارە مەتىسلىم ئاشۇ بەش بالىسىنى دەپ قانچە قىتىم گۆر ئاغزىدىن يانغاندۇ؟قانچە قىتىم ئىشتانغا چىقارغۇدەك قورقۇنۇچلۇق ئىشلارنى بىشىدىن ئۆتكۈزگەندۇ؟قانچە قىتىم قووۇم-بوراندا قىلىپ،قىينالغاندۇ؟!
ئويلىغانسىرى مەتىسلىمگە ئىچىم ئاغرىش،قايىل بولۇش بىلەن بىرگە ئاتا-ئانام ئىسىمگە كىلىپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كەتتى.تامنىڭ ئارقىغا ئۆتۈپ بىر يىغلىۋالاي دىگەن ۋاقتىمدا،ئەينىدىن بىلەن بىگىم قايتىپ كەلدى.ئۇلارنىڭ ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدىغان قوشاقلىرىنى ۋە جاندىن ئۆتىدىغان تاتلىق گەپلىرىنى ئاڭلىماي دەپ،چالا سالام قىلىپ غىپپىدە ياتاق ئۆيگە كىرىپ يىتىۋالدىم.
ئەتىسى سەھەر.ھىلىقى شامال غۇرۇلداپ تۇرىدىغان قۇدۇقتەك ئىغىز ئالدى.

بىگىم بەدىنىگە مەھكەم تىگىلگەن17 سانتىلىق قىلىنلىقتىكى تاغتىن قاڭقىش ئارغامچىسىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان تۆۋرۈك ياساشقا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى.مەتسىلىم بىردەم ئۇنىڭ يېنىغا،بىردەم ئەينىدىنىنىڭ يېنىغا پەرۋانىدەك چۆگىلەپ نەسىھەت قىلىۋاتاتتى.

-ۋاي بىگىم!بۇ ئۇۋاتەككۇ ئورنىغا چۈشكىلى بولمايتۇ!جان بىلەن ئويناشمىسىلا!

-غوجام.ئۆزلىرى گەپ قىلمىسا بولمىدى.بىگىم بۇ ئورنىغا چۈشسە بولمايتۇ.ھېلىقى ئاغىنەمگە ئۈچ يىل بولدى،چىقالمىدىيا ئەينا!

بىگىم كۈلۈپ قويۇپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئاۋارە،مەتسىلىم قولىدىكى بىر خەرىتىگە قاراپ ،مەتسىلىمنىڭ سۆزىگە ئانچە ئېتىبار بىرىپ كەتمىدى.

-مەتسىلىماخۇن!خاتىرجەم بوسا!ئاخشامۇ يامان ئۇزاق دىيىشىپ كەتتۇق.بىزمۇ جاندىن تويغان ساراڭ ئەمەس،بىزنەسىنى ئويلاپ شۇندا قىلىۋاتىمىز.

-جۇگۇ-جۇگۇ....بەگ-غوجىلىرىم،مەن گاداينىڭ گىپىنى بىر ئاڭلاپ قويۇشسىلا!

مەن بۇ ئىشلارغا قاراپ تۇرۇپ ئاچچىقىم كىلىپ قالدى.

-ئەينىدىن غوجام!ئىي ئەدەممۇ باكا ئايدا دىمەيدا.ھە قانچە تىگىدە سۇلايماننىڭ ئۈزۈكى بوسىمۇ ماندا بى ئويلىنىپ بىقىپ ئىش قىلىلى!

-تۆرەم،ھەي تۆرەم.....بىز مۇشۇ كەسىپنىڭ ئەخلى دىسە.بىزنىڭمۇ تولۇق تەييالىقىمىز با.مەتسىلىماخۇنمۇ،سىلىمۇ بىزنى ئويلاپ شۇندا دەتىلا،رەخمەت.لىكىن ھازىر بۇيەگە چىمىسەك قۇم كۆچەپ قاسا كىيىن تاپقىلى بومايدا.

مەن مەتسىلىمگە قاراپ قويدۇم،ئۇ ئاغزىنى ئۆمەللەپ قويۇپ توختاپ قالدى.

-تەييالىق پۈتۈپ قالدى!مەن چۈپ باقاي ئەمسە!

بىگىم ھېلىقى كوھىقاپ ئىغىزىنىڭ ئاغزىغا كىلىپ بولغان ئىدى.قاپقىم

لىپىلداپ تارتىپ كەتتى.دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردىم.
-بىگىم!ئاندا قىمىسىلا بولىتى.قاپىقىم بەك تاتىپ كەتتى.بىز ئىش ۋۇلاپ قاممىسۇن يانا!
بىگىم ماڭا مەن تونۇشقاندىن بۇيانقى ئەڭ يېقىملىق ھالدا كۈلۈمسىرىدى.ئاندىن قولۇمنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ«خۇدايىم ساقلا!يارىشا!» دەپ قويۇپ سىيرىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى.مەن خۇددى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك،ئۇنىڭ ئىگىز،قاۋۇل بەدىنى تولۇق غايىپ بولغۇچە تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم.مۇقىملاشتۇرۇش تۈۋرىكىدىن غىرىسلاپ ئاۋاز چىقىپ،ئۇ تېزلا غايىپ بولدى.
-خۇدايىم ئۆز پانايىڭدا ساقلىغايسەن!
پىچىرلاپ بىگىمگە ئاتاپ نۇرغۇن دۇئايى سالام يوللىدۇم.ئەينىدىن ئورەكنىڭ ئالدىدا بىشنى تىقىپ چىراق بىلەن بىگىمنىڭ ھەركىتىنى كۆزىتىۋاتاتتى.مەتىسلىم كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغان ئىدى.دەسلەپتە ئەينىدىن ۋارقىراپ يۈرۈپ بىگىم بىلەن ئەھۋاللاشتى.كېيىن بىگىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىدۇق.ئەينىدىنمۇ قايتىپ كىلىپ ھىلىقى خەرىتىسىنى قولىغا ئىلىپ بىرنىمىلەرنى جىجىشقا باشلىدى.مەن مەتىسلىمنىڭ يېنىغا كىلىپ قۇمساڭغۇ يەردىلا ئولتۇردۇم.
-سىلىنىڭ ھىلىقى ئاغىنىلىرى نىمىشقا بۇ يەگە چۈشكەن؟
-نىم باركى دەپ چۈشكەن،
-نىم باكىن؟!
-....
-دىمەملا؟
-ئاغىنەم چىقمىسا مەن نىمە بىلىتمە ئۇ ئۇۋاتەككۈ ئۆرەكتە نىم بارلىقىنى؟
-ئۇچاغدا نەچچىگلا باتىگلا؟
-ئۇچىمىز.
-سىلە نىمىشقا چۈشمىگەن؟

-مەن قورقتىمە.ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭلا بالام باتتى شۇ چاغدا.
-يەنە بىر ئاغىنىلىرىچا؟
-ئــارىمىزدا ئەڭ زۈرەكلىـــك ئەشـــۇ يـــارمۇھەممەت ئىدى.چۆشمەيلى،چۆشمەيلى دىسەك ئۇنىماي چۆشۈپ كەتكەن.
-سەكلەپمۇيا؟
-تانا بىلەن.
-تاتىۋاساڭلا بومامتى.
-تاتتۇق.لىكىن ئاغامچىنى ئۈزىۋېتىپتۇ.
-چىم ئۈزىۋېتىپتۇ؟
-پىچاق بىلەن ئۈزۈۋېتىكىن.ئۇنىڭدا پىچاق باتتى.ئۆزىمىكىن دەپ ئويلىدۇق.
-ئۇ نىمشقا ئۈزىۋېتىدۇ؟
مەتسلىم مېنىڭ سوئاللىرىمدىن بىزار بولغان بولسا كىرەك،سەل خاپا بۇلۇپ قالدى.
-ھەيتەڭ!بىلمەيتمە!
-ئاقىدىن چۆشۈپ باقمىدىڭلىمۇ؟
-....
-گەپ قىسا ماندا!مەندىنمۇ بەك تىرىككەككەنلا!
-سىلى بوسىلا چۆشەلەمتىلا تۆرەم!؟
-....
ئەمدى گەپ قىلالماسلىق نۆۋىتى ماڭا كەلدى.توغرا،مەن بۇ قورقۇنۇچلۇق ئورەككە چۆشۈش ئەمەس،ھەمراھلىرىم بولمىغان بولسا بۇ يەرگە كەلگۈدەك يۈرەكمۇ يوق مەندە!
ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتۈپ كىتىپ باراتتى.تاماكىنى ئارقا-ئارقىدىن چىكىۋەردىم.مەتسلىم كۆزىنى يۇمۇپ مۆگىدىگەندەك ئولتۇراتتى.ئەيىندىن بىردەم خاتىرىسىگە خەت يازسا،بىردەم قولىدىكى خەرىتىنىڭ

ئۇيەر-بۇيەرلىرىگە جىجىپ قوياتتى.
-ئەينىدىن تاغا، بىگىم ھېچ چىقمايدىيا؟
-چىقىدا!
-قاچانلىققا؟
-ۋاقتى كەگەندە!
-شۇ قاچانلىققا ۋاقتى كەگەن بولىدا؟
ئەينىدىن قولىدىكى نەرسىلەرنى يەرگە قويۇپ، ماڭا تىكىلىپ كۈلۈمسىرىدى.
-بەك ئەنسىرەپ قاپلا ھە. بىزدە پۇختا تەييالىق ۋا دەيمە!
-مەتسىلىمكامنىڭ گىپىنى سىلىمۇ ئاڭلىلا. بىرە ئىش بولاپ قاسا قايدا قىلامىز دەپ.......
-مەن تىخى سىلىنى بەك ئىرەنشىمەيدۇ دەپتىكەنمە. بىزگە خىلى كۆڭەل بۆلدىكەنلا جۇما!
كۆڭلۈمدە «شۇنداق بولمايچۇ ئەمىسە! » دىگەن بولسامۇ، ئېغىزىمدىن چىقارغۇم كەلمىدى.
-باكا شىككىلىرىنىڭ بىرەسىگە بىرْ ئىش بولاپ قاسا، ئەغزەمجان بىلەن شىككى قىرى ئەدەم بىللە كىتىپ بارىتى. بىرْسى ئۆلەپ قاپتۇ دەپ بالاغا قاماي دەپ قالدىم.
-شۇنداما؟
-شۇندا. ئەتە-ئۆگۈن ھەقاسىلىرىنىڭ بالا-چاقىلىرى ماڭا ئىسلىۋىلىپ، غوجام- بىگىمنىڭ دەدىگە قاماي مەن.
-ھا-ھا-ھا.........
ئەينىدىن تىرىكىشنىڭ ئورنىغا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا ھىلىقى مۇقىملاشتۇرۇش تۇۋرىكىنى كۆرسەتتى.
-ئانى كۆلىما! بىگىمنىڭ بەدىنىگە ئۈچ تال تانا باغلانغان، ئەگەر بىرە ئەۋال بولاپ قالسا ئىۋۇ قىزىل تانا مىدىلايدا. ئەندىن بىز تاتىپ

چىقىرۋالىمىز.

-ئەگەر بىگىمىز ھىلىقى يارمۇھەممەتتەك تانىنى كىسىۋەتسىچۇ؟

-مەن چۈشىمەن!

جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم.دىمەك بۇلارنىڭ پۇختا تەييارلىق دىگىنىمۇ ئەمەلىيەتتە يەنىلا خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشكەندە!ھىلىقى تۆۋرۈكنىڭ يىنىغا كىلىپ ھەرخىل بەلگىلىك تانىلارغا مىختەك تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم.زەرچىلىك قىمىرلاش بولسا دەرھال تارتىش پىلانىنى تۈزدۈم.بىر سائەت،ئىككى سائەت.....كۆزۈم تىلىپ كەتتى.زورلاپ تاماكا چىكىپ يەنە قاراپ تۇردۇم.ئولتۇرۇپ قارىدىم،يىتىپ قارىدىم.....شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسامۇ ،يارىماسلىقىمدىن يەنە ئۇخلاپ قاپتىمەن....

ھەر تەرەپكە قىچىۋاتىمەن.مىنى نىمە قوغلاۋاتقانلىقىنى بىلمىسەممۇ،ئەمما ۋەھىمە مىنى تولۇق ئەسىر قىلغان.ئەتراپىم ساپلا قۇملۇق.ھەممە يەردىن ۋەھىمىنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ.ئەتراپىمدىن نىملەردۇر غۇيۇلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كىتىۋاتىدۇ.

قىچىۋاتىمەن،بىر چاغدا يەردىن بىرجۈپ قول چىقىپ پۇتۇمنى تۇتىۋالدى.قۇملۇققا پاقىچىلاپ دۈم چۈشتۈم.ئېغىز بۇرنۇمغا نۇرغۇن قۇملار كىرىپ كەتتى،ئۆمىلەپ،مۈدۈرۈپ يۈرۈپ يەنە قاچتىم.لىكىن ئالدىمغا سوغۇق ھەم ئېگىز بىرتام پەيدا بولۇپ قالدى.ئارقامدىكى نەرسە مىنى قىستاپ كەلمەكتە.مانا بىر-بىرىدىن بەتبەشىرە ئۈچ مەخلۇق،ئۇلار ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق كۈلۈپ مىنى قىستاپ كەلدى.

-ياق!ياق!!!مەن ھىچنىمە ئاممىدىم،ماڭا يىقىن كەممە !

-تۆرەم!قوپسا ماندا ئەدەمنى قوقاتماي!

-تۆرەم!نىم بولاتىمىز دەيمە؟!

-ئىتتىك بى قوقاغداپ قالىتۇ مۇشۇ تۆرەم!

تەستە كۆزۈمنى ئىچىپ قارىدىم.ئالدىمدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بۇرنىنى كورلاۋاتقان بىگىم،باش تەرىپىمدە گەدىنىنى قاشلاپ تۇرغان

مەتىسلىم،ئاياق تەرىپىمدە ماڭا جىددىي تىكىلىپ تۇرغان ئەيىنىدىن تۇراتتى.خۇداغا يۈزمىڭ شۈكرى!چۈشۈمكەن دە!ئىلكىن چۈش دىگەن شۇنداقمۇ ئىنىق،قورقۇنۇچلۇق بولامدۇ؟گىلىمدە قۇمنىڭ تەمى شۇنچە ئىنىق!

-چىۋىقتۇ تۆرەم؟!

بىگىم ئۇتتەك قىززىق قولىنى پىشانەمگە قويدى.مەن ئۇنىڭ ئورەككە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئىسىمگە كىلىپ دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم.

-مەندە سو يوق،سىلە قاچان چىقلا؟بەك ئەنسىرىدىم جىما سىلىدىن!

-مەندىن ئەنسىرىمەي ،پات-پات چىنىقىپ قويىسا جىما،بەك شىتتىك قوقاغداپ قالدىكەنلا!

-ھا..ھا....

-ھى...ھى....

ئاۋال ئەيىندىن،ئاندىن مەتىسلىم ئاۋازىنى قويىۋىتىپ كۈلۈپ كەتتى،مەن سەل تىرىكتىم.

-شۇندا!ھەقاسىلىرىنى قارا بىسىپ باقمىغان ئەمەسما،تازا كۈلىشۋاسا!

ئەيىندىن كۈلكىسىنى تەستە توختۇتۇپ، قورسىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مەتىسلىمنى شەرەت قىلدى.

-ۋايجان....ھۇۇ...!مەتىسلىماخۇن سىلى بى دەپ بەسە بوغان ئىشلىنى.

مەتىسلىم چالا ھىجىيىپ ماڭا غەيرى قاراپ تۇراتتى.مەن ئۇنىڭ «دىسەم سەت تۇرارمىكى» دىمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

-ئاھاي! دىسە ھە،نىم بولدى نىم بولدى؟تولا ئاغزىلىرىنى بىرىيەلىرىگىچە ئىچىپ سەت ھىجايماي دەۋەسە!

-سىلە ساقلاپ بولالماي ئۇخلاپ قىپلا،بىر چاغدا قارىسام سۇ ئۈزگەندەك پۇت-پاقەلچەكلىرىنى پۇلاڭلىتىپ يۈرىيلا،«تۆرەم سۇ ئۈزۈپ چۈشەپتۇ دە» دەپ يەنە بىردەم قاراپ ئولتۇرسام ،كۆزلىرىنى ئىچىپ يىرىم ئولتۇرۇپ،قوللىرىنى توختىماي مۇنداق،مۇنداق قىلىپ(ئۇ مىنىڭ

يۈگۈرگەن ھالىتىمنى شۇنداق سەت دورىدىكى،ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۇرغۇم كەلدى) پۈلاڭلاتلا، ۋۇجىننەم ئىنم بوغانتۇ دەپ قەشلىرىگە باراي دىسەم غۇجام مىنى چاقىرىپ قالدى....

مەن ئەلەم بىلەن ئەينىدىنگە قاراپ ھومايدىم.«ھۇ قىرى تاز،تاماششارىمنى تولۇق كۆرەي دەپسەندە!» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

-ئەسلىدە بىگىم تانا تارتىپ بەلگە بىرىپتىكەن.بىز ئۇنى تارتىپ چىقىرىپ بولۇپ قارىساق سىلە قۇمچاقتەك پوككىدەك يىقىلىپ ئاغزىلىرىغا قوم-داڭگال سىلىپ چايناپ يۈرۈيلا...ھى..ھى.....

-بەك يوووووغان ئىش بوپتا،ھەقاسىلىرى خوش ۋولاپ چاۋاك چەپبەلە ھەقىچان!

-ياق ھەي،نەدە ئانداق قىلتۇ،سىلىنى ئويغۇتايلى دەپ ماڭساق،سىلە يەنە ئۈمىلەپ،دومىلاپ يۈرۈيلا،قەشلىرىگە كەلسەك ئارقىلىرىغا داجىپ،تامغا يۆلىنەپ،«ئاللا-كاللا!مەن بىيمە ئاممىغان،يىقىن كەلمە.....» دەپ چىرقىراپ يۈرۈيلا،شۇنىڭ بىلەن سىلىنى بەك تەستە ئۇيغاتتۇق ئەينا....ھىي..ھىي.....

مەتسىلىم گىپىنى تۈگۈتۈپلا يەنە سەت ھىجايغىلى تۇردى.ئاغزىمدا ساپ قۇمنىڭ تەمى بولىشى ئەسلى مۇنداق ئىشكەندە !ھەجەپ سەتلىشىپتىمەن،بۇ ئۆلگۈر يەر زادى ماڭا ياقمىدى،ھىچكىمنى قارا باسمىسا مىنى باسىدۇ،ھىچكىمنى جىن ئۇرمىسا مىنى....

-كىرەك يوق،سىلە سوغاق قوقاق بولاپ قاپلا!

-رەخمەت،بەك كۆڭەل بۆلىشەپلا!

مەن يىنىمدىن قۇمغا مىلىشىپ،كۆپ قىسمى سۇنۇپ كەتكەن تاماكامدىن تەستە ساق بىرسىنى تىپىپ تۇتاشتۇردۇم.ئىزچىل بۇنداق يەرلەردە تاماكا چىكىشىمگە قارشى تۇرغان بىگىممۇ بۇ دورەم گەپ-سۆز قىلمىدى.بىرھازادىن كىيىن كەيپىياتىم تۇراقلىشىپ،بىگىم بىلەن ئەھۋاللاشتىم.

-بىگىم، سىلە ئورەكنىڭ ئىچىدىن نىمىنى كۆلە؟

-دىسەم ھەيران قالىلا!مەن ئۇ يەرنىڭ تىگىدە يېشىللىقنى كۆدۈم!يېشىللىق!

-نىمە يېشىللىق، قىزىللىق ئۇۋۇ؟

-دەل-دەرەخ!ئورمان!

-ۋۇجۇ!ئاشۇ كوھىقاپنىڭ تىگىدە باغ-ئورمان بامىكىن؟

-مانىگىغا قايىلىسا!

بىگىم ماڭا شىخى بىلەن بىللە سۇندۇرۇلغان يوپۇرماقلارنى تەگلىدى.قولۇمغا ئىلىپ تۇتۇپ باقتىم.شۇنچە يىگى ھەم جانلىق،پۇراپ باقتىم،بىريەرلىرى جىگدە پۇرايدۇ.

-مەنمۇ چۈشۈپ باقاي جۇما!

-ئۇ يەر21 مىتىر چوگقۇرلۇقتا ئىكەن،ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە تەييالىق تازا تولۇق ئەمەس،شۇگا بۇدا چۈشەلا!

-قاسى بۇدا؟

-بىز قايتىپ مۇناسىۋەتلىك تەييالىق ئىشلىرنى بىجىرىپ كىلىلى،ئەندىن بىللە چۈشەمىز.

مەن ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇلارغا ئەگىشىپ،ئۆزۈم كۆتۈرەلىگۈدەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ،سىرىتقا قاراپ ماگدىم.

ماشىنىدا ماگغاچ،خىياللىرىمنى ئەركىن قويىۋەتتىم.

1. ئۇنىڭ تىگىدە ھىچكىمنىڭ ئايىغى تەگمىگەن بىر بوستانلىق بار.مەن ئۇيەرنى بايقىغان تۇنجى قوشۇن.مىنىڭ ئىسمىم كولومبۇدەك تارىخقا يىزىلىدۇ.بەلكىم ئۇيەرگە «ئەغزەم بوستانلىقى» دەپ نام قويۇلىدۇ.

2. دۆلەتتىن بىزنى قاتتىق مۇكاپاتلاپ بىرە تاغادىن پۇل بىرىدۇ.بىزنى نۇرغۇن مەتبۇئات ۋاستىلىرى قوغلاپ يۈرۈپ زىيارەت قىلىدۇ.مەسىلەن:

-ئەغزەمجان تۆرەم!ياخشىمۇسىز!مەن شىنخۇا ئاگېنتلىقىدىن! سىزدىن بىرقانچە سوئال سورىسام بولامدۇ؟

-قېنى سوراڭ!

-سىز بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياش ھەم ئەڭ كىلىشكەنكەنسىز، قانداق بولۇپ ئۇ يەرگە بىرىپ قالدىڭىز؟

-ھە، ھىم...بۇنى بىر ئىغىز گەپ بىلەن سۆزلەپ تۈگەتكىلى بومايدا!

-ئۇنداقتا ئۇ بوستانلىقنى بايقاش جەريانىنى سۆزلەپ بىرەلەمسىز؟

-ھە، ھىم..ئۇھۇ.....!بىز جىق تالاپەتكە ئۇچرىدۇق، قۇم-بوران، ياۋايى مەخلۇق، نامەلۇم جىسىم...دىگەندەك، بەك تەستە تاپتۇق بۇ يەنى!

-ئاخىرقى سوئالىم، بۇ يەرنى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار «ئەغزەمجان بوستانلىقى» دەپ ئاتاپتۇ، سىزنىڭچە بۇ ئاتالغۇ بولۇپتىمۇ؟

-ھە، ھىم...يامان ئەمەس، يامان ئەمەس!بوسا تۆرەم دىگەننى قىتىپ قويسۇن!

-نۇرغۇن ھەۋەسكارلىڭىز سىز بىلەن رەسىمگە چۈشمەكچى ئىكەن، بۇنىڭغا قوشۇلامسىز؟

-بولىدۇ.

مىنى بىرتوپ قىزلار گۈرۈلدەپ كىلىپ ئورىۋالىدۇ!خا-خا !

3. «باياۋاندىكى بوستان» ناملىق ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلىنىدۇ.مىنى «بۈگۈنكى سۆھبەت» ،«قىززىق نۇقتا» پىروگىراممىلىرىدا توختىماي زىيارەت قىلىدۇ.مەن بىركىچىدىلا پۈتكۈل مەملىكەتكە تونۇلۇپ كىتىمەن.

# 11- باپ    كۆمۈلگەن ئۈمۈد

بىز شۇ ماڭغانچە مەتسىلىمنى ئۆيىگە تاشلاپ قويۇپ ،خوتەن شەھرىگە كىرىپ ئاددىي تاماقلانغاندىن كېيىن ،قەشقەرگە يول ئالدۇق.يول ئۈستىدە ئۇخلاپ قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەنە سەتلىشىپ قىلىشتىن ئەنسىرەپ دەرىزىنى يوغان ئېچىۋېتىپ شامالغا يۈزۈمنى تۇتۇپ ئولتۇردۇم.بىرەر سائەتتىن كېيىن بەكلا ئىچىم پۇشۇپ كەتتى.بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرقۇر ئويلاپ چىققاندىن كېيىن،ئىچىمدىكى سۇئاللارنى ئۇلاردىن سوراپ ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولدۇم.

-ئەينىدىن تاغا ،كاللامدا نۇرغۇن سوئاللار باتى ،سورىسام بولاما؟

-سوراۋەسە ،سىلىنىڭ ئاشۇ كاللىلىرىغا كەممەيدىغان سۇئال يوق.

-نىمىشقا مەنلا ئاشتا پالاكەتچىلىككە ئۇچرايمەن؟

ماشىنا ھەيدەۋاتقان ئەينىدىن بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن جاۋاپ بەردى.

-سىلە قايسى جەھەتتىن دەيلا؟

-جىن چاپلىششى ،قوقاغداش....دىگەندەكچۇ.ھەقاسىڭلار ھىچنىمە بومىدىڭلا ،مەنلام....

-مەتسىلىماخۇن نەلىك؟

-ئۈيتوپىلىق.

-دىمەك ئۇ ژىلتىرىدىن ئاشۇندا شارائىتتا چوڭ بوغان ،قان-قىنىدىن قۇملۇق ھاۋارايىغا كۆنەپ كەتكەن ، شۇڭا ئۇنىڭغا ھىشنىمە بومايدا.

-سىلە بىلەن بىگىمچا؟

-مەن ئۇزۇن يىل قىدىرىپ تەكشۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.بۇنچىلىك شارائىت مەن كۆرگەن جاپالارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بىرەممەيدا!بىگىمگە كەسەك ،بۇ ئەدەم مەندىنمۇ يامان ،ئەقەللىسى ئاشۇ ساغلام بەدىنى ۋە مۇسكۇللىرىغا قايىلاپ باقسا ،سىلىدەك تۆرەمدىن ئۇننى قاتلايدا.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئورۇق،ئۇزۇن قوللىرىمغا ئانىدىن ئۇخلاپ قالغان بىگىمنىڭ مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىققان بىلەكلىرىگە قاراپ قويدۇم.

-دىمەكچىلىك، سىلىنىڭ بەدەنلىرى ئاجىزراقكىن.ياش ۋوغاندىكىن جىقراق چىنىقىپ بەسە.

يەنە ئويغا چۆكتۈم.شۇنداق مەندە چىنىقىش دىگەن ئاساسەن يوق دىيەرلىك،قاي زامان مەن ئەتىگەن قوپۇپ يۈگۈرۈپ،يەر بىغىرلاپ باقمىغانغا.دىمەك منى ئاسانلا قارا بىسىپ قىلىشى،ئىتتىكلا قوقاغداپ قىلىشىم بىكار ئەمەسكەن دە.

-جىنلىمۇ تىنى ئاجىزراق ئەدەمنى بوزەك قىلامدا؟

-ئۇنى مەن ئۇقمىدىم.لىكىن ئاغزىلىرىنىڭ شامال دارىپ قىلىشى،سىلىنىڭ موھىتقا زادىلا كۆنەلمەسلىكلىرىدىن ھەم زىيادە سوغاقچانلىقلىرىدىن دەپ ئويلايمەن.ئىچىملىكنى ئاز ئىچسە.

توغرا،دىمىسىمۇ مەن سوغۇق ئىچىملىكنى بەك جىق ئىچىمەن.لىكىن ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ بىرقىتىممۇ سوغۇق ئىچىملىك ئىچكەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىدىم.

-سىلىنىڭچە مەن بۇكەسىپكە ماس كىلەمدىكەممە؟

-بەدەنلىرى سەل ماس كەممىدى،لىكىن روھى جەھەتتىن قەبىي ماس كىلدىكەنلا!

ھىم!بۇ ئىنىقلا «سەن پۇل-مالنى دەپ جاننى سەپ بىرىشتىن يانمايدىغىنى،لىكىن مىجەزىڭ بوش» دىگەن گەپقۇ!

-شۇنداما،سىلە تۇغما مۆتىدىل مىجەزلىك،قۇۋۋەتلىك بوغاچقا ھىچنىمە بومايدىكەنلا!ئىگەم سىلىنى مۇشۇندا ئىش قىلىشقىلام يارىتىپتىكىن دە!

-يا ئاندا دىسىلە بەك ئىشىپ كىتىدا،سىلە بىلەن منىڭ پەرقىم شۇكى:مەن سىلىدىن سە قوپاپ،سىلىدىن كىينىرەك ئۇخلايمە،تاماقنى ئوبدان يەپ،چاينى جىقراق ئىچىمە!

-....

نىمە دىيىشمنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالغانىدىن كىيىن يەنە داۋاملىق موھىم سۇئاللىرىمنى سوراشنى داۋام ئەتتىم.

-بىز خوتەنگە يولغا چىققاندا دىيىشكەن كىلىشىم ئەسلىرىدە باما؟

-بوممامتىكى!

-ئاندا ۋوسا،قانداق دىيىشمىز؟

ئەيىندىن نىمە دىمەكچى بولغانلىقىمنى تىزلا سەزدى ۋە يىنىك كۈلۈپ قويدى.

-ژىپ ئۇچى تەمىنلەپ بەگەن ھەقلىرىنى چوقۇم ئالىلا،خىزمەت مەسلىسىنى بۇ قىتىملىق ھەرىكەت ئاياقلاشقاندا دىيىشمىز.

-ۋىيى!مەن سىلىدەك قاۋۇل بوممىسامۇ ئىشقىلىپ ھەقاسىلىرى نەدە بوسىلىرى كەينىلىرىدىن بىللە ژۈگەندىمە؟

-شۇندا.تۆھپىلىرى بوممىسمۇ ئەجىرلىرى با،ئۇنىمۇ ئۇنتۇپ قاممىدۇق.ما ئىشلىدىن بى پۇتىمزنى ئۈزىلى،سىلىنى راۋۇرۇس رازى قىلىمىز.

-ئۇندا بوسىغۇ بەك ياخشى.

مەن تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ يەنە دەرىزە سىرتىگە قارىدىم.چىن كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام مەن ئۇلارغا خىلىلا قايىل ئىدىم.بىگىمنىڭ مىنىڭ ئاغزىمنى ئوگشاپ قويغانىدىن باشقا يەنە،باتۇرلىقى،كەمسۆزلىكى،كۆچلۈكلىكى بەك ياقاتتى.ئەيىندىنىڭ بولسا يۇمۇرىستىك تۈيغۇسى،سىرلىقلىقى،كەڭ قورساقلىقى ھۆرمىتىمنى قوزغايتتى،لىكىن ئاشۇ تاتلىق ئاغزى دائىم سەپرايىمنى قوزغاپ قوياتتى.

ئۇلارنى نىمشقا كەڭ قورساق دەيمەن؟!چۈنكى ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولسام،ماڭا ئوخشاش قەدەمدە بىر پۇتلىشىپ ئۆمىلەپ يۈرىيدىغان،جىنلار كۆرسىلا چاپلىشىۋالىدىغان،قولىدىن ھىچ ئىش كەلمەسنىڭ ئۈستىگە تولا كىسەل بولۇپ قالىدىغان ئادەمنى كۆرگەن بولسام«ماڭ قايىلىسا!سىلە خاپۇماي سايىراق يەگە بىرىپ ئارام ئاغاچ

تۇماملا!سىلىنى بىقىشنى كۆتۈرە ئامىغاندىكىن مەن!» دەپ ئەتىسلا يولغا سىلىۋىتەتتىم!بۇلار نىمىنى ئويلىدىكىن تاك ،ئىشقىلىپ ماڭا ئىزچىل بىرخىل مۇئامىلە قىلىپ كەلدى.
-ئۆزلىرىنى ئاندا تۆۋەن چاغلىمىسا تۆرەم!سىلىمۇ بوش ئەدەم ئەمەس!
ئۆلگۈر ماڭقا بىگىم يەنە جىندەك تۇيۇقسىز سۆزلەپ مىنى چۆچىتىۋەتتى.دائىم مەن ھەقىقى ھىسسىياتىم بويىچە ئىش ئويلانغاندا بۇ ساراڭ ئاشۇنداق ئويلىغىنىمنى بىلىپ قالىدۇ،بىلىپ قالسىغۇ مەيلى،تىخى يۈزۈمگە سالىدۇ،پەقەت كۆنەلمىدىم بۇنداق ئىشلارغا!
-ۋوجووووو!سىلىگە قايدا قەزىم بادۇ دەيمە،سىلە بۇ دۇنياغا مىنى قوقاتقىلىلام كەپتىكەنلا بىگىم!
-ھا....ھا......
ئاشۇنداق باش-ئايىغى يوق سۇئال سوراقلار بىلەن قەشقەرگە كىلىۋالدۇق.مەن ئۇلار بىلەن ئۆگۈنى سەھەر ئەينىدىنىڭ دۇككىنىنىڭ ئالدىدا كۆرىشىدىغان بولۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتىم .....
-بىژنەسەڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭ يانا؟
ئاپام مىنى كۆرۈپ ئالدىمغا كىلىپ باغرىغا باسقاچ چاقچاق قىلدى.
-يا،ژۇقىرىدىن تەستىق ئالدىغان ئىش ۋاكىن،شۇنىڭغا كەگەن،ئۆگۈنلىككە كىتىمەن.
-ۋۇجۇ!سەنما بالام،خىزمەتكە تولۇق چىقماي تۇرۇپ ژۇقىرىدىن خوتەندىن قەشقەگە يۆتكىلىشنى تەستىقلاتقىنى كەلدىڭما!
-ئاھاي.تولا ئىچىمنى سىقمىيە!ھىرىپ كەگەندە قوسىقىڭ ئاچمۇيا دىمەي ئەدەمنى زاڭلىق قىلدىكەنسە!
-ۋيى چىم سىنى زاڭلىق قىپتا!مىنىڭ بالام جۇما سەن ھە،مەيدەڭنى تىك تۇتۇپ ژۇ!
ئاپام تاماققا تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.مەن ياتىدىغان ئۆيگە كىرسەم دادام مىنىڭ كومپيوتىرىمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ

بىرنىمىلەرنى كۆرگىلى تۇرۇپتۇ.ئاساسەن مىنىڭ ياتاق ئۆيۈمگە كىرمەيدىغان،لىكىن كىرىپلا قالسا مېزىمنى چۇۋۇيدىغان دادامنى كۆرۈپ سەل ھودۇقۇپ قالدىم.

-چىژ...چىژلىقما دادو!

-ماندا سالامىلىيكوم دېيىشنى بىلمەمسە سەن؟!چىژلىق،ھە يانا بىژنىمەڭنى ئۇنتۇپ قاپسەنما؟(يوۋ ئاپام بىلەن دېيىشىۋالغاندەك!)

-يا...باشقا ئىش بىلەن كەگەن....

سۆزلىگەچ كارىۋىتىمغا،كومپيۇتېر ئۈستىلىنىڭ ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتىۋالدىم.چۈنكى مەن ھازىرغىچە ئاتا-ئانامنىڭ ئالدىدا تاماكا چېكەلمەيتتىم.ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام بۇرۇن كىرىپ قالغان چاغلىرىدا«يو پانا!سىنى ئاپاڭ خىلى قولىنى ژۇيۇۋىتىپ تاماق بىرىپ بېقىۋاتىتى.ھەجەپ پاكىز چوڭ ۋولاپ قالدىڭغۇ تاڭ!» دەپ قويۇپ،مىنى كاچاتتىن ئۇننى ئۇرغاندىن ئۆتە ھالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى.بۇ قېتىم ئۆيۈمنى پاكىز رەتلەپ قويۇپتۇ،خۇداغا شۈكرى!

-خىزمىتىڭ قايداراق؟كۆنەپ قالدىڭمۇيا؟

-خىلى كۆنەپ قالدىم.

-سەن نىمىش قىلىشقا مەسئۇل بولاۋاتىسەن؟

-مەن...ئاشۇ قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە نازارەتچىلىك قىلىشقا مەسئۇل.

-ۋۇجۇ!ھەجەپ مويىم خىزمەتكە قوياپتا سىنى،ئۇبدان ئىشلە جۇما!

-ماقا.....

-كىچىك ۋاقتىڭدا كىتاپتىن باش كۆتەمەيدىغان بالىتىڭ،ھازىر كومپيۇتىردىن باش كۆتەمەيسە،قايلا سەن نەچچىگە چىگەنلىكىڭنى بىلەمسە؟

كۆڭلۈمگە دادامنىڭ بىرەر نەرسىنى سىزىپ قالغانلىقى كەلدى.

............-

-دۇدىجۇ،ئەمەلىي پۇتبۇل ئويۇنى،قەھرىمانلار بىرلەشمىسى دىگەندەك

قوشغازلا مىگىپ ژۇگەندەك كۆرۈنىدىغان ئويان دىگەننى ماندا قۇرامىغا يەتمىگەن باللا ،باكاچى لالملا ئويىنايدا!

«شۈكرى!شۇ ئىشمىتى!» دىۋالدىم ئىچمدە ئۆزۈمگە.

-ئاھاي...دادا ،مىنىڭ قايدا ئويىۇن ئويىنايدىغانلىقمىنمۇ باشقۇرامسە ئەمدى.

-نىمە؟!بوسىغۇ مەن ئۆلمىگەن بوسام «ئويىنا بالام!مەن با» دەپ قانۇنسىز ئىش قىممىساڭلام كارىم بومماي ژۇسەم بولىتى، لىكىن مەن هامان ئۆلەپ كىتىمەن ،سىنىڭ نىمىشقا مۇشتا ژۇگىنىڭنى سوراپ،كۈزىتىپ بىلەممىگەندىكىن ،مۇشتا كىچىك ئادەتلىرىڭدىن تەكشۈرۈپ بىلىمىسەم بومايدا!

-ماقا مەن ژۇيۇتەي!

-مەن ۋاكالىتەن ژۇيۇپ بولدۇم.سىنى تورغا چىقما دىمەيمەن ،لىكىن قەرت-قىما ئويانلىرىنى ئويىناش ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ،پۇتبۇلنى مەيدانغا چىقىپ رەسمىي ئويىنا ،قوشغاز بىرلەشمىسىنىڭ ئويانلىرىنى ئويىنىغىچە ماندا ياخشى تور كىتاپلىرىنى كۆائىسىڭدە بوسۇن، ساڭا كۆرەش پەقەت خوش ياقمايدىغان مەزمۇنلا دەل سەن ئەڭ ئىهتىياجلىق مەزمۇن!

-تاماقنى ئەچىرىپ بىرەيمۇيا!

ئاپامنىڭ ئاۋازى بىزنى قوزغىمىغان بولسا دادام ماڭا يەنە قانداق تەنبىهلەرنى بىرىپ كىتەتتىكىن تاڭ....

دادام ئۆيدە بار چاغلاردا ئاغىنىلىرىم بىلەن تالادا ،ئۇ چىقىپ كەتكەندە ئۆيدە دىگەندەك بىركۈننى تەس ئۆتكۈزۈپ،ئۆگۈنى خوتەنگە يولغا چىقىۋالدىم.

ئەينىدىنىڭ چىرايى سەل تۈرۈلۈپ قالغان ئىدى .بىگىمدە ھىچقانداق ئۆزگىرىش يوق.

-ئەينىدىن تاغا ،مىجەزلىرى يوقمۇيا؟

-قايدا دەيلا؟

-سەل قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ قاپتا.شۇڭا دەيمە..
-ياق، مىجەزىم شاشقۇ!
-ئۇندا ۋوسا نىمىشقا قاپاقلىرىنى تۈرىۋالىلا؟
-بوسا كۈندە ھىجىيىپ ژۈسەم بولتى،لىكىن مەندە ئاندا خاسىيەت يوقتى.
-....
«بۇ قىرى تازنىڭ كەيپى راس ياخشى ئەمەسكەندە!» دەپ ئويلاپ ئۈنىڭغا ئوشۇق-ئارتۇق گەپ قىلمىدىم.بىردەمدىن كىيىنلا يەنە جىمجىتلىققا چىدىيالمىدىم.ئەينىدىنگە گەپ قىلغۇم كەلمەي،بىگىمگە قارىدىم.ئۇ يەنە ئۇخلاپ قالغان قىياپەتتە ئىدى.ئىچىمدە«ھۇ گوللامچى ئوغرى،سەن ئويغاق!ھىلى مەن بىرنەرسىنى ئويلاپ تۇرغاندىلا تۇيۇقسىز گەپ قىلىپ مىنى قورقىتىۋىتىسەن» دەپ ئويلاپ، ئۈنىڭ ئويغاقلىقىغا تولۇق ھۆكۈم قىلدىم ۋە قەستەن يۇقىرى ئاۋازدا ئۈنىڭدىن سورىدىم.
-بىگىم!سىلىنىڭچە ھىلىقى يىشىللىق قايدا پەيدا بوغاندۇ؟
ئۇ كۆزىنىمۇ ئىچىپ قويماستىن سۇئالىمغا جاۋاپ بەردى.
-ئۇ يەر ئاستىدا چوقۇم سىرىتتىن ھاۋا چىرىدىغان بىژ يەلىرى با ، شۇڭا پەيدا بوغان!
-ئۆزى ئۈنۈپ قاغانمىدۇ يا بىژكىم تىرىغانمىدۇ؟
-مىنىڭچە تەبىي شەكىللەنگەن.
-شۇنچە ھاۋا تولۇق قۇملۇق ئۈستىدە پەيدا بومماي ھەجەپ ئاشتا قۇدۇقنىڭ تىگىدەك يەدە تەبىي شەكىللىنىدىكىنا؟
-ھەجەپ سىلىنىڭ قۇلاقلىرى چاتىراقلىرىغا ئۆسمەي،باشلىرىنىڭ ئىككى چىتىگە ئۆسىدىكىنا؟
-ئاھاي....نەدىكى بىمەنە گەپنى قىلدىكەنلا!
-بىمەنە گەپ ئەمەس.ھەممە ئىشنىڭ قانۇنىيىتى بولىدا.
-ھا...ھا......

بايىدىن بىرى گەپ-سۆزلەرگە ئارىلاشمىغان ئەيندىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.مەن ئوڭايسىزلىنىپ گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدىم.
-سىلىنىڭچە قۇملۇقتا جىن ۋامدۇ؟
-جىن؟!بۇنىڭدا سىلىنىڭ جىن ئاتالغۇسىغا بوغان چۈشەنچىلىرىگە قايلايمىز.
-مىنىڭ دىمەكچى بوغىنىم،ئاشۇ بىز با دەپ ھىكايىلىرىنى ئوقىي ژۈردىغان،دۈمبىسى كاۋاك،چاچلىرى ئۇزۇن،بەتبەشىرە جىننى دەيمە.
-سىلە ئايدا جىننى كۆلىما؟
-ياق،لىكىن بالىقىغا ئىشىنىمە!
-ياخشى.
-نىمە ياخشى؟
-ئىشەنگەنلىرى ياخشى.چۈنكى بەزىدە كىچىدە تالادا ژۈگەنىنىڭ پەقەت پايدىسى يوق.
-ئاھاي...ماندا ئەستايىدىل بى جاۋاپ بەسە!
-دۇنيادا بىز بىلمەيدىغان جانلىق بەك جىق.جىنمۇ شۇنىڭ بىژ تۈرى.
-سىلە كۆگەنما؟
-كۆگەن،دەپبەسەم باكا يانا قوقاغداپ،قارا بىسىپ قالامۇ تۆرەم سىلىنى.
-ھا.....ھا.....
يەنە ئەيندىن تازنىڭ كۈلكە ئاۋازى.
-دەۋەسە،مەن ئايدا گەپنى تولا ئاڭلاپ پىشىپ كەتكەن.ئالدىراپ بىژگەپتىن قوقاپ كەتمەيمە!
-ئەڭ ياخشىسى دىمەي جۇما.باكا مەندىن خاپۇلاپ ژۇمىسە قوقىتىۋەتتى دەپ يانا!
-ۋاي بىگىم،تولا ئىچىمنى سىقماي بىر دەپ باقسا ھە،قوقاپ ئۆلەپ قاسام ئۆزەمگە ھىساپ!

-ماقا ،بەك ئاڭلىغۇلىرى كەپ كەتتى سىلىنىڭ!
بىگىم ھىكايىسىنى باشلىدى.
بىرىنجى ھىكايە:
مەن يېڭى خىزمەتكە چىققان چاغلا.ئىدارىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بىلەن كورلا تەۋەلىكىدىكى بىر خارابىلىققا تەكشۈرەشكە چىقتۇق.ئەدەم كۈچى يېتىشمەي ئاشەدە بىزگە ھاگۇنقىپ قايلاپ تۇغان قىرىق ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ئەدەمنى ھەققنى دىيىشىپ ياللىۋالدۇق.
خارابىلىقنى كولاۋاتىمىز.ھەرخىل مودھىش تەلەت قۇرۇق جەسەتلە ،چىرايى بۇزۇلۇپ كەتكەن جەسەتلە....ئىشقىلىپ بىزنى قوقتىدىغان ھەرخىل سىياقتىكى نەسلە چىقىۋەدى.قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئاز قالغان ئىدى.بىزنى سەل سۈر بىسىپ قولىمىزدىكى ئىشنى توختاتتۇق ،ھېلىقى ئەدەم ھەيران بولۇپ ،بىزدىن سورىدى.
-نىمىشقا توختاپ قالىسىلەر؟
مەن سەل خىجىللىق ھىسسىياتى بىلەن ئۇنىڭغا راس گەپ قىلدىم.
-ماندا گەپ ئاكا.قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى ئەمەسما.شۇڭا سەل قوقاپ قالدۇق.
ئۇ ئەدەم قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.
-نىمىدىن؟ئاشۇ جەسەتلەردىنمۇ؟
-شۇنداق.
-يۈرىكىڭلار بەك كىچىككەن ھە.ئەگەر ئۇنىڭدىن قورقۇنۇچلۇق چىرايىنى كۆرۈپ قالساڭلار قانداق قىلارسىلەر؟
مەن ئۇنىڭ گىپىنى چاقچاق دەپ ئويلاپ ،ئۇنىڭغا چاقچاق قىپتىمەن.
-ھەقانچە قوقۇنۇشلۇق چىراي بوسىمۇ بايامنىڭ ياغى بىز قازغان جەسەتنىڭ چىرايىدەك بولا!ئەمدى قوقمايمىز ھەقاندا چىرايدىن!
ئۇ ئەدەم يەنە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە «مۇنداق چىرايىنى كۆرسەڭلارچۇ؟» دەپلا يۈزىنى بىرلا تارتىپ ،خۇددى رەختتىنى ژىتقانىدەك

ژىتىپ ئېلىۋەتتى!

قان تېمىم تۇغان،ساپسېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ ھەممىمىز ۋاقىراپ قېچىپ كەتتۇق.خېلى ئۇزۇن قاچقاندىن كېيىن ئۆزىمىزنى تۇتىۋېلىپ قولىمىزغا تاش-توقماق ئېلىپ،قول چىراق يېقىپ بايامقى ئورنىمىزغا قاراپ ئاستا يېقىنلاشتۇق.لېكىن ئۇ يەردە ھېچنىمە يوق تۇراتتى.بىز ۋەھىمە ئىچىدە خىزمەت ئەسۋاپلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قايتماقچى بولدۇق.مېڭىۋېتىپ مەن يۇمشاق بىرنەرسىگە دەسسىگەندەك قىلدىم.ئېڭىشىپ قارىسام،مەن دەسسىگەن نەسە ھېلقى ئەدەمنىڭ ژىتىپ تاشلىۋەتكەن يۈزىكەن....

بىگىمنىڭ ھېكايىسى ئاياغلاشقاندىن كېيىن بەدىنىم سەل تىكەنلەشكەندەك بولدى.

-ۋىيى!ئۇ ئەدەممىكىن يا جىنمىكىن؟

-تاگەي.....كېيىن ئۇ قەتتى پەيدا بومىدى.لېكىن مىنى خېلى ئۇزۇنغىچە قارا بېسىپ كەتتى.

-ھە....خېلى قوقىنىشلىقكەن.

-خىلىمىكەن تەخى؟ماقا سىلىگە راۋۇرۇستىن بىژنى دەپ بىرەيما؟

-دەۋەسە قوقماي!بۇندا ھېكايىلىرىنى مەن15 ياش ۋاقتىمدا ئوقۇپ شاما قىلىۋەتكەن.

-ھىم.....

بىگىم دىمىقىنى يىنىك قىقىپ قويۇپ يەنە بىر ھېكايىسىنى باشلىدى .

ياز ۋاقتى.سىلىدەك چاغلىرىمتى .

تۆت-بەش ئاغىنىلە بىلەن دالا سەيلىسىگە سەمەن تەرەپكە چىقتۇق.تازا مەنزىرلىك يەدىن بىژنى تېپىپ ئوتۇراپ گىتتار چېلىشىپ،پىۋا ئىچىپ كەچ ۋوغاننىمۇ سەزمەپتۇق.

بىژچاغدا سىگىم كىلىپ دالدىغا ئۆتەپ ھاجەت قىلىۋاتسام،بىر يوغىون ئاق توشقان بەش مىتىر نىرىسىدا ماڭا قايلاپ تۇرۇپتا.كەمىرىمنى باغلاپ

قارىسام ئۇ يەنە شۇ جايدا ئالدىغا بارسام، سەل يۇگۇرەپ قويۇپ، ماڭا «مەكە، مەكە!» دىگەندەك قىلىپ ئالدى ئوك پۇتىنى شەرەتلەيدۇ. كەيىپچىلىكتە ئارقىسىدىن قوغلاپتىمە. قوغلايمە، قوغلايمە.... ئاز قاغاندا پەقەت تۇتامايمە. «بولدىلا!» دەپ كىتەي دىسەم، ئۇ توشقان جايدا توختاپ يانا مىنى زاڭلىق قىلغاندەك ھىلىقى ھەركىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. يەنە قوغلاپتىمە....

بىژچاغدا ھەممە يە قاراڭغۇ چۇشۇپ يولنى كۆرمەي قالدىم. نەگە كەگەنلىكىمنى بىلەمەي گاڭگىراپ، ئالدى-كەينىمگە سەپسالدىم. ئالدىمدا يىقىنلام بىژيەدە يورۇق كۆرۈندى. باسام ئۇيەردە يوغون بىر سىدە دەرىخى تۇرىدا. ئۇستىدە، ئاستىدا، ئەتراپىدا چاچلىرى گەدەنگە چۇشكەن، پەرەنجىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان غەيرى ئەدەملە بەزمە قىلغىلى تۇرۇپتا. ھىلىقى توشقان ئۇلارنىڭ يىنىدىلا تۇرۇپ مىنى يەنە كىلىشكە شەرەتلىدى. ھىلىقى ئەدەملىنى كۆزىتىپ باقسام، ھىچ ئەدەم سىياقى يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە دەرەخنىڭ ئۇيەر-بۇيەرلىرىدە «لاپ-لاپ» قىلىپ يىشىل، قىزىل ئوت چەمبىرەكلىرى چۇشۇپ-چىقىپ تۇرىدۇ. كۆڭلۇمگە بىژنەسە كىلىپ ئاستا ئارقامغا ياندىم. دەل شۇچاغدا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

-توختا!

بىگىم بۇگەپنى شۇنداق قاتتىق ھەم ئۇرغۇلۇق دىيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا قولۇمنى كاپپىدە تۇتۇپ قويىۋىدى. پۇتۇن زىھنىم بىلەن گەپ ئاڭلاۋاتقان مىنىڭ جىنىم چىقىپ كەتمىدىيۇ ئىشقىلىپ ئۇنىڭدىن باشقا ھەممىسى بولدى. «ۋايجان!!! » دەپ توك تەپكەن ئادەمدەك ئورنۇمدىن ئىتتىك قوپۇپ بىشىم ماشىنىنىڭ ئۇستىگە«توك!» گىدە تىگىپ كۆزۈمدىن ئوت يىنىپ كەتتى، بىشىمدىن مۇشتەك ھۆررەك تىپىپ چىقتى، يۇرىكىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالدى....

-ھا-ھا-ھا!

ئەيىندىن دىگەن قىرى تاز كۈلۈپ تىلىقىپ، ماشىنىنى يولنىڭ چىتىگە

توختىتىپ ،يەنە ئۆزىنى باسالماي كۈلۈپ ئۆپكىسى قېقىلىپ كەتتى!مەن خىلى ئۆزۈۋىدىن كېيىن ئېسىمگە كېلىپ،بېشىنى سىيلاپ بىگىمگە سەت گۆلەيدىم.

-كاللىلىرىنىڭ دەدى ۋاموُيا!نىمدا قىلىلا؟!

-قايدا قېپتىمە؟

-نىمدا ئەدەمنى قوقتىپ!

-ۋۇجۇ!سىلە قوقاپ ئۆتەپ كەتكەن بالىتىلىيا؟

-هە؟!نىمىشقا قولامنى تۇتىلا ئەمىسە؟!

-ها.ها...

-ئاهاي.تولا سەت ھىجايمىسا،ما بىشىمغا قايلىسا ماندا،يىرىلىپ كەتمىگەندۇ؟

بىگىم كۈلكىسىنى بىسىپ بىشىمغا قاراپ قويۇپ بىشىنى چايقىدى.

-سىلىدە راس سەل چاتاق ۋاكىن جىما!

-توۋا...دىمەيمەن،قوقاپ كىتىلا دىسەم،خاپۇلاپ قىستىلا،دىسەم تىخى خاپۇلايلا،قايدا قىپپەسەم بولىدا سىلىگە!

-مەن دىمەكچى،ماندا گەپنى ئاغزىمىزدا قىلىمىز،تۆيۇقسىز ئەدەمنىڭ قولىنى تۇتسا بەك قوقايدىكىن ئەدەم!

-خاپۇمىسا،بۇدا ئەمدى دىمەي!

ئاخىرىنى شۇنچە ئاڭلىغۇم كەلسىمۇ،بۇ ساراڭ بىگىمنىڭ يەنە قانداق قىلىقلارنى چىقىرىشىنى بىلمىگەچكە، يەنە گەپنىڭ تىمىسىنى يۆتكەشكە مەجبۇر بولدۇم.

-سىلىنىڭچە ئۇ يەرنى بىز ئەڭ بۇرۇن بايقىغانىمىدۇق؟

-بىژنەسە دىگىلى بومىايدا،مەتسىلىماخۇنىنىڭ گىپىنى سىلىمۇ ئاڭلىلا.

-ئۇنداقتا ھىلىقى يارمۇھەممەت دىگەن ئەدەم تۇنجى بايقىغان كىشىكەندە؟

-ۋايتاڭ...ھەجەپ بۇنىڭغا قىزىقىپ قاپلىيا؟

-ئەمدى چىم بۇرۇن بىزىيەنى بايقىسا شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدا ئەمەسما،بىزنىڭ ئىسمىمىز بىلەن ئاتالسا دەپ ئويلاپ قالدىم.

-خاھ!قانداراق ئىسىم ئويلاشلا؟

«ئەغزەم تۆرە بوستانلىقى» دېگەن گەپ تىلىمنىڭ ئۇچىغا كەلگەن بولسىمۇ ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتىۋالدىم.

-«تۆرەم بىگىم غوجام» بوستانلىقى!

-بەك ئۇزۇن بولاپ قالدى!

-ئاندا ۋوسا،«ئەغزەم ئەيىندىن بىلال» بوستانلىقى!

-يانا بوممىدى!

-ئۇندا ۋوسا « بىلال ئەغزەم ئەيىندىن » بوستانلىقى!

-نەدە ئۇندا مۇرەككەپ ئىسىم بولىدا؟

مەن ئىسمىنىڭ رەت تەرتىۋىنى نەچچە قېتىم ئۆزگەرتىپ باقتىم.بىگىم يەنىلا ماقۇللىمىدى.مەن جىلە بولۇشقا باشلىدىم.

-سىلى بى دەپباقسا ئەمىسە!

-قۇملۇق!

-ئاھاي!«قۇملۇق!» دەپمۇ بوستانلىققا ئىسىم قويامدا بىزكىم!

-چۈنكى ئۇيەدە تۇنۇگۈن قۇم كۆچەپ ھەممە چىرىش ئېغىزى كۆمۈلەپ كىتىپتا!

-ھە!؟...ئەمىسە بىز نىمىشقا بارىمىز؟

-باشقا ئىشىمىزمۇ با ئەمەسما!

بىگىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ،بىشىمنىڭ ئاغرىقى بىلەن ئۇمۇدسىزلىك قوشۇلۇپ پۇتۇن بەدىنىم بەك بىئارام بولۇپ كەتتى.ئىست......نامىم چىقىدىغان پۇرسەت،سەن يەنە كەتتىڭ!

## 12- باپ قۇملۇق ھەققىدە

مەتسىلىمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق.مەن سالاملىشىشنىڭ ئورنىغا جىددىي ھالدا ئۇنىڭدىن سورىدىم.

-قاچان كۆمۈلەپ كەتتى ئۇ كاما؟

-تۈنۈگۈن چۈشتىن باشلاپ.

-نىمىشقا باكا كۆمۈلەپ كىتىدا؟

-مەن نىم بىلىمىنا ئۇنى تۆرەم!

-كۆمۈلەپ كەتكىچە سىلە قايلاپ تۇلا؟

-خۇدايىم تىوۋا تىۆرەم،مەن قانىداق قىلالايىمەن؟!ئىگەم خالىسا كۆمىتۇ،خالىسا ئاچىتۇ....

-سىلە قاراپ تۇرىتلا،بەسە جايلاپ تۇرىتلا!

مەن ئاچچىقىمنى ئۇنىڭدىن چىقىرىپ خوتەن شىۋىسىدە زەردەم بىلەن ئۇنىڭغا تەنە قىلدىم.ئاڭغىچە ئەيىندىن گەپكە ئارىلاشتى.

-ئاھاي...ما گەپلىرى پەقەت بوممىدى جۇما!نىمە گەپ ئۇ قايلاپ تىۇرىلا دىگەن؟سىلە بوغان بوسىلىرى قوللىرى بىلەن كۆچۈۋاتقان قۇم-بورانىنى توسالايدىغان ئوخشاملا؟سىلىغۇ يامان بالا،ئەدەم قىلالمايدىغان ئىشنىڭ ھەممىنى قىلالايدىغان!

-مەن ئايدا قىلالايمەن دىدىمما؟

-ئۆزلىرى قىلالمايدىغان ئىشنى باشقىلىغا قىلىشنى قىستىمىسا ئۇندا ۋوسا!

-.....

گەپ قىلالماي قالغىنىمنى كۆرگەن مەتسىلىم ماڭا قاراپ «خوپ بولىدى ئەينا» دىگەندەك قىلىپ سەت ھىجىيىپ قويدى.

-بولدى،بولدى!ئۆتەپ كەتىكەن ئىشنى تەگەشمەي،نۆۋەتتىكى ئىشقا كىلىلى!

بىگىمنىڭ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن كايىشتىن،تەنە قىلىشتىن

توختاپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدۇق.ئۇ ئەينىدىنىنى كۆز ئىشارىسى بىلەن سىرىتقا ئىلىپ چىقىپ كەتتى،مىنىڭ شۇنچە چىققۇم كەلگەن بولسىمۇ،ئىناۋەت مەسىلىسىنى ئويلاپ يەنە تۇرۇپ قالدىم.ئۇلار سىرىتتا پاراڭلىشىۋاتاتتى.مەن مەتسىلىم بىلەن يەنە پاراڭغا چۈشتۇم.

-سىلە ئۇ يەنىڭ كۆمۈلەپ كىتىشىنى بىلەمتىلە؟

-بىلىتمە.

-قايدا بىلىلا؟

-....

-گەپ قىلسا دەيمە!

-سىلە قەشقەرنىڭ هاۋاسىنى بىلەملا؟

-بىلمەمتىكى،شۇمۇ گەپما!

-كىنە!دەپباقسا ئەيىندا بوسا!

-«قەشقىرىمنىڭ قىشى ياز،سوغىقى ئەتىياز» ،قىشتا ئاساسەن بەك قا ياغمايدا.بەك سوغاقمۇ بولاپ كەتمەيدا،لىكىن ئەتىياز ۋاقتىدا تولا بوران چىقىپ،توپا يىغىپ هاۋا ياخشى بومىايدا،يامغۇمۇ بەك يىغىپ كەتمەيدا.

-هىم،خو مەنا!بىر ئوبدان بىلىتكەنلا يۇتلىرىنى!

-هەممە ئەدەم بىلىدا ئۇنى،سىلە نىم دىمەكچى!

-مۇشۇ خوتەن دىيارى،ئۇيتوپا كەنتى مىنىڭ يۇرتۇميا ئەينا،قانداق چاغدا قۇم كۆچىتۇ،قانداق چاغدا هاۋا قانداق بولىتۇ،مەنمۇ سىلىدەك تولۇق بىلىتمە!

-هە،ماندا دىسە،دىمەك بۇ تەبىي ئەۋال دەيلى!

-ئەيىنداق.غوجام-بىگىملەرمۇ بىلىتۇ بومىسا!

-نىمە؟!ئۇلا قاندا بىلىدا؟

-مەندىن سورىغانىيا!

-قاچان؟

-ئۇزۇن بولاپ كەتتىيا ئۇنىڭغا!

-هە ،ماندا گەپ با دەيلى ئەسلىدە!

ئىچ-ئىچىمدىن بىرخىل ئاچچىق ئۆرلەپ كەتتى.دىمەك قىرى تاز بىلەن ساراڭ ئىككىسى بۇ يەرنىڭ كۆمۈلەپ كىتىشىنى بىلىدۇ،ئەمما ماڭا دىمىگەن ،بەلكىم ماڭا دىيىشنىڭ زۆرۆرىيتى يوق دەپ ئويلىغان بولىشىمۇ مۇمكىن!ئۇنداقتا مەن نىمىگە ھىساپ؟!مىنى ھىچقانداق پىلانغا قاتمىسا ،ياكى ھىچقانداق مەسلىھەت سالمىسا ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىرموچەنىلىك ئورنۇممۇ يوقكەن مىنىڭ!

ئۇلار قايتىپ كىردى ،مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ تەسلىكتە بېسىپ تۇرۇپ تاماكامنى قاتتىق-قاتتىق شوراپ سىرىتقا چىقىپ كەتتىم.سىرىتتا تۇرۇپ ،بىردىنلا خورلىنىپ قالغاندەك ھىسياتقا كەلدىم.ئويلىغانسىرى ئىچىم تىتىلداپ بىرسىنىڭ چىچىدىن يۇلۇپ تازا ئۇرغۇم كەلدى.

-نىم بوللا تۆرەم؟!ئۆيگە چىرىلى ،مەسلەتلىشىدىغان ئىشۋا!

-خىم!

مەن دىمىقىمنى قىقىپ قويۇپ ،تاماكىدىن يەنە بىرنى تۇتاشتۇرۇپ بىشمنى باشقا ياققا بۇرىۋالدىم.

-ۋۇجۇ!نىم بولاتىمىز!بىژكىم بىژيەلىرىنى چىمدىۋاممىغاندۇ؟

-قىلىشىۋەسە ئايدا مەخپىي مەسلەتلىرىنى!ھامان مەن بىلەن ئالاقىسى بومىغاندىكىن!

-ۋىيى!نىم بولدى دەيمە!ئۆزىچە شامالدا قاغان جۇۋاندەك قىيداپ قاپلىيا؟!يا بىكىم بەكرەك قوقىتىۋىتىپ خاپۇلاپ قالىمۇ؟

-ئاھاي...قويسا ئۇندا قوقاق-پوقاق دىگەننى ،ئۇندا كىچىك بالىنى ئالدايدىغان قۇرۇق گەپلىدىن قوقايدىغان ئەغزەمجان تۆرەم يوق بىژيەدە!

-ئۇندا ۋوسا نىم بوللا!ماندا ئەكىشىدەك گەنجىڭ گەپ قىسا!

ئەينىدىن ئاغزىمنى تاتىلاۋەرگەچكە ، ئاخىرى ئۆزۈمنى تۇتىۋالالماي قالدىم.

-شۇندا ،شۇندا!ھە قاسىلىرى جىڭ ئەكىشى ،مەن ئە كىشى

ئەمەس!ھەقاسىلىرى ئەكىشى بوغانىدىمۇ رەسىمىي ئەكىشىنىڭ ئىسىللىرى!نىمشقا مىنىڭ بەك جىق ئىشلىدىن خەۋرىم يوق؟!نىمشقا دايىم مىنى گوللايسلە؟!مەن سىلەرنىڭ نەزىرىڭلىدا نىمگە يىساپ؟....!

يەنە نىملەرنى دىگەنلىكىمنى بىلمىدىم.بىگىم بىلەن مەتىسلىم بىزنى ئۇرۇشۇپ قالدى دەپ ئويلىدى بولغاي ،ئۆيدىن يۈگۈرەپ چىقىپ بىزگە قاراپ قويۇپ،ئاندىن ئەيىنىدىنگە ئوخشاش مىنىڭ كايىشلىرىمنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى.سۆزلەپ-سۆزلەپ ھىرىپ،گېلىم قۇرۇپ توختاپ قالدىم.مەتسلىم دەل شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئالدىمغا بىر كاسا سۇنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرەپ كەلدى.

-ھاي تۆرەم ھاي!بەك كايىساق بومايتۇ!مانى ئىچسە مانى!

مەن ئۇنىڭ قولىدىكى سۇنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتىم.

-بەك قايىنساق قىزىل كىكىردەك يىرتىلىپ كەتمىدى دىگەندىمۇ،يامان يە يوغىناپ قالىتۇ!

-پۇۋ!

ئۇنىڭ گېپىدىن قاتتىق كۈلگۈم كىلىپ ئاغزىمغا ئىككىنجى قىتىم ئالغان سۇنى پۈركۈپ تاشلىدىم.

-ماڭسا نىرى،ئاھاي....

-ھا...ھا.....

ھەممەيلەن تەڭلا كۈلدۈق.كەيپىياتىممۇ خىلى ياخشىلىنىپ قالدى.ئەمدى سۆزلەش نۆۋىتى ئەيىندىنگە كەلگەن ئىدى.

-ئوبىدان قوساقلىرىنى بوشىتىۋاللا ھە!ئاڭلاپ تۇسا.ھەمىمە ئىشنى سىلىگە دىگەن تەقدىردىمۇ سىلە بەك چۈشىنەممەيلا ھەم ھىچقانىداق مەسلىھەت كۆستەلمەيلا!ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلە قاچان بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاپ،ئورۇنلاشتۇرىشىمىزغا بويسۇنۇپ باققان؟!قۇچقاچ بوسىمۇ قاسساپ سويسۇن دەپ،كەسىپىي ئىشلىغا ھازىرچە سىلىنى ئارىلاشتۇمىدۇققۇ!

ئەيىندىنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا بىگىم سۆز باشلىدى.

-دىسەم-دىمىسەم سىلە ھازىر«ئۇنىدا ۋوسا مىنىڭ بۇيەدە نىم كىرىكىم؟» دەپ ئويلاۋاتىلا!سىلە گەرچە سەل سەپراراق،پالاكەترەك،پۇلغا ئامراقراق بوسىلىرىمۇ،لىكىن تەپەككۇرغا باي،يۇرەكلىك،ئەپۇچان پەزىلەتلىرى بىزگە يىقىپ قالدى.شۇڭا يىتەكلەپ كىتەيلى دەپ قالدۇققۇ؟

بىگىمنىڭ« راق،رەك...» دىگەندەك ئاجىزلاتما سۆپەتلىرى بىلەن مىنى سۆككىنى كۆڭلۇمگە سەل كەلگەن بولسىمۇ،كىيىنكى ماختاشلىرى قۇلىقىمغا مايدەك يىقىپ كەتتى.بولۇپمۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىغىز گىپى ماڭا خىزمەتكە چىقىش ئۇمۇدىنىڭ بارلىقىنى بىلدۇرۇپ قويدى.

-ھە،ماندا دەيلى،مەن تىخى مىنى كىچىك كۆرەپ....

-خۇدايىم تۇۋا دىسە جۇما،سىلىنى كىچىك كۆگىنى بولامدا؟ناملىرى ھەممىمىزدىن چوڭ جىما سىلىنىڭ!

-راس دىتۇ!مەن گادايغىمۇ بىي ئەينىدا ئات قويىپ قويسا بومماتۇ دەيمىنا دادام!

-خا..خا...

-ھىي...ھىي...

-ھا....ھا.....

قىسقا كۈلكىدىن كىيىن ئەينىدىن «خەيىشۇك!ئەمدى نەق گەپكە كىلىمىز» دەپ ھەممەيلەننى تىنىچلاندۇردى .ئۆي ئىچى تىمتاس.ھەممىمىز ئەيىندىن تاغىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغان ئىدۇق.

-شۇندا قىلىپ بىز يىڭى بايقىغان يىشىللىق كۆمۈلەپ كەتتى.چىرىش ئىغىزىمۇ ھەم شۇندا.ئەمدى بىز مەندىكى توغرىلىقىغا بەك ئىشەنىچ قىغىلى بومماي‌دىغان خەرىتىگە ئاساسەن قۇملۇققا ئىچكىرلەپ چىمىسەك بومىدى.لىكىن بىزدە ماندا بىژقانچە مەسىلە با:

1. ھازىر قۇم كۆچىدىغان مەزگىل.شۇڭا ھەر ۋاقىت قۇم كۆچەش ئىھتىماللىقى با.دىمەك قۇملۇقنىڭ ئىچىدە ھىچكىم-ھىچكىمنىڭ ئامانلىقىغا

كاپالەتلىك قىلامىغايدا!(ئۇ بۇگەپنى قىلىپ بولۇپ ماڭا قاراپ قويدى!ھەۋ قېرى تاز!)

2. قۇم كۆچمەيدى دىگەندىمۇ،بىزدە ئىشەنچلىك يول لىنىيىسى بوممىغاچقا،بىكاغا ئاۋارە بولىشىمىز مۇمكىن.ھەتتا يولدىن ئېزىپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن!

3. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال ۋە خەلق رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا،قۇملۇقنىڭ ئىچكىرسىدە بىز ئويلىمىغان ھەرخىل نەرسىلە بولىشى مۇمكىن.ھەرخىل نەسە دىگىنىمىز ژىرىتقۇچ ھايۋان،غەيرى مەخلۇق قاتارلىقلارنى كۆستىدا!(بۇ قېرى يەنە ماڭا قاراپ قويدى،مەن ئۇنى ئىچىمدە يەنە تىللىدىم!)

4. بىز ئەتە يولغا چىقىمىز.ھېچكىمنى زورلىمايمىز،يۇقارقى مەسىللىنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلىگەنلە بوسا بىز بىلەن بىللە باسا بولىدا!گېپىم تۈگىدى!

ئەيىندىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا مەتىسلىم بىرنىمە دىمەكچى بولۇپ،ئاغزىنى ئۆمەللەپ توختاپ قىلىۋىدى،كۆزى ئىتتىك ئەيىندىن تاغا دەرھاللا ئىنكاس قايتۇردى.

-تۆۋەندە بىزنىڭ يەرلىك يولباشلامچىمىز،روھىي تۈرتكىمىز،تىرىك خەرىتىمىز يولداش مەتىسلىم ئەپەندىنى بىزقانچە ئېغىز سۆزلەشكە تەكلىپ ئىتىمىز!

بىگىم پىتىنى ئۆزگەرتمەي تۈرۈپ كۆچەپ چاۋاك چالدى.مەنمۇ مەسخىرە ئارىلاش چاۋاك چىلىپ قويدۇم.بەلكىم مەتىسلىم ئۆمرىدە تۆت ئادەم بار يەردە نۇتۇق سۆزلەپ باقمىغان بولسا كىرەك،بىردىنلا گەدەنلىرىگىچە قىزىرىپ كەتتى.

-قېنى مەتىسلىم ئەپەندى!يولداشلا يانا بىزقېتىم تەكلىپ ئىتىلى!

ئەيىندىن قىرى ئۇنىڭغا بىسىم قىلىپ يەنە بىرنى چاۋاك چالغۇزدى.

-ۋۇججىنەم!مىنى شاڭخو قىلىشمىسا ئەينا!مەن نىمە دىيتمە....

-بىزگە ماندا سەمىمى تەكلىپ-پىكىرلىرى بوسا تاتىنماي دەۋەسە!

-شۇندا قىلىلى، چىم بىلىدۇ مۇشۇ چىكەتىسەك سىلى بىلەن قايتا كۆرىشەلەمدۇق-كۆرۈشەممەمدۇق.

مەن دەسلۈۋىدە ئەينىدىن بىلەن بىگىمنى ئۇنى مازاق قىلىش، چاقچاق قىلىش مەقسىتىدە شۇنداق دەپ قويىدى دەپ ئويلىغان بولسامۇ، بارغانسىرى ئىشنىڭ ئۇنداق ئاددىي ئەمەسلىكىنى ھىس قىلدىم. چۈنكى ئەينىدىنىنىڭ كۆزلىرىدىن بىرخىل ئىنتىزارلىق، بىگىمنىڭ كۆزلىرىدىن بىرخىل قەتئىيلىك، مەتىسلىمنىڭ كۆزىدىن بولسا ئىككىلىنىش مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. مەتىسلىم ئالاھەزەل يېرىم سائەت جىمىپ كەتكەندىن كىيىن، ئاستا گەدىنىنى سىيلاپ قويۇپ سۆز باشلىدى.

-بەگلىرىم ئەتە قانداق ماڭماقچىكىنا؟

-ئاشەدىن ئۇدۇل 30 كىلومىتىرچە مىڭىپ، ئەندىن شىمال تەرەپكە قايلاپ ماڭىمىز، بەلكىم ئاشەدە بىزگە يوغون بىر خارابىيىلىق ئۇچرايدا. شۇيەدە ئىزدىنىپ باقىمىز.

-جۇگۇ-جۇگۇ! ئۇنداق ماڭساڭلا پەقەت بومايتۇ! پەقەت بومايتۇ!

مەتىسلىم ئەينىدىنىنىڭ يول لىنىيىسىنى ئاڭلىغاندىن كىيىن بىردىنلا ھودۇقۇپ كەتتى.

-نىمىشقا بومايدا؟

مەن ھەيران بولۇپ گەپ قىستۇردۇم.

-ئۇنداق ماڭساڭلار ئىتتىك ئىزىپ كىتىسلەر! ئۇ يەر دەل قۇمنىڭ بەك كۆچىتقان يېرىتۇ!

-ئەمىسە قايدا ماڭساق بولىدا؟

-ئارقىمىزغا يىنىپ، كورلا تەۋەلىكىگە يىقىن بىر جايدىن كىرىتمىز!

-ھە، ماندا دەيلى! دىمەك سىلە يولنى بىلىلا؟ بىز بىلەن بىللە بارىلا؟

-ئاپلا.........ھىي..ھىي.....

مەتسلىم ئۆزىنىڭ ئەينەدىن قېرىنىڭ گومپىسىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ھىس قىلىپ ئاغزىنى تۇتۇپ چالا ھىجىيىپ قويدى.مەن ئەينەدىنىڭ زادى نىمە ئۈچۈن مەتسلىمنى گەپكە سالغانلىقىنى ئەمدى تولۇق چۈشەندىم.دىمەك مەتسلىم باشقا كىرىش ئېغىزىنى بىلدۇ!بىلگەندىمۇ ناھايتى ئىنىق بىلدۇ!

-غوجام مىنى گوللاپ خالتىغا چۈشۈردىيا ئەينا ،مىشۇ ئاغزىمىزە....

-قايلىسا مەتسلىماخۇن،راس گەپ قىساق،بىزدە ھىچقاندىاق خەرىتە يوق،سىلە بوممىسلىرى زادى بومعايتى.سىلىنى قىستىمايمىز.بامىسلىرىمۇ مەيلى،لىكىن بىزگە ئىنىق بىر يول نىشانىسى ياكى خەرىتە سىزىپ بەسە!سىلىگە قۇرۇق رەخمەت ئېيتمايمىز!

-ياقەي غوجام،مەن ئۇندا مەقسەتتە دىمەيىتمە.ئەمما ئۇزۇن زامانلار بولۇپ كەتتى،تاپالامدىم-تاپالمامدىم،ئۆزۈممۇ بىرنەرسە دىيەلمەيىتمە.

-بىز ئاۋال ئىگىمىزگە، ئاندىن قاسا سىلىگە تولۇق ئىشىنىمىز!

-مەنمۇ سىلىگە ئىشىنىمە!

-كەمىنە ئەغزەم تۆرىمۇ سىلىگە قەبىي ئىشىنىمە!

-ھىي...ھىي...

-خا...خا...

قىسقا كۈلكىدىن كىيىن ئەينەدىن بىردىنلا ماڭا جىددىي سوئال قويدى.

-ھە تۆرەم ئۆزلىرى قايدا قىلىلا؟

-نىمىنى قايدا قىلىمەن؟

-ئاقا سەپكە مەسئۇل بوغاچ تۇراملا يا بىللە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلاملا؟

-كۆڭەللىرىگە كەمىسە بىللە بارايمىكى!مىنىمۇ دادام ئوغا ۋالا دەپ تاپقان!

-بايامقى گەپلىنى تولۇق ئاڭلىلا؟

-ۋاي ئاڭلىدىم،ئاڭلىدىم،خاتىرجەم بولاشسا،ھەقاسلىرىغا ئۆلۈكۈمنى ئاتىمايمەن!

-جىن بايا ئۈيەدە!

-ئاھاي!تولا ماڭا بۆ-بۆ كۆسەتمىسە مەتسىلىمكا!جىن بوسا سىلە بىرىنجى بولاپ قۈيرۇقلىرىنى خادا قىلىلا،مۈشۈكتەك!

-ھىي..ھىي....كەلتۈرۈۋاللا ھە بىر قىتىم!

-ھا...ھا.......

ھەممىمىز قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتۇق.ئەيىنىدىن خاتىرىسىنى سومكىسىدىن ئىلىپ بىرنىمىلەرنى خاتىرلەپ،بىگىم بىلەن«لازىمەتلىكلىنى ئىلىپ كىلىلى!» دەپ چىقىپ كەتتى.مەتسىلىم «قوشنىمىزنىڭ ئەدىمەتچىلىكى باتۇ!» دەپ نەگىدۇر چىقىپ كەتتى.

مەن ياتاق ئۆيگە كىرىپ ياتقاچ خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم.راست گەپ قىلسام مەن قۇملۇققا ئىچكىرلەپ كىرىشتىن بەك قورقاتتىم.بىكاردىن بىكار قەبرە ئىزدەيمەن دەپ ھاياتىمدىنمۇ ئايرىلىپ قالارمەنمۇ دەپ ئەندىشە قىلاتتىم.لىكىن ھازىر بەل قويىۋەتسەم،ئۇلار قايتىپ كىلىپ مىنى گەپتە چىقىپ ئۆلتۈرىۋەتمەمدۇ؟!ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار نۇرغۇن بايىلىق تىپىپ قىلىشى مۇمكىن! ياق گەپتە ئۆلگەندىن قۇمدا ئۆلەي!ئەگەر خەتەر بولۇپ قالسا قانداق قىلىمەن؟!

1. قۇم كۆچۈپ قالسا،مەتسىلىم نەگە قاچسا مەنمۇ ئۇنىڭغا جوبودەك چاپلىشىپ قاچىمەن.چۈنكى بۇ ئوغرى ئارىمىزدا بۇيەرنى ئەڭ پىششىق بىلىدۇ!

2. ناۋادا بىرەر ياخشى قەدىمىي بويۇم تىپىۋىلىپ قالسام ھەرگىز يىنىمغا سالماي،ماشىنىغا يوشۇرۇپ قويىمەن،شۇنداق قىلسام جىنلار ماڭا ئىيتىشمايدۇ!

3. ھىچنىمە تاپالمىغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىشىمنى تىك تۇتۇپ گەپ قىلالايمەن!

4. كىم بىلىدۇ ئەيىنىدىن بىلەن بىگىم ئۇيەرنى بەش قولدەك بىلەمدۇ تىخى!ئەگەر ماڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا بىگىم يەنە بىرقانداق

قىلىپ داۋالايدۇ!
شۇنداق پىلانلارنى تۈزۈپ ئاخىرى قەتئىي بىرىشنى قارار قىلدىم!
ئەتىسى سەھەر.مېڭىشقا تەييارلىق ھالەتتە تۇرىۋاتىمىز.لېكىن،يولغا چىقىشنىڭ تولۇق تەييارلىقى پۈتۈپ قالغاندا،ئويلىمىغان يەردىن مەتسلىم دىگەن ئوغرى گېپىدىن يېنىۋالدى.
-كىچىنىڭ يارقى چۈشۈم بۇزۇلۇپ تۇرىتۇ ئەينا،مەن بارمايتمە!
-ۋۇجۇ!يانا نىم بالايىزىم بولدى ما ئەدەمگە!كىچىك بالىدەك قىلىق قىممىسا!
-مەتسلىماخۇن!چىڭلىقتۇ؟!نىمدا بىڭ ئۇخلاپ قوپاپلام خوتۇن كىشتەك ۋولاپ قاللا؟
-غەيرى چۈش كۆرەپتىمەنيا كىچىچى!ئەڭ ياخشىسى بارمايلى غوجىلىرىم!
ئەينىدىن بىلەن بىلال شۇنچە گەپ قىلسمۇ مەتسلىم«چۈشۈم بۇزۇلۇپتۇ!» دىگەننى بانا قىلىپ بىرىشتىن يالتىيۋالدى.مىنىڭ نىرۋام ئۆرلەپ ئۆزۈمنى شۇنچە تۇتاي دەپمۇ تۇتالماي قالدىم.
-مەتسلىمكو!قايدا چۈشلىرى بۇزۇلۇپ قاپتا؟!ھەقاندا چۈشلىرى بوسا تەبىرىنى ئۆزەم بىرىمەنغۇ!
ئۇ مىنىڭ چۆجە خورازدەك ھۆرپىيىشمگە پەرۋا قىلماي،يەنە بىشنى چايقاپ تۇرىۋالدى.
-ۋاڭگىدە ئىتىۋتىدىغان ئىش بوسمۇ بى دىمەملا،ماندا-ماندا چۈش دەپ!
-سەخەردە چۈش ئۆرسەك بومايتۇ!
-ماقا!ئاندا ۋوسا ھەممەيلەن چىرىپ بىڭدەم ئۇخلايلى!چۈش ۋوغاندا چۈشلىرىنى دەپبەسە جىما!
مەن ئۇنىڭ بىلەن بوغۇشۇپ قىلىشتىن ئەنسىرەپ ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ،ئىشكىنى قاتتىق يىپىپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم.ئۆزۈمنى

ھەرقانچە بەزلەپمۇ يەنىلا ئويلىغانىسرى ئۈچىم سىقىلىپ 5 مىنۇتمۇ تۇرالماي يەنە يۈگۈرۈپ چىقتىم.
بىگىم يوق تۇراتتى.ئەينىدىن دۇمبىسىنى قىلىۋېلىپ موخۇركا چېكىۋاتقان مەتىسلىمگە قاراپ نىمىلەرنىدۇر خىيال قىلىۋاتاتتى.مەتسلىمگە يەنە بىرنىمە دەي دەپ ئاغزىمنى ئۆمەللىشىمگە ئەينىدىن كاپپىدە ئاغزىمنى تۇتىۋالدى ۋە قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگە«ھاي!تۆرەم!ئانىدا ۋاقىرىساق بومايدا!ئامالىنى بىگىم ئۆزى قىلىدا!» دەپ قويدى.مەن مەتىسلىمگە سەت بىرنى ئالىيىپ قويۇپ،سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.ئۇزاق ئۆتمەي بىگىم يوغان بىر توقماق پۇل،مەخسۇس خەرىتە سىزىشقا ئىشلىتىدىغان قەغەز،قەلەمنى مەتسلىمنىڭ ئالدىغان ئاستا قويدى.ئاندىن ئۇنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى.
-مەتىسلىماخۇن!سىلىنى بىللە بىرىشقا قەتتى قىستىمايمىز.چۈنكى سىلىدە بىزنىڭ ھىچقاندا ھەققىمىز يوق،سىلىدىن قەتتى رەنجىمەيمىز.لىكىن بىزگە ئەسلىرىدە قاغان پىتى بىر يول نىشانىنى سىزىپ بەسە!
-ۋۇجىنەم!بىگىم نىمىش قىلىپ يۈرۈيتىقانتۇ مانا!
-ماۋۇ بىزنىڭ ئازراق كۆڭلىمىز،ھىلىمۇ مىشەگە كەگەنىنىڭ ياغى سىلىنى تولا ئاۋارە قىلىۋەتتۇق،يىتىپ-قوپاش،يىيىش-ئىچىش ھەممىسى سىلىدىن بولدى.خۇدايىم بۇرىسا،ساق-سالامەت قايتىپ كىلەلىسەك سىلىگە يانا ئايرىم رەخمەت ئېيتىمىز!
بىگىم گەپ قىلغاچ پۇلنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.راس گەپ قىلسام بىگىمنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ،مەتىسلىمگە بىزنىڭ ۋارقىراشقا،بىرەر ئىشقا قىستاشقا ھىچقانداق ھەققىمىز يوق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ قالدىم.مەتىسلىم بىگىمنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ،كۆزىنى يۇمۇپ گەدىنىنى ئۇزاق قاشىلىدى.(بەلكىم بۇ ئۇنىڭ ئويلىنىۋاتقانلىقى بولسا

كىرەك).ھەممىمىز سۈكۈتتە ئۈنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇردۇق.

بۇ قېتىم مەتىسلىم ناھايىتى ئۇزاق ئويلاندى.مەن ئاز دىگەندىمۇ سەككىز تال تاماكا چېكىپ بولدۇم.بىر چاغ بولغاندا ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قولىغا قەغەز بىلەن قەلەمنى ئېلىپ،چىرايلىق قاتلاپ بىگىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.بىز ئۇنىڭ نىمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدۇق.

-ھەي....بىگىم مۇندا دىسلىرى مەن بەك خىجالەت بوپ قالىتمە.سىزنىپ بەرسەممۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالمايىتمە،ئۆزۈم باشلاپ باراي!

مەتىسلىمنىڭ قاپقارا چىرايى ماڭا بىردىنلا نۇرلۇنۇپ كەتكەندەك بىلىندى.ئۇ يەنىلا بىزگە تارتىشىپتۇ.تىگىدىن ياخشى ئادەمدە بۇ !مەن ئۇنىڭ يېنىغا بىرىپ قولىنى سىقماقچى بولىۋىدىم،ئۇ ئالدىغا قويۇلغان توقماقنى موككىدە ئېلىپ قوينىغا سالدى.«ھۇ،پۇلغا تويماس،ئۆلگۈر مازار مۇشىكى!» ئىچىمدە ئۇنى قاتتىق تىللىۋەتتىم،بايا نۇرلىنىپ كەتكەندەك بىلىنگەن قاپقارا،قورۇق چىرايى،ماڭا بۇرۇنقىدىنمۇ قارا كۆرۈنۈپ كەتتى....

ماشىنا ئىچى.بۇقېتىم ماشىنىنى بىگىم ھەيدىدى.ئۇنىڭ يېنىدا ئەينىدىن.ئارقا ئورۇندا مەن ۋە مەتىسلىم.بىز ئۆيدىن ئايرىلىپ تاكى يولغا چىققۇچە كۆزۈمنى مەتىسلىمگە مىختەك تىكىپ كەلدىم.ئەمما بۇ قىلىن ئوغرى ھىچ ئىش بولمىغاندەك ماڭا بىزىرىپ قاراپ،توختىماي ھىجىيىپ ئىچىمنى تىخىمۇ سىقىۋەتتى.مەن ئۇنىڭ سەل مۇگىدەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ،ئۇنىڭغا دوق قىلىشقا باشلىدىم.

-مەتىسلىمكوا!ئۇخلاپ قامىسىلىرى بولىتى!ھىلى يانا چۈشلىرى بۇزۇلۇپ،ماشىنىدىن چۈشىتىم دەپ تۇرىۋامىسا يانا!

-ھىي..ھىي..ئەمدى چۈشمەيىتمە.

-ھە..كۆڭەللىرىدە ئويلىغان بىژمىگە ئىرىشىپ بوللا،شۇڭا ھىلىغۇ چۈش كۆرەشكىن،رەسمىي جىنىنىڭ مومىسى كەسىمۇ خىياللىرىغا ئامايلا

ھەقىچان!
-ياقەي تۆرەم!راس يامان چۈش كۆرۈپ قالدىميا مەن!
-ئاھاي...قويسا ئۇندا پايدىنى كۆسە يوقاپ كىتىدىغان قوتا چۈشلىرىنى!
-مەن كۆرگەن چۈشنى تۆرەم كۆرگەن بولسلىرى قاچىتلا ئەينا!
-نەگە قاچىتىم!
-ئۆتكەنكىدەك غۇمۇسسىدە قاشقارغا!
-ھەي...مەن ئۆتكەندە قاچمىغان ئەسلى.....
-ھىي...ھىي....
دۈدۈقلاپ قالغانلىقىمدىن پايدىلىنىپ مەتىسلىم سەت ھىجىيىۋالدى.مەن ئەمدى ئۆتۈپ تىشىپ مۈشۈ ئوغرىنىڭ ئالدىدىمۇ گەپتە تۇتۇلۇپ قالدىم دىسەم!ئىسىت، كىم مىنى ئەينى چاغدا قورقۇنچاقلىق قىلسۇن دەپتىكەن!
-تولا سەت ھىجايماي ئۇيقىلىرنى ئۇخلىسا ئايانغا قايلاپ!
مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشتىن ۋاز كىچىپ بىشىمنى دەرىزە تەرەپكە بۇرىۋالدىم.
-چاقچاق قىلدىميا تۆرەم!خاپا بولمىسا قەتئىي!
-خىم!
نەشتىرىنى تازا سانجىۋىلىپ خاپۇلمىسلا دەپ كەتكىنىنى مازار مۇشىكىنىڭ!مەن ئۇنىڭغا جاۋاپ قايتۇرمىدىم.
-ئەمما چۈش كۆرگىنىم راستۇ.ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيەردە تالاپەتكە ئۇچرىغانلار بەك جىقيا ئەينا!
-مىنى ئالداپ قوقىتمەن دىمىسە!ئۇندا قۇرۇپ خالتىلىرىغا جىق چۈشكەن مەن!
مەتىسلىم جاۋاپ بىرىپ بولغىچە ئەينىدىن سۆز قىستۇرۇپ قالدى.
-تەكلىماكان توغرىسىدا رىۋايەت بەك جىق جىما!مەتىسلىماخۇن راس

دەيدا!

-شۇندا ،مەتسىلىمكامنىڭ گىپى راس، سىلىنىڭمۇ راس، باساقلام مىنى جىن بوغىدا ، شۇنداما!

-نۇرغۇن غەيرى رەسمىي تارىخى ماتىريالار ،خەلقنىڭ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچەپ يۈرگەن رىۋايەتلە ھەرگىز ئاساسسىز ئەمەس.

مەن بىردىنلا ئۇنىڭ گىپىگە قىزىقىپ قالدىم.بىگىم «ئۆھۆ....!» دەپ يۆتىلىپ قويدى.بۇ ئۇنىڭ«قۇلاق مولراسى بولغۇدەك يۈرىكىڭ بارمۇ سىنىڭ» دىگىنى ئىدى.مەن بىشىمنى سىيلاپ قويدۇم.ھىلىقى ئىشىشىق تىخى يانمىغان ئىدى.لىكىن غورۇرۇمنىڭ دەپسەندە بولىشىغا ھەرگىز قاراپ تۇرمايمەن دە!

-نىم بولاتىلا بىگىم؟!ئاللىرى قىچىشىپ كەتتىمۇ يا ماڭا باشقا گەپ باما؟

-يا..تۆرەم، قۇم-توپىدا گىلىم قىچىشىپ قاغان ئوخشايدا!

-ھە...دەۋەسە ئەينىدىن تاغا!ھەقاندا رىۋايەت-ھىكايەت ۋوسا ئاڭلاۋەدۇققۇ!

ئاغزىمدا ئۇنداق دىگىنىم بىلەن كۆزۈمنىڭ قۇيرىقىدا مەتسىلىمگە قاراپ قويدۇم.چۈنكى بۇ ئوغرىنىڭ ئەينىدىن بىلەن بىرلىشىۋىلىپ، ھىكايىگە باشچىلاپ كىرىپ كەتكەن ۋاقتىمدا بىگىمدەك قولۇمنى ياكى بەدىنىمنىڭ باشقا يەرلىرىنى تۇيۇقسىز تۇتۇپ قويۇپ، قورقىتىۋىتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتىم.

ئەينىدىن سۆزىنى باشلىدى.

1. سۆزلەپ بەرگۈچى*** :پاسار.ۋىلايەتلىك تاشيول باش ئوچاستىكىسىدىن.

1970-يىلىنىڭ بىشى.قەشقەر-خوتەن تاش يولىنى ياساشقا چۈشكەن كىشىلەر ئارام ئالىدىغان چاغدا ئىسسققا چىدىماي ئوچۇق گەمە شەكلىدە ئورەك كولاپ، شۇ يەردە ئارام ئالىدۇ.بىركىچىسى گۈرۈلدىگەن ئاۋاز بىلەن

تەڭ يەر جىغىلداپ تىترەپ كېتىدۇ.ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ،ئۆرە-تۆپە بولۇپ ئورەكتىن چىقىشىدۇ.يىراقتىن يوغان بىر سايە ئۇلار تەرەپكە قاراپ تېز سۈرئەتتە كېلىدۇ.

-قۇم بوران؟!

-ماشىنا؟!

-ھايۋاناتلار توپى؟!

كىشىلەر بىر-بىرىگە سوئال قويۇشۇپ تۇرغاندا، ئۇ سايە يېقىنلىشىدۇ.نەدىمۇ بوران ياكى ھايۋان،ماشىنا بولسۇن!ئۇ ناھايىتى يوغان بىر ئادەم،ئېنىقىنى ئېيتقاندا بىر ئايال بولۇپ،ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە ھەممەيلەننىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالىدۇ.چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن5مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، خۇددى رىۋايەتلەردىكى دىۋىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ.ياخشى يېرى شۇكى،ئۇ ئايال كىشىلەرگە چېقىلماستىن ئۇلارغا سۈركىشىپ دېگۈدەك غۇيۇلداپ يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ....

2. سۆزلەپ بەرگۈچى:جاۋ**، ۋىلايەتلىك تاشيول باش ئوچاستىكىسىدىن.

80- يىللارنىڭ بېشى.يول ئاسراش تېخنىكا ئەترىتىنىڭ ئىنژېنېرى جاۋ**،كىشىلەرنىڭ خىزمەتتىنى توختۇتۇپ، يېقىنلا بىر جايدىكى قۇم بارخىنىنى كۆرستىپ بىرنىملەرنى دېيىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىرەيلەننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇ كۆرسەتكەن كىچىك تاغدەك كېلىدىغان قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىدە ئادەم قىياپىتىدە ئولتۇرغان بىرسىمانى بايقايدۇ،دەسلەپتە كۆپچىلىك ئۇنى ھەيكەلمىكىن دەپ پەرەز قىلىشىدۇ،لېكىن ئۇ سىما ئورنىدىن تۇرۇپ،يىراققا قاراپ مېڭىپ،غايىپ بولغاندىن كېيىن كىشىلەر ھەيرانلىقتا ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ قېلىشىدۇ.

3. سۆزلەپ بەرگۈچى:قەشقەر شەھەرلىك ساياھەت ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى*** ئىسھاق.

-90يىللارنىڭ بېشى.ساياھەت ئىدارىسىدىن تەكلىماكانغا ساياھەت قىلىش ئۆمىكىنى باشلاپ ماڭغان ساياھەت ئەترىتى،تەكلىماكانغا تۇتاش كىتىدىغان بىر يىزىنىڭ بۆك-باراقسان ئورمانلىقىدا چىدىر قۇرۇپ ئارام ئالىدۇ.

ئايدىڭ كىچە.ئىسسىققا چىدىمىغان كىشلەر توپ-توپ بولۇپ،چىدىر ئەتراپىدا ھاۋالىنىۋاتقاندا،توساتتىن ئورمانلىقتىن ناھايىتى يوغان بىر ئادەمسىمان مەخلۇق ئاستا مېڭىپ چىقىدۇ.كىشىلەر قورقۇپ «ئالۋاستى!» «ياۋا ئادەم!» دەپ ۋارقىرىشىپ كىتىدۇ.ئۇ گىگانىت ئادەم قاقاھلاپ كۈلۈپ،«مەن ئالۋاستى ئەمەس،ئالۋاستى دىگەن مۇنداق بولىدۇ» دەپلا،يوغان قوللىرىنى ئورمان ئىچىگە تىقىپ،مايمۇنغا ئوخشايدىغان بىرقانچە بەتبەشىرە يۈگلۈق نەرسىدىن تۆت-بەشنى تۇتۇپ كىشلەرنىڭ ئالدىغا دۈەيلەپ كۆرسىتىپ قويۇپ،يەنە ئارقىغا يىنىپ،ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ،قۇملۇق تەرەپتە غايىپ بولىدۇ ....

بىرى-بىرىدىن ئاجايىپ،بىر-بىرىدىن ۋەھىمىلىك رىۋايەت-ھىكايەتلەر مىنى ئۆز قوينىغا ئالدى.شۇندىلا مەن مەمەتئىمىن ھوشۇر ئەپەندىنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» دىگەن رومانىنىڭ خىيالغا ئاساسەنلا يىزىلمىغانلىقىنى جەزىملەشتۇردۇم.

## 13- باپ ئوگۇشسزلىق

شىنجاڭ ۋاقتى سائەت ئىككىلەر ئەتراپىدا ،مەتسلىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن بىز كۆزلىگەن مەنزىلگە كەلدۇق.قۇملۇق.چەكسىز قۇملۇق.ۋەھىمىلىك،سىرلىق قۇملۇق....

-سەن ئىدىڭ بىر سوزۇلغان دەريا ،قۇمغا چۆككەن شانلىق ئىزلىرىڭ،

ئۇل دەريادا بوۋام ئىزناسى،ئىز قوغلىشىپ ئوغۇل-قىزلىرىڭ....

ئەيندىننىڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ بىردىنلا ئىلھاملىرى قوزغىلىپ كەتتى.توۋا...!مەن ئايئاق قارنى،بىپايان دېگىزنى،ياپپېشىل يايلاقلارنى كۆرگەندە ھاياجانلانغان ئادەملەرنى كۆرگەن،لىكىن قۇملۇقنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىدىغان ئادەمنى كۆرمەپتىكەنمەن.مەن ئۈچۈن قۇملۇق بىر قورقۇنۇچلۇق رايون،دېگىز دىيىلگەندىمۇ ئۇ مەن ئۈچۈن ھەرگىز چايكىلار ئۇچۇپ يۈرۈيدىغان،گۈزەل قىزلار يۈگۈرشۈپ يۈرگەن دېگىز ئەمەس،بەلكى خالىغان چاغدا ئادەمنى يالماپ كىتىدىغان ۋەھىمە دېگىزى!

-ئەيندىن تاغا،سىلىنىڭ بىرە ئۇلۇغ بوۋىلىرى قۇملۇقتا يوقاپ كەتكەنمۇ؟

-قايدا دەيلا؟

-قۇمنى كۆسىلىرىلام شائىرلىق كىسەللىرى قوزغۇلۇپ،ھاياجانلىنىپ كىتىدىكەنلا،شۇڭا دەيمىنا.

-شۇندا،مىنىڭ نۇرغۇن شانلىق تارىخلارنى ياراتقان قەدىمكى بوۋىلىرىم،ۋەتەن،خەلقنى دەپ قۇملۇقتا غايىپ بولغان تۆھپىكار بوۋىلىرىم مىشەدە يوقاپ كەتكەن،سىلىنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى ھىندىستاندا بوغان بىلەن،مىنىڭ بارلىق قان-قېرىنداش،ئۇرۇق-تۇققانلىرىمنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئەزىز تۇپراقتا،مۇشۇ ئەزىز ۋەتەندە!

-چىم مىنىڭ ھىندىستاندا تۇققۇنۇم با دەيدا؟!ھىندىستاننىڭ

ئەدەملىرىنى ئەمەس،كىنولىرىنى مەستانە بولاپ كۆگەن ئەدەملىنىڭمۇ ئاغزىغا ئۇغۇم كىلىدۇ جىما يانا دەپ قوياي!

-هە...ماندا دىسە،مەن تىخى بۇ ۋەتەنىدە،بۇ ژۇتتا سىلىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ياشاپ باقمىغان ئوخشايدۇ دەپتىمە تىخى.

- .....

-هىي..هىي..تۆرەمنىڭ تۇققانلىرى كورىيادىمىكىن دەيمەن تىخى!

-سىلە گەپكە ئارىلاشماي ئىشلىرىنى قىلسا!بىژكىم سىلىگە ياغلىق ۋەمەيدا!

مىنىڭ تىلىم تۇتۇلۇپ قالغان پەيتتىن پايدىلىنىپ مەتسلىم يەنە مىنى زاڭلىق ئىتىۋالدى.

-قەنە سىلە دىگەن چىرىش ئىغىزى؟مۇشۇ قۇملۇقمىتى؟تاپان هەققىلىرىنى ئەپ بوغاندىكىن غاچ-غاچ يول باشلىسا هە!سەت هىجىيىپ تۇماي!

-خوش تۆرەم،خوش.بەك تىز خاپولايتىكەنلا ئىدەمدىن!

-يا،مەن خاپۇلىقتىن كىيىن تۇغۇلۇپتىكەنمە،لىكىن بىژقىسىم ئەدەملىنى كۆسەم سەل نىرۋام قوزغىلىپ قالىدا ئاشتا!

-هەرقايسىلىرى جىنىدەك ساقلاپ تۇرۇۋشسىلا،مەن غاچچىدە بىرىپ يولنى جايلىۋىلىپ كىلەي!

مەتسلىم يەنە مەن بىلەن گەپ ئىتىشىشنى خالىماي،خۇددى يۈگۈرگەندەك قىياپەتتە،يورغىلاپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.مەن ئۇنىڭ بۇ قىلىقنى شەخسەن ماڭا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلغانلىقىنى بىلەتتىم.دىگەندەك ئەينىدىن بىلەن بىگىم قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى.مەن ئەتراپىمنى كۆزەتكەن قىياپەتتە تاماكا چىكىشنى باشلىدىم.

ئۇزاق ئۆتمەي مەتسلىم قايتىپ كەلدى ۋە يولنىڭ ئاساسەن توغرا ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ،ماشىنغا چىقتى.ماشىنا يەنە قوزغالدى.

-ئاۋۇ يەردىكى تامدەك نەرسىنى كۆرەشلىما؟ئاشۇ يەرگە قاراپ ماڭىتىمىز!

مەن مەتسلىم كۆرسەتكەن تەرەپتە راستىنلا بىر قارا تامسمان سايىنى كۆردۈم.بىز ئۇ نىشانغا قاراپ ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تىزلەتتۇق.يىرىم سائەتلەردىن كىيىن بىز ئۇ خارابىيلىققا يىتىپ كەلدۇق.مەتسلىم ماشىنىدىن چۈشۈپ يەنە تۆت تەرەپنى كۆزىتىپ بىقىپ، شىمال تەرەپنى كۆرسەتتى.بىگىم ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تىزلىتىپ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق.بىر سائەت.ئىككى سائەت.......بىز خىلى ئۇزۇن مىڭىپمۇ يەنە مەتسلىم دىگەن جاينى تاپالمىدۇق.مەن ئۇسساپ قاغجىراپ،مىگەمدىنمۇ تۈتۈن چىقىپ كەتتى.بىز ئىلىۋالغان سۇمۇ ماشىنىدا ئىسسىپ،ئىلمان بولۇپ قالغاچقا،بىر ئوتلاپ قويۇپ يەنە جايىغا سىلىپ قويدۇم.

-بىژمە بىلمەيدىغان ئەدەم نىمىگە يول باشلىغان؟قۇرۇق چۆگىلىگىنىمىزگە تۆت سائەت بولدى مانا!

-هەجەپ تاپالمىدۇقيا بۇ ئۇۋۋا تەككۈ يولنى....

مەتسلىم راستىنلا يولنى تاپالمىغان ئادەمدەك چاپاقلىرىنى ئۇۋۋىلاپ، يولغا قايتا-قايتا قاراۋاتاتتى.

-مەتسلىماخۇن،سىلە راستىنلا ھىچنىمىنى سەزمىلىما؟

-ۋۇي غوجام،مۇشۇ يول توغرىيتىيا ئەينا.

-مەن يولنىڭ گىپىنى دىمىدىم،سىلە بىرە غەيرىلىك ھىس قىممىلىما دەيمە؟

-ۋاي ئۇز غوجام!مىنى خىجىل قىلماي دىسىلىچۇ نەق گەپنى!

-بىز دەسلەپتە كۆگەن ھىلىقى پۇچۇق تامدىن بۇيەدە نەچچىسى باتى؟

-ئەشۇ بىرسى باتۇ،ھەجەپ سوراپ قالليا بۇنى،ۋوجىنەم....

مەتسلىم ئەينىدىنىنىڭ سۇئالىغا جاۋاپ بىرىۋىتىپ،مەلۇم بىر ئىشنى ھىس قىلغاندەك توختاپ قالدى.

-يول توغرا بوسلام بولدى.سىلە ئارتۇق ئويلىنىپ كەتمىسە!

بىگىممۇ ماشىنىنى توختىتىپ،مەتسلىمگە تەسەللى بەردى.مەن ئىسسىقتىن يىرىلىپ كىتەي دەپ قالغاچقىمىكىن ياكى يولنى

تاپالمىغاچقىمىكىن،ئەيتاۋۇر كەيپىم بەك ناچارلىشىپ كەتتى.
-نېمە ئام-پامنىڭ گېپىنى قىلىشىمىز؟مەتسىلىمكام يولنى بىلمەيدىغان هالىغا بىزنى باكاغا چۈگىلىتىپ بۇ قۇملۇقتا!
-مەتسىلىماخۇن بىلەن ئالاقىسى يوق بۇ ئىشنىڭ....
بىگىم كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ ماڭا چۈشەنچە بەردى.هىم!مەتسىلىم بىلەن ئالاقىسى يوقمىش!ئۇنداقتا مەن بىلەن ئالاقىسى باركەندە!
-سىلىنىڭچە قايدا قىساق ۋولا؟
-مېنى تولا زاڭلىق ئەتمىسە بىگىم.سىلە مەندىن ئۇستا بۇندا ئىشلىغا!
-ئۆزلىرىنى ئۇندا كەمتەر تۇتىۋامىسا دەيمە.
ئىككى ساراڭ مېنىڭ كەيپىياتىم بىلەن كارى بولماي،ئۆزئارا هۆسىل قىلىشىۋاتاتتى.
-ئاهاي...ئىككىلىرىگە ئىسسىق ئۆتەپ قامىغاندۇ؟ما يولنىڭ غېمىنى قىلىشسا دەيمە!
-بەگ-غوجىلىرىم يولنىڭ غېمىنى قىلىشىۋاتىدىيا ئەينا!
مەتسىلىم ئۇلارنىڭ ئورنىدا خالىسانە جاۋاپ قايتۇردى.مېنىڭ جۇدۇنۇم يەنە ئۆرلەپ كەتتى.
-رەخمەت،يۈزمىڭ رەخمەت سىلىگە.جاپا چەكلە!ياغلىق ئىلىۋاماپتىكەممە،بوممىسا بويانلىرىغا چىگىپ قويىتىم!
-بىز ئىزنىقۇغا ئۇچراپ قاپتۇك!
مەتسىلىم مېنىڭ تەنە گەپلىرىمنى پەرۋايىغا ئالماي قىلغان ئەڭ ئاخىرقى سۆزى مېنىڭ مىڭەمگە بومبا تاشلىغاندەك سىزىم پەيدا قىلدى.دېمەك بىز قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىدا ئىزنىقۇغا ئۇچراپ قاپتۇق!يا كىتەلمەيمىز يا يولنى تاپالمايمىز،ماشىنىنىڭ مېيى تۈگەيدۇ،سۇمۇ تۈگەيدۇ،شۇنىڭ بىلەن بىز ئەينىدىنىڭ ئۆلۈغ بوۋىسىنى ئىزدەپ قىينالماي،ئۇدۇل قىشىغلا بارىمىز....!
پۈتۈن بەدىنىم لەسسىدە بوشۇشۇپ كەتتى.مەن ھېچنىمىگە ئىرىشمەي

تۇرۇپلا مۇشۇ تونۇردەك قىززىق قۇملۇق ئىچىدە بىر ئەينۇ تاز،بىر ساراڭ،بىر مازار ئوغرىسى بىلەن ئۆلۈپ كىتەرمەنمۇ؟تىخى تىوي قىلماي تۇرۇپ!

مىنىڭ قۇملۇقتا سالپىيىپ ئولتۇرۇپ قالغىنىمنى كۆرگەن بىگىم يىنىمغا كەلدى.ۋە يوغان قوللىرى بىلەن پىشانەمنى تۇتۇپ قويدى.

-تۆرەم نىم بوللا؟ئىسسىق ئۆتەپ قاممىغاندۇ؟

-بىز ئەمدى قايدا قىلىمىز؟مىشەدە ئۆلۈپ قالىدىغان بولدۇق!

مەن ئۇنىڭ سۇئالىغا جاۋاپ بەرمەي،ھازىرلا يىغلاپ تاشلايدىغاندەك ئاۋازدا ئۆز-ئۆزۈمگە سۆزلىدىم.

-ھا...ھا.........

بىگىمنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى مىنى ئازاپ دىگىزىغا تىخىمۇ چوڭقۇر تاشلىدى.مانا،بىگىم رەسمىي ساراڭ بولۇپتۇ،جىنىنى قوغداش بىلەن بولماي تىخى كۈلىۋاتقىنىنى!

-مۇشۇنچىلىك ئىشلىغىمۇ ياقىلىرىنى ژىتىپ،خوتۇن كىشىتەك سولىشىپ كىتىدىكەنلا!قوپسا ماندا ئە كىشىدەك!

-تۆرەم بەك قوقاپ كىتىپتا،توغرا چۈشىنىلى،تۆرەم قوقمىسا ئەندىن ئۇنىگدىن ئەنسىرىسەك توغرا بولىدا.

ئىككىسىنىڭ تەنىلىرى مىنى يەنە غورور سەھنىسگە قايتۇرۇپ كەلدى.

-نىم دىمەكچى ھەقاسىلىرى؟مەن دايىم قوقاپ ژۈسەم ئەندىن توغرا،ياخشى بولىدا.مەنلام شۇندا قوقانچاق،ھەقاسىلىرى بەك يامان،چىن تۆمۈ باتۇر،خاسيەتلىك ئەدەم بىلاك!

-خا!خا....!

-ھىي...ھىي...

-ھا..ھا..

ئۇلار تەگلا كۈلۈپ كەتتى.مىنىڭ پۈتۈن بەدىنىم ئاۋال ئوتتەك قىززىدى،ئاندىن تىترىدى،ئاندىن مۇشتلىرىم تۈگۈلدى.

-يامان يېرىم ئېچىلىپ قاممىغاندۇ؟ئىمدا شامال سوققان پو كۆتەكتەك ھېجىيىشلا؟باكا بىرسىلىرىنى بىرنىمە قىلىۋېتىمەن جىما!

بىگىم كۆلكىسىنى تەستە توختىتىپ،ئالدىمغا مەغرۇر مېڭىپ كەلدى.ئۇنىڭ 1.90 غا يېقىنلىشىپ قالغان بويى،شىۋاشىڭگېرنىڭ نەۋرە ئىنىسىنىڭ توققىنىنىڭ خوشنىسىنىڭ مۇسكۇلىدەك بۆرتۇپ چىققان مۇسكۇلى،بازغاندەك يوغان مۇشتلىرىنى كۆرۈپ سەل قورقۇپ قالدىم.شۇنداقتىمۇ مۇشتۇمۇمنى تۈگكەن ھالىتىمنى ساقلاپ تۇردۇم.شۈكرى!ئۇ مەن بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلمەپتۇ!

-ئاھاي،تۆرەم!سىلە كىچىك بالا ئەمەس جىما!ھەجەپ شىتتىك ئىشتان سالدىكەنلا بىر ئىشقا!بۇنداق ئىزىتقۇ ھادىسىسى قۇملۇقتا،دېڭىزدا كۆپ كۆرۈلىدىغان نورمال ھادىسە،بولاپمۇ ئىسسىق موھىتتا!سىلە فىزىكا ئوقۇغانمۇ يا؟

-دىمەك سىلە بۇيەدىن چىقالايمىز دىمەكچىما؟

-خاتىرجەم بوسا!

-قاندا چىكتىشنىڭ يولىنى دەپ بەسە،ئەندىن تولۇق خاتىرجەم بولاي جىما!

-ماقا،سىلىنىڭ چىرايلىرىدىنلام فىزىكىنى پەقەت چۈشۈنمەيدىغانلىقلىرى چىقىپ تۇرىدا،سىلىگە ئەڭ ياخشىسى ئاددىيراق چۈشەندۈرۈپ قوياي.ئالىملار ماندا تەجرىبە ئىشلىگەن.ئوتتۇز ئادەمنىڭ كۆزىنى تېڭىپ قوياپ،ئۇلانى چوڭ بىر مەيداندىن چىكتىشنى تەلەپ قىلغان،لېكىن ئۇلىنىڭ ھېچقاسى چىقالمىغان.

-نىمىشقا؟

-چۈنكى ئۇلار بىردەك چوڭ چەمبە شەكلىدە ئايلىنىۋەگەن.

-نىمىشقا شۇندا قىلىدا؟

-ئۇلارنىڭ ئۆزى چەمبەرنى ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلالمايدا،بەلكى ئۆزىنى«تۈز مېڭىۋاتىمەن» دەپ ئويلايدا.بۇ ھادىسىنى بىز....

-ۋاي بىگىم بولدى قىسا ئەمدى.ھاۋا بەك ئىسسىپ كېتىپ بارىدا.ماشىنىغا چىقىپ پاراڭلىشىڭلا!

ئەينىدىن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ،بىزنى ماشىنىغا چىقىشقا ئالدىراتتى.يۈرىكىم جايىغا چۈشتى.نىمىشقىمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە فىزىكا دەرسىنى ياخشىراق ئوقۇمىغان بولغىيتىم؟لېكىن قانچە ئەسلەپمۇ،مەن ئوقۇغان چاغدا بىزگە فىزىكا بىرىدىغان مۇئەللىمنىڭ قۇملۇقتىكى ئېزىتقۇ ھادىسىسى توغرىسىدا سۆزلىگەنلىكىنى ئىسمىگە ئالالمىدىم.يەنە ئېغىزىم قىچىشىپ بىگىمدىن سوئال سورىدىم.

-قاندا چىكىتىمىز بۇيەدىن؟

-دىسەممۇ سىلە بىلمەيلا،بىلسىلىرىمۇ چىكىتەممەيلا.شۇڭا گەپنى ئاز قىلىپ ئارام ئاغاچ تۇسا.ھاۋا سەل يانسۇن.سىلە ماشىنىدا ئوتتۇراپلام بەسلىرى چىكىتىمىز.

مەن ئۇنىڭغا قانداق گەپ تېپىپ بىرىشنى بىلمەي پۇقۇسلىغاندەك ئۆرۈلۈپلا ماشىنىغا چىقىپ كەتتىم.باشقىلارمۇ ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇرۇشتى.بىگىم ماشىنىنىڭ ھاۋا تەڭشىگۈچىنى ئاچتى.غۇرۇلداپ كەلگەن سوغۇق ھاۋا ئېقىمى ماڭا شۇنداق يىقىپ كەتتى.ماشىنىدا ئەينىدىن بىلەن مەتسىلىمنىڭ چىرايىغىمۇ قارىمىدىم.چۈنكى دىسەم-دىمىسەم ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە مىنى پارچىلىۋەتكۈدەك مازاق نۇرلىرى چاقناپ تۇرىشى ئېنىق!

ئۆزۈمنى ئۇيقۇغا زورلىدىم،ئىسسىقتىن ھالسىراپ كەتتىممۇ ياكى زىيادە قورقۇپ ئەسلىمگە كەلگەننىڭ سەۋەبىدىنمۇ ئىشقىلىپ تىزلا ئۇخلاپ قالدىم.مەن كۆزۈمنى ئاچقاندا بىز مەتسىلىمنىڭ ئۆيىگە ماڭىدىغان چىغىر يول بويىغا كىلىپ بولغان ئىكەنمىز.شۈكرى!مەن راستىنلا ئارتۇق ئەنسىرەپ كىتىپتىمەن.مەتسىلىمنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە مىنىڭ ئۇلاردىن قانداق چىقىپ كىتەلىگىنىمىزنى شۇنچە سورىغۇم كەلگەن بولسىمۇ،ئوڭايسىزلىنىپ سورىيالماي،قانغۇدەك سۇ ئىچىۋالغاندىن كىيىن

يەنە خىيال بىلەن ئۇخلاپ قالدىم.

ئەتىسى بىز يەنە ئاشۇ جايغا كېلىپ توختىدۇق.ئەتىگەنلىك ناشتىدا بولۇنغان گەپ-سۆزلەر،مازاقلار مىنى يەرگە تۆت پۇكلەپ تىقىۋەتكەچكە،يول بويى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم.مەتسىلىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن بىز خېلى ئۇزۇن ئاۋارە بولۇپ، ئاخىرى چوڭ-كىچىك بارخانلار ئارىسىدا دىققەت قىلمىسا بىلگىلى بولمايدىغان بىر كىرىش ئېغىزىنى تاپتۇق.

-مىشە ئىنىق شۇمۇ؟

-خۇدايىم بۇيرىسا مۇشە دەل شۇيا ئەينا!

-قايدا چىرىمىز؟

-بۇرۇن بىر كىرىش ئېغىز بولىتقان.ھازىر جىق يەرلىرى كۆمۈلۈپ كىتىپتۇ.لىكىن يەنىلا كىرىشنىڭ ئامالى باتۇ!

-ھە!

ئەينىدىن ئۇنىڭغا «مەرھەمەت!» دىگەنىدەك قول ئىشارىسى قىلدى.مەتسىلىم بارخانلارنىڭ ئۇستىدە ئۆمىلەپ يۇرۇپ ئۆزى بىلىدىغان كىرىش ئېغىزىنى تېپىشقا تۇتۇش قىلدى.مەن سوكۇت ھالىتىدە تاماكامنى چىكىپ ئۇنىڭ ھەركىتىگە دىققەت قىلدىم.ئەينىدىن يەنىلا سۇرەتكە تارتىش،خاتىرە يېزىش ئىشلىرى بىلەن،بىگىم بولسا ئېگىز بىر بارخانىڭ ئۇستىگە چىقىپ يىراقنى كۆزىتىۋاتاتتى.

-مانە،مانە، بەگ-غوجىلىرىم!كىلىشىسىلە مۇندا!

بىز يۇگۇرۇپ دىگۇدەك مەتسىلىمنىڭ يېنىغا كەلدۇق.مەتسىلىم بىر بارخاندىن ئادەم تەسرەك پاتقۇدەك بىر ئېغىز ئاچقان ئىدى.بىگىم ئۇيەرگە ئاۋال قولىنى سىلىپ باقتى،ئاندىن بېشىنى تىقىپ قول چىراق بىلەن كۆزەتتى.بىردەمدىن كىيىن بىزنىڭ يېنىمىزغا يېنىپ كەلدى.

-ئىچىغۇ بەك چوڭقۇ ئەمەسكەن.لىكىن ھاۋاسىدا سەل مەسىلە بادەك قىلىدا!

-سىلىنىڭچە قايدا قىلىمىز؟

-بۇيەنى يامان تەستە تاپتۇق.ھازىر چىمىسەك يانا تاپامىاي قالامىزمىكىن دەيمە،لىكىن چىرەيلى دىسەك سەل چاتاق ۋادەك تۇرىدا!

-قايدا چاتاق ۋاكىن؟

مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي،بۇگۇنگە تەۋە تۇنجى سۆزۈمنى قىلدىم.

-ۋوي!تۆرەم سىلىنىڭ ئۇنلىرى پۇتۇپ قامىغانىمتى ئەسلى؟مەن تىخى ئۇنى پۇتۇپ قاغاچقا،زۇماتاڭ چىشلىگەن ئەدەمدەك ئوتتاغان چىغى دەپتىمە!

-ۋۇجىنەم تۆرەم!سىلە بارمتىلە باياملەدىن بىرى؟مەن تىخى سىلىنى ئۆيدە قالغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن ئەينا!

-تۆرەم سۇكۇتنى ياخشى كۆرىدا ئەمەسما ئەزەلدىن....

-ئاھاي،بولدى قىلشسا ئەمدى،تولا ئىچىمنى سىقماي!بىر كىتىمە باكا ھەممىنى ھەقاسلىرىغا تاشلاپ بىرىپ!گەپ قىممىسام گاچىكىن،كىچىك تۇسام باچكىكىن دەپقاغانما؟ھە دەپ بەسەم ئەتىگەنمۇ زەھەرلىرىنى سانجىشلا،ھازىرمۇ ئاغزىلىرىدىن پوق تامدۇرۇشۇپ قاۋىشلا!

-چاقچاق،چاقچاق تۆرەم!يۇمۇرىستىك تۇيغۇلىرى نەكەتتى سىلىنىڭ؟خاپۇممىسا دەيمە!

-بىزمۇ سىلىنىڭ كەيپىياتلىرىنى ئوڭشاپ قويىلى دەپ شۇندا دەپ قوياتىمىز،كۆڭەللىرىگە ئامىسا!

-ۋوي تۆرەم.سىلە دىگەن باچكا ئەمەس،رەسمىي قانات قۇيرىقى يىتىلگەن موللاقچى كەپتەيا ئەينا!

-ھا-ھا-ھا......

مەنمۇ مەتىسلىمنىڭ گىپىدىن كۇلۇپ تاشلىدىم.ھەر ھالدا ئۇلارنى مەندىن كەچۇرۇم سوراتتىم.ئەتىگەندىن بىرى تاش چىشلىۋالغان ئادەمدەك سۇكۇت قىلىشىم ئۇنۇمگە ئېرىشتى.كەيپىياتىمۇ ياخشىلىنىشقا باشلىدى.مەتىسلىم مىنىڭ سۇئالىمنىڭ ئاخىرىنى سوراپ بەردى.

-بۇ يەنىڭ ھاۋاسىدا چاتاق بارمىكىن بىگىم؟
-ياق،ھاۋاسىغۇ چوڭ مەسىلە ئەمەس،لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە ئىسسىق-سوغۇق ھاۋا ئېقىمى تەڭلا مەۋجۇتكەن!
«ئىسسىق-سوغۇق ھاۋا ئېقىمى تەڭلا مەۋجۇت!» ،بۇ دېگەن شامال دېگەنلىككقۇ؟!مۇشۇ مازارنىڭ تىگىدە بوران چىقىۋاتقانمىدۇ؟ياكى نەچچە كۈن ئالدىدا ھىلىقى يىشىلىقنى كۆمۈۋەتكەن بوران مۇشۇ تۆشۈكتىن يەر ئاستىغا كىرىپ كەتكەنمىدۇ؟...ئەقلىم يەتمەيلا قالدى.
-سىلىنىڭچە مۇشۇ كامانىڭ تىگىدە قۇيۇن چىقىۋاتقانمىدۇ؟
-ۋۇجۇ!خىلى ئىلگىرلەش ۋا جىما تۆرەم سىلىدە!
-ياقەي.باشلانغۇچتا خانىم دەسنى ياخشى ئۆتەپتىكىن،«تەبىيەت» دەپ بىژ دەسنى يامان ئەمەس ئۆگىنىپتىكەنمە!
-دىمىسىمۇ بىژقايلاپلام سىلىنىڭ باشلانغۇچتا ياخشى ئوقۇغان بالا ئىكەنلىكىرىنى بىلگىلى بولىدا!
-ۋۇي!ھەجەپ ئىلىملىرى زىيادىكىنا سىلىنىڭ تۆرەم!
ئۆزەمنى قىلچىلىك ماختاپ قويغىنىمغا ئۇلار تۇشمۇتۇشتىن بومبا تاشلاپ مىنى غىققىدە تويغۇزۇپ قويدى.مەن ئۇلاردىن يىراقراق يەرگە بىرىپ تاماكىدىن يەنە بىرنى تۇتاشتۇردۇم.ئەيندىن بىلەن بىگىم خىلى ئۇزاق مەسلىھەتلىشىپمۇ بىر قارارغا كىلەلمىدى.مەتسىلىم بىر چەتتە موخۇركىسىنى چىشلەپ خىيالغا پاتقان ئىدى.كىيىن ئۇلار مىنى چاقىرىپ قارارنى يەتكۈزدى.
1. ئاۋال بىگىم چۈشۈپ ئەھۋال ئىگەللەيدۇ.قالغانلار سىرتتا خەۋەر كۈتىمىز.
2. بىگىم ئەھۋالنى ئىنىقلاپ چىققاندىن كىيىن ئەيندىن ۋە مەتسىلىم كىرىدۇ.
3. مەن باشتىن-ئاياق ئاتالمىش«ئارقا سەپ خىزمىتى » گە مەسئۇل بولغاچ تۇرىمەن.

4. ئۇلار ئۇزاققىچە چىقمىسا،مەن ماشىنىغا قايتىپ،ئىشكىنى چىڭ تاقاپ ئارام ئالغاچ ساقلايمەن.

5. ئەگەر ئۇلار تېخىمۇ ئۇزاققىچە چىقمىسا،مەن ئامال قىلىپ ماشىنىنى ئىلىپ بۇ يەردىن ئايرىلىمەن.

«تۇفى!ھۇ ھارامزادە ئەيىندىن تاز!مىنىمۇ ئاپام ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان!بايىلىق ماكانىنى ئاران تاپقاندا ھەرقايسىڭ كىرىسەنۇ،ماڭا قۇرۇق بۆبۆ كۆرسىتىپ،مىنى تالادا قويىشىسەن!ئۇندا ئەخمەق تۆرەم يوق!ھەرقايسىڭنىڭ كەيىندە يۈرۈپ ئاز زۇلۇم تارتمىدىم مەن!» ئىچىمدە قاتتىق غەزەپلىنىپ،ئەيىندىننىڭ قارارىغا قارشى تۇردۇم.

-خاپۇممىسىلىرى مەنمۇ چىرەيمىكى ئىچىگە!ھەقانچە ئىبلىس-دىۋىلىننىڭ ئۇۋىسى بوسىمۇ!

-بىز سىلىنى ئويلاپ ئاشتا دەتىمىز!

-رەخمەت!مىنى ئاقا سەپكە تۇغمىغان ئانام!مەنمۇ ئالدىنقى سەپكە چىقىپ بىژنىمە ئىزدەپ باقايمىكى!

ئەيىندىن يەنە چۈشەندۈرمەكچى بولىۋىدى،بىگىم ئۇنى توسۇپ قويدى.

-تۆرەم،سىلە راس چىرىلا؟

-شۇندا!

-ماقا!مۇراد-مەقسەتلىرىگە بىر يەتكۈزۈپ قوياي ئەمىسە،لىكىن بۇيەنىڭ تىگىدە قايدا ئەۋاللا با،بىزگە قاراڭغۇ،شۇڭا بىزنىڭ كۆرسەتمىمىز بويىچە ئىش قىلالا!

-ماقا!

مەن بۇيەرگە كىرىشتىن بۇرۇنقى پىلانلىرىمنى بىرقاتار ئەسلىۋەتكەندىن كىيىن قەتئىي كىرىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۇم.بىگىم ھىچقانداق نەرسىگە ئۆزىنى مۇقىملاشتۇرمايلا ئۇ كامارغا كىرىپ كەتتى.مەن يەنە ئۇنى ساقلاپ ئۇخلاپ قالىمەن ھەقىچان دەپ ئويلىغان

ئىدىم ،لېكىن بۇقېتىم ئۇ ناھايىتى تېزلا قايتىپ چىققتى.بىز گۇررىدە ئۇنىڭ يېنىغا ئولاشتۇق.

-بەك ئىچكىرلەپ چىرەممىدىم.تازا خاتىرجەم بولاممىدىم.

مەن ئۇنىڭدىن «ئىچىدە نېم باكىن؟» دەپ سوراشقا تەمشەلگەندە ئۇنىڭ سۆزى مېنى توسۇپ قويدى.

-ئەينى چاغدا سىلە چىگەندە تىگە قايدىراقتى؟

-مەن كىرگەندە ھېچقاندىاق ئىش بولمىغان.ئەمما شۇچاغدىمۇ «ۋىي..ۋىي..» قىلىپ چىرقىرىغان ئاۋازلاردىن تىنىم شۈركىنىپ كەتكەن.

-ھىم...كېيىنچۇ؟

-كېيىن....كېيىن مەن ھېچنىمە ئالالماي يېنىپ چىققان.

-يالغۇز چىگەنما؟

-ياقەي غوجام،مەندە نادا ئۇنداق يۈرەك با دىتۇ!ئۇچىمىز كىرگەن!

-ئىچىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئەسلىيەلەملا؟

-كىنە...ئويلاپ باقاي.

مەتىسلىم دىگەن ئوغرى يەنە كۆزىنى يۇمۇپ،گەدىنىنى قاشلاپ «ئويلىنىش» ھالىتىگە كىردى.مەن ئۇنىڭ راستىنلا ئويلىنىۋاتقانلىقىغا ئىشەنمىدىم.ھەم بۇندىن كېيىنمۇ بۇ ئوغرىغا قەتئىي ئىشەنمەسلىكنى قارار قىلغان ئىدىم.

-بىرقانچە ئۆيلەر تۇغاندەك قىلغان،قايسى ئۆيگە كىرگەنلىكىم تازا ئىنىق ئىسىمدە يوق،ئىشقىلىپ بىرسىدىن«ۋىي...ۋىي...» قىلىپ ئاۋاز چىقىپ تۇرىتۇ.

ئۇ بۇگەپنى قىلغاچ«ۋىي..ۋىي...» دىگەن چاغدا ماڭا قاراپ قويدى.«ھۇ مازار مۇشىكى!سېنىڭ مازاردىكى ئاسلانلىرىڭ ئاشۇنداق چىرقىرىغاندۇ!مېنى قورقىتمەن دىمە!» مەن ئىچىمدە شۇنداق دىگەچ ئۇنىڭغا مەغرۇر قاراپ قويدۇم.

-ھىم.بولدى.ئاندا ۋوسا مەن يەنە بىرقېتىم چۈپ باقاي،سىلە بىللە

چۈشەملا؟

-مەن..ھىي...

مەتسىلىم چالا ھىجىيىپ،يا ياق يا ماقۇل دىمىدى.بىگىم ئۇنىڭ جاۋاپ بېرىشىنى ئۇزاق كۈتمەيلا يەنە كامارغا قاراپ ماڭدى.

-توختىسا بىگىم!مەن بىر چۈشەي سىللى بىلەن!

مەن مەردانە قەدەم تاشلاپ بىگىمگە يىقىنلاشتىم.ئۇنىڭ كۆزلىرى بىرقىتىم نۇرلىنىپ يەنە ئەسلىگە كەلدى.

-رەخمەت تۆرەم!گەپلىرىنى ئاڭلاپ شۇندا خوش ۋولدۇم.بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ،يانىلام ئۆزەم چۈپ باقاي!

بىگىمنىڭ بۇ قىتىمقى سۆزلىرىدىن قىلچە باشقىچە مەقسەت ھىس قىلالمىدىم.

-ھاي تۆرەم ھاي!مەنمۇ چۈشىتمە!

مىنىڭ باتۇرلىقىمغا چىدىيالماي قالغان بولسا كىرەك ،مەتسىلىم دىگەن ئوغرىنىڭمۇ يەنە كىرگۈسى كىلىپ قالدى.

-ھىلىقى«ۋىي-پىي» قىلىدىغان ئۆي باتى تىگىدە جۇما!

مەن قەستەن ئىغىزىمنى مايماق قىلىپ ئۇنىڭ بايامقى ھالىتىنى دوراپ قويدۇم.

-ئۇغۇ شۇنداق،ئەمما ھەرقايىسىلىرىنى خەتەرگە تاشلاپ قويغۇم كەلمەيتۇ!

-ئۇنداقتا بىز قايتا پىلان تۈزىلى!

ئەيىندىن بىزنى ۋارقىراپ توختىتىپ قويدى.

-ئاھاي...پىلان ئۆزگەرمىسۇن،پەقەت مىنىڭ ئونۇمغا سىلىنى ئالماشتۇرۇپ قويساقلام بولىدا!سىلە ئاقا سەپكە مەسئۇل ۋوغاچ تۇسا،بىز ئۇزاققىچە چىقماي قاساق،سىلە ماشىنىنىڭ ئىچىگە چىرىۋالالا يا ماشىنىنى ھەيدەپ كىتەلا!

مەن مەغرۇر ھالدا ئەيىندىننىڭ گىپىنىڭ بىلىگە تەپتىم.ئويلىمىغان

يەردىن ئەينىدىن تاز«ماقا ئەمىسە!ئۆزەڭلىگە دىققەت قىلاسىلە!» دەپ قويۇپ ماشىنىنىڭ يېنىغا كەتتى.

-خىم!

مەنمۇ دىمىقىمنى قاتتىق قىقىپ قويۇپ، بىگىم ۋە مەتسىلىمگە ئەگىشىپ ئورەككە كىرىپ كەتتىم.ئىزىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۆتكەنىدىكى پىلانىم بويىچە مەتسىلىمگە چاپلىشىپ دىگۈدەك ماڭدىم.

قاپقاراڭغۇ، تار يول.ئەتراپتىكى قۇم-توپىنىڭ رەڭگى سىرىتتىكىسىگە زادىلا ئوخشىمايتتى.يەر خۇددى ئادەمنى يۇتىدىغان پاتقاقلىقتەك يۇمشاق ئىدى.مەن بىرقانچە قېتىم توساتتىن چۆكۈپ كەتىسەم قانداق قىلارمەن دەپ ئەندىشىمۇ قىلىپ قالدىم.لىكىن ئۇنداق ئىش يۈز بەرمىدى.بىز ئالاھىزەل50 مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن مەتسىلىم بىزنى ئوڭ تەرەپكە باشلاپ ماڭدى.

بىگىم ئالدىمىزغا چىراق تۇتتۇىدى، دىگەنىدەك بەزىلىرى ھاڭدەك ئوچۇق، بەزىلىرى قۇم بىلەن توسۇلۇپ كەتكەن قاتار ئۆي شەكلىدىكى ئىغىزلار كۆرۈندى .بىگىم ئوچۇق ئۆيلەرگە بىر-بىرلەپ چىراق تۇتتى.ئىچىنى تازا ئىنىق كۆرەلمىگەچ، تىخىمۇ ئىچكىرلەپ كىرىشكە مەجبۇر بولدۇق. 1- ئوچۇق ئۆينىڭ ئىچىدە ھىچنىمە بايقىمىدۇق، 2-ئۆينىڭ ئىچىدە ئاندا-مۇندا تاشلىنىپ تۇرغان ساپال بويۇملار، -3ئۆي.........ئوچۇق ئۆيلەرنىڭ ھىچقايسىدىن ماڭا يارىغۇدەك بىرەر نەرسە ئۇچرىمىدى.بىگىممۇ سەل ئۈمۈدسىزلەنگەنىدەك تۇراتتى.

-قەنە سىلە دىگەن ھىلىقى چىقىرايدىغان ئۆي؟

مەن مەتسىلىمدىن سورىدىم.مەتسىلىم ئىتىلىپ قالغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە قولىقىنى بىر-بىرلەپ تۇتۇپ باققاندىن كېيىن، ئىتىلىپ قالغان ئۆينىڭ2- سىنى كۆرسىتىپ قويدى.مەن بىگىمنىڭ توسىشىغا ئۇنىماي يىقىن بىرىپ قولىقىمنى تۇتۇپ باقتىم.راستىنلا بىرخىل چىرقىرىغاندەك ئاۋاز غۇۋا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.لىكىن ھەرگىز مەتسىلىم

دىگەندەك«ۋىي-ۋىي» ئاۋازى ئەمەس،بەلكى«فىش..فىش.» قىلغان ئاۋازدا ئىدى.بۇ ئوغرىنىڭ دوراش ئىقتىدارى ئادەتتىكىچە تۆۋەن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم.

بىگىممۇ قۇلىقىنى تۇتۇپ ئاگلاپ بولغاندىن كېيىن،بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.مەن كۆڭلۈمدە ئۇنىڭمۇ قورقىدىغان چاغلىرى بولىدىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم.ئەپسۇس مەن خاتا ئويلاپ قالغان ئىدىم.

-شىككىڭلار چىقىپ كىتىڭلا،مەن بۇ يەنى ئىچىپ كۆرەپ باقاي.

مەن ئۇنىڭ گىپىدىن ھەيران قالدىم.بەلكىم ئۇ بىزنىڭ، تىخىمۇ كونكرىت قىلىپ ئېيتساق مىنىڭ بىخەتەرلىكىمدىن ئەنسىرەپ قالغاندەك تۇراتتى.

-بىگىم،مەن ئۇنداق دوستىنى تاشلاپ قاچىدىغان خۇنۇك گادايىلىدىن ئەمەسمەن،مەن سىلە بىلەن بىللە كىرىتمە!

ئىككىلىنىش باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان مەن،مەتىسلىمنىڭ گىپىنى ئاگلاپ تولۇق بىرقارارغا كەلدىم.

-مەنمۇ ئوغاۋالا!سىلىنى تاشلاپ قوياپ چىكەتمەيمە!ئۇنىڭ ئۈستىگە مەتىسلىمكام بۇيەنىڭ ئىچىگە نەچچە قىتىم چىرىپ-چىقىپ بوغان ھەقىچان!

-ياقەي تۆرەم،مەن ئۇيەرگە كىرىپ باقمىغان.

-نىمىشقا؟

-قورقىتمە!

-ھازىر نىمىشقا قوقمايلا ئەمىسە؟

-....

مەن ئۇنىڭ تىلىنى تۇتۇپ قويغانلىقىمدىن خۇشال بولۇپ تىخىمۇ يۈرەكلىك بولۇپ كەتتىم.بىگىم توسۇلغان جايلارنى قولى بىلەن سىيپاپ تەكشۈردى.

-ئاساسەن قۇم بىلەن توسۇلۇپ قاپتا.ئىچىشقۇ ئاسان ئىش،لىكىن

ئىچىدە نىم بالىقى بىر مەسىلە دە!
-سىلىنىڭچە نىم بادۇ بىگىم؟
-ئىنىق بىژنەسە دىيەممەيمەن.
-سىلىنىڭچىچۇ مەتسىلىمكا؟
-مىنىڭچە بىرەر هايۋان بامىكىن دەيىتمە.
-هايۋانىمدۇ؟مۇشۇكمىيا؟
-ئىي...چاقچاق قىممىدىميا مەن تۆرەم!
-بولدى!مەن ئىغىزنى ئاچاي،شىككىڭلا سەل دالدىغىراق تۇرۇڭلا!
بىز دالدىغا ئۆتتۇق.
-تىخىمۇ نىرىغا!
بىز يەنە ئىككى قەدەم يىراقلاشتۇق.
-تىخىمۇ!
«هۇ ساراڭ بىگىم،ئۆزۈڭنى بەش بارماق تىغىنى تىشىپ چىقىدىغان سۇنۇۋكۇڭ،بىزنى تاڭسىڭ ئويلاپ قالدىڭما؟!» ئىچىمدە ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ يەنىلا ئارقىغا داجىدىم.بىگىم قولى بىلەن كۆچەپ ئىتتىرىپلا ئۇ ئىغىزنى ئىچىۋىتىپ،بىزنىڭ قىشىمىز يۈگۈرەپ كىلىۋالدى.
مىنىڭ تىنىقىممۇ توختاپ قالغانىدەك دەرىجىدە سۆكۈتتە تۇرغىنىمنىڭ،كۆزۈم تىلىپ كەتكۈچە قارىغىنىمنىڭ هىچقانداق نەتىجىسى بولمىدى،چۈنكى ئۆيەردىن ئازراق شامال چىققاننى هىساپقا ئالمىغاندا،هىچقانداق بىر سادا ياكى ئۆزگىرىش پەيدا بولمىدى.بىز ئۇيەرگە يىقىنلاشتۇق.مەن تىزراق مىڭىپ ئەڭ ئالدىدا ئۇيەرگە يىتىپ بىرىپ، چىراقنى ئىچىگە تۇتتۇم.
ئۇيەر-بۇيەردە چوقچىيىپ تۇرغان كىچىك-كىچىك قۇم دۆۋىلىرى،نىمىلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان هايۋانات سۆڭەكلىرى....
-خىم!«ۋىي-ۋىي» قىلغان هايۋانلا مۇشۇ شۇ ئوخشايدا!
مەتسىلىم ماڭا پەرۋا قىلماي يىراقتا تۇرۇپ ئۇ يەرنىڭ ئىچىگە نەزەر

سالدى.بىگىم بىردەم قارىغاندىن كېيىن توساتتىن قاتتىق ۋارقىرىدى.

-تۆرەم !تېز قاچسا!

مەن قاتتىق هودۇقۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم،ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپلا يەردە دۈملا يېتىۋالدى.مەتسىلىم نەلەرگىدۇر غايىپ بولغان ئىدى.مەن ئېسىمنى يىغىپ بولغىچە ئۆيىنىڭ ئىچىدىن ۋىژىلداپ بىر قارا سايە تېز سۈرەتتە ئېتىلىپ چىقتى!

مەخلۇق؟!

ئالۋاستى؟!

گىگانىت ئادەم؟!

نىمە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولغىچە،قارا سايە بىلەن بىللە ئۇچۇپ كەلگەن قۇم-داشقاللار ئۇدۇل ئاغزىمغا،يۈزۈمگە تېگىپ،قولۇم بىلەن دالدىلىنىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئارقىمغا سەنتۈرۈلۈپ چۈشتۈم،ئاندىن قاتتىق بوران مىنى تار يوللارغا سوقۇپ يۈرۈپ خىلى بىرىيەرلەرگە ئاپىرىۋەتتى.ئاسمان-زىمىن چۆرگىلىگەندەك بولۇپ پۈتۈن سېزىمىمنى يوقاتتىم.

## 14-باپ مەن نەدە؟

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن.ناھايىتى تەستە كۆزۈمنى ئېچىپ،ئۇرۇپ چىقىۋەتكەنىدەك ئاغرىۋاتقان بەدەنلىرىمنى قوزغاتتىم.ئەتراپىم يەنىلا چەكسىز قۇملۇق.زەھەردەك قىززىق ئاپتاپ.

مىنى سوقۇۋەتكەن نەرسە زادى نىمە؟مەن ھوشۇمدىن كەتكەندىن كىيىن نىمە ئىشلار بولدى؟مەن قانداق بولۇپ سىرىتتىكى قۇملۇققا چىقىپ قالدىم؟بىگىم،ئەينىدىن،مەتىسلىملار قەيەرگە كەتتى؟.....بېشىم تىخىمۇ قاتتىق ئاغرىپ كەتتى.ئەتراپىمغا يەنە تەپسىلى سەپسالدىم،ئۆزگىرىش يوق،قۇملۇق،ئاپتاپ....

-بىگىم!

-مەتىسلىمكو!

-ئەينىدىن تاغا!

ھىچ سادا يوق.مەن سەل قورقۇشقا باشلىدىم.ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇلار مىنى قۇملۇققا تاشلاپ كىتىپ قالمىغاندۇ؟ئۇلارنى مىنى سوقۇۋەتكەن ئالۋاستى جايلىۋەتمىگەندۇ؟ياق!مەن ھىچنىمە بولمىغان يەردە،ئۇلار تىخىمۇ بىخەتەر!ئۇلار قەستەن مىنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۆكۈۋالغانمىدۇ؟

-ھەي ماڭقا يەپ قاغان بىلال سارالڭ!

-ھۇ ئەينىدىن دىگەن ئەينۇ تاز!

-مازا ئوغرىسى مەتىسلىم!

سادا يوق.يەنە قوشاق قىتىپ ئۇلارنى قاتتىق ھاقارەتلىدىم،يەنە سادا يوق.دىمەك....دىمەك ئۇلار مىنى تاشلاپ كەتكەنلىكى ئىنىق!بۇ دۇنيادا زادى ھىچكىمگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ،ئۇنىڭ ئۈستىگە تونۇشقىلى بىرقانچە ئاي بولغان،مەقسەت-مۇددىئاسى ئىنىق بولمىغان ئۇلاردەك ئادەملەرگە!مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ئۆمرۈمدە قۇملۇقتا ئەمەس،يىزىدا ئىزىپ قالسامۇ يول تاپالماي قىينىلىدىغان مەن،ئەمدى نىمە كۈنلەرنى

كۆرەرمەن؟مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ياق !مەن چوقۇم بۇيەردىن ساق چىقىپ كېتىپ،ئۇلاردىن ئەنتىمنى ئالىمەن!

شۇنداق خىياللار بىلەن دەلدۈگۈنۈپ ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم.بىرەر ئۆي،بىرەر ئادەم ئۇچراپ قېلىشىنى ئىگەمدىن تىلەپ ماڭدىم،مىنى تاشلاپ كەتكەن ئۇ ئۇچىنى ئۇيغۇر تىلى لوغىتىدە بار بولغان بارلىق «چىرايلىق» تىللار بىلەن تىللاپ ماڭدىم؛ئاتا-ئانامنى ئويلاپ ماڭدىم؛كاللامدا ئويدۇرۇپ چىقارغان مۇكەممەل ئاشىخىمنى ئويلاپ ماڭدىم....

گاللىرىم قۇرۇپ،پۇت-قولۇمدا جان قالماي،يىقىلىپ كەتتىم.تەستە ئوڭدامدا بولۇپ مىنى قامچىلاۋاتقان ئاپتاپقا،بىرپارچىمۇ بۇلۇت يوق ئاسمانغا قارىدىم.بىردىنلا قۇلىقىمغا«تاقىراق،تاقىراق» قىلغان ئاۋاز كىرىپ قالدى.غەيرەتلىنىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ،ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم.

بىر ۋىجىككىنە گەۋدە، كونا بىر ياغاچ بويۇمنى تاقىراقشىتىپ ئولتۇراتتى.چاچلىرى كۆمۈشتەك ئاق،بەدەن قۇرۇلىشى10 ياش بالىلاردەك ۋىجىك بىر ئايال، بىركاللەك يىپنى ئىگىرىپ ئولتۇراتتى.«قۇملۇقتا بۇ موماي يالغۇز يىپ ئىگىرىپ ئولتۇرامدىغاندۇ؟دىمەك يىقىن ئەتراپتا ئادەم بار دىگەن گەپ!» دىگەنلەرنى ئويلاپ، زور ئۈمۈد بىلەن ئۇنىڭغا يىقىنلاشتىم.

-چوڭ ئانا،چىڭ تۇلىما؟

-.....

مەن ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ئىغىر بولۇش مۇمكىنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ،ئاۋازىمنى يۇقىرى كۆتۈردۇم.

-سالامىلىيكوم چوڭ ئانو!چىڭ تۇلىما!

ئۇ موماي قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ ئاستا ئارقىغا ئۆرۈلدى.ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.ئاپئاق چىرايىدا قورۇقتىن ئەسەر

يوق!يۈزىگە ماس كەلمىگەن ئورا كۆزلىرى يوغان ھەم قارا،بۇرۇن، ئېغىزى ناھايىتى كىچىك، نىشە رەڭ كۆينىكىنىڭ ئىچىدىن ئاران چىقىپ تۇرغان بويۇنلىرىمۇ ئۇنىڭ چىرايىدەك ئاق.

-موماڭنى تىپىپ موما دە جىما،لامىزەللە!

ئۇنىڭ چىرقىراق ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتىم .مىنى بىكاردىن بىكار تىللىغىنىغا بەك ئاچچىغىم كەلگەن بولسىمۇ،ئۆزۈمنى زورىغا بىسىۋالدىم.

-خاپۇمىسا ،مەن چاشلىرىغا قايلاپ تەخى....

-خي..خي....

ئۇ كۇلۇمسىرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا قاراپ كەلدى.بويى بىرىيىرىم مىتىرغىمۇ يەتمەيدىغان،كۇلۇپ تۇرغان ئېغىزىدا چىشلىرىمۇ قالمىغان بۇ ئايال، موماي بولماي نىمە!لىكىن ئۇنىڭ چىرايى زادىلا مومايلارغا خاس ئەمەس.مەن ئارقىمغا داجىدىم.

-ھېي!قورقىۋاتامسەن؟

مەن نىمىشقا ئۇنىڭدىن قورقىمەن؟!ئۇ ئاشۇ بوي-بەستى بىلەن مىنى نىمە قىلىۋىتەلەيتى!مەن ئورنۇمدا توختاپ ئۇنىڭغا قايتا سالام بەردىم.

-سالامىلىيكوم!چىڭ تۇلىما؟

-چىڭلىق،چىڭلىق!ھە ئاكىجان،نىم با ساڭا بۇيەدە؟

ئاكىجان؟!مۇشۇ يىشىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئايالنىڭ مىنى ئاكىجان دەپ كىتىشلىرىدىن ئۆرگىلەي!

-ھە...ماندا ئىشتى،مەن قۇملۇقتا ئىزىپ قاغان دىسە،يول تاپاماي ژۇسەم سىلە ئۇچراپ قاللا.

-نىمىگە كەگەن قۇملۇققا؟

-مەن...مەن خىزمەت سەۋەپىدىن كەگەن.

-خىي..خىي....

ئۇنىڭ چىرقىراق كۇلكۇسىنى قايتا ئاڭلاپ تىنىم شۇركىنىپ كەتتى.

-ماڭە!مەن سىنى قۇتقۇزۇپ قوياي!

ئۇ كۆلكىسىنى توختىتىپ ئارقىغا ئۆررۈلۈپ ماڭدى.مەن يەنە ئۇمۇدلىنىپ ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئەگەشتىم.ئۇ ۋىجىك بولىغىنى بىلەن يولنى ئاجايىپ تىز ماڭىدىكەن.مەن يۈگۈرەپ دىگۈدەك ئاران يىتىشتىم.ئۇنىڭ يىپ ئىگىرىش ئەسۋابىنىڭ يىنىدىن ئۆتكەنىدە،كۆزۈم ئۇ ياغاچ ئەسۋاپنىڭ قاپاقتىن يوغانراق چىقىدىغان يىپ ئىسلىغان قولىقىغا چۈشۈپ قالدى.

چوۋۇلغان يىپلار ئادەمنىڭ چاچلىرىغىلا ئوخشايتتى،ئۇنىڭ ئاستىدا قورۇق باسقان پىشانە،ئۇنىڭ ئاستىدا پۈررۈلگەن چىراي....مەن ئورنۇمدا توختاپ قالدىم.بۇ يىپ كالىلىكى نىمانداق ئادەمگە ئوخشايدۇ؟ئۇنىڭ ئۇستىگە ماڭا شۇنداق تونۇش بىر ئادەمگە!كۆزۈمنى ئۇۋۇلىۋىتىپ يەنە قارىدىم.ئۇزۇن ئاق ئارىلاشقان چاچ،تۈپتۈز قورۇق،پۈررۈلگەن بولسىمۇ كىلىشكەن كۆرۈنىدىغان قاڭشارلىق چىراي....ئاھ خۇدا!!!بۇ بىگىمنىڭ بىشىغۇ؟!بىگىمنىڭ بىشى!!!بىشىم پىررىدە قايغاندەك بولدى.

-خىي....خىي.....

ئارقامدىن يەنە ھىلىقى ئايالنىڭ كۆلكىسى ئاڭلاندى.دەرھال ئارقىمغا ئۆررۈلدۈم.

-ماڭمامسەن!سىنى قۇتقۇزۇپ قوياي!

-مەندىن نىرى تۇر!

مەن ئارقىمغا داجىشقا باشلىدىم.كۆزۈمنىڭ قۇيرىقىدا يەنە ھىلىقى باشقا قارىدىم.خاتاسى يوق،نەق بىگىمنىڭ بىشى!بۇ ئالۋاستى ئايال، ئارىمىزدا مەن ئەڭ يامان دەپ بىلىدىغان بىگىمنىمۇ جايلىۋىتىپتۇ!دىمەك بۇ ئايال ھەرگىز ئادەم ئەمەس!

-نىم بولدى ساڭا ئاكىجان؟!مەندىن قورقىۋاتامسەن؟

-سەن....سەن ئالۋاستى!

-خىم!

ئۇ ئايالنىڭ بىردىنلا چىرايى تۈررۈلۈپ كەتتى.

-ياخشى نىيەت بىلەن قۇتقۇزۇپ قوياي دىسەم مىنى ئالۋاستى دەيسىنا

سەن!

-ئاۋۇ ئادەمنىڭ كاللىسى نەدىن كەلدى ئۇندا ۋوسا!

-قايسى ئادەمنىڭ كاللىسى؟!

ئۇ ئاجايىپ تېز سۈرئەت بىلەن قولىغا يېپ كاللىكنى ئالدى ۋە ماڭا دىۋەيلەپ كەلدى.

-ئاله مانه!قارغۇ!

مەندە ئۇكاللىنى قولىغا ئالغۇدەك يۈرەك نىمە قىلسۇن،يەنە ئارقىمغا يېنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىكى يىپ كاللىكىگە قارىدىم.تـوۋا!ئەدە بىگىمنىڭ كاللىسى بولسۇن !ئۇ ئىنىقلا چىگىلىشكەن يىپ كاللىكى تۇرامدۇ!لىكىن بايام ماڭا نىمىشقا ئۇنداق كۆرۈنمىدى؟!قايتا-قايتا قارىدىم،ئوخشاشلا يىپ كاللىكى!بىردىنلا ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم.

-ۋوي...ئاپلا خەشمەت!خاپۇممىسا جىما ئاچا..يا..ئۇكام!بايام ماڭا ئايدا كۆرىنەپ قاپتا.

-هه ،ماڭه ئەمىسە!

ئۇ يىپ كاللىكنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويۇپ يەنە ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ماڭدى.توۋا!ماڭا ئىسسىق ئۆتۈپ قالدىمىكىنە!ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغاچ يىپ كاللىكنى ئۇياق-بۇياق چۆرۈپ قارىدىم.كاللەكنى ئارقىغا ئۆرىگىنىمنى بىلەرمەن،يەنە بىگىمنىڭ سەل كۆكىرىپ كەتكەن،بويىندىن ئۈزۈلگەن كاللىسى ماڭا چىرايىنى پۈرلەشتۈرۈپ قاراپ تۇراتتى.

-ۋايجان!

كاللەكنى تاشلىۋەتتىم.بىگىمنىڭ كاللىسى يەردە4-3 نى دومىلاپ توختىدى.هىلىقى ئايال شاپپىدە ئارقىسىغا قاراپ ئاجايىپ سەت كۈلۈپ كەتتىكى،بەدىنىم تىكەنلىشىپ كەتتى.ئۆزۈم بىلىدىغان هەممە ئايەتنى ئوقۇغاچ،ئارقىمغا ئۆرۈلۈپلا قاچتىم.خىلى ئۇزۇن قاچقىچە ئۇ ئايالنىڭ ۋەهىملىك كۈلكىسى ئاڭلىنىپ تۇردى.تاكى ئۇ ئاۋاز تولۇق يوتكىچە قاچتىم.بېشىم قېيىپ،كۆزلىرىم ئالاچەكمەن بولۇپ كەتتى.

بىرچاغدا ئالدىمغا بىز باشتا كەلگەن چاغدىكى ھېلىقى پۇچۇق تام ئۇچرىدى.ئۇف...!شۈكرى!دىمەك مەن قۇتۇلۇشقا ئاز قاپتىمەن.تامغا يۆلىنىپ دىمىم سىقىلىپ ئولتۇرۇپ قالدىم.بىردەم دىمىمنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن،خۇددى دۈشمەننى كۆزىتىۋاتقان ئەسكەردەك،ھېلىقى ئايال قوغلاپ كەلدىمىكىن دەپ،تامدىن بېشىمنى سەل چىقىرىپ بايامقى يۆلىنىشكە قارىدىم.

يوق....!يۈرىكىم سەل ئورنىغا چۈشتى.ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ،تامنىڭ دالدىسىدىن تولۇق چىقىپ خاتىرجەم كۆزەتتىم.يەنە يوق!يۈرىكىم تولۇق ئورنىغا چۈشۈپ،بايىقى ئىشلارنى تەپسىلى ئويلىدىم.

-مېنى ئىزدەۋاتامسەن ئاكىجان؟

ئارقامدىن ياڭرىغان چىرقىراق ئاۋاز مېنىڭ ئەمدى ئورنىغا چۈشكەن يۈرىكىمنى،ئېغىزىمدىن چىقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى!ئارقامغا قارىيالماي ئالدىمغا دۈگۈجۈپ يۈرۈپ قېچىپ، خېلى بىر يەرگە بارغاندا ئاندىن ئارقامغا قارىدىم.ئۇ ئالۋاستى ئايال مەندىن2 مېتىر يىراقتىلا قاراپ تۇراتتى.قولىدا يىپ كاللىكى!

-ئاله مانى!مۇشۇ كاللىمىكەن؟!

مەن ئەمدى ئۇنىڭ گومپىيىسىغا چۈشمەيمەن!مەن قولۇمغا ئالساملا ئۇ بىگىمنىڭ كاللىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ!جاۋاپ بەرمەي يەنە قاچتىم!بۇ قېتىمقى قېچىشنى مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن،ھەم ئەڭ جاپالىق قېچىش دىسەم بولىدۇ.قېچىۋېرىپ،كۆزلىرىم ھېچنېمىنى پەرىق ئەتەلمەي قالدى،پۇت-قوللىرىم سىزىمىنى تولۇق يوقاتتى.شۇنداقتىمۇ توختىماي قاچتىم.تاكى ئالدىمدا ئوت يورۇقلىقى كۆرۈنگىچە!

يۈگۈرىۋېرىپ يۈرەك سوقۇشۇم،تومۇرۇمدىكى قانلارنىڭ شۇرۇلداپ ئاققىنىمۇ ئۆزۈمگە ئاڭلىنىپ تۇردى.ئالدىمدا غىل-پال ئوت يورىقى كۆرۈندى.كۈندۈز بولغاچقىمىكىن ياكى مەن بەك ھېرىپ كەتكەچكىمىكىن تاڭ ئۇ ئوت يورىقى خۇددى مەۋھۇم نەرسىدەك،خىيالىي سىزىمدەك

بىلىنىپ كەتتى.

كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ ،توختاپ ئىككى قولۇمنى تىزىمغا تىرەپ، ئېغىر-ئېغىر تىنىدىم.مارافونچە يۈگۈرەشنى كەشىپ قىلغان خەۋەرچى فىدىپىك ئەسلى قورقۇنۇچتىن مۇشۇنداق يۈگۈرەپتىكەندە!ئادەمنى ۋەھىمە باسقاندا شۇنچە چىدامىلىق،شۇنچە يەلتاپان بولۇپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ.سەل دېمىمنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئەتراپىمغا قارىدىم.قۇملۇق،ئاپتاپ........

ھىلىقى جادۇگەر قوغلاپ كەلمەپتۇ.ئالدىمدا ئوت كۆرۈنۈپ تۇراتتى.يېقىنلاپ باردىم،راستىنلا قۇرۇق شاخلار بىلەن گۈلخان قىلىپ يېقىلغان ئوت!مۇشۇنداق ئىسسىقتا قانداق ئالجىپ قالغان ئادەملەر ئوت يېقىپ ئولتۇرغاندۇ؟ئوتنىڭ يېنىغا5 قەدەم كېلىدىغان جايدا توختىدىم.ھازىرقى ئەھۋالىمدا ھىلىقى خوتۇن يەنە كەلسىمۇ قاچقىدەك ماجالىم قالمىغان ئىدى.

ئوتنىڭ يېنىدا بىر كونا تۇماق ۋە بىر تەمبۇر تۇراتتى.ھەيرانلىقتا ئاۋايلاپ بېرىپ يەنە قارىدىم،راستىنلا مىزى چۇۋۇلۇپ كەتكەن تۇماق ۋە كونا بولسىمۇ تارلىرى تولۇق تەمبۇر تۇراتتى.تۇماقنى پۇتۇم بىلەن نېرىراق تېپىۋېتىپ،تەمبۇرنى قولۇمغا ئالدىم.توۋا!مۇشۇ يەردىمۇ تەمبۇر كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىغان ئەلنەغمىچى بارمىدۇ؟ياكى ئۇمۇ ھىلىقى خوتۇندەك غەيرى نەرسىمىدۇ؟!

-ھاي قويسا ئۇستام،تەمبۇرۇمنى ئەينا!

بوم ئەمما ئىنىق ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئارقىمغا ئۆرۈلدۈم.(تولا قورقۇپ سىزىمىم تۆۋەنلەپ كەتتىمۇ قانداق،بۇقېتىم ئانچە چۆچۈپ كەتمىگەن ئىدىم).خوجۇن ئارتىۋالغان،بىرىيەرلىرىدىن مەتىسلىمىگە ئوخشاپ قالىدىغان،لېكىن مەتىسلىمدىن ياشىراق ھەم كېلىشكەنرەك،چاچلىرى ئوخشىمىغان بوغدايلىقتەك ھەم شالاڭ ھەم قىسقا،بۇرۇتلىرى ئەگمە ھەم قېلىن،كۆزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان بىر

ئـادەم قولـدا توشـقاندىن بىرنـى تۇتـۇپ، ماڭـا ئـهتىيـات بىـلەن قـاراپ تۇراتتى .تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا بۇ ئادەم چوقۇم خوتەنلىك،كىم بىلىدۇ چىرايىنىڭ مەتسىلىمگە ئوخشىغانلىقىغا قارىغاندا مەتسىلىمنىڭ تۇققىنىمۇ تېخى!مەن سەل ئۇمۇدلەندىم.

-هە...ماندالام كۆرەپ باقتىم.باشقا نىيىتىم يوق.

مەن زورىغـا كۈلۈمسىرەپ تەمبۇرنى جايىغا قويـۇپ ،يىراقـراق جايغا داجىدىم.

-هە،ئاندا بوسا مەيلى،ئوغىيمىكىن دەپتىمەن تېخى ئەينا،هى..هى....

ئۇ ئـادەم خـاتىرجەم بولۇپ،كـۈلگەچ مىنىـڭ قىـشىمغا كەلـدى.كۈلـۈش شەكلى،ئۇسـلۇبىدىن تارتىـپ مەتـسىلىمگە ئوخـشاشلىقىنى دىمەمدىغان!پەقەت گەدىنىنى قاشلىسىلا مەتسىلىمنىڭ دەل ئۆزى بولىدۇ بۇ ئادەم.

ئۇ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كـيىن ،مەن تېپىـۋەتكەن تۇماقنى ئىككـى قىقىۋىتىپ،پۈدىۋىتىـپ بىـشىغا كىيىۋالـدى.ئانـدىن ماڭـا «هە!كەسـە ئۇسـتام ،جىنـدەك ئوتاسـىلا ماقىمـا» دەپ قويـۇپ يىنىـدىن يوغـان بىـر سـاپلىق پىچـاقنى ئىلىـپ توشـقاننى بوغۇزلاشـقا باشـلىدى.«هە،ئەسـلى بـۇ ئـادەم توشـقان قـاقلاش ئۈچـۈن ئـوت يىقىپتىكەندە!» دەپ ئويلىغاچ ئۇنىڭ يىنىدا موككىـدە ئولتـۇردۇم.قـولى چەپەر بـۇ كىـشى بىردەمـدىلا توشـقاننى ئادالاپ،خوجۇنـدىن داتلىـشىپ كەتكەن بىر ئۇزۇن زىخنى ئىلىپ توشقاننى ئۆتكۈزۈپ،ئوتقا سالدى.

-خوش ئۇستام،نەدىن سورايمىز ئۆزلىينى؟

-هە،مەن قەشقەلىق،خىزمەت ئىـشى بىـلەن مىـشىگە كەگەن،يولـدىن ئادىشىپ قالدىم دىسە،شۇنىڭ بىلەن سىللە ئۇچراپ قاللا.

-هە....خـۇدىيىم ئۇچراشـتۇرۇپتۇ بىزنـى ئەينـا،مەن هەمـمە يەنـى بىلمەنيا.

-ۋوي!هەجەپ بەلەن بولـدى،يولنى تاپامـاي بەك قىژنالـدىم،بەك

قىژنالدىم...

-ئىسمىلىرى نىمىكىن ئۇستام سىلىنىڭ؟

-ئىسمىم ئەغزەمجان ،سىلىنىڭچا؟

-يارمەمەت!

-ھە...يارمەمەتكا ،بۇ يەنى نە دەيمىز؟

-قۇملۇق دەيمىز ئەينا.

-شۇ قۇملۇقلىقىغۇ قۇملۇق ،ماندا بى بىرە ژۇتنىڭ تەۋەلىكىمۇ دەيمە؟

-ھە ،بۇ يەرنى ئاقبوستان دىتۇ.

-ھە.....

مەن تولۇق خاتىرجەم بولغاندىن كىيىن ،پۇرقىراپ پىشۋاتقان توشقان گۆشگە قاراپ قورسىقىمنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئىچىپ كەتكەنلىكىنى چوڭقۇر ھىس قىلىپ ،شۆلگەيلىرىم ئىناۋىتىمنى مەنتەڭ قىلىپ شۇرۇلداپ ئىقىپ كەتتى.يارمەمەت كۈلۈپ كەتتى.ئاندىن تەمبۇرىنى قولىغا ئالدى.

-توشقاننىڭ پىشىشىغىمۇ خىلى بار دىسە ئۇستام،بىي پەدە چىلىپ بىرەيما؟

-بولىدا ،بولىدا ،قەنى!

كۆيدەگىلى كىش يوقتەك ،مىنى كۆيدىرەمسەن شادىخان ،

كىرپەكلەرىڭ ئاتقان ئوقتەك.ئۆلتىرەي دەمسەن شادىخان.

ۋىژىلدايدۇ يۈرەكلەرىم ،ئۆزگىلەرگە باقما شادىخان ،

مەن گادايمۇ شاش يىگىتمەن ،ئۇنتۇپ قالما ماقىما شادىخان....

يارمەمەت شادىخانغا خىلى ئۇزاق چالدى.ناخسىنىڭ خىلى پەيزى بولسىمۇ ،مىنىڭ كۆزۈم توشقاندا بولغاچ ،تازا ھوزۇرلىنالمىدىم.ئۇنىڭغا گەپ قىلاي دىسەم ھۆرمەتسىزلىك بولمىسۇن دەپ سەۋىر قىلدىم.ئۇ ھىچ توختايدىغاندەك ئەمەس،ئاخىرى ئۇ پائۇز چىلىۋاتقاندا ئۆزۈمنى تۇتالماي«يارمەمەتكوائىي توشقان كۆيەپ كىتىدا!» دەپ سالدىم.

-ۋوججىنەم!غەزەل بىلەن بولۇپ راس تاس قاپتۇ كۆيۈپ كەتكىلى ئەينا!

يارمەمەت خوجۇنىدىن رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن بىر رەختنى ئېلىپ ئالدىغا يايدى ، ئاندىن قىزىزىق زىخنى ئاۋايلاپ ئېلىپ رەختنىڭ ئۈستىگە قويدى، يەنە خورجۇنىدىن قاپاقتىن بىرنى ئېلىپ بىر يۇتۇم ئوتلاپ،توشقانىنىڭ ئۈستىگە پۈۋلىدى.

توشقاندىن ۋىژىلداپ مەززىلىك پۇراقلار تارىدى.يارمەمەت پىچاقنى ئېلىپ توشقاننى پارچىلىدى ۋە بىرىنجى پارچىسىنى ماڭا ئۇزاتتى.ئەييۇھاناناس،قورسىقىم بەك ئاچتىمۇ ياكى يەرلىك توشقان گۆشى مۇشۇنداق تاتلىق بولامدۇ ئىشقىلىپ ئاغزىمغا ناھايىتى تېتىدى.ئېغىزىمنىڭ كۆيۈشى بىلەن ھىساپلاشماي يالماپ-يالماپ يۇتتۇم....

قورساق تويۇپ كىكىرگەندىن كېيىن،بىردىنلا جاندەك ئۆتكۈدەك ئۇسسۇزلۇق مىنى قىيناشقا باشلىدى.يارمەمەتتىن سورىمايلا ئۇنىڭ قاپىقىنى ئېلىپ گۇپۇلدىتىپ ئاغزىمغا قۇيدۇم.مۇزدەك سۇ،لېكىن شۇنچە ئىچسەم زادىلا تەشنالىقىم بىسىلمىدى.قاپاقتا سۇنىڭ تۈگىشىدىن ئەنسىرىمەي ئىچىۋەردىم،قاپاقتىكى سۇمۇ ھېچ تۈگۈيدىغاندەك ئەمەس،سۇ ئۆپكەمگە كەتكەنلىكتىن،قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتكەندە ئاندىن سۇ ئىچىشنى توختاتتىم.لېكىن قىلچە سۇ ئىچكەندەك ھىسسىياتقا كەلمىدىم.

-سىلىنى قۇرۇغ ئىسسىق ئېلىپ كىتىپتۇ ئۇستام ئەينا!

يارمەمەت سۆزلىگەچ خورجۇنىدىن بىر تۇتام قۇرۇپ قالغان پاخالغا ئوخشايدىغان ئۆسۈملۈكنى ئېلىپ ماڭا تەڭلىدى.

-مانى چاينىسىلا مانى.

مەن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ ئۇنى قولۇمغا ئالدىم.بۇرنۇمغا يېقىن ئەكىلىپ پۇراپ باقتىم.پۇرقى يامان ئەمەس،نىمە بولسا بولار دەپ ئاغزىمغا سېلىپ چاينىدىم.دەسلەپتە قاڭسىق تىتىغاندەك قىلغىنى بىلەن،بىردەمدىن كېيىن شۇنداق تەملىك بىلىندى،ھەممىنى پۇرلاپ ئاغزىمغا سالدىم،تەشنالىقىم بىسىلىپ،مىڭەم سەگىدەپ قالدى.ئېغىز-بۇرنۇمدىن

خۇشپۇراق شامال چىقىپ كىتىۋاتقانىدەك بىلىندى.

-ۋاھ!ئۇشكە يىلتىزىمۇ يا يالپۇزمۇ بۇ؟

-توغراق!

-توغراق؟!رىۋايەتلەردىكى ئىچسە ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرىدىغان توغراق سۈيى؟!

-ھىي...ھىي...جاننى خۇدىيىم ئالىدىيا،ئەجەل توشقاندا ئابىي زەم-زەم بولسىمۇ كار قىلمايتۇ.

-دىگەنلىرىڭىز توغرا....

ئاچلىق،ئۇسسۇزلۇق بىسىلغاندىن كىيىن،پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى.بولۇپمۇ ئىككى پۇتۇم .ئوتتىن نېرىراق جايغا بىرىپ ئۆزۈمنى تاشلىدىم.

يارمەمەت يەنە «شادىخان» نى باشلىدى.گەرچە بۇقىتىمقى تىكىستىنىڭ مەزمۇنى ئالدىنقى قىتىمكىگە ئوخشىمىسىمۇ،ماڭا يەنىلا بەك ھوزۇر بىغىشلىيالمىدى.بۇ ئادەممۇ باشقا ناخشا ئۇقمايدىغاندەك ئاشۇ «شادىخان» نىلا ئوقۇيدىكەن دىسە!

ھاۋا سەل يانغان بولۇپ،ئۆگە-ئۈگىلىرىمدىن ئاجراپ كىتىۋاتقانىدەك ئاغرىۋاتقان پۇت-قولۇم سەل ئارام تىپىپ قالدى .سەل ئەسلىمگە كەلگەندىن كىيىن يارمەمەتنىڭ يىنىغا كىلىپ ئولتۇردۇم.

-يارمەمەتكا!شادىخان دىگەن چىما؟

-ھىي...ھىي....بىزنىڭ يارلا!

-ھە؟!

-ماندا مىنىڭ يارىمتۇ!

-ھە،بۇ ناخشىنى سىلە توقۇغانما؟

-ھە.

-خىلى تالانىتلىرى باكىن جىما سىلىنىڭ،قانچە كۇپلىت تىكىستى با بۇنىڭ؟

-نىمە كىپىلىت دىگەن ئۇستام؟
-ئاھاي، تولا ئۇستام دەۋەمسە مىنى، ئىسمىمنى بىلگەندىكىن.
-كۆنەپ قاپتۇك ئۇستام.
-ھە بولاپتا.كۈپلىت دىگەن ماندا قانچە مىسرا دىگەن گەپ.
-ھە، بەكجىقيا مىسراسى!
-سىلە ھاۋا پىروگىراممىسىغا قاتناشسا جىما چوقۇم!
-ھاۋا پىراممىسى دىگەن نىمە ئۇستام؟
-ئۇ بىر دىيەنىشى نۇمۇرى، مۇشتا سىلىدەك ناخشا ئوقۇيالايدىغان ئەدەملە بىرىپ قاتنىشىدا!
-توۋا دىسە ماقىما!مەن ئەدەم جىق يەردە ئۆلۈنكرەك ئوسۇرۇشتىنمۇ قورقىتمە!
-خا...خا.....
-ھىي....ھىي...
توۋا، مۇشۇ قۇملۇقتىلا يۈرۈپ، جاھاندىن بىخەۋەر تۇرۇپ شۇنچە يىقىملىق، كۆپ تىكىستلىق ناخشىلارنى ئىجاد قىلىدۇ بىزنىڭ يارمەمەت، ئاشۇ ھەر سۆلتى بىلەن، ھەر مەدەنىيەت سەۋيىسى بىلەن بىر ناخشىنىڭ تىكىستىنى، مۇزىكىسى ئىشلىيەلمەي ، ئىجادىيەت ئوغۇرلاپ جان بىقىپ يۈرۈيدۇ بىزنىڭ داڭلىق چولپانلار!ھەي، ئىسست....
ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن تىزلا چىقىپ كىتىشنى ئويلىغان بولساممۇ، ئەمما ئۇ «ئاۋال مىنىڭ غىرىپ كەپەمگە بىي كىرىپ بەسە ئۇستام» دەپ مىنى زورلاپ ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى.«مەيلىلا!ئادەم بار يەرگە كىلىۋالسام نىمىدىن قورقاتتىم!ئارامنى تازا ئىلىپ، ئالدىرىماي بارساممۇ بولىۋىرىدۇ!» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم.
خىلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كىيىن بىرلا پۇچۇق ئۆي بار «مەھەللە» كۆز ئالدىمغا نامايەن بولدى.قۇم توپىدىن ياسالغان تام، ئۈستى ئاساسەن ئوچۇق ئۆي ئىچى، ئۈستىگە كونا كىگىز سىلىنغان بولسىمۇ يەردىنمۇ

قاتتىق سوّيا....

-ئامىن!

يارمەمەت دۇئاغا قول كۆتۈردى،مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.دۇئادىن كېيىن ئۇ يەنە تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ،تۆگىمەس«شادىخان» نى باشلىدى.مەن ئامالسىز يەنە ئاڭلىدىم.

سىكىلەكلىك چاچلىرىڭ،ئاقىرىپتىيا شادىخان،

تال چىۋىقتەك بەللىرىڭ،دۇمچىيىپتۇ شادىخان.

مەن ئوتۇڭدا كۆيگىنىم،بولماپتىما شادىخان،

ئەينا گۈلدەك چىرايىڭ،ئۇمچىيىپتۇ شادىخان.....

ئۇنى توختارمىكىن دەپ بىرقانچە قېتىم يېنىك يۆتىلىپ قويدۇم.ئۇنىڭ ھېچ توختايدىغان ئەلپازى يوق.يەنە سەۋر قىلدىم.بىرچاغدا ئۇ توختاپ قالدى.شۈكرى دەپ ئۇنىڭدىن سوئال سوراي دەپ تۇرسام،ئۇ قاپىقىدىن «غۇرۇت-غۇرۇت» قىلىپ سۇ ئېچىۋېلىپ يەنە قولىغا تەمبۇرنى ئالدى.

-ھاي،يارمەمەتكا،بولا،سەل-پەل ئارام ئالغاچ مۇڭدىشلى ماندا!

ئويلىمىغان يەردىن يارمەمەتنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ،يىنىغا ئىسسۋالغان ھىلىقى توشقان سويغان چاغدىكى يوغان پىچاقنى تۇتۇپ قويدى.ئاندىن ماڭا قاراپ غەيرى ھىجايدى.

-راس ئاڭلىمايلا ئۇستام؟

-ھە...مەيلى،ئاڭلايلى بوممىسا....

-ھە،ما گەپلىرى بولىتۇ!

ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا مەن ئۇنىڭ «شادىخان» نامىسنى ئاڭلىمىسام،مىنى توشقان بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ تاشلايدىغاندەك قىلاتتى.شۇنداق قىلىپ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان «شادىخان» يەنە باشـــــلاندى.ئاڭلاۋاتىمەن،چىلىۋاتىـــــدۇ،ئاڭلاۋاتىمەن،يەنە چىلىۋاتىدۇ....قولىمۇ تالمىدى بۇ ئۆلگۈر يارمەمەت ئۇستامنىڭ!

سەل مۈگۈدەپ بېشىم چۈشۈپ كېتىدىغان بولسا،ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ

قولى بىلەن پىچىقنى تۇتۇپ قوياتتى،مەن دەرھال بىشىمنى كۆتۈرۈپ ئىنتايىن ھوزۇرلىنىپ ئاڭلىغان قىياپەتكە كىرىۋالاتتىم.ئىچىمدە بولسا «ھۇ ناخشا ئوقۇپ ساراڭ بولۇپ كەتكەن مەرەز!ئادەمنى زورلاپ ناخشا ئاڭلاتقىنىنى قارا بۇنىڭ!نىمە پوق يەپ بۇ ساراڭنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىرگەن بولغىيتىم!» دەپ ئۇنى تىللاۋاتاتتىم.شۇنداق ئازاپلىق ناخشا ئاڭلاش بەك ئۇزۇن داۋاملىشىپ،يارمەمەت تەمبۇرنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالغاندا توختىدى.

مەنمۇ شۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدىم.لىكىن ئۇخلاش ئۈچۈن ئەمەس.بەلكى ئۆزۈمگە بولغان تەھتىدنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىدى.ئاۋاز چىقارماي پۈتىمنىڭ ئۇچىدا كىلىپ،ئۇنىڭ تامبىلىغا ئىسلغان پىچىقنى سۇغۇرۇپ ئىلىۋالدىم.ئاندىن ئۇنىڭدىن يىراقراق جايغا تەكىينى يۆتكەپ،پىچاقنى ئاستىغا قويۇپ موككىدە يىتىۋالدىم.كۆڭلۈمدە«ئەمدى قانداق قىلارسەن ناخشا سەۋداسى يارمەمەت!خا!» دەپ ئويلىغاچ،كۆزۈم ئۇيقۇغا تىزلا ئىلماشتى.لىكىن ئۆلگۈر «شادىخان» يەنە باشلاندى.ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە!

-ئاھاي...ئۇخلىسا كۆزلىرىگە يارمەمەت ئۇستوم!

مەن چالا ئۇيقۇلۇقتا ئۇنىڭ ئۇستام دىگەن ئادىتىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ غودۇراپ قويدۇم.

-راس ئاڭلىمايلا؟

-ھەئەەەەەەەەە!پەقەت!قەتتى!زىنھار ئاڭلىمايمەن!ھۆ ۋولدۇم بۇ ناخشلىرىغا!

مەن ئۇنىڭدىن بەكرەك ھۆركىرەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.ئۇ قولىنى پىچاققا ئۇزۇتۇپ بىقىپ،سەل ئۇمۇدسىزلەندى بولغاي،ناخشىسىنى توختاتتى.بۇ ماڭا بولۇپ بەردى.

-راس گەپ قىسام مەن بۇ شادىخانغا خىلى بۇرۇنلام تويغان،سىلىنىڭ ئاش-تۇزلىرىنىڭ ھۆرمىتى دەپ ئاڭلاۋەدىم.ماندا دىسەم كۆڭەللىرىگە

كەممىسۇن،مەن ئەمەس باشقا ئەدەم بوسا ئاغزىلىرىغا ئۇرىتى جىما يانا دەپ قويايي!

مەن زەردە بىلەن يارمەمەتكە قايناۋاتقاندا، ئۆيىنىڭ ئىشكى قاتتىق چىكىلدى.

## 15-باپ    بۇ چۈش ئەمەس

-دۈك!دۈك!!دۈك!!!

بىر قېتىمقىدىن بىر قېتىمى قاتتىق چىكىلگەن ئىشىك،ھازىرلا ئاجراپ كېتىدىغاندەك لىغىلداپ كەتتى.مەن يارمەمەتكە قارىدىم.ئۇ يوغان شاپ بۇرۇتلىرىنى لىپىلدىتىپ تۇرۇپ،ماڭا «جىم!» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى.

-دۈك!دۈك!!دۈك!!!

يارمەمەتنىڭ قورقۇنۇچتىن تاتارغان چىرايىغا قاراپ،چوڭراق تىنىپ سىلىشتىنمۇ ئەنسىرەپ قالدىم.يارمەمەت بۇنچىلىك قورۇققان يەردە سىرىتتىكى چوقۇم ياخشى نەرسە ئەمەس.ۋەھىمە يەنە ۋۇجۇدۇمنى چۇلغۇدى.ياخشى يېرى ئىشىك-3 قېتىم قايتا چىكىلمىدى.بىز خىلى ئۇزۇنغىچە چىڭراق تىنالماي ساقلىدۇق.جىمجىتلىقنى يارمەمەت بۇزدى.

-ئۇف....خۇدىيىمغا شۈكرى!كەتتى....

مەنمۇ سەل خاتىرجەم بولۇپ ئەركىن نەپەس ئېلىشقا باشلىدىم.

-يارمەمەت ئۇستوم،چىم بايام شىكنى چەككەن؟

-بىلمەيتمە.

-بىلمىسلىرى نىمگە شۇنچە قوقاپ كىتىلا ئەمىسە؟

-ھەي...بىلمىگەنلىرى ياخشىراق،بەك كەچ بولۇپ كىتىپتا ئەينا،ئۇخلايىلى ماقىما!

-شادىخانىغا بىرە پەدە چامىمايلا؟

-كاللامنىڭ دەردى يوقيا مىنىڭ،كۆزۈمگە ئۇخلايتمە!

ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ ماڭا ياندىشىپ پوككىدە يىتىۋالدى.«ھۇ ساراڭ غەزەلچى،نۇمۇس قىمماي كاللامنىڭ دەدى يوق دەۋاتقىنىنى قارا مانىڭ! 5سائەتنىڭ ياغى مىڭىسىنىڭ پىشتى ۋا ئەدەمدەك چالىدۇ،ئەمدى كۆزىگە ئۇخلايدىغان بولاپ قالدى،ئەگەر پىچىقىڭ يىنىڭدا ۋوغان بوسا،يانا چالىتىڭ سەت ئوغرى !ماڭا بۇ ئۆمرۈمدە نورمالراق بىرە ئەدەم ئۇچرىمايدىغان ئوخشايدا.....» شۇنداق نارازىلىق كەيپىياتىم بىلەن مەنمۇ

پوككىدە يىتىپ تىزلا ئۇخلاپ قالدىم.

--دۇك !دۇك !دۇك!

تاك ئەمدىلا سۈزۈلۈشىگە،ھىلىقى قورقۇنۇچلۇق ئىشىك چىكىلىش يەنە باشلاندى .بەلكىم ئاران ئۈچ-تۆت سائەت ئۇخلاپ ئۇيقۇمغا قانمىدىم بولغاي،بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى .يارمەمەت بېشىنى بىر پىتلاپ كەتكەن پالاسقا ئوراپ، خورقىراپ ئۇخلاۋاتاتتى.بۇ قېتىم ئىشىك قايتا-قايتا چېكىلدى.نىمە قىلىشىمنى بىلەلمەي ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم.

1. ئىشىكنى چەككەن ھىلىقى ئاقباش خوتۇنمىدۇ؟!ئەگەر ئۇ خوتۇن بولغان بولسا يارمەمەت بۇنچە قورقۇپ كەتمەيتتى.دىمەك ئۇ ئەمەس!

2. شادىخان؟!بۇنداق ئايالنىڭ بار يوقلىقىمۇ بىر سىر،ئەگەر بار بولغان بولسا ئۇنىڭغا غەزەل توقۇپ مەستانە بولغان يارمەمەت يۈگۈرەپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچاتتى.

3. ئالۋاستى؟!جىن؟!اگىگانىت ئادەم؟....!ياق،ئەگەر ئۇلار بولغان بولسا بۇنداق سىپايىلىق بىلەن ئىشىكنى چېكىپ يۈرمەي،چېقىپلا كىرەتتى!

4. بىگىم؟!ياق....بىگىمنى ھىلىقى خوتۇن جايلىۋەتكەن بولىشى مۇمكىن،ئەينىدىن؟!ئۇنىڭ مىنى ئىزدەپ بۇيەرگە كىلەلىشى مۇمكىن ئەمەس،مەتىسلىم!توغرا مەتىسلىم!!پەقەت ئۇلا بۇيەرنى بەش قولدەك بىلىدۇ!

ھاياجاندا ئىشىكنى ئاچاي دەپ ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ بولۇپ،يەنە سەل ئەنسىرەپ ھىلىقى پىچاقنى قولۇمغا ئىلىۋىلىپ ئىشىكنى ئاستا ئاچتىم.

-ئەسسالامۇ ئىلەيكۇم ئۇستام!

ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشىك سىرتىدا خوجۇن ئارتىۋالغان،بېشىغا مىزى چۈۋۈلۈپ كەتكەن تۇماق كىيىۋالغان،سول قولىدا تەمبۇر تۇتىۋالغان،ئوڭ قولى مەيدىسىدە سالام ھالەتتە تۇرغان ،بىرىيەرلىرىدىن مەتىسلىمگە ئوخشاپ قالىدىغان،لىكىن مەتىسلىمدىن ياشراق ھەم

كىلىشكەنرەك، چاچلىرى ئوخشىمىغان بۇغدايىلىقتەك ھەم شالاڭ ھەم قىسقا، بۇرۇتلىرى ئەگمە ھەم قېلىن، كۆزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ناھايىتى تونۇش بىر ئادەم پەيدا بولدى.

كۆزۈمنى ئۇۋۇلىدىم. يەنە ئوخشاش، كۆز ئالدىمدا يارمەمەت تۇراتتى! ئاشۇ شادىخانچى يارمەمەت! ئۇنداقتا ئۆيدە ياتقان كىم؟! بېشىم پۇررىدە قايغاندەك بولدى، قولۇمدىكى پىچاقمۇ چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى. كېيىن بەلكىم يارمەمەتنىڭ قوشكىزەك ئاكىسى يا ئۇكىسىدۇ دەپ ئويلىدىم.

-ۋۇججىنەم، نىمە بولدى سىلىگە ئۇستام، قاق سەخاردە پىچاق كۆتۈرۈۋاپلىيا!

ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن كۆزلىرىدىن، چىرايىدىن قىلچىلىك قورقۇش، ھودۇقۇش ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى، ئەكسىچە ئادەمنى شۈركەندۈرگۈدەك بىرخىل ياسالما كۈلكە ئويناپ تۇراتتى. ياق! بۇ ئاشۇ يارمەمەتنىڭ دەل ئۆزى! ئەھۋال چاتاق!

-ھە...يا..ئۆيگە چىرىلى ئۆيگە!

مەن پىچاقنى بىلىمگە قىستۇرۇپ ئىشىكنى يوغان ئاچتىم. ئۇ «يارمەمەت» دېكىلداپ ئۆيگە كىرىدى، مەن دەرھال سىرىتقا قېچىپ چىقىپ كەتتىم. «مەيلى ئۇ كىم بولسۇن ئاۋۋال بۇيەردىن كېتىۋالاي، ئىشقىلىپ بۇيەردىكى ھەممە ئىشلار نورمال ئەمەس!» دېگەنلەرنى ئويلىغاچ يەنە يۈگۈردۈم. ئازاپلىق قېچىش يەنە باشلاندى، لىكىن بۇقېتىم قورقۇنۇچتىن ئەمەس، گۇماندىن!

خېلى ئۇزۇن قېچىپ ئارقامغا قارىسام ھېچكىم قوغلاپ كەلمەپتۇ. توختاپ دېمىمنى ئېلىۋالدىم. ئەتىگەندە ھاۋا ناھايىتى سۆرۈن بولغاچقا مېگەم شۇنچە سەگەك ئىدى. ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم. مەن يەنە چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن؟! مېنى يەنە قارا باستىمۇ؟! مۇشۇنداقمۇ ئۇزۇن قارا باسامدۇ؟ ئەگەر ئويغاق بوسام مەن نەدە؟ مەن ئۇچراتقان ئىشلار نىمانداق

غەيرى؟....سوئالالارغا جاۋاپ تاپالماي ئاخىرى قاراملىق بىلەن چۈش كۆرگەن ياكى كۆرمىگەنلىكىمنى سىناپ بېقىشنى قارار قىلدىم:

پىچاقنىڭ سېپى بىلەن تومشۇغۇمغا شۇنداق قاتتىق ئۇردۇمكى، بۇرنۇمدىن ۋاششىدە قان ئېتىلىپ چىققاندىن سىرت، كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ، بېشىمدا چاقماق چاققاندەك بولۇپ كەتتى!

بۇرنۇمنى قاماللاپ يەردە ئۇزۇن ئولتۇرغاندىن كېيىن، سول قولۇم بىلەن بۇرنۇمنى تۇتۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ھەممە تولۇق ئىسپاتلاندى، زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان قاڭشىرىم بىلەن كۆندۈزدىمۇ يۇلتۇز كۆرۈۋاتقان كۆزلىرىم ماڭا بۇ ئىشلارنىڭ چۈش ئەمەسلىكىنى دەرىجىدىن تاشقىرى ئېنىق بىلدۈرۈپ بەردى.

قاننى يامان تەستە توختىتىپ، نىشانسىز ھالدا ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم. كېتىۋاتىمەن، خىيالىمدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار كىنو لىنتىسىدەك قايتىلىنىۋاتىدۇ، بىگىم، ئەينىدىن تاغا، مەتسىلىمكا، سىلەر قەيەردە؟نىمشقا مىنى ئىزدەپ كەلمەيسىلەر؟مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟نەگە بارىمەن؟بۇ يەردىن قانداق چىقىپ كېتىمەن؟ئاقباش خوتۇن، ئۆي ئىچىدىكى يارمەمەت، ئۆي سىرتىدىكى يارمەمەت....

ئىزتىراپسىز خىياللار بىلەن قانچىلىك ماڭغانلىقىمنى بىلمەيمەن، كۆڭلۈم بارغانسىرى مۇڭلىنىپ، يىغا تۇتۇپ كېتىپ باراتتى. ئۆزەمچە غىڭشىپ مىسكىن غەزەل ئوقۇپ كەتتىم.

مەن نىمىشقا يىگانە، چۆلدە قالدىم شادىخان؟!

ھە؟!ئاناڭنى!شادىخان دەيمنا مەن، توۋا، توۋا، يۈزمىڭ توۋا!سۇنۇقتىن باشقىسى يوقىدۇ دەپ، يارمەمەت ئۇستامنىڭ كىسىلى يۇقۇپ قالمىغاندۇ ماڭا؟!

-ھۇ-ھۇ-ھۇ!ھۇ.......

ئۆزۈمنىڭ ساراڭلىقىنى ئەيىپلەپ مىڭىۋاتقىنىمدا، يىقىنلا بىرىيەردىن

كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى.دەرھال ھوشۇمنى يىغىپ،بىلىمدىكى پىچاقنى قولۇمغا ئېلىپ،ئاۋاز چىققان تەرەپكە پەم بىلەن يىقىنلاشتىم.كۆڭلۈمدە بولسا«كىلە مانا، ئاقباش خوتۇن بولامسەن،شادىخان بولامسەن تۇتۇۋىلىپ بىر قورقۇتاي ھەرقايسىڭنى!مەنلا قورقۇپ ئۆتۈپ كەتمەي بۇدۇنيادا!» دىگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتىم.ئەپسۇس،ئالدىمدا كىچىك بىر بالا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى.

مەن بۇقىتىم بەك ئالدىراپ كەتمىدىم.چۈنكى نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلار ماڭا سەل تەمكىنلىكنى ئۆگەتكەن ئىدى.كىم بىلىدۇ بۇمۇ ھىلىقى خوتۇندەك يېشىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىرنىمىمۇ تىخى ! 5-6قەدەم نىرىسىدا تۇرۇپ،ئۇنىڭ چىراي-قىياپىتى،ھەربىر ھەركىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتىم.ئاق چىلىتكىنىڭ ئىچىگە قارا ماتا كۆينەك كىيگەن،ئىشتىنىنىڭ ئېغىمۇ ئوچۇق،چاچلىرى پاكىز چۈشۈرۈلگەن،مەڭزى قىزىل،كۆزلىرى ھەم يوغان ھەم قارا....

دىمەك بۇ ئېنىق بىر گۆدەك بالا!ئۇنىڭغا تېخىمۇ يىقىنلاشتىم.ئۇ تېخىچە ئىسسەدەپ يىغلاۋاتاتتى.

-نىم بولدۇڭ ئۇكام؟

ئۇ مىنى كۆرۈپ قورقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارقىغا داجىپ قاچماقچى بولدى.

-ھاي!ھاي ئۇكام،قوقما!مەن ساڭا زىيان يەتكۈزمەيمە!

ئۇ سەل توختاپ ماڭا بىرخىل ۋەھىمە ئىچىدە قاراپ تۇراتتى.توغرا،ئاغزى-بۇرنى قان،قولىدا يوغان پىچاق تۇتۇپ تۇرغان بىرسى ماڭا«قورقما،ساڭا زىيان يەتكۈزمەيمەن!» دىسە مەنمۇ ھەرگىز ئىشەنمەيمەن دە!ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كىچىك بالا قورقماي قالارمۇ!مەن دەرھال پىچاقنى بىلىمگە قىستۇرۇپ،ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدۈم.

-چىژ يىم ئىدەم!(سىز نىمە ئادەم؟دىدى دەپ چۈشەندىم)

-مەن باشقا يەدىن كىلىپ،مىشەدە ئېزىپ قالدىم.مەن ئەسكى ئەدەم ئەمەس!

بالا ماڭا يەنە گۇمانىي نەزەر بىلەن قاراۋاتاتتى.مەن پىچاقنى ئىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدىم.

-قايلا ئۇكام،قوقما جىما!مىنى ئەدەم با يەگە ئاپىرە،ساڭا جىق پۇل ۋىرىمە!

بالا مىنىڭ پۇل بىرىمەن دىگىنىمنى چۈشەندىمۇ ياكى پىچاقنى تاشلىغىنىمغا قاراپ ماڭا ئىشەندىمۇ ئەيتاۋۇر ئالدىغا ئاستا كىلىپ يەردىكى پىچاقنى قولىغا ئىلىپ قاراپ باقتى.

-هاي،هاي...ئا قولاڭنى كىسىپ ساما يانا!

بالا دەرھال پىچاقنى تاشلىدى.مەن ئۇنىڭغا يىقىن كەلدىم.

-ئىسمىڭ نىمە؟

-هەيىۇر.

-هە؟!هەييار؟!

-هەي....يۇر!

بالا ئوماق ئاغزىنى ئۇشلاپ ئىسمىنى سوزۇپ دەپ بەردى.

-هە....غەييۇرما؟

بالا بىشىنى لىڭشىتتى.

-مىنىڭ ئىسمىم ئەغزەمجان.

-هەقشەمجان!

-هىي!هەقشەم ئەمەس ماندا ئەغى ئەغ،زى ئە زەمىزەم،ئەغزەم!

مەن ئۇنىڭغا ئىسمىمنى هەجىلەپ ئىيتىپ بەردىم.

-هەخ هەخ،شىمە شەمىشەم ،هەخشەم!

-ئاهاي...بولدىلا نىم دىسەڭ دىگىنە بولدى!

مىنىڭ خۇيلانغىنىمنى كۆرۈپ بالا ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى.بىزنىڭ ئارلىقىمىز بىردىنلا يىقىنلاشقاندەك بولدى.

-بايام نىمىگە ژىغلايتىڭ؟
-ئاكام ئۆدى!
-ئاكاڭ قەنى؟
-مەيلىگە كەتتى.
-مەيلىگە؟!ھە..مەلىگىما؟
بالا بېشىنى لىڭشىتتى.مەن ئالەمچە خۇشال بولدۇم.مەھەللە بار دىگەن گەپ،ئادەم بار دىگەن گەپ،ئادەم بار دىگەن گەپ مەن قۇتۇلدۇم دىگەن گەپ!
-مىنى باشلاپ بارامسە مەلەگگە!
-ماكۇي!
-ھە،ياخشى!ماگە ئوماق ئۇكام!
مەن ئۇنىڭ قولىنى يىتىلەپ بالا كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتىم.
غەيىۇر بىلەن چەكسىز ھاياجان ئىچىدە كىتىۋاتىمەن.مەن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ مەھەللىسى،مەھەللىسىدىكى ئادەملەر توغرىسىدا نۇرغۇن سۇئاللارنى سورىدىم.ئۇ «كومكيژئانىكام،كوشاكام....» دىگەندەك چۈشۈنەر-چۈشىنىكسىز جاۋاپلارنى بىرەتتى.مەن ئۇنىڭ جاۋابىنى چۈشۈنەلمىگىنىمدىن قىلچە مەيۈسلەنمەي،گاھ ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ،گاھ ئۇنى ھاپاش قىلىپ دىگەندەك خىلى ئۇزۇن يول ماگدىم.يولدا ئۇ تىخى ماگا ناخشىمۇ ئوقۇپ بەردى.
كىم شۈيۈپتا كۇمدا كالگان ئىشتقۇدەك شادىكان،
مۇژلىگاندا كەديى بىلمەي ئىشتكۇدەك شادىكان......
نىمىلەرنى دەيدىغاندۇ بۇبالا؟ ھەجەپ بىرخىل تونۇش ئاڭلىنىدۇ ناخشىلىرى؟!ئاھاگىمۇ شۇنداق تونۇش!ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ بالا «شادىخان» دىگەن ھىلىقى ئۆلگۈر ناخشىنى ئوقۇمايۋاتقاندۇ؟ ! يۈرىكىمنى بىرخىل ئەنسىز سېزىم چىكىپ ئۆتتى.مەن قولۇمنى تۇتۇپ

كىتىپ بارغان غەييۇرغا قايتا سەپسالدىم.يەنە شۇ گۆدەك ،مەسۇم،ئاقۇش چىراي....«غەيرى ئىشلارنى تولا كۆرۈپ ھەممە نەرسىدىن گۇمانلىنىپ قارايدىغان بولۇپ قالمىغاندىمەن؟ياق،گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ» مەن ئۆزۈمنى شۇنداق بەزلەپ ئۇنىڭ يىتەكلىشىدە مېڭىۋەردىم.زاۋال ۋاقتى بىلەن ئالدىمدا بىر پۈچۈق ئۆينىڭ ئارقا تىمى كۆرۈندى.

-بىيىنىڭ مەيلە،بىيىنىڭ مەيلە!

ئۆينىڭ قارىسىنى كۆرۈپ غەييۇر خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى.ئاندىن قولۇمدىن بوشۇنۇپ چىقىپ،ئۇ ئۆي تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى.ئۇف!ئاخىرى ئۇنىڭ مەھەللىسىگە كەپتۇق.مەن سەل ئىككىلىنىپ قالدىم.«لىكىن....لىكىن باشقا ئۆيلەرچۇ؟بەلكىم بۇيەرنىڭ مەھەللىرىدە ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقى مۇشۇنداق يىراق بولسا كېرەك.ئاۋال كۆرۈپ بېقىش كېرەك.» مەن شۇنداق ئويلىغاچ ئۇ ئۆيگە يېقىنلاشتىم.

تولىمۇ كونا ھەم ۋەيرانە ئۆي،تاملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاساسەن «شادىخان» چى يارمەمەتنىڭ ئۆيىنىڭكىگە ئوخشايدۇ،ئۇستىنىڭ ئىچىلىپ قالغان جايلىرىچۇ تېخى!ئۆينىڭ ئالدى تەرەپكە ئاستا ئۆتتۇم.ياق!بۇ يارمەمەتنىڭ ئۆيىگە ئوخشايدىغان ئۆي ئەمەس بەلكى دەل ئۆزى شۇ!بىلىمگە قىستۇرغان پىچاقنى ئىزدىدىم.يوق!قانداق يوقاپ كىتىدۇ؟كاللام قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى.

-مىنە پىچىقاڭ ئۇكىجان!

تولىمۇ خىرقىراق،تولىمۇ يىقىمسىز بىرئاۋاز ئارقامدىن ياڭرىدى.ئارقامغا ئاستا ئۆرۈلدۈم.ئارقامدا غەييۇر قولىدا مىنىڭ پىچىقىمنى تۇتقان ھالدا ئاپئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ خىرىلداپ كۈلۈپ تۇراتتى.

-سەن...سەن ھەجەپ بىرژەمدە ساق گەپ قىلىپ ژۇرۇيسىيا؟

-نىمە؟!خى-خى-خى.......

-ئۇكام،ئا پىچاق بىژىرىڭنى بىژنىمە قىلىۋىتىدا،ئەكىلە،ماڭا بە...

مەن قورقۇپ تۇرسامۇ يەنىلا ئۇنىڭغا قەستەن مۇلايىم ھالەتتە

يىقىنلاشتىم.

-ئۇ مىنىڭ پىچىقىميا ئۇستام ئەينا!

ئارقامدىن يەنە بىر ناھايىتى تونۇش، مەن ئاڭلاپ بىزار بولۇپ كەتكەن ئـاۋاز ئاڭلانـدى.ئـۆرۈلمەي تـۇرۇپلا ئۇنـىڭ يـارمەمەت ئىكەنلىكىنـى جەزىملەشتۈرۈپ بولدۇم.

-مىنە، ئاكىجان !ئۆزۈڭ كەپسەندە قۇمقىز ئانىكاڭنىڭ ئالدىغا !

ئـوڭ تەرىپىـدىن ۋىجىـك قولـدا يـىـپ كـاللىكى كۆتـۈرگەن جـادۇگەر خوتۇن پەيدا بولدى.«ھا..ھا...ھەممىسى خاتا سـەزگۈ!ئەغـزەم تـۆرەم،تىز ئويغان!تىز ئويغان!» مەن ئۆزۈمى كاچاتلاشقا باشلىدىم.

-ۋۇججىنەم!ئۇنداق قىساق بوممايتۇ ئۇستام،ھاي!

سول تەرىپىمـدىن تەمبـۇر كۆتـۈرگەن يەنە بىـر يـارمەمەت پەيـدا بولـدى.ئـۆزۈمنى كاچاتلاشـتىن توختىتىـپ،تۆت ئەتراپىمغـا قايتـا قارىدىم.ئالدىمدا غەييۇر،ئارقامدا يارمەمەت ئا،ئوڭ تەرىپىمدە ۋۇدالاڭدەك قورقۇنۇچلۇق «قىز» ،سول تەرىپىمدە يارمەمەت بى!

مەن بـىشىمنى بـۇراپ يۇرۇپ،توختىمـاي ئۇلارغـا قارىـدىم.ئـۇلار بىر-بىرىدىن سەت ئاۋازدا كۇلۇۋاتاتتى.بىشىم پىرقىراپ چۆرگىلىگەنـدەك بولدى.ئاشۇ پىرقىراش ۋە مىگەمنى قۇرۇتتەك غاجاۋاتقان ئـاۋازلار ئىچىـدە غەييۇرنـىڭ يولـدا كەلگـۈچە دىـگەن گەپلىرىنـى ۋە ناخشىـسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

-قۇمقىز ئانىكام،قوش ئاكام.........

-كىم سۆيۈپتۇ قۇمدا قالغان ئىزىنىقۇدەك شادىخان،

مۇزلىغاندا قەدرىڭ بىلمەي ئىسسىتقۇدەك شادىخان....

دىمەك ماۋۇ جەددالىنىڭ ئىسمى «قـۇمقىز ئانىكـام» ،يـارمەمەت ئـا،بى دەل «قـوش ئاكـام» ،غەييۇرچۇ؟ئىـشقىلىپ ئۇمـۇ ياخـشى نەرسـە ئەمەس!ئەمـدى قانـداق قىلىمەن؟ئـۇلار كۇلـۇۋەردى،مەن خىيـالىمنى قىلىۋەردىم.

1) ئۇلار تۆت تەرەپتىن چىلبۆرىدەك ئېتىلىپ كىلىپ مىنى جايلىۋىتىدۇ،مەن قانداق بولغىنىمنى بىلمەيلا ئەينىدىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بىلەن كۆرۈشىمەن!

2) مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاچقاندىن كىيىن ھەممىسى يوقاپ كىتىپ چۈشۈمدىن ئويغۇنىمەن!

3) بەلكىم ئۇلار يامان نىيەتلىك ئادەم ياكى نەرسە ئەمەس(بۇ ئويۇمغا ئۆزۈم ئۈچ پىرسەنتمۇ ئىشەنىچ قىلالمايمەن)

4) ئۇلارغا يالۋۇرۇپ،ئالداپ قۇتۇلۇپ قالىمەن.( بۇ ئويۇمغا ئۆزۈم ئىككى پىرسەنتمۇ ئىشەنىچ قىلالمايمەن)

5) ئۇلار رىۋايەتلەردىكى ئادەمخور قەبىلىدىن،منى پىشۇرۇپ يەيدۇ!

ساناپ تۇرۇپ30 سىكونت ساقلىدىم،ئۇلار منى تۆت تەرەپتىن كىلىپ جايلىۋەتمىدى!كۆزۈمنى يۇمۇپ ساناپ تۇرۇپ30 سىكۇنتتىن كىيىن ئاچتىم،ئۇلار يوقاپ كەتمىدى!ئۇلارنىڭ چىرايىغا يەنە سەپسالدىم،ھىچقايسىسى ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرگە ئوخشىمايتتى!ئۇلارغا يالۋۇرۇپ بىقىشنى قارار قىلدىم.

-ھەي يارمەمەت ئۇستام!منى ئاندا قوقاتمىسىلا ۋولتى!

مەن بۇ گەپنى يارمەمەت ئاغا يەنى ئارقامدا تۇرغان يارمەمەتكە دىدىم.ئۇ يەنىلا كۈلىۋاتىدۇ.

-قۇمقىز ئاچا ...ۋاي ياق !سىڭلىم،سىلە منى قۇتقۇزۇپ قويىمەن دىگەن ھە!

قۇمقىز ئانىكامغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم(بەلكىم بۇۋاقىتتىكى كۈلۈمسىرىگەن چىرايىم، يىغلىغاندىنمۇ بەتتەر بولىشى مۇمكىن).ئۇ ئەمدىلا كۈلكىدىن توختاپ تۇرغان ئىكەن،سۆزۈمنى ئاڭلاپ يەنە سەت كۈلكىسىنى باشلىدى.

-غەييۇر ئۇكوم!ماڭ قايلا،ئىي پىچاقنى ئەكىلە،مەن سىنى ژۇدۇي ژۇرۇپ مەلەڭگە ئەكىلىپ قويدۇمغۇ؟

ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ شۇنداق قاتتىق كۈلۈپ كەتتىكى، سىرىق ئىتنى ئىتىلىپ كىتەمدىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

-يارمەمەت ئۇستوم!يا ۋۇممىسا بىزپەدە «شادىخان» غا چاسىلىرى ئوتىراپ ئاڭلامدۇق؟

قولىدا تەمبۇر ئىلىۋالغان يارمەمەت بى كۈلكىدىن توختاپ،ماڭا بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ نورمال ئىپادە بىلەن بىشىنى يىنىك لىڭشىتتى.«يو پانا!ئىگەم ئۆزەڭ بار،يەنىلا مۇشۇ يارمەمەت ئۇستامدا سەل ئۇمۇد باركەن!» دەپ ئويلاپ، پۇت-قولۇمغا جان كىردى.يارمەمەت بى تەمبۇرنىڭ پەدىسىنى ئانچە-مۇنچە تەڭشەپ قويۇپ،تەمبۇرنى قاتتىق بىرنى پۇۋلىۋىتىپ زەخمەڭ ئۇرۇشقا باشلىدى.

كىچە باقتىم قويۇڭنى،سەن ئۇخلىدىڭ شادىخان،

يۇرىكەم بەك ئاغرىيتۇ،سەن چوغلىدىڭ شادىخان.....

مەن ئۇچۇن شۇنچە يىرگىنىچلىك «شادىخان» نامە يەنە باشلاندى.باشقا ئەزالار كۈلكىدىن توختاپ ئاستا ئۇنىڭ يىنىغا يىقىنلىشىپ كەلدى،ئاندىن بىر -بىرلەپ ئولتۇردى.مەن پەيتنى تىپىپ قاچاي دەپ نىيەت قىلىشىمغا ،قۇمقىز ئانىكام مىنى تارتىپلا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.جىنىم تاپىنىمدىن چىقىپ كەتمىدى،ئەمما باشقىسىنىڭ ھەممىسى بولدۇم.

جايىمدا مىختەك ئولتۇرۇپ قالدىم.بىرھازادىن كىيىن ئىسمگە كىلىپ بۇ قورقۇنۇچلۇق «مەشرەپ» ئەھلىگە قارىدىم.يارمەمەت بى يىرىم تىزلىنىۋىلىپ،زوق-شوخى بىلەن«شادىخان» نى ئوقۇماقتا.غەييۇر خۇددى ھەقىقى كىچىك بالىدەك چاۋاك چالماقتا.مەتىسلىم ئا بولسا كۆزلىرىنى يىرىم يۇمۇپ،ناخشىدىن مۇگلۇنۇپ مەست بولۇپ كەتكەن،قۇمقىز ئانىكام بولسا ئوڭ قولىدىكى يىپ كاللىكىنى سول قولىغا ئۇدارغا چۈشۈرۈپ يىنىك ئۇرۇپ،ناخشىدىن ھوزۇر ئالماقتا .تىۋا....نىمە كۈن بۇ ماڭا!

قورقۇنۇچ،ۋەھىمە،ھارغىنلىق،ھەيرانلىق،گاڭگىراش،ئۇمۇدسىزلىك....

ھەرخىل تۈيغۇلار يۈغۇرلۇپ كەتكەن كاللام تىخىمۇ قاپاق بولۇپ كەتتى.مەتسىلىم بى ناخشىنى بارغانسىرى شوخ،ئەۋجىگە چىقىرىپ ئوقۇماقتا.ئۆزىنى زادى تۇتالماي قالغان قۇمقىز ئانىكام شاپپىدە ئورنىدىن تۇرۇپ،قولىدىكى يىپ كاللىكىنى چۆرۈپ تاشلاپ،بىر قولىدا بېقىنىنى ،بىر قولىدا بىشىنىڭ ئارقىسىنى تۇتۇپ،توكا جىندەك دىككاڭشىپ ئۇسۇلغا چۈشۈپ كەتتى.

نىمە دىسەم بولار،بۇ ئۇسسۇلىنى كۆرگەن كىشى يىنىك بولغاندا ھوشىدىن كىتىدۇ،ئېغىر بولغاندا يۈرەك سانجىقى بىلەن ئۆلىدۇ!ھەممىدىن قورقۇنۇچلىقى شۇكى، ئۇ ئاشۇنداق«جەزبىدار» قامىتى،«ئۆزگىچە» ئۇسۇل ھەركىتى بىلەن بارغانسىرى ماڭا يېقىنلاپ كىلىپ،ئاپئاق قاشلىرىنى«لىك،لىك» قىلىپ ئېتىپ،قىسقا قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ مىنى ئۇسسۇلغا تارتتى!مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ تىنىم شۈركىنىپ كەتتى.

-تووۋا دىسە ئاچا..ۋۇي، سىڭلىم!مەن پەقەت ئۇسۇل ئوينىيالمايمە!خاپۇممىسا!

مەن ناھايىتى ئىغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئادەمدەك ئىككى قولۇمنى مەيدەم قويۇپ،ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يىرىم ئىگىلىپ ئۇنىڭغا ئۆزرە قويدۇم.ئەمما ئۇ جەددال بىزىرىپ تۇرىۋالدى.«ئاھ خۇدا!قانداق جازالىساڭ مەيلى ئىدى،مۇشۇنداقمۇ قىينامسەن مىنى...» دىلىمدا ئىگەمگە نالە قىلىپ تۇرغان پەيتتە،ھىلىقى غەييۇر دىگەن«بالا» ئورنىدىن تۇرۇپ قۇمقىز ئانىكىسىنىڭ ئالدىغا چىكىپ دەسسەپ كەلدى.

ئۇنىڭ بۇ ھەركەتلىرى نەدىمۇ گۆدەك بالىنىڭ ھەركىتى بولسۇن،يىنىك چىكىپ دەسسەشلىرى،تۈزۈك ئۇنىمىگەن قاشلىرىنى كۈچەپ ئېتىشلىرى،ئېغىزنى ئۈستىگە يىمىرىپ سىرلىق ھىجىيىشلىرى .... بەئەينى قېرى پوخۇرنىڭ ئۆزى!مەيلى نىملا بولمىسۇن ئىشقىلىپ«ئاقكۆڭۈل» غەييۇر مىنى چەكسىز ئازاپتىن خالاس قىلدى.ئۇلار

قوْم-توپا توزىتىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى.

مەن «ئـۇف...» دەپ جايىمـدا ئولتـۇرۇپ دېمىمنـى ئىلىۋالدىم.ئۇياق-بۇياق قاراپ بىردىنلا كـۆزۈم غەيىۋۇر ئولتۇرغـان جايغـا تاشـلاپ قويۇلغـان پىچاققـا چۈشـتى،«مەشـرەپ» ئەھلىنـى يەنە كۆزەتتىم.ناخشىچى ناخشىسى بىلەن ئۆزىنى يوقاتقان،ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل بىلەن غەرىق بولغان،مۇڭچىلار مۇڭدىن مەست بولۇپ كەتكەن،دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق پۇرسەت بولماس!دەرھال ئورنۇمدىن تـۇرۇپ غەيىۋۇر تاشـلاپ قويغـان پىچـاقنى ئىلىپلا ئالـدى-كەيـنىمگە قارىمـاي قاچتىم.ئارقامدىن ئۇلارنىڭ ناخشىسى،گۈپ-گۈپ قىلىپ پۈتىنى ئۇرغـان ئـاۋازلىرى ئاڭلىنىـپ تـۇراتتى،دىمەك ئـۇلار مىنـى تېخـى بايقىماپتۇ،قەدىمىمنى تىزلىتىپ قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ كەتتىم....

قەدىمىم بارغانـسىرى ئاسـتىلاپ كەتتـى.ھـارغىنلىقتىن ئەمەس بەلكى قـاراڭغۇلۇقتىن.غۇۋا ئـاي نـۇرى ئاسـتىدىكى قۇملـۇق ماڭـا تىخىمۇ ۋەھىملىـك،ھەربىر بارخـان ئارقىغـا مەلـۇم بىـر غەيـرى نەرسـە يوشـۇرۇنغاندەك تۇيغـۇ بىرىۋاتـاتتى.گەرچە قەدىمـم ئاسـتىلاپ قالغـان بولـسىمۇ،ئەمما توختـاپ قالمىـدىم.ئامالنىـڭ بـارىچە كـۆزۈمگە كونـا ئۆيدەك،ئادەمدەك كۆرۈنگەن نەرسىلەردىن ئايلىنىپ ماڭدىم.

شـۇنچە تىرىـشچانلىق كۆرسىتىپمۇ،قورسـاقنىڭ ئاچلىقى،ئۇسسۇزلۇق تەشناسى يەنە مىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.گەۋدەمنى تولـۇق توسـالىغۇدەك بىـر بارخاننىـڭ يىنىـدا ئولتـۇرۇپ غەمـگە پـاتتىم.ئەيىنـدىن تاغـا سـىلەر قەيەردە؟!بىگىم،سۆيۈملۈك بىگىم!ئۆزلىرىچۇ؟!مەتسىلىمكا،ھىچ بولمىغاندا سـىلە مىنـى تاپالاشـلىرى كىرەكتىغـۇ؟!نىمىـشقا مەن بىـلەن كـارىڭلار بولمايدۇ؟!بەلكىم سىلەرمۇ مەندىن بەتتەر ھالەتتە بولىشىڭلار مۇمكىن.

نەچچە سـائەتلەر ئالدىـدا مەشـرەپ ئويـنـاپ قالغـان ھىلىقى ئەزالارنـى ئـويلاپ قالـدىم.ئـۇلار زادى قانـداق ئادەملەر؟نىمىـشقا مـاڭىلا يىپىشىۋالىدۇ؟ئۇلارنىڭ نىمە مەقسىدى بار؟!خىيالىمنى ئەركىن قويۇۋەتتىم.

1. ئۇلار رىۋايەتلەردىكى قۇم خەلقى.مىنى ھەرگىز بۇيەردىن كەتكۈزمەيدۇ.كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن مەن بۇيەردە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىمەن ياكى ئۇلارغا ئوخشاش سارالڭ قېتىش بىرنىمىگە ئايلىنىپ كىتىمەن!

2. ئۇلار بۇيەردىكى ئالۋاستى-جىنلار!ئۇلار مىنىڭ كۆزۈمنى بەنىت قىلىپ قويدى،شۇڭا يولنى تاپالماي ساپانغا قاتقان كالىدەك چۆرگىلەپ يۈرىۋاتىمەن.

3. مەن ئېلىشىپ قالدىم.بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مىنىڭ خىيالي تۇيغۇم!

4. بەلكىم بىگىم،ئەينىدىنلەر مىنى ئىزدەشىنىمۇ خالىماي،ئالىلقاچان ئالدىغىنىنى ئېلىپ تىكىۋىتىپ بولدى.

ئويلىغانسىرى ئۈمۈدسىزلەندىم.بىردىنلا يىغا تۇتتى.يىغلىدىم،ئۈنۈمنى قويۇپ بىرىپ يىغلىدىم،بۆرە ھۇۋلىغاندەك يىغلىدىم،قولۇمنى ئىشىك قىسىۋالغاندەك يىغلىدىم....قىززىق يىرى،مەن يىغىدىن توختىغاندا،ئاۋاز توختىماي ۋاتاتتى.ھەيران بولۇپ،ئېغىزىمنى تۇتىۋالدىم،يەنە يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى.دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ،دىققىتىم بىلەن ئاۋاز چىققان نىشاننى ئىزدىدىم.

بۇ يىغا ئاۋازى يۇقىرى تەرەپتىن چىقىۋاتاتتى.بىشىمنى كۆتۈرۈپ مەن بايىدىن بىرى يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلىغان بارخاننىڭ ئۈستىگە قارىدىم.بىر باش.ئاپئاق چاچلىق باش!يىغا ئاۋازى ئاشۇ باشتىن چىقىۋاتاتتى.سىنچىلاپ قاراپ ئەرۋايىم ئۇچتى.ھىلىقى ئۆلگۈر قۇمقىز ئانىكام كەسلەنچۈكتەك دۈم يىتىپ،بىشىنى مەن تەرەپكە قىلىپ يىغلاۋاتاتتى.لىكىن ئۇنىڭ چىرايىدا كۈلكە!ئۇ مىنىڭ قاراۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ،يالغان يىغىسىنى توختىتىپ،بارخاندىن شارىلدىتىپ سىيرىلىپ ئالدىمغىلا چۈشتى.مىگەمدىن تارىغان بىر ئوت پۈتۈن بەدىنىمگە تارقىدى.يالۋۇرۇپ باقتىم،قىچىپ باقتىم،مۆكۈپ باقتىم،يەنە قانداق

قىلىمەن ئەمدى!يىنىمدىكى پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلدىم.
-خى-خى....ئاكىجان، قارىسام بەك يىغلاپ كەتتىڭ، مىنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ تەڭ يىغلىشىپ بەردىم ساڭا!
-ئاناڭنىڭ بىشى!
مەن غەزەپ بىلەن پىچاقنى ئۇنىڭغا شىلتىماقچى بولغاندا، بىر مۇزدەك، ئوتتۇندەك قاتتىق قول بىغىشىمدىن قامالالاپ ئالدى، ئاندىن شۇنداق قاتتىق بىر مۇجۇۋىدى، پىچاق قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى.ئارقامغا ئۆرۈلسەم ھىلىقى يارمەمەتلەرنىڭ بىرسى ئىكەن.
-ھاي ئۇستام هاي!بۇ مىنىڭ پىچىقىمتۇ!
ئۇ يەرگە ئېگىشىپ پىچاقنى ئېلىپ، غىلاۋىغا سىلىپ قويدى.مەن دىرىلدەپ تىتىرەپ كەتتىم.قورقۇنۇچتىن ئەمەس، غەزەپتىن، ئامالسىزلىقتىن!
-بىي ئومدان مەشرەپ قىلىۋاتىتتۇقا ئەينا، غىمسىسىدە يوقاپ كىتىپلا ئۇستام!
يەنە بىر يارمەمەتمۇ پەيدا بولدى.
-نىمە قىلاتتىڭ بىزنىڭ مەھەللىنى ئايلىنىپ جان ئۇكام!
ھىلىقى غەيىۋرمۇ پەيدا بولدى.
مەن ئەمدى ئۆزۈمنى باسالمىدىم.ئۇلارغا قولۇمنى شىلتىپ، شالامنى چاچرىتىپ، بارلىق نەپرىتىمنى تۆكتۈم!
-ھىي!قاندا نىمە ھەقاسىڭ، ھە؟!نىمدا ماڭا توخنىنىڭ پوقىدەك چاپلىشىۋىلىشسە؟!مەن يا بىزنىمەڭنى ئىلىۋامىسام، يا ھەقاسىڭ بىلەن ئۆچ-ئاداۋىتىم بوممىسا، نىمدا قىزنايسە مىنى؟!ما چاڭگىۋاش ئالۋاستى قىرى ئەينەككە قايلاپ باقماي«ئاكا، ئاكا» دەپ كەينىمگە چىرىۋالدا!ما شىككىڭنىڭ بىژسى ساراڭدەك «شادىخان» دىگەن بىژنىمەڭگە چىلىپ ئەدەمنىڭ ئىچىنى سىقىسەن!ما دەيۈز بالا چىراي ئالۋاستى، يالغاندىن بالا

بولىۋىلىپ مىنى ئەخمەق قىلىدا!ئىم گوۇنا قىغان مەن؟!مىنى ئۆتتۈرۈۋېتىپلام قۇتۇلۇشىاك بوممامدا؟!يا ماندا ئەدەمدەك ژۇمەي،يەدىن چىققان شوخىدەك پەيدا ۋولاپ قىلىشىسە،يا ماڭا چىقىش يولىنى تەپ بەمەيسە....

سۆزلەپ،تىللاپ،ئۇنۇم خىرىلداپ ئاخىرى توختاپ قالدىم.هالسىراپ يەنە ئولتۇردۇم.ئۇلار ئىپادىسىز چىرايى بىلەن ماڭا قاراپ تۇراتتى.سەل ماغدۇر پەيدا بولغاندىن كىيىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدىم.

-هە!دىيشە!مىنى قايدا قىمماقچى؟پىشىرۇپ يىيىشەمسە يا قوقىتىپ ئۆتتىرەمسە؟!هەراس!مىنىڭ يانا ئۈچ شىرىكىم باتى،ئۇلىنىمۇ هەقاسىڭ جايلاپ بولاشتىڭ هەقىچان!

ئۇلار بىر-بىرىگە قاراپ قويۇشتى.مەن بۇنى«بۇ گوۇي قانداق بىلگەندۇ» دىيشتى دەپ چۈشەندىم.

-هە!ئىسىڭگە كىلىشتىما؟!هەقاسىڭ جايلىۋەتكەن ئەدەمنىڭ جىقلىقىدىن چىمىنىڭ مەن دىگەن ئەدەملە ئىكەنلىكىنى بىلىشمىدىڭ هەقىچان؟!مەن دەپ بىرەي!بىژسى يوغان هەم بەستىلىك،چاچلىرى ئۇزۇن،بىشىغا قالپاق كيۋاغان،توختىماي بۇنىنى كولاپ تۇرىدا!بۇ ئەدەمنى هەقىچان ما قۇمقىز دەللە جايلاپ بولدى!يانا بىژسى خاپان باش،خام سىمىز.چىچىنىڭ ئوتتۇرىسى يوق تاز!يانا بىژسى ما شىككىڭگە ئوخشاپ كىتىدىغان قارىۋاي،دوقا ماڭلاي،قىرى ئاداش!ئەمدى ئەسلىشەلىدىڭما؟!

ئۇلار يەنە بۇتتەك قاراپ تۇراتتى.مىنىڭ جۇدىنىم تىخىمۇ ئۆرلىدى.

-نىم بولاشتىڭ؟!زۇۋانىڭغا قۇم چىرىپ قاممىغاندۇ؟!گەپ قىلىشە هە ماندا!

-هىي...هىي.....

-خى..خى......

-خا..خا......

-ها...ها.....

ئۇلار بىردىنلا تەڭلا كۈلۈپ كەتتى.مەن يەنە ئۇلارغا ۋارقىرىدىم.لېكىن ئۇلارنىڭ ۋەھىمىلىك كۈلكىسى مېنىڭ ئاۋازىمنى بېسىپ كەتتى.نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرغان پەيتتە،بىز تۇرغان يەرنىڭ شىمال تەرىپىدىن قاپقارا قۇم-بوران چىقىرىپ بىرنەرسە تېز سۈرەتتە بىز تەرەپكە قاراپ كەلدى.ئۇلار«ۋاي!ۋۇخ..!» دېيىشىپ بىردەمدىلا يەرگە كىرىپ كەتكەندەك يېنىمدىن غايىپ بولدى.ئاڭغىچە قۇم-بوران ماڭا يېقىنلىشىپ كۆزۈمنى ئاچالماي قالدىم.ئىككى پۇتۇمنى بىرجۈپ قولدەك نەرسە تارتىپلا،مىنى ئوگدامغا ئۇچۇرۇۋەتتى.

تېپىچەكلەپ،يەرنى تاتىلاپمۇ ئۇ قوللاردىن قۇتۇلالمىدىم.ئۇ نەرسە مىنى دارقىرىتىپ سۆرەپ ناھايىتى تېز سۈرەتتە ئېلىپ ماڭدى،ئاسمان-زېمىننى قاپلىغان قارا رەڭلىك بۇس-پوقىناقنىڭ ئىچىدە ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ،نەپىسىم قىسىلىپ،بېشىم قېيىپ،ئاخىرى ھوشۇمنى يوقاتتىم.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم.كۆزۈمنى تەستە ئاچسام،ھەممە يەر ئاق رەڭدە.ئورنۇمدىن تۇراي دەپمۇ تۇرالمىدىم.سەل كۆچىنىۋىدىم،مەيدەم ئاغرىپ قاتتىق يۆتەل تۇتۇپ كەتتى.توختىماي يۆتىلىپ،كۆزۈمدىن ياش چىقىپ،بېشىمغا ئاغرىق كىرىپ كەتتى.

-تۆرەم،بەك كۆچىمىسە!

-شۈكرى،يۈزمىڭ شۈكرى!

-مەن دېدىمىيا ئەينا،تۆرەم يامان بالا،ھېچنىمە بولمايتتۇ دەپ!

يۈرىكىم ھاياجاندىن تېپىرلاپ كەتتى.بۇ تونۇش ئاۋازلار مېنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەن نىرۋامنى بىراقلا بوشىتىۋەتتى....

## 16- باپ دوختۇرخانىدا

ئەڭ ئاۋال كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ تۇرغان ئەينىدىنى، ئاندىن بۇرنىنى كولاپ تۇرغان سۆيۈملۈك بىگىمنى، ئاندىن قورسىقىنىڭ ئالدىغا ئىككى قولىنى جۈپلەپ قويۇۋېلىپ، تىترەپ تۇرغان مەتىسلىمنى كۆردۈم.مەن ئاۋازىمنى چىقارماي يىغلاپ كەتتىم.بەلكىم بۇ سىغىنىش، خورلۇق، خۇشاللىق، ھارغىنلىق قوشۇلۇپ كەتكەن كۆزيىشى، بەلكىم بۇ قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغانغان كۆز يىشى.....

-ماڭا ماندا تۈزۈك بى قايىلىسا، جاماللىرىغا غەزەپ تەشنا قىلىلا جىما تۆرەم!

ئەينىدىن كۆز ياشلىرىنى ئالمان-تالمان سۈرتۈپ، ئوڭ قولى بىلەن يۈزۈمنى سىيلاپ كەتتى.

-رەھمەتلىك خوتۇنام يامانلاپ قىينانامنىڭكىگە15 كۈن كەتكەندىمۇ مۇنداق ئىچىشمىغانىيا يۈرىكەم مىنىڭ!تۆرەم تۆتكۈن يوقاپ كىتىۋىدى، كەچتە تىخى ئۇخلىيالمايتۇ ئىدەم، كۈندۈزى تىخى تاماق ئۆتمەيتۇ كىكىردەكتىن...

مەتىسلىم يەنە پەلىپەتىش سۆزلىگەن بولسىمۇ، مىنىڭ يۈرىكىم باشقىچە ئىللىپ كەتتى.

-شۇڭا دەيمە.مەنمۇ رەسمىي قوقاپ كەتتىم جىما بۇدورەم!تولا جىن چاپلىشىۋالدىغان بالا ئەمەسما بۇ تۆرەم!

بىگىم ماڭا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ كارىۋىتىمنىڭ يىنىدا ئولتۇردى.مەن نىمە دىيىشىمنى بىلەلمەي ئۇلارغا قاراپ ئۈنسىز ياش تۆكىۋەردىم.

-ۋۇجىنەم!زۇۋانى تۇتۇلۇپ قاپتىيا بىچارە تۆرەمنىڭ ئەينا، قاغىدەك سايراپ، ئىشەكتەك يايلاپ يۈرىتىقانتىيا بۇ تۆرەم، ھاي دوختۇر!دوختۇر!

-ھە!نىمدا سەت ۋاقىرايتىقانتۇ ما ئىدەم!

سىمىز، قاپىقىنىڭ بىزى باردەك كۆرۈنىدىغان بىر سىستىرا قىزچاق تىز-تىز مىڭىپ كىرىپ كەلدى.

-بۇ دىگەن جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلىميا!ئەيىندا ۋارقىرىساق بولامتا!
-ما تۆرەمنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قاپتۇ،بىر ئامال قىلايلى ئەينا!
-ئىينىغىراق تۇرسا مۇندا!
بودەك سىستىرا بىگىمنىڭ كارىۋىتىمنىڭ بىشىدا بۇرنىنى كولاپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ،ئۇنىڭغا قاتتىقراق تەگدى.بىگىم كۈلۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى،سىستىرا يېنىمغا كىلىپ،خىنە قويغان بودەك قوللىرى بىلەن ئاۋۋال كۆزلىرىمنى ئىچىپ تەكشۈردى،بىشنى چايقاپ قويۇپ،ماڭا بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا«ئاغزىلىرىنى ئاچسىلا ھە،يوغان مۇندا!» دىدى.مەن«چىك!» دەپ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويدۇم.
-ۋۇججىنەم!قۇلىقىمۇ پاڭقاي بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ ئەينا!مەن دوختۇرنى چاقىرىپ كىلەي ماقىما!
سىستىرا جىددىيلىشىپ دەرھال چىقىپ كەتتى.«تووۋا،تووۋا!ياتقان بىماردىن بىر ئېغىز گەپ سوراپ باقماي،بىراقلا گاس-گاچىغا چىقىرىۋىتىدىغان قانداق دوختۇرخانا،قانداق سىستىرا بۇ؟!ئەگەر مىدىرلىماي يىتىۋالسام مىنى پالەچكەن دىيىشتىن يانمايدىكەن بۇلار» ئىچىمدە شۇنداق ئويلاپ كۈلگۈم كىلىپ قالدى.
-خۇدىيىم تووۋا،قاراڭلا ئەينا،ئۆزىچە كۈلۈپ يۈرىتۇ،كاللىسىدىنمۇ كىتىپ قاپتىيا بىچارە تۆرەم!
-ئاھاي..نىمە گەپ قىممىسام زاڭلىق ئىتىۋىرىشلا مىنى!بولدى قىلسا جىما ئەمدى مەتسىلىمكو!
مەن ئۇلارنىڭ باشقا گىپىگىمۇ چىدىغان،لىكىن ئۇلارنىڭ ھالىغا باقماي مىنى كاللىسىنىڭمۇ دەردى باركەن دىيىشلىرىگە پەقەت چىدىمىدىم.
-ۋوي!ساقكىنىغۇ مانا تۆرەم!
-تۆرەم،مەن كىما؟كىنە بىر دەپباقسا ئەينا!
ئەيىندىنىڭ گىپى توختۇشىغىلا مەتسىلىمنىڭ لاۋزا گىپى يەنە باشلاندى.

-سىلىما؟موندو قايلىسام بىژىيەلىرى توخنغا،بىژىيەلىرى مۇشۇككە ئوخشاپ تۇرىدا،خاتالاشمىسام توخۇ ژۇرەك مازا مۇشىكى شۇغۇ دەيمە!

-خىخ.....

ئەينىدىن يوغان قورساقلىرىنى تۇتۇپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

-ھا...ھا...ھا...

بىگىمۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

-ھىي..ھىي...يەنە بىي كەلتۈرۈۋاللا ھە تۆرەم!

مەتسىلىمۇ كونا ئادىتى بويىچە گەدىنىنى قاشلاپ كۈلۈپ كەتتى.

-ھە،خاپۇماي چىقىپ تۇرۇشىسلا ماقىما!كەسەلنى تەكشۈرىتىمىز!

بىز كۈلۈۋاتقانىدا ھىلىقى بودەك سىستىرا، دارازا،چاچلىرى سەل پاخپىيىپ قالغان،قىلىن كۆزئەينەك تاقىۋالغان بىر دوختۇرنى باشلاپ كىردى.بىگىم دوختۇرنىڭ يىنىغا كىلىپ ئەھۋالنى بىرقۇر چۈشەندۈرگەن چىغى،دوختۇر سىستىراغا بىرقانچە ئىغىز كايىپ قويۇپ ئارقىغا قايىتتى.بودەك سىستىرا ماڭا قاتتىق بىرنى ئالىيىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.توۋا،يەنە بالاغا مەن قالغان ئوخشايمەن!مەن مەتسىلىمگە قاراپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدۇم.

-مىشۇ ئۆۋاتەككۇ كاللامنىزە...قوشنامنىڭ بالىسىنىڭ خەتمە تويى باتتى،ئىشەگە بىرىپ كىلىتقان ۋاقتىم بولۇپ قاپتۇ ماقىما...

مەتسىلىم غىپپىدە سىرىتقا چىقىپ كەتتى.تەييارلىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم ئىچىمدە قالدى.«خەپ ئوغرى!ساقىيىپمۇ چىقارمەن،تويغۇزۇپ قويىمىسام سىنى!» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

-خاپۇمىسا تۆرەم،مەتسىلىماخۇن ئاشتا چاقچاقچى يىتىم ئەمەسما.

ئەينىدىن چالا ھىجىيىپ ماڭا تەسەللى بەرگەن بولدى.

-شۇندا،شۇندا ھەممىگىلار ھىسامكامنىڭ تۇققىنىنىڭ خوشنىسىنىڭ تونۇشى،مەنلام گەپ قىلامايدىغان گاچا!

مەن ئەينىدىنىدىن ئاچچىقىمنى چىقاردىم.

-بولا، بولا تۆرەم، نەق گەپكە كىلىلى!ھە نەلىدە ژۇلە دەيمە؟
-نىمە؟!نۇمۇس قىمماي مەنىدىن سوراۋاتاملا تاغا!مەن نەگە كىتىپتىمە؟!ھىلىقى شىكتىن قاپقارا بىژنەسە مىنى سوقاپلما غەيرى بىژيەدە ئوغىنىپتىمەن!اما بىگىممۇ نەق مەيداندا تۇرۇپ ماگا ئەسكەرتىشمۇ بەمىدى تەخى!
-ۋىيى!«تىز قاچسا!» دىدىمغۇ!
-نىمىشقا بۇرۇنراق دىمەيلا؟
-ۋاي جىنىم تۆرەم!سىلى ماگا ئاشتا دىگۇدەك پۇرسەت بەلىما؟!مەن جىنىمدا بامىغان شىكنىڭ قىشىغا بىژمە پىشۇرۇپ قويغاندەك جۇغۇرۇيلا ئۆزلىرى!
-مەن....
دىمىم ئىچىمگە چۈشۈپ گەپ قىلالماي قالدىم.بىگىم يەنە يىنىمغا كىلىپ ئولتۇرۇپ ماگا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى:
بىگىم «تىز قاچسا!» دەپ ۋارقىرىغاندىن كىيىن، ھىلىقى ئۆيدىن چىققان قۇيۇن مىنى ئۇرۇپ-سوقۇپ يىپى يوق لەگلەكتەك ئۇچۇرۇپ كىتىپتىمىش!
-سىلە مىنى تۇتىۋاسلىرى بوممامتى؟
-مەن يەرگە يىتىۋالغاندا يوغان تاش بىشىمغا تىگىپ ھوشۇمدىن كىتىپتىمە!
بىگىم سۆزلىگەچ ئىگىشىپ، قويۇق چاچلىرىنىڭ ئارىسىدا خىلىلا يوغان يىرىلغان يارا ئىغىزىنى كۆرسىتىپ قويدى.
-قۇيۇن؟!ماندا ئىشۋا دىسە تىخى!ئۇندا ۋوسا ئەيىندىن تاغا سىلىچۇ؟تاماشىشا كۆرەپ تۇلا قۇدۇقنىڭ بىشىدىكى پاقىدەك ھەقىچان!
ئەيىندىن گىپىمدىن تىرىكمەي ماگا ئەھۋالنى چۈشەندۈردى:
ئەيىندىن ھىلىقى كىرىش ئىغىزىنىڭ ئالدىدا دوگغىيىپ بىشىنى تىقىپ قاراپ تۇرغانمىش، بىردىنلا ئۇ كامارىدىن بوران چىقىپ تاش پارچىلىرى

ئۇنىڭ ئىڭىكىگە، يۈزلىرىگە قاتتىق ئۇرۇلۇپ، ئۇنى ئارقىغا ئۈچۈرۈۋېتىپتىمىش، شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ بۇخاراغا كېتىپتىمىش.

ئەينىدىن ماڭا قىسقا بويۇنلىرىنى سوزۇپ، تىكىلگەن يارا ئېغىزنى، ئاندىن سول كۆزىنىڭ ئاستىدىكى تارتۇقنى كۆرسىتىپ قويدى.

-خا!ئۇندا ۋوسا مەتسىلىمكامچۇ؟

-ئۇ ئوغرى تىز سۈرەتتە بىز باشتا چىرىپ باققان قۇرۇق ئۆيىنىڭ بىرىسگە چىرىۋاپتا ئەمەسما!

«بىرسىڭ دۇم يىتىپ ھوشۇڭدىن كىتىپ قۇتۇلۇپ قال، يەنە بىرسىڭ ئوڭداڭغا يىقىلىپ ھوشۇڭدىن كەت، مازار مۇشىكى ھىچنىمە بولماي قۇتۇلسۇن، مەنلا ئاشۇ قاغىشتەككۇر جىنلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئۇچۇپ باراي!ھۇ سەنلەردەك....» ئىچىمدە ئۇلارنى تازا قاتتىق تىلىلدىم.

-بىگىم، سلە بايام مىنى سوقىۋەتكەن بىژنىمىنى قۇيۇن دىلىما؟

-شۇندا!

-يەنىڭ تىگىدىكى مازادا قۇيۇن نىمىش قىلىدا؟تىخى بىژ ئۆيىنىڭ ئىچىگە سولىنىپ قالدىغان قۇيۇن!

-ماڭ قايلىسا تۆرەم!سلە شار پۇلەپ باققانما؟

-ئاھاي...تولا مىنى گوللايمەن دىمىسە جىما!

-شارنى پۇلەپ-پۇلەپ تۇتىۋاساق ئىچىگە يەل تولىدا، ئەندىن شىتتىك قويۇپ بەسەك قايدا ۋولىدا؟

-ئايدا ۋولىدا!

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغۇم كەلمەي بىشىمنى باشقا ياققا بۇرىۋالدىم.

-سىلىنى سوقىۋەتكەن نەرسە دەل قۇيۇن، بۇ قۇيۇن قۇمغا كۆمەلگەن قەۋرلەنىڭ ئىچىگە ئاز-ئازدىن چىرىپ تۇپلاشقاندا، قۇم كۆچەپ بىراقلام ئېغىزى ئىتىلىپ قاغان. ھىلىقى «فىش-فىش» قىلغان ئاۋازنى ئاشۇ قۇيۇن چىقاغان. سوغۇق ھاۋا ئېقىمى بىلەن قۇم ئاستىدىكى ئىسسىق، دىمىق ھاۋا ئىقىمى بىژلىشىپ ئاشۇ قۇيۇننى پەيدا قىغان، بۇندا قۇيۇننىڭ كۈچىنى

تىۋۋەن چاغلىغىلى بومايدۇ!ھىلىغۇ سىلىكەنلا،سىۋاشىڭگىرنىمۇ پىقىرتىۋىتىدا بۇ قۇيۇن!

مەن يەنە ئۇنىڭ گېپىگە قايىل بولۇپ قالدىم.

-بىگىم،سىلە قۇيۇن ئىكەنلىكىنى ئىنىق كۆلما؟

-ئەلۋەتتە!سىلىگە قايلايمەن دىمەي،بىشىنى كۆتەمەي جىم يىتىۋاغان بوسام ھىچنىمە بومايتىم ئەسلى!

-ھە....دىمەك ئاشۇ قۇيۇن مىنى ئاشۇندا تاچىلىقتىمۇ ئۇچۇرۇپ،چىرىش ئىغىزىدىن چىقىرىۋىتىپتىدە!خىلى ئۇزۇن ماڭغاندەك قىلىۋاتىتۇق ئىچىدە!

-قايىلىسا،1000مىتىر كىلىدىغان شىلەڭكىدىن ژىڭنە بىلەن كىچىك تۆشۈك ئېچىپ قويىاپ،ئۇنى يۆگەپ-يۆگەپ يەشكىنى بومايدىغان قىلىۋىتىپ سۇنى ئىچىۋەتسەك ،سۇ نەدىن چىكىتىدا؟

-نەدىن تەشكەن بوساق ئاشەدىن چىكىتىدا!

-ھە، خو ئوغاۋالا!ئۇندا ۋوسا سىلە چىرىش ئېغىزىدىن چىكەتمەي نەدىن چىكەتسىلىرى بولىتى؟!

مەن بىگىمنىڭ گىپىگە تولۇق قايىل بولدۇم.دىمەك مىنى ھەقىقەتەن قۇيۇن ئۇرۇپ سىرىتقا چىقىرىۋىتىپتۇ دە!مەن دەرھال ئۇلاردىن سورىدىم.

-مەن نەدىن تىپىلدىم؟قانچە كۈن يوقاپ كەتتىم؟

-سىلىنى مەتىسلىمنىڭ "كەنىت تەۋەسىگە يىقىن بىژ يەدىن بايقىدۇق،دوختۇرخانىدا شىككۈن بىھۇش ياتلا،يوقاپ كەتكەن ئۈچكۈننى قاتساق،بەش كۈن بولىدا!

مەن ئىچىمدە ئىگەمگە چەكسىز ھەمدۇسانالارنى ئىيتتىم.ئەينىدىنىنىڭ گىپى مىنىڭ سەرگۈزەشتەمنىڭ چۈش ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.ھىلىمۇ ساق چىقىپ كىتىپتىمەن ئاشۇ قورقۇنۇچلۇق قۇملۇقتىن،شۈكرى!يەنە يەيدىغان رىسقىم بار ئوخشايدۇ.

-مىنىڭ ھازىرقى ئەۋالىم قايداراق؟

-چوڭ چاتاق يوق،ئېغىر دەرىجىدە سۇسىزلىنىش،زىيادە

چارچاش،ئـانچە-مـۇنچە تاشـقى يارا،ئـاچلىقتىن بەدەنـگە ئوزۇقلـۇق يېتىشمەسلىك....دېگەندەك ئۇششاق كىسەللەرنىڭ ئاتىسى ئىكەن ئوبدان ئارام ئېلىپ،ياخشى تاماق يېسىلىرى ئوڭشىلىپ كېتىلا!

-ھە..ھۇ!

يۈرىكىم سـەل جايىغا چۈشتى،بېشىمغا كەلـگەن ئىشلارنى بىرقاتـار ئويلاپ توساتتىن يۈرىكىم يەنە قارت قىلىپ كەتتى.

-شىتتىك ماڭا ئەينەك ئەكىلىپ بېرىڭلا!بەك شىتتىك!

ئەينـەكتىن مىنىـڭ ئەنـسىز ۋارقىرىـشىمغا پەرۋا قىلمـاي ئاسـتا قوپۇپ،ئـۆردەكتەك ئېغاڭلاپ،يامـان تەسـتە بىـر ئەينەكنـى ئېلىـپ كىـردى.مەن ئەينەكنـى ئۇنىـڭ قولـىدىن يۇلـۇپ ئېلىپ،يىتىـپ تـۇرۇپ ئەينەككە قارىدىم .يۈزۈمنىڭ ساق يېرى ئاز قالغـان،بولۇپمۇ پېشانەمنىڭ سـول ئۈسـتى تەرىپـى خىلـىلا يوغـان كۆكىرىــپ قالغــان ئىـدى.قوللىرىمغا،بىلەكلىرىمغـا قارىدىم،ئاساسـەن ھەمـمە يەرلـىرى سۈرۈلگەن زىـدە !لېكىـن مەن يەنىـلا خۇشـال بولـدۇم چۈنكى يۈزمـىڭ شۈكرى !ئېغىزىم،بۇرنۇم،كۆزۈم...ھەممىسى جايىدا تۇرۇپتۇ .

-ھە ،ئەمدى خاتىرجەم بوللىما؟

-ھا...تۆرەم،ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ نىمىشلىغا ئۇچرىغانلىرىنى دەپ بەسە!

مەن ئەمـدى ئېغىـز ئېچىـشقا تەمـشىلىۋىدىم،توساتتىن ھىلىقى بـودەك سىستىرانىڭ زىل،چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى.

-قاندا ئۇۋا تەككۈ ئوغرى ئىلۋالدىكىنا مىنىڭ ئەينىكەمنى ئەينا!

مەن ئەينەكنى تىقىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئۇ كىرىپ قالدى.

-ۋۇيىيۇ!مۇشـۇندا ئېغىـر كەسـەل تـۇرۇپ ئەينەكنـى ئىلۋاپتىيـا مـا غوجام!ئەكەلسە!

مەن خىجىللىقتىن يىرىلىپ كەتكۈدەك بولدۇم.ئۇ ئەينەكنـى قولـۇمـدىن سىلكىپ ئالغاننى ئاز كۆرۈپ،ماڭا يەنە«بىينىمە لازىـم بوسـا ئـاچىلىردىن سـوراپ ئـالىمىز ماقىمـا!» دەپ قويـۇپ يەرگە قـاتتىق-قـاتتىق دەسـسەپ

چىقىپ كەتتى.ئۇنىڭ ئاشۇ ئىگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيگەن بودەك پۇتلىرى مىنىڭ يۈرۈمگە دەسسەلگەندەك بىلىنىپ كەتتى .

-ئاھاي....ئەينىدىن تاغا،سىلىمۇ بىي ئەدەم چىقمىغانىدەك مۇشۇ خىنىمنىڭ ئەينىكىنى ئەچىرىپلا !خەقتىن سورىماي ئەچىگىچى شىكىنىڭ ئالدىدا ماگزىن با ۋوغىيتى!

-سىلە چىچىپ ساغۇدەك چىقىراپ كەتسىلە،مەنمۇ ھودۇقۇپ كىتىپ چىقىشىمغىلا سىستىرالار ئىشخانىسىدا مۇشۇ ئەينەك ئۇچراپ قالدى دىسە...

-خىم!

ھودۇقۇپ كەتكەن ئادەم ئاشۇنداق ئاستا ماڭامدۇ؟ئەنسىرىگەن ئادەم ئاشۇنداق ئۇزاقتا كىرەمدۇ؟بۇ ئىنىق مىنى زاڭلىق قىلىش ئۈچۈن ئوينىغان ئويۇنلىرى ئەينىدىن تازىنىڭ!

-نىمدا قوپال سىستىرا ماۋۇ!ھىلى مەن بىر پىكىر يىزىپ قوياي ئىي شىكىنىڭ يىنىدىكى دەپتەگە!

ئەينىدىن تاز كۈلگۈمنى كەلتۈرۈپ،گەپلىرىنى ھەركەتكە سىلىپ، بىر قولىنى قەلەم شەكلىدە،يەنە بىر قولىنى دەپتەر شەكلىگە كەلتۈرۈپ خەت يازغان قىياپەتنى دوراپ قويدى،خەت ياز قىياپەتنى دوراۋاتقان چاغدىكى ساختا سۈرلۈك قىياپىتىچۇ تىخى!ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتىم.

-ھە،ماندا كۈلۈپ ژۇسلىرى شىتتىك ساقىيىپ كىتىلا،ئەمدى دىسە!

مەن ئۈچ كۈن تارتقان جەبىر-زۇلۇملارنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردىم.ئۇلار ناھايىتى سەۋىرچانلىق بىلەن ئاڭلىدىكى ھەتتا گىپىمگە بىر ئىغىز قوشۇقمۇ سالمىدى.بىگىم يىنىمغا كىلىپ ئولتۇردى.ئەينىدىن يەنە خاتىرىسىنى قولىغا ئىلىپ يىزىشقا باشلىدى.

مەن قۇمقىز ئانىكامنىڭ گىپىنى قىلغاندا بىگىمنىڭ چىرايى بىر پۈرۈلۈپ يەنە ئەسلىگە كەلدى.يارمەمەت ئا،يارمەمەت بى نىڭ گىپىنى قىلغانىدا ئەينىدىن بىشىنى يىنىك لىڭشىتىپ قويىدى.مەن بارغانسىرى قىززىپ ،شۇۋاقىتتىكى ھىسسىياتىمنى،ئويلىغانلىرىمنى قويماي سۆزلەپ بەردىم.

-شادىخان دىگەن ناخشىنىڭ ئاھاڭىنى ۋە تېكىستىنى تولۇق بىلەملا؟
-قويىسا ئۇندا شادىخاننى!ھۆ ۋولاپ ئاران قۇتۇلدۇممەن!
-ئەسلىرىدە قانچىلىك قاغان بوسا شۇنچىلىك دەپ بەسە،بۇ بىزنىڭ سىلىنىڭ نەگە ۋاغانلىقلىرىنى ئىسپاتلاشنىڭ موھىم دەلىلى جۇما!
مەن سەل ئىككىلىنىپ،ئۆزۈم قاتتىق سەسكىنىپ كەتكەن شادىخاننى غىڭشىپ ئوقۇپ بەردىم.
شىراقلىرىم تېشىلدىيا،سىنى پايلاپ شادىخان،
يۈرەكلىرىم تېشىلدىيا،كۆرمەي ئايلاپ شادىخان.....
مەن توختىماي خىلى جىق كوپلىت ئوقۇپ بەردىم.
-تۆگىدىما؟
-نەدە تۆگەيدا!تۆگىمەيدىغان شادىخانكىن بۇ!بىرژقىتىم ئوقۇغىنى بىلەن يانا بىرژقىتىم ئوقوغۇنىنىڭ مەزمۇنى ئوخشىمايدا،ئەدەم يادىدا ساقلاپ بوغىلى بوممىغىدەك دەرىجىدىكى ناخشىكىن.
-ھە....
ئەيىندىن مەن ئوقۇغان تېكىستلارنى تولۇق يېزىۋالدى .مەن ھىلىقى قۇرقۇنۇچلۇق مەشرەپنىڭ گىپىنى قىلىۋاتقاندا مەتسىلىم ياتاققا كىردى.
-تۆرەم ئومدان قوپلىمىيا؟
-ئوبدان قوپتۇم.قوشنىلىرىنىڭ توققىنىنىڭ تونۇشىنىڭ خەتىنە تويى تۆگىدىما!
-ھە.ھىي...ھىي....
بىگىم مەتسىلىمنى شەرەت بىلەن جىملەپ،يەنە مىنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى.مەن مەشرەپ ئەھۋالىنى،قىچىش جەريانىمنى،يەنە تۇتۇلۇپ قالغانلىقىمنى،باتۇرلارچە ئۇلارنى تىللاپ رەسۋا قىلىۋەتكىنىمنى،بىرنەرسىنىڭ مىنى سۆرەپ ئىلىپ قىچىپ،ئويغانغاندا دوختۇرخانىغا كىلىپ قالغانلىقىمنى سەل كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ بەردىم.
-يوپىرىم!جاخاندىكى ئەيىنداق ئىشلارنىڭ جىمىسى تۆرەمگىلا

ئۈچرايدىكەن ماقىما!

-سىلە نېم دېمەكچى مەتىسلىمكو؟مېنى يالغان گەپ قىلدى دېمەكچىما؟!

-يوغسۇ تۆرەم يوغسۇ،مەن ئىشىنىتمە،لېكىن ئەشۇ تىللىپ،پاخشىكىنى چۈۋەتتىم دېگەنلىرىگە تازا ئىشەنمەيىتمە!

-نېمشقا؟

-ئەمدى..دەيمىنا ئەينا .سىلە كىچىدە بوران چىقسا قورقاپ كىتىلا يۇ ئاييىنداق جىن-ئالۋاستىلارنى تىللىيالاملا،ھىي...ھىي.....

-ئاھاي...سىلىنى كۆسەملام خۇيۇم تۇتۇپ قالىدۇ مىنىڭ،ماگسا چىقىپ بېژنىملىرىنىڭ بېژنىمىسىنىڭ تويىغا يانا بېژقىتىم چىقىپ چىسە!

-ئويىنىشىپ قويىدۇميا،خاپۇمىسىلا تۆرەم.

-ماگسا،ماگسا!

شۇنداق قىزغىن كەيپىياتىمنى مەتىسلىم دېگەن ئوغرى بۇزىۋەتتى.يەنە گەپ قىلىشنى خالىمىدىم.

-مەتىسلىماخۇن!ئۇندا دىسىلىرى بومىايدا جۇما!بىزنىڭ ما تۆرەم بوش ئەدەم ئەمەس،ھىلىغۇ جاڭگالدا قاغان جىنلىكىن،رەسمىي ئىبلىسىنىڭ يامىنى كەسمۇ تىللاپ ئۆتتۇرۋىتىدا!

ئەيىنىدىن ماڭا بولۇشۇپ دېگەن گەپلىرى تىخىمۇ تەنە قىلغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

-ماڭ قايلاشسا!مەن با گەپنىڭ ھەممىنى دەپ بولدۇم.ئىشىنىشەملا،ئىشىنىشمەملا ئىختىيالىرى!لېكىن ئەمدى مەندىن بېژنىمە سورايمەن دەپ خام خىيال ئەيلەشمىسىلە!

-مەن سىلىگە ئىشىنىمەن!لېكىن سىلە مىنىڭ قىياسىمنى ئاڭلاپ بولاپ ئەندىن بېژنىمە دىسە،قاندا؟

ئىزچىل گەپ قىلماي ئولتۇرغان بىگىم بىردىنلا سۆز ئىچىپ قالدى.مەن ئۇنىڭغا باشتىن-ئاخىرى قىزىقىش ھەم ھۆرمەتلەش ھىسسياتىدا

بولغاچقا،ئۇنىڭغا ئوشۇق ئارتۇق بىرنىمە دىيەلمىدىم.ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سەل ئويلىنىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

-بىرىنچىدىن،سىلە قۇيۇنغا سوقۇلغاندىن كىيىن بەك ژىراق يەگە كەتمىگەن،لىكىن قاتتىق سىلكىنگەن كالللىرى نىشاننى پەرق ئىتەلمىگە،خۇددى چالا ئۇيقۇلۇقتىن قوپقان ئادەمدەك!

شىككىنجىدىن،سىلە كۆگەن نەرسىنىڭ ھەممىسى خىيالىي تۇيغۇ!

ئۈچىنچىدىن،سىلە بىز ئويلىغاندىن كۆپ قەيسەر،چىداملىق،ھاياتقا بوغان ئىنتىلىشلىرى كۈشلۈك بوغاچقا،بىرقانچە كۈن يىرىم بىھوش ھالەتتە ژۈرۈپمۇ ھايات قاللا.

-نىمە؟!خىيالىي تۇيغۇ؟!مەن يا نىشكەش بەگگى ۋوممىسام،يا مەجۇن يىۋاغان ساراڭ ۋوممىسام نىمىشقا خىيالىي تۇيغۇ بولىدا؟!ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپلام مەن ئۆمرۈمدە ئويلاپ باقمىغان،كۆرەپ باقمىغان ئىشلا تۇسا ئۇۋۇۋ!

-ئاۋال مىنىڭ سۇئالىمغا جاۋاپ بەرسە،مەن يىتىپ تۇرۇپ شۇنچە قاتتىق يارىلاندىم،غوجام سىرىتتا تۇرۇپ زەخمىلەندى،ئەجىبا بىۋاستە سوقالغان سىلە ھىچنىمە بومماي قالالىما؟

ئۇ ماڭا سۇئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇردى.مەن سەل ئويلىنىپ قالدىم.

-مەن ئۆزەمنى يارىلانمىدىم دىدىممۇيا؟يارىلانغاندىمەن،لىكىن يارىلىنىش بىلەن ئۇ ئىشلىنىڭ نىم ئالاقىسى ۋا؟

-سىلە يارىلانغاندا باشلىرى قاتتىق سىلكىنىپ كەتكەن،ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇسسۇزلىق،ئاچلىق،قورقۇنۇچ،ھارغىنلىق بىرلىشىپ ئاشتا خاتا سىزىم پەيدا قىغان.

-شۇنداموۇ دەپ تۇرىلى ماقا،ئۇندا ۋوسا ماڭا نىمىشقا مەن بىلىدىغان،ماڭا ئالاقىدار بىرنىمىلە كۆرۈنمەي نەدىكى ئەدەمنىڭ قوقسىنى كەلتۈرىدىغان نەسىلە كۆرۈنىدا؟

-سىلىنىڭچە سىلىگە قايدا بىرنەسىلە كۆرۈنسە بولىتى؟

-مـــال-دۇنيـــا،گۈزەل قىزلا،خاســـيەتلىك ئـــادەم،ئىكس جەڭچى،ئۆزگىرىـــشچان ماشـــىنا ئەدەم،تەڭگە،ئۆمۈچىـــك پالۋان...دىگەندەكلەرچۇ.

-مەن سىلىگە دىسەم،ئەدەم يۇقارقىدەك ئەھۋال ئاستىدا ژۇرىكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى يوشۇرۇنغان ھىس-تۇيغۇ بىلەن پىسخىكىسىدىكى ئاجىزلىق بىرلىشىپ،مەۋھۇم تەسۋىر پەيدا قىلىدا،بۇنى بىز پىسخولوگىيە ئىلمىدە «ھەقىقى ئۆزلۈككە قايتىش» دەپ ئاتايمىز.

-مەن چۈشەنمىدىم،تولا مىنى گوللاپ گومپىغا چۈشۈرىمەن دىمىسە جىما!

-ماندافلا دەيلى،سىلە دىگەن ئۇ مال-دۇنيا،گۈزەل قىزلا،خاسيەتلىك ئادەم،ئىكس جەڭچى،ئۆزگىرىشچان ماشىنا ئەدەم،تەڭگە،ئۆمۈچىك پالۋان...دىگەنلىنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ تاشقى قىزىقىشلىرى ۋە سىرىتقى ئۆزلۈك،سىلىنىڭ تىگىلرىدىن ئۇندا بىزنىملىگە قىزىقىشلىرى يوق ھەم ئىچكى ئاڭلىرىدا ئۇنداق نەسىلىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىلا!قازاندا نىم بوسا،چۆمۈشكە شۇ چىقىدا،ئۇندا روھىي ھالەتتە ئەدەمنىڭ ئىچكى ماھىيتى ۋە پىسخولىگىيەلىك كەمچىللىكى بىرلىشىپ،بىۋاستە كۆرۈش ئىقتىدارىغا ۋە سىزىمىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدا!سىلە ئۇنى باشقۇرامايلا ھەم ئۆزگەرتەمەيلا!

مەن يەنە ئويلىنىپ قالدىم،بىرچاغلاردا سىرىتتىن تەكلىپ قىلىنغان پىسخولوگىيە دوختۇرى خالىدە پىرافىسورنىڭ،ئوقۇۋاتقان چىغىمىزدا بىزگە مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلەپ بەرگەنلىكى ئىسىمگە كەلدى:

بىزگە چوڭ ئىكراندا قاناس كۆلىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى سۈزۈك مەنزىرە فىلىمى قويۇپ بىرىلدى،گەرچە مەنزىرە ناھايىتى ئىنىق بولسىمۇ،تۇرۇپ-تۇرۇپ ئاق قار ئۇچقۇنىدەك نەرسىلەر ئىكراندا لەپىلدەپ قويۇپ يوقاپ كىتەتتى.مەن ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپمۇ شامال ياكى باشقا نەرسە ئىكەنلىكىنى پەرق ئىتەلمەي،مەنزىرىگە قاراپ ھوزۇرلىنىشقا مەجبۇر

بولدۇم.

بەش مىنۇتتىن كېيىن، پىرافېسسور بىزگە بىر ۋاراقتىن ئاق قەغەز تارقىتىپ بېرىپ، خالىغان بىر خەتنى يېزىشنى بۇيرىدى. مەن ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا« ئىستاكان» دېگەن خەتنى يازدىم. بىردەمدىن كېيىن خالىدە ئاپپاي بىزگە «ھەممىڭلار يازغان خېتىڭلارنى ئېگىز كۆتۈرۈڭلار!» دېدى، مەن دەرھال كۆتۈردۇم. لېكىن ھەيران قالدىم، چۈنكى شۇ قېتىملىق نۇتۇققا قاتناشقان بارلىق ئوقۇغۇچىلار بىردەك «ئىستاكان» دېگەن خەتنى يازغان ئىدى!

ھەممىمىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ ھەيران بولۇپ، گۈلدىراس ئالقىش ياڭراتتۇق ھەم سەۋەبىنى سورىدۇق. خالىدە ئاپپاي كۈلۈپ قويۇپ، بايامقى مەنزىرە فىلىمى قايتا قويۇپ، ھېلىقى ئۇچۇپ يۈرگەن نەرسىلەر چىققاندا ئېكراننى قاتۇرۇپ چوڭايتىپ بەردى. ئەسلىدە ئۇچۇپ يۈرگەن ئۇ نەرسىلەر قەغەز بولۇپ، ئۈستىگە «ئىستاكان» دەپ خەت يېزىلغان ئىكەن. مەن سۇئال سوراي دەپ تۇرسام، ئۇ ئۆزى جاۋابىنى بەردى. تۆۋەندىكى مېنىڭ ئېسىمدە قالغان قىسمى:

ساۋاقداشلار، ھازىر ھەممىڭلار «قانداق بولۇپ بىز ئۇ خەتنى يېزىپ قالدۇق، شۇنچە تېز سۈرەتتە ئۆتكەن تۇرسا، ياكى بىز ئېنىق كۆرەلمىسەك» دەپ ئويلاۋاتىسىلەر، ئەمەلىيەتتە بۇ ناھايىت كەڭ تارقالغان، ئاددىي تەجرىبە. سىلەر دىققىتىڭلارنى يىغىپ مەلۇم نەرسىگە قىزىققان پائالىيىتىڭلار ئەمەلىيەتتە سىرتتىقى ئاڭ پائالىيىتى، بىز پەرق ئېتەلمىگەن، ئېتىۋارغا ئالمىغان نەرسىلەرنى كۆزىمىزنىڭ تەسۋىر نېرۋىلىرى كۆرۈپ، خاتىرلەپ مېڭىۋىرىدۇ ۋە بىۋاستە ئادەمنىڭ ئىچكى ئېڭىنى ئاستا-ئاستا شەكىللەندۈرىدۇ. ھەربىر خەت، ھەربىر ھەركەت ئىچكى ئاڭنىڭ يېتەكلىشىدىن قۇتۇلالمايدۇ، بىز ھەم باشقۇرالمايمىز ھەم ھېس قىلالمايمىز........»

دېمەكچىلىك، بىگىمىنىڭ دېگىنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر

هادىسە بولىشى مۇمكىن،لىكىن يەنىلا ئۇنىڭ گېپىگە تولۇق ئىشەنگۈم كەلمىدى.

-سىلىنىڭچە مىنىڭ ئىچكى ئېگىمدا ئاقۋاش قىزچاق،قوشكىزەك تەمبۇرچى،غەيرى بالا... دىگەندەكلەر باكىندە!

-سىلىنى تولۇق قايىل قىممىسام،بەلكىم ئاڭلىرىدا بىر قارا كۆلەڭگۈ پەيدا ۋولاپ قالىدا،شۇڭا مەن سورىغان سۇئاللارغا جىك،ئەستايىدىل جاۋاپ بەرسىلە،ماقىمۇيا؟

-ماقا!

-سىلىنىڭ هازىرغىچە مەبەتلىرى يوق شۇندىما؟

-هە...شۇندا دىسەكمۇ بولىدا.

-چۈنكى سىلە كەلگۈسىدىكى لايىقلىرىغا،مۇخەببەتكە بەك ژۇقىرى تەلە قويىۋالىلا،قىزۋالىنىڭ بەك مۇكەممەل،ئەقىللىق بولىشىنى ئۈمۈت قىلىلا شۇندىما؟

-شۇندا.

-سىلىنىڭچە سىلە بىلەن تەڭ ياشلىق قىزۋاللىنىڭ سىلە كۆڭەللىرىدە ئويلىغاندەك ئەقىللىق،پىشقان،هەممە جەهەتتىن تەڭ يىتىشكەن بولىشى مۇمكىنما؟

-مەن....بىلمەيمە،بەلكىم مۇمكىن ئەمەس.

-دىمەك قۇمقىز دەل ئاشۇنداق خىيالنىڭ مەهسۇلى.ئويلاپ باقسا،ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ ئاق بولىشى،كىيىملىرىنىڭ ئۇزۇن بولىشى،چىچىنىڭ جىق ۋولىشى ئۇنىڭ تەجرىبىلىك،ئەقىللىق،تەقۋادار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدا،چىرايىنىڭ ياش،چىرايلىق بولىشى ئۇنىڭ لاتاپەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدا،سىلە ژىغلىغاندا ژىغلاپ،كۈلگەندە كۈلىشى سىلى بىلەن هەممىدە تەڭ ماڭالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدا!دىمەك سىلىنىڭ زىيادە يۇقىرى تەلەپ قويغان مەۋهۇم لايىقلىرى ئاللىقاچان مىڭىلىرىدە شەكىللىنىپ بوغان.

-ۋوجۇ!ھەقانچە ۋوسىمۇ مەن ئۇنىدا دەرىجىدىكى قوقۇنىشلۇق ئويلىمىغان ۋوغىيتىم!

-ئاھاي...ماڭ قايىلىسا!ياش قىزۋاللىنىڭ سىلە ئويلىغانىدەك ئاشتا تەجىربىلىك،تەقۋادار،ئەقىللىق بولىشى مۇمكىنما؟

-مۇمكىن....ئەمەس!

-ھە،ئەقىل،تەجىربە دىگەن مانىدا ياشقا قايىلاپ بولىدا،سىلىنىڭ خىياللىرى مەلۇم جەھەتتىن ئىيتىقانىدا بىنورمال پىسخىك ھالەت،شۇڭا پەيدا بولغان مەۋھۇم تەسىرمۇ نۇرمال بومىمايدا.

-شۇندامىتى يا......

-ئەمدى ھىلىقى يارمەمەتلەرگە كەسەك،مەتىسىلىماخۇن بىرگە دەپ بەرگەن ھىكايىلىرى سىلىگە بەك تەسىر قىپ كىتىپ،ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالغان مەۋھۇم تەسىر.ئەگەر ئىشەنمىسىلىرى نىمشقا ئۇلىنىڭ ئىسمى«مەتقاسىم،مەتنىياز،مەت ھوشۇر» بومماي يارمەمەتلام بوپقالىدا؟

-گەپلىرىڭۇ توغرىدەك تۇرىدا،لىكىن نىمشقا شىكىكىسى پەيدا بولىدا؟

-ئا باشتىكى قۇمقىز دىگەن سىلە ئۇزۇن مۇددەت خىيال سۇرۇپ،تولۇق شەكىللەندۇرۇپ بوغان تەسىر،يارمەمەتنىڭ ھىكايىسىنى ئاڭلىغانلىرىغا ئۇزاق ۋوممىدى، ئۇ تىخى تولۇق پىشمىغان،خام تەسىر،شۇڭا كالللىرىدا ھەرخىل قىياس قىلىلا،سىلىغىغۇ شىكىكىسلام كۆرنىپتا،ئۆتكەندە ھىكايە ئاڭلاپ بولاپ ئەتىسلام شۇندا ئىش ۋوغانبوسا سىلىگە يامەمەتتىن ئون-ژىگىمىسى كۆرىنىتى تىخى!

-بالىچۇ؟ھىلىقى غەيىۇر دىگەن!

-ئۇنى مەن قانىداق چۈشەندۇرۇشنى بىلمىدىم،ھەممە ئەدەمنىڭ ھىچكىمگە دىمەيدىغان ھەم دىيەلمەيدىغان سىرلىرى،ھەتتا ئۆزىمۇ ئويلاشنى خالىمايدىغان پىسخىك ئاجىزلىقى بولىدا،لىكىن مىنىڭچە مەن ئۇنىڭ سىلىنىڭ يانا بىر تەرەپلىرىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

-ئاھاي،ماڭسا ئەدەمنى زاڭلىق ئەتمەي!

-زاڭلىق ئەتمىدىم.ئاۋال مىنىڭ پەرىزىمنى ئاڭلاپ باقسا، خاتا ۋولاپ قاسا مەن ناماقۇل!

-ھە، دىسە قىنى.

-سىلە ئادەتتە بەك جەمىيەت كۆمگەن، باشلىرىدىن جىق ئىسسىق-سوغاق ئۆتمىگەن، لىكىن باشقىلارنىڭ ئالدىدا قەستەن پىشقان، بىلىملىك قىياپەتكە چىۋالىلا. ئەمەلىيەتتە سىلە پىسخولوگىيە جەھەتتىن يەنىلام بالا، غەييۇرنىڭ سىرتتقى كۆرۈنىشى تولۇق بالا، گەپ-سۆزلىرى، ئىش-ھەركىتى چوڭ ئەدەمدەك، بولۇپمۇ سىلىنى «ئۇكام» دىيىشلىرى بۇ نۇقتىنى تىخىمۇ ئىسپاتلاپ بىرەلەيدا!

مەن قايىل بولماي تۇرالمىدىم، لىكىن زادىلا مىنىڭ شۇنچە ۋەھىملىك كەچۈرمىشىمنىڭ بىراقلا خىيالىي سەزگۈگە ئايلىنىپ كىتىشىگە تەن بەرگۈم كەلمىدى.

-ئۇندا ۋوسا مەن نىمىشقا ئاچلىقتىن ئۆلمىدىم؟مىنى قايدا بىژنەسە مەتسىلىمكامىنىڭ مەلىسىگە ئەكەپ قويدى؟

-مەن سىلىنى ئۇخلاپ چۈش كۆلە دىدىممۇيا!سىلە ئويغاق ھالەتتە، ھەركەت قىلىپ تۇرۇپ بولغان خىيالىي سەزگۈ ئۇ!بىز سىلىنى تاپقاندا قۇسۇقلىرىدىن نۇرغۇن ئوت-چۆپ، توغراق دىگەندەك نەسىلىنى كۆدۈق، سىلە يىگەن توشقان ۋە باشقا نەسىلىمۇ ئەسلى شۇ!مىنى سۆرەپ ئەكەلدى دىگەن نەرسىنىمۇ مەتسىلىمنىڭ ھىكايىسىدىن ئۆزلەشتۈرىۋالغان تەسىر، ئەسلىرىدە بامۇيا ھىلىقى مەخلۇق ھىكايىسى!

پۈتۈنلەي قايىل بولدۇم.دىمەك مەن چۈش كۆرمەپتىمەن، لىكىن ھىچقايسى ئۇگۇم ئەمەسكەن، ھەي دۇنيا، ھەي دۇنيا....

## 17-باپ قەشقەرگە قايتىش

كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشتى.بىگىم،ئەينىدىن قاتارلىقلار ماڭا ئۇدا بىر ھەپتە ھەمراھ بولغاندىن كېيىن،تەكشۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كىتىپ قالدى.مەتسلىم پات-پات قىلىۋاتاتتى،كېيىن ئۇمۇ غايىپ بولدى.دوختۇرخانىدا يالغۇز قالدىم،گەرچە ھەرىكەت قىلىشتا قىينالمىساممۇ،بەدىنىم ئىغىر دەرىجىدە زەئىپلەشكەچكە،دوختۇرخانىدا خىلى ئۇزاق يېتىشىمغا توغرا كېلەتتى.ھېلىقى بودەك سىستىرانىڭ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنمۇ ياكى ئىخىنكىسى شۇندا ناچارلىقىدىنمۇ ئىشقىلىپ ھەرقىتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا بىرىيەرلىرىمنى ئاغرىتىپ ۋارقىرىتىۋېتىپ،ئۈكۈلنى بىرقانچە يەرگە سانجىپ تۈغۈلغىنىمغا تويغۇزىۋېتىپ چىقىپ كىتەتتى،تىخى بىر ئىغىز كەچۈرۈم سوراش يوقنىڭ ئۈستىگە«خوتۇن كىشىدەك نازۇككەنلا ماقىما!» دەپ قوياشلىرىنى دەيمۇ جىنىمنى چىقىرىپ!ئۇزۇن ئۆتمەي دوختۇرخانىدىن مەجبۇرى چىقىپ كەتتىم،بودەك سىستىرادىن تويۇپ ئەمەس،بەلكى بىگىم ۋە ئەينىدىنلار يازغان بىرپارچە خەتنىڭ سەۋەبىدىن!

ئۇ ئىش ۋە خەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

بىركۈنى بودەك سىستىرا ئارتۇق تېپشۇەتكەن بىلەكلىرىمنى سىيلاپ ياتسام،ئۇ قايتا يىنىپ كىرىپ بىرپارچە خەت ۋە قېلىن لىتاپنى كارىۋىتىمغا تاشلاپ قويۇپ،« بوۋىلىرى سىلىگە بەسۇن دىتۇ!» دەپ قويۇپ،«قاسى بوۋامكىن ئۇ؟!مىنىڭ بوۋام ئۆلەپ كەتكىنىگە بەك ئۇزۇن بولدى جىما!» دىيىشىمگە قۇلاق سالماي چىقىپ كەتتى.خەتنى ئىچىپ ئوقۇدۇم.بۇخەتنى ئەينىدىن يازغاندەك تۇراتتى.

تۆرەم!

سالامەتلىكلىرى قانداقراق؟!خىلى ئوڭشىلىپ قالدىمۇ؟!ئەسلى يانلىرىدا تۇرۇپ سىلىدىن خەۋەر ئالساق بولاتتى،ئەمما مەلۇم ۋاقىت خاراكتىلىك خىزمەتلەرنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى ئۇنداق قىلالمىدۇق،مەن ئۆزۈم ۋە

بىگىمگە ۋاكالىتەن سەمىمىي ئەپۇ سورايمەن!

بىزگە ئەگىشىپ يۈرۈپ جىق ھەرەج تارتىپ قاللا، بولۇپمۇ بۇقىتىم! شۇڭا سىلىنىڭ ساقايغاندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ، ياخشى خىزمەتتىن بىرنى تېپىپ، بەختىلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز. ھەمكارلىقىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن.

دېسەم-دېمىسەم بۇگەپلەرنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرىدە قاتتىق رەنجىۋاتىلا، لېكىن بىزنى توغرا چۈشەنسە، چۈنكى بۇ قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىقتىن كېيىن بىز بەكلا چۆچىدۇق! بىز سىلىنىڭ ئامانلىقلىرىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلالمايدىكەنمىز، بۇ بىزنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىمىزدىن ئەمەس، مەلۇم جەھەتتىن سىلىنىڭ باشباشتاقلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتى، ئۇنداق ئەمەسمۇ؟! قېنى ئويلاپ باقسا، سىلە بىز بىلەن ھەرىكەتتە قاتناشقاندىن بۇيان قايسى قېتىم بىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىمىزغا بويسۇنۇپ باقلا؟! قايسى قېتىم بىزنىڭ گېپىمىزگە، پىكرىمىزگە ھۆرمەت قىلىپ باقلا؟!

بۇنداق دېسەم كۆڭۈللىرى يېرىم بولمىسۇن، گەرچە سىلە قىززىققان، سەپراراق بولغانلىرى بىلەن، سىلىدە سىلە بىلەن تەڭ ياشلىق نۇرغۇن ياشلاردا يوق ئارتۇقچىلىقلار ۋە ئۆزگىچە خاراكتېر بار، مەسىلەن: سىلە تەپەككۇرغا باي، يۈرەكلىك، ئوتتەك قىزغىنلىقتا، خەتەر ئالدىدىمۇ ئۆزىنى يوقاتمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە. ئەڭ گەۋدىلىك ئارتۇقچىلىقلىرى شۇكى، سىلە ئاداۋەت ساقلىمايلا، ئەپۇچان!

لىپاپىتىكى30 مىڭ يۈەن پۇل ۋە 70مىڭ يۈەننىڭ چېكى، سىلىنىڭ يىپ ئۈچى بىلەن تەمىنلىگەن، بىز بىلەن بىللە جاپا چەككەن، ئۇيغۇر تارىخى يادىكارلىقلىرى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىنىڭ ئازراق ئەجرى، ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ قوبۇل قىلالا! ئەلۋەتتە، ناۋادا ئىگەمنىڭ ھىممىتى بىلەن بۇقىتىم بىز ئوڭۇشلۇق، ساق-سالامەت قايتىپ كېلەلىسەك، سىلىگە چوقۇم يەنە ئايرىم رەھمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز! ھەم خىزمەت ئورۇننى ھەل قىلىشقا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياردەم قىلىمىز. كۆرۈشكىچە ئامان بولسىلا!

هۆرمەت بىلەن ئەيىندىن غوجا

ھەراس!دوختۇرخانىنىڭ پۇلىنى تولۇق تۆلەپ بولدۇق،بەلكىم سىلە چىققاندىمۇ پۇل ئىشىپ قىلىشى مۇمكىن،شۇڭا خاتىرجەم داۋالانسىلا!

ئەسكەرتكۈچى:بىلال سەردار بىگىم

خەتنى قولۇمدا تۇتقان پېتى قىتىپ قالدىم.كۆڭلۇم ئاجايىپ ئازابلىنىپ كىتىپ باراتتى.تۇنجى مۇھەببىتىم مىنىڭ كۆزۈمچىلا باشقىلار بىلەن يۈرىۋالغاندىمۇ بۇنداق ئازابلىنىپ كەتمىگەن ئىدىم.مەن نىمىشقا ئازابلىنىمەن؟!مەن ئىرىشمەكچى بولغىنىممۇ مۇشۇ پۇل ئىدىغۇ؟!مەن پۇلنى دەپ كەلگەنغۇ؟!ئۇنداق ئەمەسمۇ؟....!

خەت بىلەن لىپاپنى چىرايلىق قاتلاپ،ياستۇقنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويدۇم.ئاندىن مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ،بىگىم ئۆتكەندە ئىلىپ قويغان يىڭى كىيىمنى ئاۋايلاپ كىيىپ،نەرسە-كىرەكلىرىمنى تولۇق يىغىشتۇرۇپ(خەت بىلەن پۇلمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)،ماڭغۇدەك قىلىپ قويۇپ،دوختۇر ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدىم.

-سىلە چىكەتسىلىرى بومماتتىيا!

-مەن چىكەتمىسەم پەقەت بومايدا!

-سىلە ئاز دىگەندىمۇ يەنە بىرئاي داۋالانمىسىلىرى بومايتۇ.

-جىنىم دوختۇر،مەن بايامنىڭ ياغى بەك جىق دەپ كەتتىم،ئۆيەم قەشقەدە،بۇيەردە مىنى باقىدىغان،ھەمرا ۋولىدىغان ئەدەم يوق،شۇڭا داۋالانسامۇ قەشقەگە كىتىپ داۋالىناي!

-بوۋىلىرى بىلەن تاغىلىرى سىلىنى تولۇق ساقىيىپ چىكەتسۇن دىگەنيا ئەينا!

-ئاھاي...قويسا!مىنىڭ بوۋام بىلەن تاغام ئەمەس ئۇۋۋۇ!خىزمەتداشلىرىم ھەممىسى!

شۇنچە گەپ قىلىپمۇ بۇ كاج دوختۇرغا گەپ چىشلىتەلمىدىم.ئاخىرى ياش مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى بىلەن قاتتىق

داۋلىلىشىش، «ھازىردىن باشلاپ ھەرقانداق ئىش بولسا ئۆزەم ئىگە» دىگەن ھۆججەتكە قول قويۇش ئارقىلىق ئاخىرى دوختۇرخانىدىن چىقتىم.

مىڭىش ئالدىدا ھىلىقى بودەك سىستىرا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ماڭا قانداق كۈتىنىشىم، قانداق غىزالىنىشىم، قانداق ئىشلارغا دىققەت قىلىشىم ھەققىدە تەپسىلىي مەسلىھەت بەردى ، يەنە خاتىرجەم بولالماي، بىر ۋاراق قەغەزگە يىزىپ بەردى، ئاندىن ماڭا «تۆۋەنىدىكى مىنىڭ نومۇرۇم، ئۇقمايىتقان ئىش بولسا سورىسا ماقىما!» دەپ، ئۇنىمغىنىمغا قارىماستىن ھىلىقى ئەينىكىنى ماڭا سوۋغا قىلىپ، چوڭ دەرۋازىغىچە ئۇزۇتۇپ چىقتى. ئۇنىڭ مىنى خارلىغان ئىشلىرىنى تەلتۆكۈس ئۇنتۇپ، چوڭقۇر مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن مەن بىرئايدىن ئارتۇق ياتقان بۇ دوختۇرخانىدىن ئايرىلدىم.

بىگىمنىڭ دىگىنىدەك قولۇمغا يەنە20 مىڭغا يىقىن پۇل ئاشتى. مەن بۇ پۇلنى ھىلىقى پۇللارغا قوشۇپ، بانكىدىن ئايرىم ھساپ ئاچقۇزۇپ قويۇپ قويۇپ يولغا چىقتىم. مەن نەگە ماڭدىم؟قەشقەرگە؟ياق، مەن ئۇلارنى ئىزدەپ يولغا چىقتىم. ئەپسۇس مەتىسلىمنىڭ ئۆيىگە كاللامدەك يوغان قۇلۇپ سىلىنغان ئىدى. قۇلۇپتىكى قاتمۇقات توپىلار «بۇ ئۆيگە ئەدەم كەممىگىلى500 يىل بولدى» دىگەننى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئامالسىز قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتىم.

بۇ قىتىم ۋاراڭ-چۇرۇڭنى خالىماي، ئايرىم بىر كىچىك ماشىنىنى بولاپ، يولغا چىقتىم. يول بويى كەيپىياتىم ياخشى بولمىدى. تەسۋىرلىگۈسىز بىرنەرسە يۈرىكىمنى مۇجىۋاتاتتى. خىياللىرىم بارغانسىرى يامان تەرەپكە قاراپ مىڭىۋاتاتتى.

1. مەن ئۇلار بىلەن قايتا كۆرۈشەلەمدىمەن؟قاچان كۆرىشىمەن؟!قانداق كۆرۈشىمەن؟ئەگەر ئۇلار قۇمدا پىشكەللىككە ئۇچرىسا....

2. مەن نىمشقا پۇلغا ئىرىشىپ تۇرۇپمۇ خۇشال بولالمايمەن؟!پۇلنى ئاز

كۆرۈپ قالدىمۇ؟مەن راستىنلا پۇلنى دەپ ئۇلارغا ئەگەشتىممۇ؟مەن مۇشۇ پۇللارنى ئىلىشقا لايىقمۇ؟!

3. مەن قەشقەرگە قايتىپ نىمە ئىش قىلىمەن؟!مەن خاتىرجەم بىرەر ئىش قىلالامدىمەن؟نىمشقا خاتىرجەم بولالمايمەن؟

4. مەن راستىنلا شۇنچە مەسئۇلىيەتسىز،باشباشتاقمۇ؟!مەن زادى نىمىگە تارتىشىمەن؟!

تولىمۇ كۆڭۈلسىز كەيپىيات ئىچىدە ئەزىزانە قەشقىرىمگە يىتىپ كەلدىم...

ئۆيگە قايتىپ كىلىپلا ئۆزۈمگە باش ئاغرىقى تىپىۋالدىم.چۈنكى ئاپام خىلىلا جۈدەپ قالغان بەدىنىمنى،يۈز-كۆزلىرىمدىكى زەخمە ئىزىنى،بولۇپمۇ پىشانەمنىڭ سول تەرىپىدىكى تارتۇقنى كۆرۈپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

-قايدا قىدىرىپ تەشكۈرەش ئىدارىسىكەن ئۇۋۋۇاھۇ...بىچارە بالامنى تاس قاپتا ئۆتتۈرۈۋەتكىلى!

دادام ئاپامغا تەسەللىي بىرىپ بولالماي ئاۋارە.

-سەۋرى قىلىڭلا!

-ھەممىنى قىغان سىلە!ۋاي چىنىقسۇن،پىشسۇن دەپ كىتىپ بارتىلە ،مانا مۇشتا پىشىپتا!ئەمدى مۇرات-مەقسەتلىرى ھاسىل ۋوغاندۇ؟!

-ئاھاي،قويسا بولدى.ھە دەپ بەرسە نىمىدا بىڭزكىم ئۆلگەندەك زىغلايدا ماۋۇ،ماڭ قايلاڭلا!قۇملۇقتا ئىشلىگەن ئەدەمگە بىڭزكىم بەتتە پولا،تىللا كۆپە تەييالاپ قويمايدا،ئاشتا قۇم-بوراندا،جاپادا قالىدىغان ئىش ۋا!

-ئەمدى سىنى ھىچيەگە باغىنى قويمايمەن،قۇرۇپ كەتسۇن ئۇندا قىدىرىش،پىدىرىش دىگەنلىرى!ماڭە بالام!

-ئايدا قىلسا،مەڭگۇ پوكانلىرىغا بىسىپ باقسا!ئەغزەمجان ھازىرغىچە ئىي چىراقنى ئالماشتۇرۇپ سالامىدا!مۇشۇنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ

تۆپىلىرى جىما دەپ قوياي!

مەن ئاپام-دادامنىڭ جېدىلىنى ئايرىپ بولالماي بەك تەڭقىسلىقتا قالدىم.ئۇلار پۈتۈن كۆچى بىلەن تاكاللىشىۋاتاتتى.ئىگەمنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىپ دادامغا بىر تىلىغۇن كىلىپ چىقىپ كىتىپ بۇ غەۋغا بىسىلدى.مەن قورسىقىمنى تويغۇزۇپ موككىدە ياتاق ئۆيۈمگە كىرىۋالدىم.

ئاپام ئەتىسىدىن باشلاپ راستىنلا مىنى ھىچيەرگە چىققىلى قويمىدى.خۇددى تۇغۇتلۇق ئايالنى باققاندەك تۇجۇپىلەپ مىنى بىقىشقا كىرىشتى.دادام پات-پات گىلىنى قىرىپ قويۇپ،يەنە تۇگىمەس جىدەل چىقىشىدىن ئەنسىرەپ چىقىپ كىتەتتى.

-ۋوجو ئاپا،مەن بىر تۇغۇتلۇق خوتۇن ئەمەس قايلا،ئۇندا قىزنىما مىنى!

-ۋىيى ما قارايۇزنى!چىم سىنى قىيناپتا!قايلاپ باقە تۇرقۇڭغا!جىن تىپىپەتكەن كىسەلدەك ۋولاپ قاپسە!خەپ توختاپ تۇ،سەل ئوڭشىلىۋاله،ئەندىن سىنىڭ ئاشۇ پوق تىرىش ئىدارەڭنىڭ باشلىقلىرى بىلەن بىر كۆرۈشەپ جاجىسىنى بىرىمەن تىخى!ئىگىسى يوق كۆرەپ قاپتا ھە سىنى!

-ئاھاي....

ئاغزىمدا ئۇنداق دەپ قويغىنىم بىلەن كاللامدا ئاپامنىڭ ئاجايىپ زوۋانىدارلىق بىلەن ئەينىدىن،بىگىم،مەتىسلىم قاتارلىقلارنى تىللاپ،رەسۋايە قىلىۋەتكىنىنى خىيال قىلىپ بەكمۇ ھوزۇرلىنىپ كەتتىم.

مەتىسلىمنىڭ ئۆيى.ئاپام ھويلىدىكى ھىلىقى پۇچۇق كۆتەك ئالدىدا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ،يەڭلىرىنى شىمايلاپ،ئالدىدىكى ئەينىدىن ۋە بىگىملار بىلەن داۋلىلىشىۋاتىدۇ.

-ماڭ قايىلىسا،قايدا ئىدارە بۇ سىلىنىڭ؟

ئەينىدىن ئاپامغا سالماقلىق بىلەن جاۋاپ بىرىدۇ.

-قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسى.

-ھە...ماندا دىسە،ئىمىنى قىدىرىپ تەشكۈرىدا؟

-ھەرخىل قەبرە،قەدىمىي يادىكارلىق،خارابە...دىگەندەك قىممىتى بار يەرلەرنى.

-ھە...مەن تىخى ئەدەمنى قىدىرىپ تەشكۈرىدىغان ئوخشايدا دەپتىمە!

-بۇ...ئىم دىگەنلىرى ئاچا.

-ما بالامنى ئومدان قىدىرىپ تەشكۈرەپ تاس قاپلا سوياپ يىگىلى!شۇڭا دەيمىنا!

-....

چىداپ تۇرالمىغان بىگىم مەيدانغا چىقىدۇ.

-ئاچا،ماندا دىسىلىرى بومما يىدا،خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى شۇندا ۋولاپ قالدى.

-خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى؟!(ئاپام ئۇنىڭ بىشىدىن ئايىغىچە مەنىستىمەسلىك بىلەن بىر قارىۋىتىدۇ)،ماڭا خىزمەتنىڭ گىپىنى قىماي ئىيانغا بىرىپ تامغا ئۇسسۇۋىتىپ(بۇرنىنى تاشلاشنى قەشقەردە شۇنداق دەپ قويىمىز) كەسە ماڭسا،تولا كۆڭلەمنى ئىلىشتۇماي!

بىگىمۇ پاتاڭغىچە قىزىرىپ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالىدۇ.ئەمدى نۆۋەت مەتىسلىمغا كەلدى.

-ھىي..ھىي...ئەشتا بوپقالدى دىسىلە!خاپۇماي...

مەتىسلىمنىڭ گىپىنىڭ ئايىغى تۈگىمەستىنلا،ئاپام گەپنى بۆلىدۇ.

-ۋۇجۇ!ئىسلىمۇ ئاشۇ بىژمە ئىدارىسىنىڭ ئەدىمىما!يوۋ پانا!بىچارە بالام ھەرقايسىڭلىدەك ئەدەملىنىڭ خىلى بىلەن ئىشلەپ ھىلىمۇ ساق يىنىپ كەپتا......

ئەينىدىن،بىگىم،مەتىسلىملار قان قۇسۇپ نەق مەيداندا ھوشىدىن كىتىدۇ.

خا!خا!خا.....تويىشە مىنى تاشلاپ كىتىشكىنىڭگە!

خىيالىمدىن ھوزۇرلىنىپ قاقاھلاپ كۈلىدۈم،ئەمما بۇ كۈلكەم ئۇزاققا

بارمىدى.مەن يەنە ئۇلارنى،قۇملۇقنى ئەسلەپ قالدىم.ئاپام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن،ئىچىمدىكى بىرخىل ئاچچىق سىزىمنى يوقۇتۇش ئۈچۈن كومپيۇتېرنى ئاچتىم.خىلى-خىلى داڭلىق توربەت،مۇنبەرلەردىمۇ سايلا ئەخلەت،پۈچەك نەرسىلەر!شۇنداقتىمۇ زورلاپ ئارىلاپ مەلۇم مۇنبەردىن«كەيپىياتىڭىزنى تېز سۈرەتتە تەڭشىگىڭىز بارمۇ؟» دېگەن تېمىنى ئۇچرىتىپ قالدىم.

1) ئامال بار سىزنى بىزار قىلىۋاتقان خىيالنى سۈرمەڭ.
2) لىرىك مۇزىكا ،كومېدىيەلىك فىلىم كۆرۈڭ.
3) ئۈنلۈك ناخشا ئوقۇڭ،ئىچىڭىزدىكى غەمنى تۆۋلاپ چىقىرىۋېتىڭ!
4) .....

تۈفى!مۇشۇمۇ پىسخىك مەسلىھەت بولدىمۇ؟!قانداق ئادەم ئۆزىنى بىزار قىلىۋاتقان خىيالنى سۈرمەيمەن دەپ توختىتالايدۇ؟!لىرىك مۇزىكا ئاڭلىسا ئادەمنى تېخىمۇ مۇڭ باسامدۇ؟!ھازىر ئادەمنى كۈلدۈرەلىگۈدەك كومېدىيەلىك فىلىم بارمۇ؟!قايسى ناخشىنى ئوقۇپ غەملىرىمنى تۆۋلاپ چىقىرىۋېتىمەن؟!شادىخانىمۇ؟!ھۇ ئاناڭنى شادىخان....!شادىخان ناخشىسى ئېسىمگە كېلىپ كۆڭلۈم تېخىمۇ غەش بولدى.قىسقىسى مۇشۇ تېمىنى يوللىغان ئاپتۇر بىر نانقىپى!تەستىقلىغان كىشى بىر موخو!ئىنكاس يېزىپ ۋاي ئۇنداق،ۋاي مۇنداق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى!***زۇكامداپ قالسىڭىز گەندەن ئىچىڭ!بىنادىن سەكرىمەڭ ئۆلىسىز دېگەن قۇرۇق گەپ بىلەن نىمە پەرقى بۇنداق مەزمۇنلارنىڭ!

ئويلىنىپ مەن تور دۇنياسىدا بەك ھۆرمەتلەيدىغان ساپايىنىڭ بىلوگىنى ئاچتىم.ھا-ھا!ئۇنىڭ بىلوگىدا مىنى قىزىقتۇرىدىغان بىر تېما تۇراتتى!

گۈزەل ئۇيغۇر قىزلىرى نەگە كەتتى!

كەمىنە ساپايى-99 يىلىدىن باشلاپ جەمىيەتنى،قىزلارنى،تور،چايخانىلارنى تەتقىق قىلىۋاتىمەن.گەرچە

بۇنداق تەتقىقاتنىڭ باشقىلار ئۈچۈن ئەھمىيىتى بولمىسىمۇ،مەن ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك بار.چۈنكى مەن كۆپ قېتىم توردا،كىيوكىيودا،چايخانىدا،ئۇندىداردا،مۇنبەردە قىزلار بىلەن تونۇشۇپ،ئاساسەن بىرەر نازىنىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم.دوستۇم سەپرايىنىڭ :

ئاي دىسەم ئايدىن گۈزەل،ھۆسنۈڭگە مەن شەيدائىمەن،

گۈل دىسەم گۈلدىن ئەزىز،خۇلقىڭغا مەن تەشنائىمەن!

دىگەن غەزەلىنىڭ شاھىدى بولغان شۇنداق گۈزەل ئۇيغۇر قىزلىرىنى مەن ئۇچرىتىپ باقمىدىم.مەن تۆۋەندە-99يىلىدىن باشلاپ ساقلاپ ماڭغان خاتىرەمدىن ئۈزۈندىلەرنى ئىسپات شەكلىدە سىلەرگە سۇندۇم.

1999-يىلى9-ئاينىڭ14-كۈنى

كىيوكىيو پارك خاتىرىسى

مەن:ياخشىمۇسىز؟

كىرپىكلىك قورچاق باشلىق قىزچاق:ياخشى.

مەن:سىز ئۇيغۇرمۇ؟

قىزچاق:شۇنداق.

مەن:ھە..مەن كىيوكىيونى يېڭى ئالغان،سىز مىنىڭ تۇنجى دوستۇم.

قىزچاق:كۈلۈمسىرىگەن چىراي ئىپادىسى.

مەن:قانچەياشقا كىردىڭىز؟

قىزچاق19:ياش،سىزچۇ؟

مەن:ۋاھ!مەنمۇ19 ياش!

.........................................

بىر ئايدىن كىيىن ئۇ قىزچاق مىنىڭ خىتىمگە جاۋاپ خەت بىلەن بىرپارچە سۈرىتىنى ئەۋەتتى.سۈرەتتىكى2000 گىرادۇسلۇق تۇم كۆزئەينەكنى تاقىغان سىمانى كۆرۈپ خىيالىمدىكى گۈزەل قىزچاقنىڭ سىمايى پۇررىدە ئىرىپ كەتتى.

ئەتىسى.

قىزچاق:بارمۇ سىز؟

مەن:........:

قىزچاق:نىمە بولدى؟گەپ قىلمايسىزغۇ؟

مەن:كەچۈرۈڭ ،بۇ نومۇرنى ئاكام ماڭا بەردى.مەن ئۇنىڭ ئۇكىسى.

قىزچاق:هە...ئاكىڭىزنىڭ نومۇرنى دەپ بىرەمسىز؟

مەن:ئۇقمايمەن!خوش.........

2000-يىلى7-ئاينىڭ3-كۈنى

چايخانا خاتىرىسى

مەن:ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

نازىنىن:ۋەئەلەيكۇم!

مەن:بىردەستە گۈلنىڭ سۈرىتى.

نازىنىن:رەھمەت!

مەن:سىزنى چايخانىدا دائىم كۆرىمەن،قانچە قىتىم تونۇشقۇم كەلدى.لىكىن سىزنى ئالدىراشمىكىن دەپ....

نازىنىن:شۇنداقمۇ؟مەن ئانچىلا ئالدىراش ئەمەستىم بولمىسا!

مەن:ياخشىغۇ،سىز قەيەردىن.

ن:قەشقەردىن.

مەن:ۋاھ!شۇنداقمۇ،مەنمۇ قەشقەردىن!

ن:يۇرۇتداش ئىكەنمىز.

مەن:ئاۋازلىق پاراڭلاشساق قانداق؟

ن:ماقۇل.

ئىككى ھەپتىدىن كىيىن.

كىنىدىجى تىز تاماقخانىسىدا روبىرو ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتىمىز.تاماقنى بۇرنۇمغا يىدىممۇ ئاغزىمغىمۇ ھىچ بىلمىدىم.نازىنىنىڭ گەپلىرىگىمۇ چالا جاۋاپ بىرىپ،باناھ تىپىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلدىم.چىرايى كۆرۈمسىز بولۇش

ئۇنىڭ خاتالىقى ئەمەس،لىكىن شۇ چىرايى بىلەن كوچىغا چىقىپ،خەلىق ئاممىسىنى قورقىتىشى چوڭ خاتالىق! 90 كىلو ئىغىرلىقى بىلەن تەپتارتماستىن ئۆزىگە نازىنىن دەپ ئىسىم قويۇشى گۇناھ!

**2010-يىلى12- ئاينىڭ24-كۈنى ئۈرۈمچى**

**مەلۇم مۇنبەر**

ئاجايىپ گۈزەل باش سۈرىتىنى چىقىرۋالغان قىزچاقنىڭ«كۆمۈلگەن ھىسلىرىم» دىگەن لىرىك شىئىرلىرىگە ئىنكاس يىزىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن كىيۇكىيۇدا پاراڭلىشىشقا كۆچتۇم.ئۇنىڭ كىيۇكىيۇدىكى باش سۈرىتىمۇ ئوخشاش ئىدى.

دىلرەبا:سىز نىمىشقا ئۆزىڭىزگە ساپايى دەپ تەخەللۇس قويدىڭىز؟(ئاغزىنى تۈتۈپ كۈلگەن چىراي ئىپادىسى)

مەن:ئاغىنەم سەپرايىغا ماشلاشتۇرىمەن دەپ.

د:ھە؟!سەپرايى دىگەن كىمۇ؟

مەن:بىر بەك يىقىن ئاغىنەم.شىئىر يازىدىغان!قانداق ئىسمىم يارىمىدىمۇ؟

د :بىرخىل ئاڭلىنىدىكەن دەڭە!شۇڭا دەپ قويدۇم.

مەن:ئەمدى سىزدەك ياخشى ئىسىملارنى قويالمايدىكەنمىز (خىجىل بولغان چىراي ئىپادىسى)

د:چاقچاق ھە،تىرىكمەڭ!

مەن:سىز بىلەن پاراڭلىشىش مەن ئۈچۈن شەرەپ،قانداقمۇ تىرىكەي!

د:ساراڭ!ھەجەپ گەپكە ئۇستىكەنسىز!

مەن:سىزنى دەپ ساراڭ بولسامۇ بولغاندىمەن.

..........................................

ساپسىرىق بويالغان چاچلار،كۆپكۆك لەۋلەر،يىشىل قاپاقلار.... نىمە قىلىدىغاندۇ بىر چىرايلىق رەڭگىنى بوياپ!ئۇ قىزنىڭ چىرايى خىلى بولىدىكەن،ئەمما مەن ئەزەلدىن شۇنداق گىرىم قىلغانلارنى كۆرسەم

بىرئاز رىئاكسىيە قىلىدۇ.

ئەسكەرتىش:كېيىن ئۇقتۇمكى،ئۇ باش سۈرىتى قىلىنۋالغىنى ئەسلىدە قازاقىستان ئۇيغۇر چولپىنى دىلناز ئەخمەدىنىڭ سۈرىتى ئىكەن!

كېيىنكى نۇرغۇن خاتىرىلەر ۋە ئۇندىداردىكى تېتىقسىز پاراڭلارنى يازمايلا قوياي .

ھازىرقى ئۇيغۇر قىزلىرىنى سەت دىمەكچى ئەمەسمەن!لېكىن كۆپىنچىسى ھەرخىل باش سۈرىتىنى چاپلىۋالغان بىلەن چىرايى خەلىققە يۈز كىلەلمەيدۇ!بولۇپمۇ ئاشۇ ھىندىستانىنىڭ،تۈركىيەنىڭ،يەنە بىريەلەرنىڭ نازىنىنلىرىنىڭ چىرايىنى سۈيئىستىمال قىلىپ ،باش سۈرىتىگە چاپلىۋالغانلارغا!**** دىگۈم كىلىدۇ!گۈزەللىك ئەسلى پاكىزلىقتىن،غورورىدىن،ئىمانىدىن،ھايادىن،ئۆزلۈكتىن كىلىدۇ!ئەي مەن ئىزدەپ يۈرگەن گۈزەل ئۇيغۇر قىزلىرى نەدە سىلەر!!!

خا!خا!خا......!ساپايىنىڭ بىلوگىنى كۆرۈپ كەيپىم يەنە كۆتۈرۈلۈپ قالدى.بۇ ساپايىزە!باشقىلار قانداق قارىسا مەيلى،مەن قەۋەتلا ياقتۇرىمەن ئۇنىڭ ئۆزگىچە تەتقىقاتى ۋە ئوي-پىكىرىنى!

ئۇنىڭ تىگىگە يىزىلغان ئىنكاسلارنى كۆرۈپ يەنە كۈلۈپ كىتىپتىمەن ،ئەڭ نادىرلىرى مۇنداق:

ھۆر:بويتاق يۈرۈپ ئۆلەرسەن ئىلاھىم!(سانىسىز غەزەپ ئىپادىسى)

گۈلەللە:سىز دىگىنىڭىز قىسمەن ئەھۋاللار،بىزدەك ساپ گۈزەللەرمۇ بارغۇ مانا!(سانىسىز خىجىللىق ئىپادىسى)

تۆمۈر ئەتىرگۈل:يۇقارقى قەۋەت!ئۆزىڭىزنى بازارغا سالاي دەۋاتامسىز!

سۈكۈتتىكى سۆبھى:چىرايى خەلىققە يۈز كىلەلمەيدۇ دىگەن نىمە دىگەن گەپتۇ(ئويلىنىش ئىپادىسى)

ئۇنۇتالمايمەن:ئاچاڭ ئويناۋاتقىنى سەنئەت،سەن مەڭگۈ چۈشەنمەيسەن!

مەن ئۇنىڭ چىشىغا تىگىش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرىغا مۇنداق دەپ يىزىپ

قويدۇم.

تۆرەم:ساپايى ئەپەندىم،ئايالالارنىڭ چىشىغا تەگمەيلى!سىيىپ چىرايىمىزغا قاراپ باقايلى!

بەلكىم ئۇ بۇنى كۆرسە پىسەنتىگە ئالماستىن«مەن توغۇلغاندىن بۇيان سالاپىتىمدىن گۇمانلىنىپ باقمىدىم» دەپ يېزىشى ئېنىق.ئۇ ئەزەلدىن گەپكە ناقىس ئەمەس.

ئاپامنىڭ كايىشى بىلەن ئامالسىز كومپيوتېرنى ئۆچۈرۈپ،ئۇخلاشقا مەجبۇر بولدۇم.ئەمما كۆزۈمدە ئۇيقا يوق.كۆڭلۈم تولۇق مەنىسىز ئۆتكەندەك بىلىنىۋاتاتتى.بەك ئۇزاق ئويلاندىم .ئاخىرى بۇنداق بۇرۇقتۇملۇقتا ياشىغاندىن خوتەنگە بىرىپ،مەتسىلىمنىڭ ئۆيىنى ئۇلارنى كەلگۈچە بىقىشنى قارا قىلدىم.شۇنداق قىلاي!لېكىن ئۆيدىن قانداق قىچىپ چىقىمەن؟بۇنىڭغىمۇ ئامال بولۇپ قالار !

## 18- باپ    ئۆيدىن قېچىش

قاپىقىمنى سوزۇپ خۇيلىنىۋېلىش، تاماق يېيىشنى رەت قىلىش، ئىشىكنى تاقاپ ئۆيگە سولىنىۋېلىش..... ھېچقايسى ئۇسۇلۇم ئاقمىدى. ئاپام خۇددى «قولاڭدىن كەلگىنىنى قىل! » دېگەندەك سىرىتقا چىقماي، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىملارغىمۇ بارماي ماڭا تولۇق «ھەمراھ» بولدى. مەن تۇغۇلۇپ ھېچقاچان ئۆيدىن بۇنداق بىزار بولۇپ باقمىغان. ھەرقېتىم نىيىتىمنى بۇزۇپ، ئاپامغا قاتتىق تەگكىنىمدە ئۇنىڭ چىرايى بىر ئۆگۈپ يەنە ئەسلىگە كېلەتتى ۋە كۆزىگە ياش ئېلىپ «بوش ۋاقىرا جېنىم! بىقىپ چوڭ قىپ قويغان گۇناھىمغا! » دەپلا مىنى تەسلىم قىلدۇراتتى.

توغرا، مىنى بىقىپ چوڭ قىلغان مېھرىبان ئاپام. مەن دۇنياغا ئاسىي بولۇپ كەتسەممۇ مەندىن تانمايدىغان سۆيۈملۈك ئاپام، ئىككى بالىنىڭ دادىسىدىك بولغاندىمۇ غىمىمدە يۈرگەن ئاپام، ئۆزىنىڭ بەش-ئالتە خىل كېسىلى تۇرۇپ يەنە مەندەك ئاتەك تىمەن بالىسىدىن ئەنسىرەيدىغان ئاپام! مەن يەنە نىمىشقا ئۇنىڭغا ۋارقىرايمەن؟! نىمىشقا ئىللىق ئۆيۈمدىن بىزار بولىمەن؟! مەن نورمال ئادەممۇ؟.......! شۇنداق خىياللار بىلەن ۋاقتىلىق پەسكويغا چۈشسەممۇ، بىرقانچە كۈن ئۆتىسىلا يەنە ئەسەبلىرىم قوزغۇلۇپ، ئىچىمدە سانسىز قوڭغۇزلار مىڭىپ يۈرگەندەك سىزىم پەيدا بولۇپ، قىمىرلاپ تۇرالماي قالاتتىم. بۇنداق كىتىۋەرسەم روھىي كېسەل بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ قالدىم. مەن چوقۇم ئاتا-ئانامنى رەنجىتمەي تۇرۇپ ئۆيدىن قېچىشنىڭ ئۇسۇلىنى تاپىمسام بولمايدۇ! لىكىن قانداق قاچىمەن؟! قېچىش دېگەن بۇ سۆزنى ئۆيگە ئىشلەتكىنىمدىن ئۆزۈممۇ ھەيران قالىمەن بەزىدە.

توردىن «قېچىش» قا ئالاقىدار نۇرغۇن ماتىرياللارنى ماتىريال، كىنو، ئىلانلارنى كۆردۈم، نۇرغۇن قېتىم پىلان تۈزۈپ باقتىم. تۆۋەندە مەن قاتتىق ئويلىنىش نەتىجىسىدە مەيدانغا

كەلگەن،ئەمما كيىن مەغلۇپ بولغان «قېچىش» پىلانلىرىم:

1) مەن مايكول سىكوفىيولدەك سالماقلىق بىلەن ئويلىنىپ،ئۆزۈمگە ئاستا شىرىك توپلاپ(قېرىنداشلىرىمدىن)ئۆيدىن مۇۋاپىقىيەتلىك قاچىمەن.

مۇۋاپىقىيەت دەرىجىسى:ئىككى يۇلتۇز

سەلبىي تەرىپى:مەندە مايكولدەك دەرىجىدىن تاشقىرى ئەقىل-پاراسەت يوق.

نەتىجىسى:مەن ئاكامغا،سىڭلىمغا شۇنچە تەربىيە ئىشلەپمۇ،ئالداپمۇ مىنى قوللاش تەرەپدارى قىلالمىدىم.ئەكسىچە ئۇلار مىنىڭ نىرۋا ساغلاملىقىمدىن گۇمانلىنىپ قالدى.

دەلىلى:

مەن:ئۇكام،بەك ئىچىم سىقىلىپ كەتتى.نىمىشقا ئاپام مىنى يومشاق قاماپ قويىدا؟!خەقلە،ئەلە-مەلە بىلسە نىم دەپ ئويلاپ قالىدا؟!شۇڭا قايلا،سەن ئاپامغا كۆندە تەربىي قىل،مىنى شىتتىكرەك ئىشىمغا باغلى قويسۇن!

سىڭلىم:ۋيى!ساقمۇيا ئاكو سەن؟!نىم دەپ ژۆرۈيسە دەيمە؟!سىنىڭ خىزمەت ئۈستىدە يارلىنىپ،ئۆيدە داۋالىنىۋاتقانلىقىڭنى هەممەيلەن بىلىدا!قاماپ قويىدى دىيىشتىن نۇمۇسمۇ قىممىدىڭ هە!مەن خىزمەتتىن بىزار بولۇپ ئاران تۇرىۋاتىمەن جىما!ئەگەر ئاپام مىنى سەندەك «كىلە بالام،ئىشلىمەي يات،قەتئىي خاپۇممايمەن،كۆندە سىنى بۇۋاقتەك باقىمەن» دەيدىغان ۋوسا هازىرلام ياتىمە!خوش ۋوماي تىخى!خۇدايىم ماڭا ۋەمەيدا مۇشتا پۇرسەتنى،هەي...مەن نىمە دىگەن بىتەلەي!

مەن..............................:

**********************************************

مەن:هەي....ماڭ قايلا ئاكا،مەن مۇشتا ئۆيدىن چىقماي يىتىۋەسەم باكا سارالڭ بوپقالىمە،ئويلاپ باقە،باكادىن باكا مۇشتا ياتسام،خىزمىتىممۇ يوق

ۋوسا،ساراڭ بوپقاسام سەن خوش ۋولامسە؟

ئاكام:نىمىشقا باكادىن باكا ساراڭ ۋوپ قالسە؟!مەن ھازىرغىچە ئىشلەپ بولامماي ساراڭ ۋوپقاغان ئەدەمنى جىق كۆدۈم،لىكىن سەندەك باكا يىتىپ ساراڭ ۋوپ قاغان ئەدەمنى كۆرەپ باقمىدىم.

مەن:ئۇندا ۋوسا سەنمۇ مەن بىلەن بىللە ياتە، ئىشقا چىقماي،تالاغا چىقماي!

ئاكام:ۋۇجۇ!سەن تىخىمۇ ئۇزاق دەم ئىلىشقا مۇختاجكەنسە جىما تۇكام! خىزمەت ساڭا رەسمىي ئىبغىي كىلىپ،مىڭەڭ چارچاپ كىتىپتا،ئاپامغا دەپ قويىمسام بومماپتا!

مەن......:

2) مەن ئۆيگە بىر پارچە خەت تاشلاپ قويۇپ، بى 13-رايۇندىكى ھىلىقى موللاقچى ئاداشتەك ئۆيىنىڭ دەرىزىسىدىن مۇشۇكتەك سەكلەپ چۈشۈپ،مەغرۇر قىچىپ چىقىمەن.

مۇۋاپىقىيەت دەرىجىسى:ئۈچ يۇلتۇز(چۈنكى ئۆيۈم بىرىنجى قەۋەتتە،خا!)

سەلبىي تەرىپى:كۈندۈزى قاچسام باشقىلار ياكى ئۆيدىكىلەر بايقاپ قالىدۇ.

نەتىجىسى:تولىمۇ ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندىن سىرىت يىنىك يارىلاندىم.

دەلىلى:ئۇ كۈنى كەچتە ئاپام-دادام ئۇخلاپ قالغاندىن كيىن ،خەتنى يىزىپ قويۇپ،پەم بىلەن ئاشخانا ئۆيىنىڭ دەرىزىسىنى ئىچىپ،ئاۋاز چىقىپ كىتىشتىن قورقۇپ، تولىمۇ ئاستا ھەركەت بىلەن،مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا دەرىزە سىرتىغا چىقىشىمغا،ھوشۇقۇمغا تەگكەن رەزىنگە كالتەك مىنىڭ دەرىزىدىن يىقىلىپ كىتىشىمگە سەۋەپ بولدى.چۈنكى قورۇنى چارلاۋاتقان ئاقكۆڭۈل،مەسئۇلىيەتچان،يىڭى كەلگەن قوغداش خادىمى مىنى ئوغرى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ،مىنى يارىلاندۇرۇپ تۇتماقچى بولغان

ئىكەن، ئاخىرىنى دېيىشتىن خىجىل بولىمەن.

3) ئاغىنىلىرىمگە تېلېفون قىلىپ، تىل بىرىكتۈرۈپ، «مەلۇم بىر بەك يېقىن ئاغىنەمنىڭ تويىتى» دىگەن بانا بىلەن چىقىۋېلىپ، يولۇمغا راۋان بولىمەن.

مۇۋاپىقىيەت دەرىجىسى: تۆت يۇلتۇز يۇلتۇز

سەلبىي تەرىپى: ئاغىنەمنىڭ كۆپىنچىسى توي قىلىپ بولغان، شۇڭا ئۆيىدىكىلەر بىلمەيدىغان بالىلارنى تېپىشىم، ئۇلارغا يالغان باغاق باستۇرۇشۇم، ئۆيگە مېنى ئىزدەپ كەلتۈرۈشۈم كېرەك.

نەتىجىسى: ھېچقايسى ئاغىنەم بۇنىڭغا قوشۇلمىدى.

دەلىلى:

(ھەممىسى تېلېفوندا دېيىشكەن سۆزلەر)

مەن: ئادىش مۇنداق، مۇنداق ئىشتى، ئاشنا قىلامدۇق؟

ئاغىنەم ئا: توۋا... كاللاڭ ساقمۇيا ئەغزەمجون! مىنىڭ ئاندا نوچى ئىشلىۋېلەن تازا خوشام يوق قايلا، ئەڭ ياخشىسى رەسمىي تويۇمدا با جىما!

---

مەن: ئادىش مۇنداق، مۇنداق ئىشتى، ئاشنا قىلامدۇق؟

ئاغىنەم بى: سەن ئۆيىدىن چىقامسە يا تۈرمىدىنمۇ؟! ۋوجۇ! ئەمدى سىنى ئۆيىدىن چىقىرىمەن دەپ باغاق ۋاستۇرۇپ، ئاتاناڭنى ئالداپ، ئۆيەڭگە بارىمەن تىخى! توۋا دە جىما!

---

مەن: ئادىش مۇنداق، مۇنداق ئىشتى، ئاشنا قىلامدۇق؟

ئاغىنەم سى: ماقا، لىكىن شىككاي ساقلاپ تۇ جىما، ھىلىقى قىزۋالا ئوقۇشقا كىتىپتى قايلا، كەسلام مەن بىلەن توي قىمماقچى!

---

مەن: ئادىش مۇنداق، مۇنداق ئىشتى، ئاشنا قىلامدۇق؟

ساپايى: شۇندا قىلاي غوجام شۇندا قىلاي! مەن سىنىڭ ئۆيەڭدىكىلىنى ئالداپ سىنى ئەچىقىپ قوياي، سەن قېچىپ كەت! ئاتاناڭ ماڭا «تاپە ئەغزەمجاننى! سەن تويام بولدى دەپ ئەچىكەتكەن» دەپ مىنى ئاتانامنىڭ

4) ئىدارەمدىن« تېز قايتىپ كېلىڭ» دەپ تېلېفۇن كەلدى دىگەننى بانا قىلىپ،ئۆيدىكىلەرگە بىسىم سېلىپ،مەجبۇرى چىقىپ كېتىمەن.

يۇلتۇز دەرىجىسى:تۆت يۇلتۇز

سەلبىي تەرىپى:ئاپام مەن بىللە بارىمەن دەپ تۇرىۋېلىشى مۇمكىن.

نەتىجىسى:شۇ گەپنى قىلغانغا بۇرۇن-قۇلىقىمغىچە تويۇپ كەتتىم!

دەلىلى:

ئاپام:ۋۇجۇۋۇ!«كىسىلىڭ قايىداراق،قوقماي دەم ئېلىپ،ساقىيىپ كەل» دىمەي تىخى شىتتىك ئىشقا چىق دەتامدا؟!دەپ قويە ئاشتا لاتا باشلىقلىرىڭغا ماڭغىلام تېلپۇن قىلسۇن!

دادام:بۇدا قايتىپ كەسەڭ ئەمدى ئۆيدىن چىقامايسە،شۇڭا ئويلىنىپ ئىش قىلاسە جىما !

5) دادام ئىشقا چىقىپ كەتكەن،ئاپام تاماق ئېتىۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ جىمجىت چىقىپ كېتىمەن!

يۇلتۇز دەرىجىسى:بەش يۇلتۇز

سەلبىي تەرىپى:ئاتا-ئانام قاتتىق ئازاپلىنىشى مۇمكىن.

نەتىجىسى:ئىگەم بۇيرىمىغان ئىشنىڭ ھەممىسى بىكار!

دەلىلى:

كىملىكىمنى ۋە پۇل چىكىنى تاپالماي قالدىم.

مۇشۇ ئىشلاردىن كېيىن ئۆيدىن قېچىشتىن ئاساسەن ئۈمۈت ئۈزدۈم.چۈنكى ئاپام ماڭا بولغان«نازارەت» ۋە «كۆيۈنۈش» نى تىخمۇ كۈچەيتتى،تېلېفۇن كەلسىلا«ئەكىلە!باشلىقىڭمىكىن!» دەپ تېلېفۇن ئېلىشتىنمۇ رايىمنى ياندۇرۇۋەتتى.كۆنلىرىم پۈتبۈل مۇسابىقىسى كۆرۈش،تور ئويۇنى ئويناش،ساپايىنىڭ بىلو گىنى كۆرۈش،كىنو كۆرۈش بىلەن ئۆتىۋاتاتتى....

ياۋاشلىق بىلەن ئاپامنىڭ «بوردىشى» نى قوبۇل قىلىپ ئۆيدە

كۆتۈندۇم.ئاغىنىلىرىمنىڭ ھىچقايسىسى ماڭا ياردەم قىلمىغاچقا ،ئۇلارنىڭ تىلىغۇنىنىمۇ قوبۇل قىلماي،پۈتۈنلەي تەركىي دۇنيا بولۇپ كەتكەن كۈنلىرىمدە ئامەت قۇشى مىنى بىشىمغا قوندى.

سۆيۈملۈك ئاپام قايسى ژورنالدىن ئوقۇپ سالدىكى،«پەرزەنتلەرنى ئۆيدىن چىقارماسلىق ۋە پىسخىك توسالغۇ» دىگەن سەرلەۋھىلىك ماقالىنى ئوقوغاندىن كىيىن مىنى «ئازاد» لىققا چىقاردى.كىيىن ئۇقتۇمكى ئۇ ماقالە ئادەتتە ماڭا پۇل بىرىپ ئوقۇ دىسىمۇ ئوقۇمايدىغان بىر خەۋەر تىپىدىكى ژورنالغا بىسىلغان ئىكەن،ئاشۇ ئەسەرنى يازغان ئاپتۇرنى ئۇچۇپ بىرىپ سۆيۈپ قويغۇم كىلىپ كەتتى،ئۇنىڭغا ئىچمدە نۇرغۇن مەدھىيلەرنى ئوقۇپ كەتتىم.

تۇرۇپلا دادامنىڭ«سەن ئادەتتە ئەڭ ياقتۇرمايدىغان كىتاپلاردا ساڭا ئەڭ ئىھتىياجلىق نەرسىلەر با!» دىگەن گىپىگە چوڭقۇر ئىشىنىپ قالدىم.ئۇ ماقالىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق:

پىسخىك ئالىملىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەتقىقات نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلاپ چىقتىكى،پەرزەنتلەرنى ئۆيدىن چىقارمايدىغان ئاتا-ئانىلار، پەرزەنتلەرنىڭ پىسخىك قاتىلى.ئۆيگە سولىنىپ قىلىش تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ:

1. پەرزەنتلەر جەمىيەت بىلەن ئۇچرىشىش،پىكىر-ئالاقە قىلىش قاتارلىق نورمال پىسخىك ھەركەتلەر ئۇزۇن مۇددەت ئىلىپ بىرىلمىسا ، پەرزەنتلەردە ئىچ مىجەزلىك،گۇمانخورلۇق،كەمسۆزلۈك...ئىغىر بولغاندا مەيۈسلىنىش كىسەللىكى شەكىللىنىپ قالىدۇ.

2. ئۇزاق مۇددەت سىرتىقى موھىتتىن ئايرىلغان پەرزەنتلەردە مۇستەقىل كۆز قاراش،ئىجادچانلىق روھى بولمايدۇ.كەسىپ ۋە ئۆگىنىشتە مۇۋاپىقيەت قازىنىشدىن ئىغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

3. ئەڭ خەتەرلىك يىرى،ئۇزاق مۇددەت مۇددەت سىرتىقى موھىتتىن ئايرىلغان پەرزەنتلەردە ئىگىلىك تىكلەش،نىكاھ....قاتارلىق ئىنسان

ھاياتىدىكى چوڭ ئىشلارغا نىسپەتەن قىزىقىش،مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمايدۇ.....

ئاپام بۇنى كۆرگەندىن كېيىن شۇنداق قورقۇپ كېتىپتۇكى،مىنىڭ تەنە ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان گەپلىرىمۇ،دادامنىڭ شىكەر تەملىك سۆزلىرىمۇ تەسىر قىلمىدى.مىنىڭچە ئاپامغا ھەممىدىن بەكرەك-3تۈرى تەسىر قىلغان بولىشى مۇمكىن.ئۆيدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئالدىدىكى ۋەقەلىكتىن بىرپەردىلىك كۆرۈنۈش:

ئاپام:بالام،ئىشقا چىق جىما ئەمدى!ساقىيىپمۇ قاغانسە!

مەن:چاقچاق قىلىۋاتامسە يا باشقا بى ئويانلىرىڭ باما؟!

ئاپام:ھەي بالام،راس گەپ قىلسام قايلا،بىز ماقالىدە مىنىڭ مۇشتا قىلىشمىنىڭ پىشكە خاتالىقىنى يىزىپتا!

مەن:ۋۇجۇ!ئاشتا قىپتىما!يو پانا!رەخمەت،يازغۇچىلارغا رەخمەت!خەلىققە،ئالىملارغا،دۆلىتىمىزگە رەخمەت!

دادام:بوسا ئەغزەمجاننى يانا بىرە ئاي بوداپ،روزى ئايەمدە سوياپلام يىمەمدۇق!

ئاپام:شىتتىك ماڭ جىما ئىشىڭغا،ئەتە-ئۆگۈن ئۆيدىن چىقماي ياتىدىغان بالىتى دەپ ياراتماي قاممىسىمۇ قىزۋاللا!

مەن:نىمە؟!سەن مىنى بىرەر ئۇچرىشىشقا ئىۋەتمەكچى ئوخشىمامسە؟!يانىلام ئۆيدە كۈتۈنمىسەم بومايدىغان ئوخشايدا!ھەرگىز تالاغا چىقماي،سىنىڭ گىپىڭنى100 پىرسەن ئاڭلاپ ياتاي جىما!

ئاپام:ياق.ياق،ياق!نەدە ئۇنىدا ئىش ۋاكىن!مەن سىنى ئىشىڭغا بار دەتىمە،ئەمدى ياتسەم قوڭاڭغا تىپىپ چىقىرۋىتىمە جىما ئۆيدىن!

مەن:ئۇنداق قىلماي يانا پىشكە بىقىۋال دەيمە مىنى!

دادام:ئەغزەمجان يانا ياتمىسا بومايىتتى،ھىلى يانا چىكىتىپ بوغىچە باغلاپ ئەچىردىغان ئىش ۋوپقامىسۇن!

ئاپام:يوقال كۆزەمدىن!ھازىرلام!ئۇدۇل ئىشقا ۋا!ئىشرەڭ ئىشتىنىڭنىڭ

يانچۇقىغا پۇل سەپ قويدۇم،ئەگەر يىرىم سائەتقىچە كۆزەمدىن ژۇتمىسەڭ،مىنى ئەمدى ئاپا دەپ تولىما!

مەن يۇگۇرگەندەك ھالەتتە،نەرسىلىرىمنى چالا-پۇلا يىغىشتۇرۇپ،گۇلدۇرلەپ چىقىپ كەتتىم.لىكىن چىقىش ئالدىدا ئاپامنىڭ ياش مۆلدۇرلەپ تۇرغان كۆزلىرىنى،دادامنىڭ ئويچان چىرايىنى غىل-پال كۆرۈپ يۈرىكىم توك سوققاندەك بولۇپ يەنە ئەسلىگە كەلدى.

خوتەننىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ يولدا كىتىۋاتقاچ،كاللامدا تۇمەن مىڭ قىتىم تەييارلىۋالغان ئاچچىقمنى چىقىرىش پىلانلىرىنى ئويلاۋاتاتتىم.

1. ئۇلارنىڭ تاپىمەن،ئاندىن ھىلىقى چەكنى پۇرلاپ-پۇرلاپ،بىگىمنىڭ ياق ئەيىندىنىنىڭ يۈزىگە ئاتىمەن،ئاندىن گىدىيىپ تۇرۇپ«ھىي!مىنى نىمە چاغلاپ قىلىشتىڭ ھەقاسىڭ ،ھە؟!ئالە ما تاز بۇراپ قاغان چىكىڭنى!» دەيمەن!

2. ئۇلار بىلەن چاندۇرماي كۆرۈشۈپ،پىلانغا قاتناشقاندىن كىيىن،توساتتىن چىرايىمنى ئۆزگەرتىمەن ۋە«مەن سىلەردىن ۋاز كەچتىم!بىلىپ قىلىش!دۇنيادا پەقەت مەن ئەغزەم تۆرىلا ھەمكارلىقتىن ۋاز كىچىشنى باشتا ئوتتۇرىغا قويىدا!ھازىردىن باشلاپ مەن سىلەردىن پۈتۈن ئالاقىنى ئۈزدۈم،خەيىرخوش!» دەپ قاقاھلاپ كۈلۈپ چىقىپ كىتىمەن.

3. قۇملۇققىچە بىللە بىرىپ،ياخشى گۆھەرلەر بولسا ،چاندۇرماي جايلاپ. ئۇلار ئۇخلاپ قالغاندا بىرپارچە خەت يىزىپ قويۇپ قىچىپ كىتىمەن!خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

ئەيىندىن تاز!بىلال ماڭقا!مەتسلىم توخا!

ئىپىست ھەقاسىڭ بىلەن شىت بامايدىغان دەشتى-جاڭگالدا ئۆملەپ ژۇگىنىم!سەنلەردەك نىرۋىسى ئاجىز،ئىسكەتنىڭ تايىنى يوق يەجۇجى-مەجۇجىلار بىلەن بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق باھارىم!ئىپىست،سول پىشانەمدىكى ۋە ئوڭ يوتامدىكى ئۈشتال تاتۇق!مەن ئۆزەمگە تىگىشلىك ۋوغان نەسىنى ئىلىپ كەتتىم،مىنى ھازىردىن باشلاپ

ئىزدەشمە!ئىزدەپمۇ تاپالمايسە!چۈنكى ھەقاسىڭ سىسىق ئوسراپ ئۈيقۇگىدىن ئوغانغان چىغىڭدا،پىقىر ئالىبۇرۇن تىلىفۇن نومۇرۇمنى ئالماشتۇرۇپ،گۆھەرنى سىتىپ،جەددى-جەمەتىم بىلەن كۆچۈپ كەتكەنمەن!خا!خا!قۇملۇقتا ئۆملەپ ژۆرىشۈپ ئۆلىشەسە!

خوتەنگە،ئىنىقى يارمەمەتىنىڭ ئۆيىگە يىتىپ كەلدىم.كەچ سائەت 9بولاي دىگەن ئىدى.خا!خا!ئىشىك ئالدىدا ماگا تولىمۇ تونۇش بولغان يەر يولۋىسى ماركىلىق ماشىنا سالپىيىپ تۇراتتى،دىمەك ئۇلار ئۆيدە بار!تەمكىن قەدەملەر بىلەن ئۆيگە قاراپ مىگىپ كەتتىم.

ئۆيگە يىقىنلاشتىم.يۈرىكىم بىرخىل ھاياجاندا تىپىرلاپ كەتتى.مەن كىچە-كۈندۈز ئويلىغان،كىلىش ئۈچۈن بەك زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئۆي مۇشۇ ئۆي ئەمەسمۇ؟!بەلكىم ئۇلارنى كۆرۈپ تىللاشىنىڭ ئورنىغا باغرىمغا بىسىشىم،خاپا بولۇشىنىڭ ئورنىغا قاتتىق خوش بولۇپ كىتىشىم مۇمكىن،بەلكىم ئۇلار مەنىدىنمۇ بەكرەك مىنى سىغىنغان،قايتىپ كىلىشىمنى ئويلاپ تۇرغاندۇ....

شۇ خىياللار بىلەن ئۆيگە كىرىپ قاپتىمەن.ئەنە كۆتەك ئورۇندۇقتا موخۇركىسىنى قاتتىق قاتتىق تارتىپ ئولتۇرغان مازار مۇشىكى مەتسىلىم،ئۆينىڭ ئوتتۇرسىدا ئۇياق-بۇياق ماگىغاچ بۇرنىنى كولاۋاتقان بىگىم،يىرتىلىپ كەتكەن ئايىغىنى خۇددى كونا موزدوزدەك ياماپ ئولتۇرغان،تىخىمۇ كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن ئەيندىن غوجا!لىكىن ئۇلار مىنى مەن ئويلىغاندەك ئۆرە-تۆپە بولۇشۇپ كۈتىۋالمىدى.دەل ئەكسىچە ئىش قىلدى.ئۇلارنىڭ ماگا تۇتقان پوزىتىيەسى مۇنداق:

ئەيندىن:

ماگا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ،«كەللىما تۆرەم» دىگەنىدەك قاراپ قويۇپ،ئورنىدىنمۇ تۇرماي،سىسىپ كەتكەن ئايىقىنى ياماشنى داۋاملاشتۇردى.

بىگىم:

مىنى كۆرۈپ بۇرنىنى تىخىمۇ قاتتىق كورچىلىغاچ«قارشى ئالىمىز!» دەپ مەنىدە غەيرى بىرخىل مەنىستىمگەندەك كۈلۈپ قويدى.

مەتىسلىم:

كۆتەكتىن دەرھال قوپماقچى بولدىيۇ بىرنىمە ئېسىگە كەلگەندەك گەدىنىنى قاشلاپ چالا ھىجىيىپ قويدى.

بۇ قانداق پوزىتسىيە؟!مەن بۇلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كۈرمىك جاپا چېكىپ،«غونچىنىنىڭ ئازاۋىنى» تارتىپ ئۆيدىن ئاران چىقمىدىمۇ؟!بۇ ئۆلگۈر تاز،ماڭقا،توخىلارنىڭ ھالىنى كۆرۈڭ!كەيپىم سەل ئۆرلەپ قالدى.

ئالدى مەيدە يانچۇقۇمغا سىلىپ قويغا پۇل چىكىگە قولۇمنى سالدىم ۋە پۇرلاپ ئېتىشقا تەييار بولدۇم.ئەمما كىمنىڭ يۈزىگە ئېتىشىم كېرەك؟ئەيىندىن تازنىڭ!ئۇنداقتا ئاۋۇ ماڭقا ساراڭ قىسىر قالامدۇ؟!ماڭقا ساراڭغا!ئۇنداقتا ئاۋۇ چالا ئۆكلەنگەن كاللىدەك يالغان ھىجىيىپ تۇرغان مازا توخىسى قۇتۇلۇپ قالامدۇ؟!قانداق قىلىشىم كېرەك؟ئاچچىغىمدا چەكنى تۇتقان پېتى تۇرۇپ قالدىم،كاللامنى ئىشلىتىشكە تىرىشۋاتاتتىم.

1) چەكنى ئۈچكە پارچىلاپ يىرتىپ،ئۇلارنىڭ يۈزىگە بىر-بىرلەپ ئاتىمەن.ئاندىن«مېنى نىمە كۆرەپ قىلىشتىڭ،ھە؟!» دەپلا نەچچە ۋاقىتتىن بىرى يىغىپ قويغان«تاتلىق» گېپىمنى باشلايمەن.

2) بۇ چەكنى پارچىلاپ ئاتسام ئۇلارنىڭ يۈزىگە قاتتىق تەگمەيدۇ ھەم ھەيۋەتلىك بولمايدۇ.شۇڭا ئۇلارغا نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئاتىمەن!يەنە ئاۋال ئەيىندىن تازغا ئېتىپ گېپىمنى دىۋالىمەن،ئاندىن ماڭقا ساراڭغا،ئاندىن مەتىسلىمگە!

لىكىن،چەكنى قولۇمغا ئىلىپ بولۇپ،يۈرىكىم بىرخىل ئېچىشقاندەك بولدى.چۈنكى بۇ خەلىق پۇلىنىڭ چېكى!چەكنى نىمىشقا ئۇلارغا ئاتىمەن؟!چەكتە ھىچقانداق گۇناھ يوققۇ؟!بۇ پۇللارنى مەن ئىلىشقا تىگىشلىك!شۇڭا ھەرگىز چەكنى يىرتمايمەن ھەم ئاتمايمەن ھەم يانچۇقتىنمۇ چىقارمايمەن!

بىردىنلا پۇل چىكىنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە ئېتىشتىن تولۇق يالتايتىم.چۈنكى پوچىلىق قىلىپ چەكنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە ئېتىپ بولۇپ،كېيىن ئۇلار بىلەن يارىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇ پۇلنى قايتا ئالسام ئىناۋىتىم تولۇق مەنتەك بولىدۇ.پەم بىلەن چەكنى يانچۇققا سېلىپ قويدۇم.ئاندىن ئۆزۈمگە زورلاپ مەغرۇر تۈس بىرىپ،ئەينەكنىڭ قىشىغا كەلدىم.

-چىژ تۇلا ئەينەدىن تاغا؟ئاران قۇتۇلسام يانا كەپتۇ دەپ چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى ھەقىچان!(مەن قەستەن ئۇنىڭ چىچىنى كەلتۈرۈپ قويدۇم).

ئۇ ئەمدىلا ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا مەن قولۇم بىلەن« بولدى بەس!» دىگەن مەنىدە ئۇنى توختىتىپ قويۇپ،بىگىمنىڭ ئالدىغا كەلدىم.

-ئۆزلىرىمۇ ئوبدان تۇلا بىگىم!ئازراق كولىسا بۇرۇنلىرىنى!شىلىم زاۋۇتىدىن ئەدەم كىلىپ ئەپكەتمىسۇن يانا سىلىنى!

بىگىم گېپىمنى ئاڭلاپ بىر قىزىرىپ بولۇپ يەنە گەپ قىلماي بۇرنىنى كولاۋەردى.بۇ ساراڭغا گەپ تەسىر قىلمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يىتىپ،مەتسىلىمنىڭ ئالدىغا كەلدىم.

-مازا جايلاپ ژۇرىۋەلە ھەقىچان سىلە؟جىق بىنەسە توپلاپ بوللا ئاسلانلىرىغا؟

مەتسىلىم بىشنى تۆۋەن سىلىپ گەدىنىنى توختىماي قاشلاپ جاۋاپ قايتۇرمىدى.ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭ زادى ھىجىۋاتقىنىنى ياكى ئويلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدىم.سەپرايىم ئەك يۇقىرى گىرادۇسقا چىقتى!

-ھىي!قاندا نىملە ھەقاسىڭ ھە؟بىژكىم ئۆيگە چىسە شىت جىنىدا قاۋاپ قويىدا!نىمدا ئەدەمنى كۆزگە ئىلىشمايسەن؟!ئىششەك گەپ قىلسام ئاغزىغا ماتاڭ كەپلىشىپ قاغاندەك تۇرىشىدىيا مالا!مىنى بۇ يەرگە بىزگە ئىسلىۋاغىلى كەگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قىلىشتىڭما ھە؟!مەن

ھەقاسىڭدەك نىملىگە قوشۇلىمەن دەپ ژۇرۇيدىغان بالىدەك كۆرۈنەتامدىمە؟!تۇفىي!ئىي چىرايىڭغا بى قايلاپ بىقىشە!ھەقاسلىڭ بىلەن قوشۇلۇش ئەمەس، بىللە ماڭسامۇ خىجىل بولىمەن جىما دەپ قوياي!

ئاۋازىم بوغۇلۇپ ئۇنۇم پۇتۇپ كەتتى.ئۇلار مەن ھىربىپ توختاپ قالغاندا شۇنداق قاتتىق كۈلۈپ كەتتىكى،ئۇلارنىڭ كۈلكە ئاۋازىدىن مەن چۆچۈپ كەتتىم.ئەيندىن سىپسىق ئايىغىنى تاشلىۋىتىپ قورسىقىنى تۇتۇپ قاتتىق كۈلۈپ تىنالماي قالغان ئىدى،بىگىم بولسا ئىككى پۇتىنى تىزىگە دىيىۋىلىپ،يوغان گەۋدىسىنى لىغىرلىتىپ كۈلىۋاتاتتى،مەتىسلىم بولسا يەردە دوملاپ كىتىپتۇ.بىردىنلا ئۆزۈمنى ئەينى چاغدىكى خاتا سەزگۈدە ئۇچرىغان،يارمەمەت،قۇمقىز ئانىكام،غەيىۇرنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك ھىس قىلىپ قالدىم.

-ۋاييەي،تاس قالدىم كۈلۈپ ئۆلەپ قاغىنى،چاقچاق قىپ قويدۇق تۆرەم سىلىگە!

ئەيندىن يامان تەستە كۈلكىسىنى بىسىپ.ئالدىمغا قولىنى تەڭلەپ كەلدى.مەن گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدىم.

-بىز سىلىنى تىخى ئالدىنقى ئىشتىن كىيىن ياۋاشلاپ،كۆچۈكتەك بولاپ كەتتى دەپ ئويلاپتۇق،سەپرالىرى شۇپىتى باكىن ئەمەسما!

بىگىممۇ ماڭا يىقىنلاپ كەلدى.لىكىن ئۇ مىنى نىمشقا ياۋاشلاپ كەتكەن قوزىغا ئوخشاتماي كۈچۈككە ئوخشىتىدۇ دەيمەن!

-ھىي..ھىي!ۋوججىنەم!مۇنداق كۈلۈپ باقمىغانىغا بەك ئۇزۇن بوپتىكەن تۆرەم!يەنە كۈلسەم ئۈچەيلىرىم ئۈزۈلۈپ كىتىتۇ!

مەتىسلىممۇ يىنىمغا كەلدى.مەن سەل پەسكويغا چۈشتۇم لىكىن ئۇلارنىڭ مىنى ئەخمەق قىلغانلىقى ئوغامنى قايىنتىپ قويدى.

-ھە....ماندامۇ چاقچاق ۋا دىيىشسە!دىمىسىمۇ ھەقاسىلىرى ئەدەمنىڭ خىللىرى ۋوغاندىكىن چاقچاقلىرىمۇ مۇشتا خىل بولىتى راس!

مەن ئۇلارنىڭ ھىچقايسىسى بىلەن قول ئىلىشىپ

كۆرۈشمىدىم.چاقچاقمىش تېخى!بۇ سارالڭ-قېتىشلارنىڭ نىمە ئۈيۈن ئويناماقچى بولۇشقىنىنى خۇدايىم بىلمىسە ھېچكىم بىلمەيدۇ!

-دەم ئىلىپ ئوبدان سەمرىپ قاپلا مانا!چىك،چىك.....

ئەينىدىن خۇددى مال بازىرىدا بودەك قوينى باھالىغاندەك مىنىڭ ئۈستى بېشىمغا سەپسىلىپ قاراۋاتاتتى.

-راس،راس!بولاپمۇ ما يۈزىگە خىلى گوش قوناپتا جىما!

بىگىم بۇرنىنى كولىغان قولى بىلەن يۈزۈمنى تۇتماقچى بولىۋىدى دەرھال ئۆزۈمنى قاچۇردۇم.

-نېرى تاتسا ماڭقا قوللىرىنى،ئاھاي....

مەن قانچە جىلە بولغانسىرى ئۇلار شۇنچە ماڭا چاپلىشىۋىلىشتى.كىلىپلا قورساق كۆپىكىگە قالغىنىمغا نىمە دەي ئەمدى....

## 19-باپ ئەپلىشىش

-ئۆيگە چىرىپ پاراڭلىشلى، قەنى، تۆرەم مەرھەمەت!

ئەينىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، مېنى تارتقۇشلاپ يۇرۇپ ئۆيگە ئەكىردى. مېنىڭ بايامقى ئاچچىقىم تېخى بېسىلمىغان ئىدى. ئۆيگە كىرىپ، مەتسىلىم سالغان كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرماي، ھازىرلا ئۇرۇشىدىغان ئادەمدەك ھۆرپىيىپ ئۆرە تۇردۇم.

-ماڭ قايىلسا تۆرەم! چاقچاق قىپ قويدۇق سىلىگە! ئۇندا خاپىلاپ كەتمىسە دەيمە!

ئەينىدىن كۆرپىگە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ۋايىزلىقىنى يەنە باشلىدى.

-بىز سىلىنىڭ چوقۇم بىزگە قايتىپ كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلەتتۇق. شۇڭا كۈنىدە سىلىنى قايدا ئۇسۇلدا كۈتۈۋاساق بولا دەپ ئويلىنىپ قايىلىسا، سىلىنىڭ ئالامەت ئۆزگىچە، يۇمۇرىستىك ئەدەم ئىكەنلىكلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇنىڭ بىلەن مۇشتا قىلدۇق.

-نىمە؟! ھەقاسىلىرى مېنىڭ كېلىشىمنى بىلىشەمتىلە؟ ھەقاسىلىرى ئەۋلىيا يا رەمبال ئوخشىماملا؟

-قايدا دەيلا؟

-مېنىڭ بۈگەن كېلىشىمنى بىلىپ رىپىتىس قىلىشۋاغانما؟

-ھا-ھا-ھا! ياق، بىز بۇنداق گەپ قىلماي كۈتىۋېلىش ئۇسۇلىنى رىپىتىس قىلۋاتقانغا بەك ئۇزۇن بولاپ كەتتى.

ئەينىدىن خۇددى بۇ لاۋزا قىلىقلىرىنى ناھايىتى موھىم ئىشتەك، توغرا ئىشتەك مەغرۇر ئاھاڭدا چۈشەندۈردى، مەتسىلىم بىلەن بىگىم بولسا باشلىرىنى توختىماي گىلدىڭشىتىپ ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ تۇردى. مۇشۇمۇ ئادەمنى كۈتىۋېلىش بولامدۇ؟ مۇشۇمۇ مېنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇزاق ئويلىنىپ تاپقان ئادەم كۈتىۋېلىش ئۇسۇلى بولامدۇ؟ تۈفى! ئۇلار بىرلىشىپ مېنى ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ!

-رەخمەت، رەخمەت! ھەقاسىلىرىنىڭغۇ قىمايدىغان قىلىقى يوق! ئۇندا

ۋوسا ماڭا جاۋاپ بېرىشسە،ئىمىشقا ماڭا بىرپارچە خەت تاشلاپ قوياپ يوقاپ كېتىشلا؟

مەن بۇ سوئالنى ئۆزۈمنى زورىغا بېسىۋېلىپ تۇرۇپ،ئەيىندىنىدىن سورىدىم.

-مەن خەتتە ناخايىتى ئېنىق يازغان،بەزى ۋاقىت خاراكتېرلىك ئىشلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن،سىلنى باقالماي،قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇق.

-مەن بى ھەقاسىلىرنى مىنى باقسۇن دىمىدىم!ئىمە ئۇ «سىلىدەك باشباشتاق،ئىنتىزامسىز ئەدەم بىلەن ھەمكارلىقنى توختاتتۇق» دىگەنلىرى؟

-ھە....بۇ ئۆزلىرىگە بەش قولدەك ئېنىق!

-مەن قايدا باشباشتاقلىق قىپتىمە؟قاچان ئۆز ئالدىمغا بىرە ئىش چىقىرىپتىمەن؟ئۇندا ئەدەم ئىمىشقا يانا مىنى قايتىپ كېلىدۇ دەپ ئالاھىدە كۈتۈش ئۇسۇلىنى رېپىتىس قىلىپ ساقلاپ تۇرۇشلا؟

-تۆرەمنىڭ خوي-پەيلى بىزگە بەش قولدەك ئايان ئەمەسما،شۇڭا قايتىپ كېلىدۇ دەپ ساقلاپ ئوتتاغان.

مەن قانچە ئېسىلىپ،قىزىرىپ سۆزلىگەنسىرى ئەيىندىن شۇنچە ساختا ئېغىر-بېسىق بولىۋالماقتا ئىدى.

-مەن بايام سورىغان سوئالغا جاۋاپ بەسە ھە،تولا گەپ يوغىلاتماي!

-بىز تاكى خوتەنگە چىكەندىن باشلاپ سىلە بىزنىڭ قاسى گىپىمىزنى ئاڭلاپ باقلا؟قاچان ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەقىقى بوي سۇنۇپ باقلا؟بۆرە قۇت تېشىنى خۇپىيانە ئېلىۋېلىشتىن تاتىپ،قۇيۇنغا سوقۇلۇشقىچە ھەممىسى سىلىنىڭ باشباشتاقلىقلىرىدىن بومىدىما؟ئۆزلىرى دەپ باقسا قەنى؟

ئەيىندىنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ ئويغا پاتتىم.دەرۋەقە مەن باشتا قۇت بۆرە تېشىنى تاپقان چېغىمدىلا ئۇلارغا كۆرسىتىشىم كېرەك ئىدى.يەر ئاستىدىكى ھىلىقى قۇيۇن سولىنىپ قالغان ئۆيگە بىگىم توسقاندىكىن

مەن ئالدىراپ بارماسلىقىم كېرەك ئىدى.

-ھەي.......

مەن ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدۇم.بۇ ئەينىدىنگە بولۇپ بەردى.

-ھە ،قانــدا؟دىگەنلىرىم توغرىمىكىنىيا؟بىژكىمــدىن خاپۇلاشــتىن بۇرۇن ،ئاۋال ماندا پىشانىمىزنى سىيلىۋىتىپ گەپ قىلىمىز جىما تۆرەم!

ئەينىدىنىنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا بىگىم ئېغىز ئاچتى.

-بولۇپمۇ ئالدىنقى قىتىم تەلەيلىرى كىلىــپ ساق قايتىــپ كەلــلە.بىــز سىلىنىڭ ھاياتلىرى بىلەن ئويناشمايلى دەپ قالدۇققۇ؟

مەتسىلىممۇ گەپ قاتتى.

-تــۆرەم دىــسەم كــۆكەللىرىگە ئالمىــسا ،شۇنچە قوقانچاق تــۇرۇپ يەنە مۇشۇنداق ئىشلارغا قىزىقىسدىكەنلىيا ،قوگغا لايىق تامبال يوق دەپ....

گىرادۇسىم يەنە ئۆرلەپ كەتتى.

-ۋوجــــو....بولا ،بـــولا!مەن يوغانبـــاش،مەن ناچـــار،مەن قوقانچاق،ھەقاســلىرى بەك يامــان،بەك قــاۋان!نىمــدا گەپ قىممىــسام قاۋىــشىۋىرلا؟تولا ماگــا قىينــا ئــانىلىق قىلىشمىــسا جىمــا!مەنمۇ ھــۆ ھەقاســلىرىغا!مىنــى بــۇيەگە يــالۋۇرغىلى كەلــدى دەپ ئــويلاپ قېلىــشقان ئوخــشاملا؟پوقنىڭ ئىسسىقىنى يىيىــشپلا !مەن ھېلىقــى خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ ئۆزەم ئىلىپ چىققان تاشنىڭ سورىقىنى ئالغىنى كەلدىم!

ھەممەيلەن ھەيران قالدى.

-قاسى تاشنى دەيلا؟

-ۋاي ئەقىللىق ئەينىدىن غوجام،ۋاي دانىشمەن ئەينىدىن غوجام!بايــام سـىلە دىــگەن ھېلىقــى قــۇت بــۆرە تېــشىنى مەن ئىلىــپ تاپقــان بــوغيتىم ھەقىچان؟ســىلىغۇ ئــۆزلىرىگە زىيــانلىق ئىــشنى بەك شــىتتىك ئۇنتــۇپ قالىلا ،خەقنى قارا ۋاستۇرىدىغان ئىش ۋوسا پەقەت ئۇنتۇپ قامايلا ھە!

-ھە....ئۇ تاشنىڭ تېخى يەكۈنى چىقمىدى.

ئەينىــدىن خــوش ياقمىغانــدەك جــاۋاپ بەردى.مەن ســوغۇق كۈلــۈپ

قويدۇم.

-خا-خا!يەكۈنى چىقامدۇ-چىقامدۇ ئۇنىڭ ۋىلەن مىنىڭ كارىم يوق!تاشنى مەن تاپقان،يا قولامغا تاشنى بېرىڭلا يا ماڭا بەش مىليوننى سانىۋېتىپ مىنى خوش دىۋېتىڭلا!

-نىمە؟!بەش مىليون؟!

ئەيندىنىنىڭ ئاۋازى ئون گىرادۇس يۇقىرى كۆتۈرلۈپ كەتتى.

-بىرىپ بانكىلام بولىمالا؟!ئەدىكى بەش مىليونكىن ئۇۋۇۋ؟

-ۋىيى؟!ئۆزلىرى ئۇ تاشنىڭ قىممىتىنى مۆلچەرلىگىلى بومايدۇ دەۋاتىتتىلىغۇ؟!ئەمدى نىمدا ئۆپكىدەك ئىسلىپ ۋاقىرايلا؟!پۇل ئېغى كىلىۋاتامدا؟

-خىم!بولىدۇ.لىكىن ئۆزلىرى بىرىپ ئاسا ئۇ پۇلنى جىما!

-نەدىن ئالىمەن؟

-ئاپتونۇم رايۇنلۇق موزىيخانىدىن!

-نىمشقا ئۇيەدىن ئالىتىم!مەن سىلىگە بەگەن،سىلىدىن ئالىمەن!

مەن بەئەينى كوچىلاردىكى كۆكەمە لالمىغىلا ئايلانغان ئىدىم.مەيلى ئەيندىن نىملا دىسۇن مەن ئۆز گىپىمدە چىڭ تۇردۇم.ئاخىرى گىپىمىزگە بىگىم ئارىلاشتى.

-تۆرەم،سىلە راس تاش يا تاشنىڭ پۇلىنى ئالىلا؟

-شۇندا!

-راس شۇندا يۈز ئۆرىشىپ كىتىمىز؟

-بىزنىڭ ئارىمىزدا يۈز ئۆرۈش-ئۆرىمەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس!

-ماقا!دەپ قاپلا.ئۇندا ۋوسا سىلە مىنىڭ ئىش ھەققىمنى بىرىۋەتسە!

بىگىم يوغان قوللىرنى ئالدىمغا«پۇل بە» دىگەن مەنىدە سوزدى.مەن ھەيران قالدىم.

-ۋۇجۇ!سىلە ماڭا ئۆي سېلىشىپ بەگەنمۇ يا تام چېقىشىپ بەگەنمۇ؟يا

بى بىژيەدە ماڭا ئۇن مو يە تېرىپ بەگەنمىيا؟
-سىلىنىڭ مايماق ئېغىزلىرىنى داۋالاپ قويغان!
-ھە؟...
توغرا،بىگىم بۇرنىنى كورچىلىغان قولى بىلەن ئاغزىمنى داۋالاپ قويغان ئىدى.
-ماقا،قانچە پۇل بەسەم بولىدا؟
-بەش مىليون!
-نىمە؟!سىلى بى ئۆلەكنى تىرىلدۈرۈپ قويمىلا شۇ شامال دارىغان يۈزۈمنى داۋالاپ قويغانلا ھەقىچان؟
-شۇندا ۋولدى.پۇل بېرىشنى ئېغى كۆسلىرىمۇ مەيلى،مىنىڭ قولامدىن ئاغزىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قوياشمۇ كىلىدۇ.شۇندا قىلىمىزمۇ يا؟
مەن ئېغىزىمنى،ئاندىن يۈزۈمنى بىر سىيلىۋىتىپ،گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدىم.دىمەك ئۇشىشۇقلۇقتا بۇلارغا ھەرگىز تەڭ كىلەلمەيدىكەنمەن.لەسسىدە بوشاپ كۆرپىدە ئولتۇرۇپ قالدىم.
بىگىم بىلەن ئەيىندىن بىر-بىرىگە مەنىلىك بېقىشۇالغاندىن كىيىن،ئەيىندىن بىشنى يىنىك لىڭشىتىپ قويدى.بىگىم يەنە ئېغىز ئاچتى.
-تۆرەم،چاقچاق قىلىشىپمۇ قويدۇق.راس گەپ قىلساق،بىزمۇ سىلىنى سېغىندۇق،ئەسلىدۇق.سىلىنى جىقراق ئارام ئىلىۋاسۇن،چۆچىسۇن دەپ شۇندا خەت يازغان.
ئەيىندىنمۇ ئېغىز ئاچتى.
-بىگىم راس دەيدۇ.سىلە دىگەن تاشنىڭ ئىشىنى بىز ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمىز.نەتىجىسى چىقسىلا سىلىگە رازى بولغۇدەك ھەق ئەپ بىرىمىز.لىكىن سىلىنى سېغىنغانلىقىمىز ھەم ئەسلىگەنلىكىمىز راس!
-مەنىمۇ بەك ئەسلىدىميا سىلىنى تۆرەم!تىخى دوختۇرخانىغا بىرىپ ھېلىقى بودەك سىستىرادىن سىلىنى سۈرۈشتۈرۈپ،تاپالماي يىغلاپ....

مەتسىلىم خۇددى كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك تەلەپپۇزدا ماڭا بولغان سىغىنىشنى ئىپادىلىدى.ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەن پۇسۇقىدە كۈلۈپ تاشلىدىم.مەتسىلىممۇ كۈلۈپ كەتتى،ئارقىدىن بىگىم،ئاندىن ئەيىندىن.

-ھا-ھا-ھا!

-خا-خا-خا!

-ھى-ھى-ھى!

بىز ئۆزىمىزنى تۇتالماي ئۇزاق كۈلۈپ كەتتۇق.كۆزلىرىمىدىن ياشمۇ چىقىپ كەتتى.ئەمما بۇ كۆز ياشلىرى كۈلۈپ بولالماسلىقتىن ئەمەس،تەسىرلىنىشتىن،ھاياجانلىنىشتىن ئىدى.بىگىم يېنىمغا كېلىپ قولۇمنى مەھكەم سىقتى،ئەيىندىن مۇرەمگە ئۇرۇپ قويدى.

-ئاپلا،پولو كۆيۈپ كېتىقان بولدىيا ئەينا!

مەتسىلىم يۈگۈرۈپ دىگۇدەك ئاشخانىغا چىقىپ كىتىپ،ھايال ئۆتمەيلا،ئۇخشىتىپ ئېتىلگەن ئىككى لىگەن پولو كۆتۈرۈپ كىردى.بىز قول سۇيىدىن كېيىن تاماققا تۇتۇش قىلدۇق.مەن تاماق يىگەچ ئۆزۈمنىڭ دوختۇرخانىدىكى كەچۈرمىشلىرىم،ئۆيدىن قېچىش جەريانىمنى ئۇلارغا ئېقىتماي-تېمىتماي تولۇق سۆزلەپ بەردىم.ئۇلار كۆرپە ئۈستىدە كۈلۈپ دومىلاپ كىتىشتى.بولۇپمۇ مىنى ھىلىقى يىگى كەلگەن قوغداش خادىمى ئوغرى دەپ ئويلاپ قىلىپ ھوشۇقۇمغا كالتەك بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىۋەتكەن ۋەقەلىككە كەلگەندە ئەيىندىن ئېغىزىدىن گۈرۈچلەر ئىتىلىپ چىقىشى بىلەنمۇ كارى بولماي يوتىسىغا ئۇرۇپ كۈلۈپ كەتتى....

تاماقتىن كېيىن،بىز تاماق سىگدۈرگەچ مەتسىلىمنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى سۆگەتلىكتە ھاۋالاندۇق.بۇ جەرياندا ئەيىندىن ماڭا مەن كەتكەندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىنى قىسقىچە ئىيتىپ بەردى:

ئۇلار مەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن يەنە نۇرغۇن قەدىمي خارابىلىق ۋە قەبرىلەرنى بايقاپتۇ،لىكىن ھازىر قۇم كۆچۈش مەزگىلى بولغاچقا،يىگى تېپىلغان جايلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۆمۈلۈپ كىتىپ،خىزمەتلەر زادىلا

يۇرۇشمەيتۇ.

-ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

مەن جىددىيلىشىپ ئەيىندىن تاغدىن سورىدىم.

-ئەسلى هازىر قايتىپ كىتىپ،كىلەر يىلى ياخشى پەيتنى تېپىپ يانا كەسەك بولىتى.لىكىن نۇرغۇن قەدىمىي يادىكارلىقلارنى يوٚتكەپ ئىلىپ كەتمىسەك بولمايدۇ،ئۇنىڭ ئۈستىگە مەتىسلىماخونىنىڭ دىيىشىچە بىر يىلى كوٚموٚلەپ كەتكەن قەبرە،خارابىيلىقنى يانا بىرىيلى تېپىش ئاساسەن موٚمكىن ئەمەسكىن.شۇڭا تەۋەككۇل قىلىپ يانا كوٚچەپ باقىمىزمىكى دەپ قالدۇق.

-هە....هېلىقى تاشنىڭ يانا بىرسى تېپىلدىمۇيا؟

-ياق،ئۇنى سىلىدىن باشقا ئەدەم تاپالمايدىغان ئوخشىمامدا!

مەيلى بوٚگەپنى ئەيىندىن مىنى زاڭلىق ئېتىش مەقسىتىدە دىگەن بولسۇن ياكى سەممىي دىگەن بولسۇن،كوٚڭلۇم بىرخىل سوٚيۇنۇپ قالدى.دىمىسىمۇ مەيلى قانداق تېپىۋالاي،ئىشقىلىپ نۇرغۇن كىشىلەر تاپالمىغان قوٚت بوٚرە تېشىنى مەن ئاسانلا تېپىۋالدىم،يەنە بىرىنىمۇ مەن شۇنداق تېپىۋالامدىمەن تېخى!

-ئوٚتكەندە سىلە تاپقان قوٚت بوٚرە تېشىنى بىز جىق تەلىل قىلدۇق.مىنىڭچە بۇ تاش ئۇندا ئاسان تېپىلمايتى....

ئەيىندىن موٚشوٚ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ يانفۇنى سايراپ كەتتى . بەلكىم بۇ موهىم‌راق تېلىفون بولسا كىرەك،ئۇ كەلگەن تېلىفونغا بىر قارىۋىتىپ،ماڭا كوٚلوٚپ قويۇپ دالدىراق يەرگە قاراپ ماڭدى .مەن ئاسمانغا قاراپ بوٚرىنى كورچىلاپ توٚرغان بىگىمنىڭ قىشىغا كەلدىم.

-بىگىم سىلىدىن سورايدىغان جىق گەپلىرىم باتى،سورىسام بولامۇيا؟

مەن قەشقەردىكى «قامىلىش» جەريانىدا كوٚپ قېتىم ئويلىغان،لىكىن هەرقانچە ئويلىنىپمۇ يىشەلمىگەن چىگىش سوٚئاللىرىمنى ئۇنىڭدىن سورىماقچى بولدۇم.

-سوراۋەسە، سىلە بىز يات ئەدەم بومىغاندىكىن.
بىگىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مەن تەرەپكە قارىدى.
-ھە...بىرىنجى بولاپ سىلە توغرىسىدا سوراي.سىلە ھەممە ئەدەمنىڭ نىمىشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدىكەنلا،بۇ قاندا ئىش؟
-ھا-ھا-ھا!
بىگىم قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.ئاندىن ماڭا بۇ سىرنى يېشىپ بەردى.
-تۆرەم.سىلىمۇ بىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈگەن زىيالىي.ماندا پسىخولوگىيە دىگەن بىرنەسنى ئۆگۈنۈپ قويسا دەيمە!سەللا ماتىريال كۆرەپ،سىناق قىلىپ باقسا،سىلىمۇ مەندىن قېلىشمايلا.ئادەتتە ئەدەمنىڭ ھەرقانداق سۆز-ھەركىتى،چىراي ئىپادىسى،كىچىك بەدەن ھەركەتلىرىدىن تاتىپ،ئىچكى پسىخىكىسىنىڭ كونترولىنىقىدىن قىچىپ قۇتۇلالمايدۇ.
دىمەك،بىر ئەدەمنىڭ يازغان خېتى،تاماكا چىكىش ھالىتى،تۇرۇش ھالىتى،يېتىش ھالىتى....ئىشقىلىپ خالىغان بىر ھەركىتىگە قايلاپ ئۇنىڭ نىمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ئاساسەن بىگىلى بولىدا.
مەن سەل ھەيران بولغان بولسامىمۇ،ئەمما تولۇق قايىل بولمىدىم.
-سىلە ئۇندا دىگەن بىلەن دەھشەت ساختىپەز،ھىيلىگەر،ياسالمىلىقى قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئەدەملە ۋا دەيمە.ئۇندا ئەدەملىنىڭ ھەركىتىمۇ يالغان بولىدا،ئۇنى قاندا بىلەلەيلا؟
-ھەقانچە تۈلكە ئەدەم بوسىمۇ ۋاغۇ،ئۇ ھەرگىز ئۆزىنىڭ پۈتۈن بەدەن ھەركىتىنى كونترول قىلالمايدا،نى-نى داڭلىق ئەرتىسلىنىڭ پسىخىكىسىنىمۇ بىرقايلاپ بىلگىلى بولىدا.
-مەسىلەن؟
-مەسىلەن سىلىنى ئىلىپ ئىيتساق،سىلە ئادەتتە ھەرقاندا ئىشنى نەچچە بۆلەككە بۆلەپ ئويلاشقا ئامراق،لىكىن شىتتىكلام ھەممىنى باكا قىلىۋىتىپ،ئەمەلىيەتكە قايلاپ ئىش تۇتىلا.

مەن ھەيرانلىقتىن ئاغزىمنى ئېچىپ قالدىم.

-بۇنى قايدا بىلىۋاللا؟

-سىلە ئادەتتە ھەربىر خىيالنى سۈرگەندە بىۋقىتىم باشلىرىنى بىلىنە-بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويىلا،ئۆزلىرىگە ياققان خىيال بوسا چىرايىلىرىغا كۈلكە يۈگۈرىدۇ،ياقمايدىغان خىيال بوسا قاشلىرى لىك-لىك قىلىپ سەكلەپ كىتىدا.ئۇنىڭدىن باشقا قوقاپ كەتكەن چاغدا ياكى بەك ھەيران قالغان چاغدا ،شىككى قوللىرىنى ئالماپ تۇتىۋاللا،سول قوللىرىنى بىغىشىدىن باشلاپ قولتۇقلىرىنىڭ ئىچىگە تولۇق چىكىتىدا،ئوڭ ئوڭ قوللىرى بىلەن سول بىلەكلىرىنى چىڭ قاماللاپ تۇتىۋاللا.

مەن دەرھال ھازىرقى ھالىتىمگە قارىدىم.دەرۋەقە مەيدەمنىڭ ئاستىغا گىرەلەشتۈرۈۋالغان جۈپ قولۇمنىڭ ھالىتى ئۇنىڭ دىگىنى بىلەن بىردەك ئىدى.

-ماڭا بىر ئۆگۈتۈپ قويسا مۇشتا كۈزىتىش ئۇسۇلى ۋە خەقنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىش گومپىسنى!

-بۇ پىسخولوگىيەنىڭ ئادەتتىكى بىر تۈرى،لىكىن بىر-شىككىۈندە ئۈگەنگىنى بومايدا ،جىقراق كىتاپ كۆرەپ ،جىقراق ئەمەلىي سىناق قىلىپ ئۆگۈنىشكە توغرا كىلىدا.

-ھە.....ئۇندا ۋوسا ئىي مەتسىلىمكام ھازىر نىم ئويلاۋاتقاندۇ؟

بىگىم بىر سۆگەتنىڭ غولىغا بىرنىمىلەرنى جىجىپ ئولتۇرغان مەتسىلىمگە قاراپ ئۇزاق تۇرىۋىلىپ ئاندىن جاۋاپ بەردى.

-بۇ ئەدەمنىڭ نىمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بومايدۇ.

-ھە؟!نىمىشقا؟

-ئەدەمنىڭ شىككى ئۆزلىكى بولىدا.بىۋسى بىز دائىم كۆرەۋاتقان،بىزگە تونۇش بوغان سىرتقى قىياپىتىمىز ۋە ھەركەتلىرىمىز.بۇ سىرىتقى ئۆزلۈك يەنى ساختا ئۆزلۈك دەپ ئاتىلىدا.ئادەمنىڭ ھەقىقى ئۆزى ئۇنىڭ

ئىچىدە، ئېگىزدا بولىدا، بۇ ناھايىتى يوشۇرۇن ھالەتتە بولۇپ، بۇنىدا ھەقىقى ئۆزلۈك بىزنىڭ رەسمىي ئۆزىمىز ھەم ئەپتى-بەشىرىمىزنى كۆستىدا. بۇ ئەدەمنىڭ ئىچكى-تاشقى ئۆزلىكى ئاساسەن بىرلىشىپ كەتكەن بوغاچقا، بۇنىدا ئەدەملىنىڭ نىمە ئۈيلاۋاتقانلىقىنى بىلىش بەك تەس.

مەن دوقا پىشانە، قارىۋاي مەتسىلىمگە قاراپ، بىگىمنىڭ گىپىگە يەنىلا تازا ئىشەنىچ قىلالىمدىم. چۈنكى مەن ئۆزۈمنى مەتسىلىمنى تولۇق بىلىمەن دەپ ئويلايمەن. مىنىڭ نەزىرىمدە ئۇ مال-دۇنياغا مەندىنمۇ ئۆتە ئامراق، قورقۇنچاق، ساختىپەز، ئەمما باشقىلارغا بەك يامانلىقى يوق ئادەم ئىدى.

-سىلە ھازىر دىگەنلىرىمگە ئىشىنمەيلا، لىكىن ھامان بىزكۈنى چوقۇم ئىشىنىپ قالىلا.

بىگىم ناھايىتى تىزلا مىنىڭ ئويلىغانلىرىمنى بىلىۋالدى، مەن زورلاپ كۈلۈپ قويۇپ گەپنىڭ تىمىسىنى يۆتكىدىم.

-يانا بىزگەپ باتى، سورىسام كۆڭەللىرىگە كىلەمۇيا؟

-سوراۋەسە.

-سىلە نىمىشقا دايىم بۇرۇنلىرىنى كولايلا؟

-ھا-ھا-ھا! بۇ مەن ئويلىمىغان سوئال بولدى دە. دىسەم گەپ جىق. قىسقارتىپلام دەپ بىرەي. ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى مىنىڭ بۇنۇم خىزمەت ئۈستىدە زەخىملەنگەن. مەن ئۇۋۇلاپ، نىرىپلىرىنى ھەركەتلەندۈرۈپ تۇمىسام سىزىمىنى يوقىتىدا.

-ھە...قايدا يارىلانغان؟

-بۇنى ھازىر دىسەم گەپ جىق ۋولاپ كىتىدا، كىيىن دەپ بىرەي.

-ماقا.

مەن ئۇنى داۋاملىق خىجىل قىلىشنى خالىماي دەپ بۇ سوئالنى داۋاملىق دوراشنى توختاتتىم. لىكىن خاتا ئويلاپ قاپتىمەن. ئۇ نەدىمۇ خىجىل

بولسۇن،گېپىنى دەپ بولۇپلا يەنە بەھۇزۇر بۇرنىنى كورچىلاشنى باشلىۋەتتى.مەنە بىردىنلا بايام ئەيىندىن تاغا سۆزلەپ بولالمىغان گەپنىڭ ئايىغىنى ئىسمىگە ئالدىم ۋە بىگىمدىن سورىدىم.

-بىگىم،بايام ئەيىندىن تاغا تاشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىتى.«قۇت بۆرە تېشى ئۇندا ئاسان ئۇچراپ قامىايتى» دىگەنىدەك قىلدى.ماگا نىمىشقا شۇندا ئاسان ئۇچراپ قاغاندۇ؟مەن جىنىمدا تاپالىغان تاشنى باشقىلا نىمىشقا ئىلىپ كەتمىگەندۇ؟

-بۇنى ماندا چۈشەنىسەك بولىدا.

بىرىنجى: تاشنى تونۇيدىغان،بىلىدىغان ئەدەم بەك ئاز،شۇڭا تۇرۇپ قاغان بولىشى مۇمكىن.

شىككىنجى: بۇ تاشنى مەلۇم بىرسى تاپقان،لىكىن ئىلىپ چىقىپ كىتەممەي،قەبرە ئىچىدە ئۆلۈپ قالغان بولىشى مۇمكىن.بىز چىگەندە كۆگەن ئىسكىلىتلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇ تاشنى تاپقان ئىگىسى بىا ۋولىشى مۇمكىن.

ئۈچىنجى :تاش ھىلىقى توساققا يوشۇرۇنغان،مەن شىكنى ئىچىپ بولۇپ دىققەت قىلماي ئىچىگە چىركەتكەندە،سىلە ئۇنى شىك تۇۋىدە بايقاپ تېپىۋالغان بولۇشلىرى مۇمكىن.بۇمۇ ھەم تەلەي جۇملىسگە چىرىدا.

مەن بىگىمنىڭ بۇ قىتىملىق تەھلىلىگە تولۇق قايىل بولدۇم.دىمىسىمۇ ئالدىنقى قىتىملىق ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرۈش ۋەقەسىدىن كىيىن مەن ئۆزۈمنىڭ خىلىلا تەلەيلىك ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىپ قالغان ئىدىم.

-تولا سۇئال سوراۋەدى دەپ ئىچىلىرى سىقىلىپ قامىسۇن،ئەڭ ئاخىرقى بىر سۇئال سورىۋالاي،ماقىمۇيا؟

-ماقا.

-ئەيىندىن تاغا بىلەن سىلە زادى نىمىش قىلدىغان ئەدەم؟

بىگىم كۆزۈمگە غەيىۋرلۇق بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ ماگا سۇئال قايتۇرۇپ بەردى.

-سىلە دەپ باقسا قەنى؟

-مەن بىلمىگەچكە سىلىدىن سوراۋاتىمەن.

-سىلە كاللىلىرىدا چىقىرىپ بوغان يەكۈننى ئاڭلاپ باققىم كىلىۋاتىدا. هامان نىمە ئويلىسام بىگىم بىلىۋالىدۇ.ئۇنىڭدىن راست گەپ قىلىشنى توغرا كۆردۈم.

-خاتا ۋوسمۇ ئويلىغىمنى دەپ باقاي.ئەينىدىن تاغىنىڭ خىزمەت كىنىشكىسىنى مەن مىشىگە تۇنجى كىلىش ئالدىدا كۆگەن.لىكىن ئۇنىڭ ئادەتتىكى «قەدىمىي يادىكارلىقلار تەققىقات ئورنى» نىڭ پىنسىيونىرى ئىكەنلىكىگە پەقەت ئىشەنگۈم كەممىدى.نىمىشقا دىسىلىرى،ئۇنىڭ هازىرقى يىشىغا ۋە چىرايىغا ئۇنىڭ چەبدەس هەركەتلىرى ۋە خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش روهى پەقەت ماس كەممىگەن.

سىلىنىڭمۇ شۇندا.بىژقايلاشقا سىلە پىشكە دەدىۋا ئەدەمدەك كۆرىنلا،ماندا دىسەم هەرگىز كۆڭەللىرىگە كەممىسۇن جىما.لىكىن مەن سىلىنى دەهشەت هۆرمەتلەيمەن هەم قايىل بولىمەن.

-سىلىچە بىز قايدا ئىش قىلىدىغان ئەدەمدەك تۇرىمىز؟

-مىنىڭچە ئەينىدىن تاغا بىر ئۇزۇن ژىل خەتەرلىك تۇرمۇشتا پىشىپ كەتكەن ئاسارە-ئەتىقە سودىگىرىغىلام ئوخشايدا.سىلە....سىلە يالغان ساراڭ قىياپىتىگە چىرىۋاغان،لىكىن قەبىي يامان ئەتكەسچىگە ئوخشايلا.

-سىلىچۇ؟

-مەن....مەن ئۆزەمگە ئوخشامە شۇ!

-سىلە پوقنى بىلمەي تۇرۇپ،بۇركۇتلەر توپىغا قىتىلىۋاغان قاغىغا ئوخشايلا!

مەن بىگىمنىڭ ئوخشىتىشىغا گەپ تاپالماي،زورلاپ،يالغاندىن كۇلۇپ قويدۇم.بىگىم قاقاهلاپ كۇلۇپ كەتكەندىن كىيىن ماڭا ئۆمۇر بويى ئۇنتۇلغۇسىز بىر قانچە ئىغىز سۆز قىلدى.

-سۇئاللىرى جاۋاپسىز قاممىسۇن.

بىرىنجى:ئەدەمنىڭ غايىسىلام بولىدىكىن ئۇ ئادەمنىڭ چىرايى قايىدا ۋولىشىدىن قەتئىينەزەر ،ئۇ هامان باشقىلار قىلالمايدىغان هەقاندا ئىشنى قىلالايدا!

شىككىنجى:ئەينىدىن خوجا ،مەن بەك ئالاھىدە ئەدەم ئەمەس.بىز پەقەت ۋەتەنگە ،خەلققە ،ژۇتىمىزغا يۈزكىلەلەيدىغان هەم داۋاملىق يۈز كىلىشنى قوغلىشىدىغان كىشلە!

ئۈچىنجى:بىز قۇملۇققا قەبرە ئوغولىغىلى ياكى بايلىق ئىزدەپ ماگمىدۇق ،بىز ئەسلى با بوغان بايلىقنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن قوم كىچۋاتىمىز!

مەن ئۇنىڭ بۇگەپلىرىنى ئاگلاپ چۈشەندۈرگىسىز بىرخىل هىسسيات قاينىمىغا چۈمدۈم هەم ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم.«ئۇنداقتا مەن قانداق ئادەم؟مەن نىمە مەقسەت بىلەن قۇملۇققا كەلدىم؟مەندە غايە بارمۇ؟خىزمەتكە ئىرىشىشمۇ غايە هىساپلىنامدۇ؟....»

ئەينىدىن تاغا تىلىغۇندا سۆزلىشىپ بولغان بولۇپ،بىزنى ئۆيگە قايتىشقا چاقىردى.بىز ئۇنىگغا ئەگىشىپ ئۆيگە يىنىپ كىردۇق.هەممەيلەن ئۆيگە كىرىپ بولغاندىن كىيىن،ئەينىدىن بىزگە ئەتىلىك ئىشلار توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى.

-هازىرقى قۇملۇقنىڭ ئەۋالىنى تۆرەمدىن باشقا هەممەيلەن ئومدان بىلمىز.ئەمدى تۆرەم قوشۇلدى.دىمەك بىزگە بىژكىشلىك كۈچ قوشۇلۇش بىلەن بىژۋاقىتتا ،بىژكىشلىك مەسئۇلىيەت قوشۇلدى.مەن هازىر قۇملۇقنىڭ ئاسالىق ئەۋالىنى ۋە ئەتىلىك ئىشلىشنى ئازراق ئەسكەرتىپ قوياي.بولاپمۇ تۆرەم سىلە بەكرەك دىققەت قىسا!

ئەينىدىن سۆزىنى توختىتىپ ماگا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.ئۇنىڭ هازىرقى چىرايىدىن هىچقانداق چاقچاق ،هەزىل پاراگىنىڭ ئىزىنى تاپقىلى بولمايتتى.شۇگا مەنمۇ ئەستايىدىل ،قەتئي هالدا بىشىمنى «ماقۇل» دىگەن مەنىدە قاتتىق لىگشتتىم.ئەينىدىن ماگا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ

گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

-ھازىر قۇم كۆچۈش مەزگىلى بولاپ قالدى.قاچان،قاندا چاغدا قۇم كۆچۈشنى ھېچكىم بىلمەيدا.قۇم كۆچتى دىمەك قۇملۇق ئەدەم يەيدىغان دىگىزغا ئايلاندى دىمەكتۇر.شۇڭا مەن باشلىق ھەممىمىز بىرژدەك تەرتىپكە،ئورۇنلاشتۇرۇشقا قەتئىي بوي سۇنىشىمىز كىرەك.بۇ قېتىم قىلچە خاتالىق چىقاردى دىگەنلىك ھاياتى بىلەن ئويناشتى دەپ چۈشەنسەڭلا بولىۋىرىدا.

ئۇنىڭدىن باشقا،ئەتە ھەركەت ئىلىپ بېرىش جەريانىدا قۇملۇقتا بوراندىن دالدىلىنىش ياكى ۋاقتىنى تىجەش ئۈچۈن نەچچە كۈن،بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ۋاقىت قۇملۇقتا تۈنەپ قالىدىغان ئىش بولىشى مۇمكىن.شۇڭا ئىددىي جەھەتتە تەييالىق قىلىشىپ قويالا.

ئاخىرىدا،كۆپچىلىكنىڭ بۇرۇنراق ئۇخلاپ،ئەتىلىك كۈرەش ئۈچۈن ئېنىرگىيە توپلىشنى ئۈمۈت قىلىمەن.گېپىم تۈگىدى!

ياتاق ئۆيگە ماڭغاچ ئەيىنىدىنىنىڭ يۇقارقى سۆزلىرىنىڭ پەقەت مەن ئۈچۈنلا ئىيتىلغانلىقىنى ھىس قىلىپ يەتتىم.چۈنكى ئەيىنىدىن ئۆزى ۋە بىگىمگە بۇنداق گەپ قىلىشنىڭ ئورنى يوق.مەتسىلىمگە تىخىمۇ ئوشۇقچە ئىدى.دىمەك،مەن چوقۇم دىققەت قىلىشىم كىرەك....

## 20-باپ خەتەردىن كېيىنكى خېجىللىق

سەھەر.ماڭا تولىمۇ تونۇش بولغان «يەر يولۇىسى» دا ئولتۇرۇپ كىتىۋاتىمەن.قەلبىمدە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىرخىل ھاياجان.دىمەك مەن غەلىبىلىك ھالدا يەنە تۇپقا قايتىپ كەلدىم.ئۇلار مىنى يارىماس،تەجرىبىسىز دىمەي بۇ تۇپقا قېتىۋالدى.بۇ بەلكىم مىنىڭ ھاياتىمدىكى بىر باشلىنىش نۇقتىسى.ئەگەر ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولسلا....

ئەگرى-بۈگرى قۇملۇق يولى،قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتكەن دۆلەت تاش يولى،يەنە قۇملۇق....ماشىنا ئالاھىزەل ئۈچ سائەت ماڭغاندىن كېيىن ماشىنا بىر چوڭ بارخان ئالدىدا توختىدى.مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ، يىنىك شامال ئۇرۇپ كىلىۋاتقان قۇم دانچىلىرى ئارىسىدا تۇرۇپ ئالدىمغا نەزەر سالدىم.گۈل-گىياھ،ئۇچار قۇشلاردىن ئەسەر يوق چەكسىز قۇملۇق.بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ سېلىنغان ئىگىز بىنالاردەك ھەيۋەتلىك بارخانلار....

ئەيىندىن ماشىنىدىن چۈشۈپ ھەممەيلەنگە بىردىن ئاسما سومكا،فوسفۇرلۇق قول سائىتى تارقىتىپ بەردى.ئاندىن بىگىم بىلەن قىسقا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن،بىزنى باشلاپ بارخاننىڭ ئارقىغا قاراپ ماڭدى.بارىخاننىڭ ئارقىدا ئون مىتىر كەلگۈدەك يوغان بىنزىن رەخىت(ماشىنىلارغا ئىشلىتىدىغان قارا رەڭلىك)يېپىلغان جاينىڭ ئالدىغا كىلىپ توختىدۇق.

ئەيىندىن تاغا مەتىسلىمگە بىر قاراپ قويۇپ،بىگىم بىلەن بىرلىكتە ئۈستىگە قۇم يېغىلىپ قالغان رەختنى ئاستا قايرىپ ئىلىۋەتتى.ئۇنىڭ ئاستىدىن بەش مېتىردىن چوڭراق چىقىدىغان بىر ئازگال پەيدا بولدى .ئۇ قاپقاراڭغۇ ئازگالغا قاراپ ئىختىيارسىز يەنە تېنىم شۈركىنىپ كەتتى.بىگىم بۇنى بىلگەندەك مىنىڭ مۈرەمگە يىنىك ئۇرۇپ قويۇپ،ئازگالنىڭ ئەتراپىغا مۇقىملاشتۇرۇش تۈۋرۈكى ئورنۇتۇشقا باشلىدى.بىزمۇ كىلىپ

ئۇنىڭغا ياردەملەشتۇق.ئۇزۇن ئۆتمەي ئازگال ئەتراپىدا چوڭ-كىچىكلىكى ئوپمۇئوخشاش تۆت دانە مۇقىملاشتۇرۇش تۈۋرىكى پەيدا بولدى.

ئاۋال بىگىم سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.بىر مىنۇتتىن كىيىن ئۇ تانىنى لىڭشىتىپ بىزگە بەلگە بەردى.مەتسىلىم چۈشۈپ كەتتى،ئەيىندىن تاغا چۈشۈپ كەتتى،مەنمۇ چوڭقۇر بىرنى تىنىۋىلىپ ئۆزۈمنى ئازگالغا قويۇپ بەردىم.قاپقاراڭغۇ بوشلۇقتا چۈشىۋىتىپ.تانىنىڭ ئۈزۈلۈپ كىتىشىدىن بەك ئەنسىرىدىم .بىردەمدىن كىيىن پۇتۇم يۇمشاق بىريەرگە تەككەندەك بولدى.تانىنى ياخشى باشقۇرالماي يەردە ئولتۇرۇپ قالدىم.ئەمما بۇ قىتىم ھىچكىم مىنى گەپتە سوقمىدى،ئەكسىچە مەتسىلىم دەرھال يىنىمغا كىلىپ مىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويدى.

ئەيىندىن تۈنۈگۈن دىگەندەك ھەقىقەتەن مەندىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەر بىلەن ناھايىتى تونۇشتەك قىلاتتى.ئۇلار قىلچە تەمتىرىمەي تىز-تىز چامداپ مىڭىۋاتاتتى.مەنمۇ قەدىمىمنى تىزلىتىپ ئۇلارغا يىتىشىپ ماڭدىم.ئەمما قول چىراق تۇتىۋالغان ئوڭ قولۇم ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەۋاتاتتى .بىز شۇ ماڭغانچە يەنە بىر ئازگالنىڭ ئالدىغا بىرىپ توختىدۇق.شۇنداق،يەنە بىر ئازگال.ئازگالنىڭ ئىچىدىكى ئازگال .

-ئاستىنىڭ ھاۋاسى سەل دىمىقراق.سومكىدا ئوكسىگىن قاپقىقى با،تاقىۋالمايا تۆرەم؟

ئەيىندىن تاغا مۇشۇ سۆزى بىلەن جىمجىتلىقنى بۇزۇدى.مەن باشقىلارغا قاراپ باقتىم.ھىچقايسى سومكىسىنى ئاختۇرىدىغاندەك ئەمەس.شۇڭا مەنمۇ ئوكسىگىن قاپقىقىنى تاقىماسلىقنى قارا قىلدىم.

-يا بولدى.پەقەت بولالماي قاسام ئەندىن تاقامە.

ئەيىندىن ئوڭ قولىنىڭ بىشىنى قاتتىق بىرقانچە قىتىم سىلكىپ سائەتكە بىر قارىۋەتكەندىن كىيىن،بىشىنى يىنىك لىڭشىتىپ قويۇپلا ئازگالغا سەكرىدى.مەن قورقۇپ كەتتىم.

-ۋوجو !مۇقىملاشتۇرۇش تۇۋرۇكى قىمايلام چۇپكەتتىيا؟

مەن مۇشۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا مەتىسلىممۇ سەكرەپ چۇشۇپ كەتتى.بىگىم بېشىنى مەن تەرەپكى قىلماي تۇرۇپ«تىگى بەك دۆك ھەم يۇمشاق» دەپ قويۇپ چۇشۇپ كەتتى.مەن ئازگالنىڭ ئىچىگە قاراپ ئىككىلىنىپ قالدىم.ئىچىنى زادىلا كۆرگىلى بولمايدىغان قاپقاراڭغۇ ئازگالغا قاراپ تىنىم شۇركىنىپ،سەكرىيەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

-بوسا دەيمە!ژۇدۇپ چۇشۇرۇپ قويايمىيا مەن؟

-ھىي-ھىي-ھىي!

-ھا-ھا-ھا!

مەن ئىككىلىنىۋاتقان چاغدا ئاۋال ئەينىدىنىنىڭ ئاۋازى ئاندىن بىگىم بىلەن مەتىسلىمنىڭ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.«ئاناڭنى!ئىنىم بوسام بولامە» دەپ چىشىمنى چىشلەپ ئازگالغا سەكرىدىم.

ھەقىقەتەن ئازگال ناھايىتى دۆك بولۇپ،ئۈچ مىتىرمۇ كەلمەيتتى.لىكىن مەن بەك كۈچەپ سەكرىگەچكە ئۆزۈمنى كونتىرول قىلالماي ئالدىمغا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ كىتىپ،ئېغىز-بۇرنۇمغا ئاچچىق قۇم كىرىپ كەتتى.ئاچچىق ھەم خىجىللىقتا دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

-چاتاق يوقتۇ تۆرەم؟بوشراق سەكلەيتۇق دەيمە،سۇغا چۇشمىگەندىكىن.

-مۇشۇ تۆرەمنىڭ بېشى پۈتىدىن ئېغىرمىكىن دىتمە.دائىم ئاۋال بېشى يەرگە چۇشتۇ دىسە!

-«سەكلە دىسە مۇشتامۇ سەكلەمسە!بۇ ھاماڭنىڭ دەرىزىسى ئەمەس» دىگەندەك ھە بىژ كىنودا!

ئۇلارنىڭ مازاقلىرى يەنە باشلاندى.مەن بەك رەنجىپمۇ كەتمىدىم ھەم رەنجىشكىمۇ ئاساسىم يوق ئىدى،ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن مۇشۇنداق پالاكەتلىككە كۆنۈپ كەتكەن ئوخشايمەن.ئارتۇق گەپ-سۆز قىلماي يەرگە بىرقانچىنى تۇكۈرۈۋىتىپ ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدىم.خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن

كېيىن بىز قاق ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە بۆلۈنگەن ئاچال يول ئېغىزى ئالدىغا كەلدۇق.ئەينىدىن بىزگە يەنە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى.

-ھەممەيلەن بىلىشقا تېگىشلىك ماندا ئىش ۋا.

1. ئالدىنقى قېتىم بىز مىشەگە كەگەندە تالادا شامال كۆچىيىپ كېتىپ قايتىپ كەتكەن.ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن،ھازىر بىز شىككى گوروپقا بۆلىنەپ ماڭىمىز.

2. قولىمىزدىكى سائەت سىگنال بەسە سىرىتتا شامال كۈچەيگەنلىكىنى بىلدۈرىدا،شۇڭا سىگنال چىققان ھامان،ھەرقاندا ئىشنى قوياپ ئاقىمىزغا يانىمىز.

3. بۇنىڭ ئىچىدە بەك ژۇقىرى ئاۋازدا تولاشقا،چىقىراشقا بوممايدا.چۈنكى ئاۋاز رىئاكسىيەسىدىن قۇم كۆچۈش ئېھتىماللىقى با.

4. سائەت ھازىر توققۇدىن ژىگىمە ئۆتاپتا.دەل ئون يىرىم بىلەن مۇشۇ ئاچالدا ئۇچرىشىپ بىللە چىكىتىمىز.

5. مەن بىلەن چىم بىللە ماڭىدا؟

ئۇ ئاخىرقى جۈملە سۆزنى ماڭا قاراپ دىگەن ئىدى.كاللامغا دەرھال ئالدىنقى قېتىم ئۇنىڭ بوراندەك قېچىپ كەتكەن ھالىتى كەلدى.دىمەك ئۇنىڭ بىلەن ماڭسام ھەرگىز بولمايدۇ.مەتىسلىم دىگەن ئۆز جىنىغا پىششىق ھىيلىگەر تۈلكە،ئۇنىڭغىمۇ ئىشەنمەيمەن.ئەڭ ياخشىسى بىگىم بىلەن مېڭىشنىڭ توغرىلىقىنى جەزىملەشتۈردۈم.

-مەن بىگىم بىلەن ماڭاي جىما!

مەن دەرھال بىگىمنىڭ يىنىغا ئۆتىۋالدىم.ئەينىدىن كۈلۈپ كەتتى.ئاندىن مەتىسلىمگە «ماڭىلى ئەمىسە» دەپ ئۇڭ تەرەپتىكى يولغا قاراپ مېڭىپ كەتتى.مەنمۇ بىگىمگە ئەگىشىپ سول تەرەپتىكى يولغا قاراپ ماڭدىم.ئۈچەيدەك تار يول دىمىق بولغاچقىمۇ ياكى تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۈستىدىن تۆكۈلىۋاتقان قۇمدىن ئەنسىرەپ قالدىممۇ ئىشقىلىپ چىپىلداپ تەرلەپ كەتتىم.ھەربىر قەدەمنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن باستىم.بىگىم

هازىرلا يوقاپ كىتىدىغاندەك ئۇنىڭغا چاپلىشىپ دىگۇدەك ماڭدىم.

-بەك قوقاتامىلا؟

-قوقاپقۇ كەتمىدىم.لىكىن سەل دىمىم سىقىلىۋاتىدۇ.

-ھىچقىسى يوق.كۆنەپ قالىلا.

بىگىم بىلەن پاراڭلاشقاندىن كىيىن يۈرىكىم سەل ئورنىغا چۈشتى.قەدەملىرىمنىمۇ ئازادە ئېلىشقا باشلىدىم.ئەتراپقىمۇ خاتىرجەم چىراق تۇتۇپ،تولىمۇ پەس ئاۋازدا ناخشا غىڭشىپ ماڭدىم.تۇيۇقسىز كۆزۈمگە ئوتتەك تەرەپتىكى كىچىك ئۆڭكۈردەك جايدا بىرنەرسە پالىلدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

-بىگىم....

پەس ئاۋازدا بىگىمنى چاقىردىم.ئاۋازىم بەك پەس بولغاچقا ئۇ ئاڭلىمىغان ئىدى.ئاستا ئۇنىڭ پادىچى كۆينىكىنىڭ بۇرجىكىنى تارتىپ،يەنە چاقىردىم.

-ھەي،بىگىم!

ئۇ ئاستا ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ماڭا«نىمە بولدى» دىگەن مەنىدە قارىدى.

-ئىي كامادا بىرنەرسە ۋالىلداتىدا!

بىگىم مەن كۆرسەتكەن كىچىك ئۆڭكۈرگە قول چىراق تۇتۇپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كىيىن ماڭا« ناتونۇش يەدە ئەڭ ياخشىسى ئارتۇق نەسىلىگە قىزىقمىسىلا،ياخشى بوممايدا» دەپ يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭماقچى بولدى.مەن ئۇنىڭ گىپىدىن مەلۇم دەرىجىدە ۋەھىمە ھىس قىلغان بولسامۇ،لىكىن يەنىلا شەيتىنىم مىنى ئالدىرتىۋاتاتتى.

-بىرە گۆھەر ياكى ئالتۇن بولاپ قاسچۇ؟

بىگىم يەنە ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ماڭا قاراپ قويۇپ گەپ-سۆز قىلمىدى.مەن بۇنى ئۇنىڭ مىنىڭ بىرىپ كۆرۈپ بىقىشىمغا قوشۇلغىنى دەپ چۈشەندىم.ئاندىن ئۇ كىچىك ئۆڭكۈرگە يىقىنلاشتىم.مەن خاتا كۆرمىگەن ئىكەنمەن.ھەقىقەتەن بىرنەرسە،ياق،ئىككى نەرسە يالىت-يۇلىت قىلىپ

پاقىراپ تۇراتتى،بىردەم يوقاپ كىتەتتى،يەنە پەيدا بولۇپ قالاتتى.مەن بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ،يەردىن بىر پارچە كىچىك قېتىشىپ قالغان قۇم پارچىسىنى ئېلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كۈچەپ ئاتتىم.

-هاي تۆرەم هاي!

بىگىم كېچىككەن ئىدى.قۇم پارچىسى ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتتى.بىگىم دەرهال يېنىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

-نىمدا قىلىلا دەيمە!بۇ ئوينىشىدىغان يە ئەمەستى!

-مەن...هىلىقى بۆرە تېشىنىڭ يەنە بىرسى مىشەدىمىكى دەپ قالدىم.

-ئاهاي...تولا گەپ قىمماي ماڭسا!

مەن سالپىيىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭاي دەپ تۇرىشىمغا هىلىقى كىچىك ئۆڭكۈردىن بىرنەرسە«ۋۇف!» دەپ ئېتىلىپ چىقتى.مەن لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن چىراقنى ئۇنىڭغا تۇتتۇم.

ئارقىمدا،ماڭا ئىككى مىتىر كەلمەيدىغان جايدا تەن قۇرۇلۇشى ئىتقا ئوخشاپ قالىدىغان،لىكىن يەنە بىريەرلىرى ئوخشىمايدىغان،ئادەتتىكى يەرلىك ئىتلاردىن خېلىلا يوغان چىقىدىغان،كۆمۈش رەڭلىك بىر هايۋان ماڭا ۋالىلداپ چاقناپ تۇرغان كۆكۈش كۆزلىرىنى تىكىپ خىرىس قىلىپ تۇراتتى.دىمەك بايا ماڭا گۆهەردەك كۆرۈنۈپ كەتكىنى ئەسلى مۇشۇ مەخلۇقنىڭ كۆزىكەندە!

«بۆرە!» كاللامغا بۇ ئۇقۇم پەيدا بولغان هامان خۇدۇمنى يوقۇتۇپ جايىمدا قېتىپ قالدىم.بۆرە ماڭا ئېتىلغان شۇ پەيىتتە كۈچلۈك بىرقول مىنى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ئارقىمغا تاشلىۋەتتى،مەن هاۋادا بىرقانچە مىتىر قاڭقىپ«گۈپپىدە» قۇملۇق يەرگە چۈشتۈم.ئاشۇ قول قامالاپ تۇتقان گەجگەم ئىچىشىپ ئاغرىغاننى هىساپقا ئالمىغاندا باشقا يېرىم بەك ئاغرىپ كەتمىدى.

بۆرە هاۋادا قاڭقىۋاتقان ماڭا دەقىقە قاراپ قويۇپ،مىنى قۇتقۇزىۋالغان بىگىمگە ئېتىلدى.قاراڭغۇدا قولۇمدىن چۈشۈپ كەتكەن قول چىراقنى

سىيپاشــتۇرۇپ ئىزدىــدىم.بۆرىنىــڭ ۋەھىمىلىــك خارقىرىغــان ئاۋازى،بىگىمنىڭ قاتتىق نەپەس ئالغان ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ مىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرىۋەتتى.تولىمۇ تەستە قول چىراقنى تېپىپ،ئۇلار تەرەپكە قارىتىپ ياقتىم.چاتاق!بۆرە بىگىمنى بىسىۋالغان ئىدى.بىگىم بولسا كۈچلۈك قوللىرى بىلەن بۆرىنىڭ بوينىدىن مەھكەم تۇتىۋالغان ئىدى.

قانداق قىلىشىم كىرەك؟!ئەتراپتىن بۆرىنى ئۇرغۇدەك ھىچقانداق قورال تاپالمىدىم.يۈگۈرەپ بىرىپ تىپەي دىسەم....قورىقتىم.لىكىن ھازىرقى ئەھۋال بىگىمگە پايدىسىز ئىدى.تىترەپ تۇرۇپ ئۇلارغا تىخىمۇ يىقىنلاشتىم.بۆرىنىڭ شۆلگەي ئېقىپ تۇرغان يوغان ئېغىزى بىگىمنىڭ يۈزىگە15 سانتىمدەك ئارىلىقلا قالغان ئىدى.ھەتتا ئۇنىڭ شۆلگەيلىرى بىگىمنىڭ يۈزىگە ئېقىپ تۇراتتى!

قولۇم تىترەپ قول چىراق يەنە يەرگە چۈشۈپ كەتتى.قول چىراقنى يەردىن ئالغاچ،بىردىنلا مەندە بىر ياخشى قورال بارلىقىنى بايقىدىم.يەنى قول چىراق!سەل ئويلىنىپ،پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قول چىراقنىڭ بۆرىگە قارىتىپ ئاتتىم.مىنىڭ تەلىيىم كاجمۇ ياكى قارىغا ئېلىش تېخنىكام بەك تۆۋەنمۇ،ئۈچ مىتىر كەلمەيدىغان ئارىلىقتىن،شۇنچە يوغان نىشانغا قارىتىپ ئاتقان قول چىراق،بۆرىگە تەگمەي ئۆتۈپ كەتتى.ئەتراپ يەنە قاراڭغۇلۇققا چۆمدى.يىغلىغۇدەك بولۇپ كەتتىم.

-ھىق!

بىگىمنىڭ تۇيۇقسىز قاتتىق كۈچىگەن ئاۋازىدىن كىيىن بىرنەرسە گۈلۈپپىدە يىقىلدى.چاچلىرىمنى يۇلۇپ يىغلاپ كەتتىم.بەلكىم بىگىمنى بۆرە .....

-بىگىم!!!

ئاۋاز رىئاكسىيەسى دىگەنلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ،كۆزۈمگە قان تولۇپ،بىگىم بىلەن بۆرە ئېلىشىۋاتقان جايغا ئۆزۈمنى ئاتتىم.لىكىن كاج

پەلەك يەنە مىنى زاڭلىق ئىتىپ،بىرنەرسىگە قاتتىق پۈتلىشىپ،يەنە يىقىلىپ چۈشتۈم.كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.نەپەس ئالالماي يىقىلغان ئورنۇمدا يىتىپ قالدىم.

كۈچلۈك چىراق نۇرى يۈزۈمگە تۇتۇلغاندىن كىيىن كۆزۈمنى قولۇم بىلەن توسۇپ تەستە ئورنۇمدىن تۇردۇم.ئالدىمدا يۈز تېرىسىنىڭ بىرقانچە يېرى تىتىلىپ كەتكەن،مايكىسىنىڭ مەيدە تەرىپىمۇ تىتىلىپ قان سىرغىپ تۇرغان بىگىم تۇراتتى.

-بىگىم!

ئۆزۈمنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئاتتىم.ئۇ مىنى بىر قىتىم مەھكەم قۇچاقلىغاندىن كىيىن،قويۇپ بىرىپ بىرقولى بىلەن قول چىرىقىمنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويغاچ،يەنە بىر قولى بىلەن ئاغزىمنى توسىۋالدى.

-هۈش!بەك ژۇقىرى ئاۋاز چىقامىسا!

مەن چىراقنى قولۇمغا ئىلىپ ئۇنىڭغا تۇتۇپ،قايتا سەپ سالدىم.ئۇنىڭ يۈز قىسمى ۋە مەيدە قىسمى يارىلانغاننى ھىساپقا ئالمىغاندا،ھىچنىمە بولمىغاندەك تۇراتتى.

-بۆرىچۇ؟

ئۇ ماڭا جاۋاپ بېرىشنىڭ ئورنىدا قول چىراقنى بايا مەن يىقىلغان تەرەپكە تۇتتى،يەردە بۆرە سۇنايىلىنىپ ياتاتتى.

-ئۇ...ئۆلدىما؟

-شۇندا.

-سىلە...سىلە قاندا قىلىپ...قاندا قىلىپ ئۆتتەلە؟

-بوغۇپ.

بىگىمگە مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ يەنە بىرقىتىم يۈز پىرسەنىت تولۇق قايىل بولدۇم.ئۇ شۇنچە يوغان بۆرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ!ھەيرانلىق تۇيغۇسى بىردەمدىلا چەكسىز خېجىللىق تۇيغۇسىغا ئالماشتى.چۈنكى

بىگىم مىنى قۇتۇلدۇردى،لېكىن مەن بۆرە بېسىۋالغان بىگىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ،توخۇ يۈرەكلىك قىلىپ قاراپ تۇردۇم.مەنمۇ ئادەممۇ؟....!

-ھەجەپ ئەنسىرەتتىڭلا ئەدەمنى!

-ۋۇجىنەم،بۆرە تۇرىدىيا ئەينا!

ئارقىمىزدىن ئەيندىن بىلەن مەتسىلىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.بىز دېيىشكەن ۋاقىتتا ئاچال ئېغىزىغا كىلىپ بولالمىغاچقا،ئۇلار بىزدىن ئەنسىرەپ ئارقىمىزدىن كەلگەن ئىكەن.بىگىم بولغان ئەھۋالنى قىسقا چۈشەندۈرۈپ قويدى.ئەيندىن بەك ھەيران قالمىغاندەك قىلاتتى،لېكىن مەتسىلىمنىڭ ئېغىزى بىسىلماي قالدى.

-چىك،چىك،چىك!بىگىم رەسمى ئۇسۇك پالۋاننىڭ ئۆزىكەنيا ئەينا!بۇنداق يوغان بۆرىنى قۇرۇق قول ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ مانا!بۇ دىگەن ئادەتتىكى بۆرە ئەمەس،قۇملۇقتا ھايات قالالايدىغىنى بۆرىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى دىتۇ چوڭلار.....

ئەيندىن مەتسىلىمنىڭ گىپى بىلەن كارى بولماي،بىگىمدىن ئەھۋال سوراۋاتاتتى.

-ئەۋاللىرى يامان ئەمەستۇ؟

-يامان ئەمەس،لېكىن بەك كۆچەپ كىتىپ،ئىككى بىلىكىمنىڭ پىيى تاتىشىپ قاغاندەك تۇرىدا.

-بولدى.ھەممەيلەن يانىلى،قاغان گەپنى سىرىتتا چىقىپ دىيىشلى!

ئەيندىننىڭ گىپى بىلەن بىز ئارقىمىزغا قاراپ ماڭدۇق.مەن ئېغىر قەدەملىرىمنى سۆرەپ ئەڭ ئارقىدا ماڭدىم.بۇ ھەرگىز ھارغىنلىقتىن ئەمەس،بەلكى خىجىللىقتىن ئىدى.بىرىنجى ئازگالدىن چىقىپ،تاكى يەر ئۈستىگە تولۇق چىققۇچە پۈتۈن خىيالىم ئۆزۈمنى ئەيىپلەش،تىللاش،ھاقارەتلەش بىلەن بولدى.يورۇقلۇققا چىققاندىن كىيىن ئۇلارنىڭ يۈزىگە قاراشتىن قورقاتتىم....

يەر ئۈستىگە چىقتۇق.ئەيندىن بىلەن مەتسىلىم بىگىمنىڭ يارا

ئېغىزىنى تېگىش بىلەن ئاۋارە.مەن ئازگالغا قاراپ ھېسسىياتسىز ياغاچ ئادەمدەك چوكقۇر مۇڭغا چۆمگەن ئىدىم.

-تىتانىك دەپ ئوكول سالىتقان ئىش باغۇ ھە غوجام!

-ئاھاي...تىتانوس دېسە ماندا!ئۇنىدا ئۇكولنى ئېشەك ياكى شىت چىشلىۋاسا ئەندىن ئۇرىدا.بىگىمنى بۆرىنىڭ تىماقلىرى تاتىلاپ زەخمىلەندۇرۇپتا.

-ھە....بىگىم رەسمى پالۋان ئىدەمكىن جۇما!بۆرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتا ئەينا،ماندا بوغۇپ....

مەتسىلىم چىشىنى كىرىشتۇرۇپ،ئىككى قولىنى كۆچەپ بۆرىنى بوغقان ھالەتنى دورىدى.بىگىم بىلەن ئەيىندىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى،ئەمما مەن يەنىلا بېشىمنى كۆتۈرمەي ئولتۇرىۋەردىم.چۈنكى مېنىڭ كۈلۈشكە سالاھىيىتىم توشمايدۇ.

-مېنىڭمۇ تەلىيىم كەپ قالدى.بۇ بۆرە نەچچە كۈن ئاچ قالغان ئوخشايدا،بوممىسا ھەرگىز كۈچۈم يەتمەيتى.

-يوغىسۇ بىگىم يوغىسۇ.سىلە مۇشۇ تۇرقىلىرىدا ئېيىقنىمۇ چىمدىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەك تۇرىلىيا ئەينا!

ئۇلار يەنە كۈلۈپ كەتتى.مەن يەنە سۈكۈتتە.بەلكىم ئۇلار مېنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقارغان بولىشى ياكى مېنىڭ قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىمگە تولۇق باھا بېرىپ،ماڭا گەپ قىلىشنىڭمۇ ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولىشى مۇمكىن.مەنمۇ ھەم ئۆزۈمنى شۇنداق ھېس قىلدىم.

-بىژنەسىلىرى ئۇنتۇلۇپ قامىغاندۇ پەستە تۆرەم!

ئەيىندىنىڭ ئاۋازى ئارقامدىن ئاڭلاندى.مەن يەنىلا بېشىمنى كۆتۈرمىدىم.

-ئارتۇق ئويلاپ كەتمىسە تۆرەم.تەجرىبە دېگەن مۇشتا ئەمەلىيەتتىن كىلىدا.

مەن يەنە سۈكۈت قىلدىم.لىكىن كاللامدا بىر قارار ھۆكۈم

سۇرىۋاتاتتى.ئەينىدىن يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ماڭا بىرتال تاماكا سۇندى.مەن ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپ،تاماكىنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق-قاتتىق شورىدىم.ئاندىن ياش لىغىلداپ تۇرغان كۆزۈمنى ئۇنىڭغا تىكىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

-مەن يانىلام قايتىپ كېتىپ ئومىچىمنى ئىچسەم بولىدىكىن،ھەقاسىڭلار ئىزچىل مىنى تۆۋەن كۆمەي،ئاراڭلارغا ئېلىپ،قوغداپ كەلدىڭلا.لىكىن مەن....مەن ئەڭ ياخشىسى كەتسەم بوغىدەك.سىلەرگە ئاۋارىچىلىق،بالا-قازادىن باشقا ھىشنىمە بىرەممىدىم مەن....

ئۆزۈمنى شۇنچە تۇتىۋالاي دىسەممۇ ئاۋازىم بوغۇلۇپ يىغلاپ تاشلىدىم.ئەينىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ مىنى مەھكەم قۇچاقلىدى.بىگىممۇ كىلىپ مىھرىبانلىق بىلەن بېشىمنى سىيىلىدى.مەتىسلىم نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قولىنى توختىماي ئۇۋۇلاپ ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈردى.

مەن يىغىدىن توختىغاندىن كىيىن بىز ماشىنىغا چىقىپ ئارقىمىزغا ياندۇق.يول بويى ھىچكىم بىر ئېغىز گەپ-سۆز قىلمىدى.سۈكۈت ئىچىدە مەتىسلىمنىڭ ئۆيىگە يىتىپ كەلدۇق.مەن ماشىنىدىن چۈشۈپلا ياتاق ئۆيگە كىرىپ،نەرسە-كىرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدىم.بىگىم بىلەن ئەينىدىن ئارقامدىن كىرىپ بىشىمدا قاراپ تۇردى.نەرسىلىرىمنى سومكىغا تولۇق جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كىيىن،سومكىنى مۈرمگە ئارتتىم.دەل مۇشۇ چاغدا،بىگىم يوغان غۇلاچلىرىنى كېرىپ ئالدىمنى توسىۋالدى.

-تۆرەم نەگە ماڭلا؟

-قەشقەگە!

-قەشقەدە نىمىش قىلىلا؟

-ئۆيگە كىتەي.

-نېمىشقا؟

-....

ئۇنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ مەندىن سورىغانلىقىنى چۈشەنگەنلىكىم ئۈچۈن جاۋاپ بەرمىدىم.

-ھىچكىمنىڭ سىلىدىن رەنجىگىنى يوق.بۇندا ئۆزلىرىگە ئىلتىۋامىسا.ھىلىمۇ ئىپادىلىرى بەك ياخشى ۋولدى.

-مىنى ئىزادىن ئۆتترەي دەتاملا بىگىم؟مەن ياخشىسى مۇشۇ سۇپىتىم بىلەن كىتىۋالاي.

-قەتتى سىلىگە تەنە قىممىدىم دەيمە.مەن سىلىدەك ۋاقتىمدا سىلىدەكمۇ ژۇرەكىم يوقتى مەندە.

-بىگىم راس دەيدا.بەلكىم ئاڭلىسىلىرى ھەرگىز ئىشەنمەي قالىلا.

ئەينىدىنىنىڭ گىپى مىنى سەل قىزىقتۇرۇپ قويدى،

-نىمگە دەيلا؟

-بۇ ماندا ئىش دىسە....

ئەينىدىن گىپىنى قىلغاچ مۇرەمدىكى سومكامنى چاندۇرماي ئىلىۋالدى.

بىگىم ياش ۋاقتىدا،ئەينىدىن بىلەن بىللە قۇمۇلدىكى بىر خارابىيىلىقنى تەكشۈرۈشكە چۈشۈپتۇ.ئۇلار خارابىيىلىقنى قىدىرىپ تەكشۈرۈۋاتقاندا بىر يوغان مولۇن(ئەينىدىنىنىڭ دىيىشىچە يوغان دىگەن بىلەن ئادەتتىكى ئىتتەكمۇ چىقمايدىكەن)بىر بۆلۈڭدىن سەكرەپ چىقىپ بىگىمگە خىرىس قىپتۇ.بىگىم ئاشۇ ئۇستىقىنى،قولىدىكى تۆمۈر گۈرجىكى بىلەن قورقۇپ قىچىپتۇ.ئۇ مولۇنمۇ قىرىشقاندەك بىگىمنى قوغلاۋىرىپتۇ.بىچارە بىگىم خارابىيىلىقنى قىچىپ نەچچىنى ئايلىنىۋىتىپتۇ.باشقا خىزمەتداشلار كۈلۈپ تىلىقىپ قاپتۇ....

ئەينىدىن بىگىمنىڭ يىغىرىنى تاتىلىغاچقىمىكىن بىگىممۇ بوش كەلمەي ئەينىدىنىنىڭ سەتچىلىكىنى ئاشكارىلىدى.

-شۇندا.شۇندا غوجام.ھە دەپ بەسە تىخى نەچچىنى ئايلىنىۋەتتى دەتىلىيا؟بىژقىتىملام ئايلاندىمغۇ؟!سىلە قايدا قىغان؟!ئۇنتۇپ قاغان بوسىلىرى مەن ئەسلىرىگە سەپ قوياي جىما!

ئەينىدىن ياش ۋاقتىدا بىرقېتىم خىزمەت بىلەن دالىدا قونۇپ قېلىشقا توغرا كېلىپ قاپتۇ.ئۇلار چېدىر قۇرۇپ،ئۇن ئادەم بىر چېدىرغا جايلىشىپتۇ.ئۇنىڭ ئىچىدە بىگىمۇ بار ئىكەن.چېدىردىكى بىر قىززىقچى بۇرادەر كىچىك بىر سۇ يىلىنىنى تۇتۇپ كېلىپ ئەينىدىننىڭ كارىۋىتىغا تاشلاپ قويۇپتۇ.بىچارە ئەينىدىن نەق مەيدانىدىلا ئىشتىنىغا چىقىرىپ تاشلاپ،چىرقىراپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ....

-خا-خا-خا!

-ھىي-ھىي-ھىي!

مەتسىلىم ئىككىمىز ئۆزىمىزنى تۇتالماي كۈلۈپ تاشلىدۇق،ئەينىدىن ئۆزىنى ئاقلاپ قىزىرىپ سۆزلەپ كەتتى.

-بىگىم،تولا ئىناۋىتىمنى تۆكمىسە جۇما!نەدە كىچىك ژىلان ئۇ؟پاچىقىمدەك يوغان ژىلان!نەدە ئىشتىنىمغا چىقىرۋەتتىم؟!نەدە ھوشۇمدىن كەتتىم؟!چىقىرىغانلىقىم راس،لېكىن باشقا گەپلىنى ئۇرۇپلام تاپلا ھە ھازىر!

-ھا-ھا-ھا!

بىگىمۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.ئەينىدىن بىردەم قىزىرىپ بولۇپ يەنە بىزگە قوشۇلۇپ كۈلۈپ كەتتى.

-راسمۇيا بۇگەپلە؟

-راس.

-مەن دەپ بەگەن بىگىمنىڭ ۋەقەسى راس،مىنىڭكىنى بەك ئاشۇرۋەتتى.

-نەدە.غوجامنىڭ ۋەقەسى راس.مەن ئەسلى قەستەن مولۇنى جۇغۇتۇش ئۈچۈن قېچىپ قويغان.

-ۋۇجۇ!قەستەن قوغلاتقان ئەدەم ئايدا چىقىراپ،تىشاگىنىمۇ تاشلىماي«ئاللا-كاللا!» دەپ قاچامدا؟

-نەدە ئاشتا قاچتىم؟ئىشقىلىپ مەن قوقاپ سىيۋەتمىدىم.

-سىلىغۇ مۇشۇكتىن قوقاپ ئاشتا چىقىراپ كەتىلە.مەندەك ژىلاننى

كۆگەن بوسلىرى چوگىنىمۇ چىقرىپ تاشلايتىلە سىلە!

-دىمەي دەپتىم،سىلىنىڭ چاگچىلىلىرى يانا با....

-دىيىشەمتۇق ئۇنىدا ۋوسا.ماقا،مۇرادىلىرىغا بىر يەتكۈزۈپ قويىاي سىلىنى....

بىگىم بىلەن ئەيىنىدىن ئاشۇنداق گەپ ئىتىشىپ،بىر-بىرىنى چۈشۈرۈپ،ياش ۋاقتىلىرىدىكى ئادەمنىڭ ئۇچىينى ئۆزىۋتىدىغان سەتچىلىكلىرىنى تۆكۈۋتىشتى.مەتسىلىم تاماق پىشتى دەپ ئۇلارنى ئاجرىتىپ ئىلىپ چىقىپ كەتمىگەن بولسا ئۇلار كىچىچە بىر-بىرىنى سۆكۈپ چىقىدىغاندەك قىلاتتى....

تاماق يەۋىتىپ،روھىم بىرخىل كۆتۈرلۈپ قالغاندەك بولدۇم.ئۇنىڭ ئۇستىگە مەتسىلىم ماگا ھەجۋىي مەدەتلىرىنى ياغدۇرىۋەتتى.

-شۇگا دىتمە تۆرەم،ياش ۋاقتىدا مۇشۇكتىن قورقۇپ قاچقان بىگىم بۈگۈن بۆرىنى بوغۇپ ئۆتتەدىيا ئەينا!ئەتە-ئۆگۈن سىلە چوڭ بولغاندا پىلنى ھاپپاق بىلەن ئۇرۇپلا ئۆلتۈرۋىتەملا تىخى!

-ھا-ھا-ھا!

-خا-خا-خا!

-ھىي-ھىي-ھىي!

تاماقمۇ كۈلكە بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك يىيىلدى.ئەتىگەنكى كۆڭۈلسىز كەيپىيات تولۇق كۆتۈرۈلۈپ كەتتى....

## 21- باپ مىنىڭ كۆزۈم

ئەتىسى يولغا چىقىشتىن بۇرۇن تۆۋەندىكىدەك مۇلاھىزە ئېلىپ باردۇق(راستىنى ئېيتسام مەن پەقەت گەپ ئاڭلاپ، سوئال سوراپلا بەردىم خالاس):

1) بۇنداق چوڭقۇر قۇم تىگىدە بۆرە نىمە ئىش قىلىدۇ؟

ئەيىندىن: بەلكىم بۇ بۆرە قۇم بورانىدىن قېچىش جەريانىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن چۈشۈپ كەتكەن بولىشى مۇمكىن.

بىگىم: بۆرە توپلىشىپ ياشايدىغان ھايۋان، ئەگەر ئۇنى ئېھتىياتسىزلىقتىن چۈشۈپ كەتسە دىسەك، ئۇنىڭ بىلەن باشقا بۆرىلەرمۇ بولىشى كىرەك. مىنىڭچە ئۇ كىچىك ئۆڭكۈر بۆرىنىڭ ئۇۋىسى. بىز قىينىلىپ تەستە كىرگەن قۇم ئاستىغا، ئۇلار باشقا يوللار بىلەن ئاسان كىرىپ-چىقالىشى مۇمكىن.

مەتسلىم: ئۇزۇن يىللىق تەجرىبەمگە ئاساسلانغاندا، ھەرقېتىملىق قۇم كۆچۈشتە، جانىۋارلار مۇشۇنداق بۇلۇڭ-كامارلارغا كىرىۋېلىپ، پاناھلىق ئىزدەيدۇ. بەلكىم ئۇ يەردە باشقا ھايۋانلارمۇ بولىشى مۇمكىن. شۇڭا ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ.

يەكۈن نەتىجىسى: پۇختا تەييارلىق بىلەن ئىش كۆرۈش، ئەڭ ياخشىسى يۇقىرىنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلىش كىرەك.

مىنىڭ ئويلىغىنىم: ئۇلارنىڭ يۇقىرى دىگىنىنىڭ زادى كىمنى ياكى قانداق ئورۇننى بىلدۈردىغانلىقىنى پەقەت بىلەلمىدىم. لىكىن شۇنى ھىس قىلدىمكى ئەيىندىن بىلەن بىگىمنىڭ ئۇستىدىمۇ ئادەم باركەن، ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئىش قىلماپتۇ.

2) گورۇپپىلارغا قانداق بۆلىنىمىز؟

ئەيىندىن: گەرچە چوڭ ئىش يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، تونۇلغۇنكى تاساددىبىيلىق بىزگە بىز ئويلىمىغان خەتەرنىڭ ھېدىنى پۇرىتىپ قويدى، شۇڭا گورۇپپىلارغا بۆلۈنۈش ئىشىنى ئەستايىدىل ئويلاشمىساق بولمايدۇ.

بىگىم:ئەڭ ياخشىسى بىز ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ھەركەتنى داۋاملاشتۇرساق بولامدىكىن دەپ قارايمەن.تۆرەم ئەگەر روھىي جەھەتتىن تولۇق ئەسلىگە كېلەلمىگەن بولسا سىرىتتا بىزگە ماسلىشىپ بەرسە بولىدۇ.

مەتسىلىم:مەنمۇ سىرىتتا سىلەرگە ماسلىشىپ بەرسەم قانداق؟

پىلان:مەتسىلىمنىڭ مەن بىلەن بىللە سىرىتتا ماسلىشىپ بېرىش تەلپىي بىردەك رەت قىلىندى.چۈنكى مىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممىمىز مەتسىلىمنىڭ ئۇ يەرنى پىششىق بىلىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمىز.شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ،مەنمۇ سىرىتتا ماسلىشىش خىزمىتىنى تولۇق رەت قىلىپ ،ئۇلار بىلەن بىللە كىرىشنى قارار قىلدىم.

مىنىڭ ئويلىغىنىم:مەن چوقۇم بىللە كىرىمەن.يەنىلا بىگىم بىلەن!بۇ قېتىم ھىلىغۇ بۆرىكەن ،ئەجدەرھا بولسىمۇ قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ ،يوقاتقان ئىشەنچىم ۋە تولۇق تۆكۈلۈپ كەتكەن يۈزۈمنى قايتۇرۇپ ئەكىلىمەن.

پىكىر بىرلىكىگە كەلگەندىن كېيىن بىز يەنە يولغا چىقتۇق.يول بويى مەن يانفۇندىن «ھەرخىل خەتەرلىك پەيتتە جىددىي تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى» ،«ئەقىلنىڭ كۈچى» ،«ياۋايى ھايۋاناتلارنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى» ....دىگەندەك مەزمۇندىكى ماتىرىياللارنى كۆرۈپ ماڭدىم.ئىسىت!ئەگەر بۇرۇنراق مۇشۇنداق بىلىملەرنى كۆرگەن بولسام.ھېلىقى چاغدا چىراقنى كۈچلۈك نۇر ھالىتىگە ئەكىلىپ ،بۆرىنىڭ كۆزىگە توغۇرلاپ تۇرىۋالغان بولسام،بۆرە ئۆزلىكىدىن چېكىنمەمتى؟ كاللامدا ئۆزۈم دۇچار بولىدىغان ھەرخىل ۋەقەلەرنى ۋە شۇچاغدىكى ئۆزۈمنىڭ بىرتەرەپ قىلىۋاتقان ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم.ئەگەر قۇم ئاستىدا ئېيىق بولۇپ قالسا ،قورقۇنچۇمنى بېسىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بۇرنىغا قاتتىق ئۇرىمەن ،چۈنكى ماتىرىياللاردا دىيىلىشىچە ئېيىقنىڭ بۇرنى بەك ئاجىزمىش.يىلان ئۇچراپ قالسا ئۇنىڭ بوغۇزىدىن چىڭ قاماللاپ تۇتىۋالىمەن ،شۇنداق قىلسام ئۇ چاقالمايدۇ،ياۋا چوشقا ئۇچراپ قالسا ،ئىنگلىزچە«Z» ھەرپى شەكلىدە قاچىمەن ،چۈنكى ياۋا چوشقا

يۈگۈرگەندە تۈز سىزىق لىنىيىسىدە يۈگۈرەيدۇ....
مەنزىلگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بارلىق ئەندىشىلىرىم بىراقلا غايىپ بولۇش بىلەن بىرۋاقىتتا ھەيرانلىقتىن ئېغىزىم يوغان ئېچىلىپ كەتتى،چۈنكى بىزنى بىر توپ ھۆكۈمەت ئالاھىدە قىسىم ھەربىيلىرى تولۇق قۇراللانغان ھالدا ساقلاپ تۇرغان ئىكەن.چاچلىرى قىسقا،كۆزلىرى نۇرلۇق،تولىمۇ چەبدەس كۆرۈنىدىغان بىر جەڭچى ئەيىندىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆلچەملىك ھەربىيچە سالام بەردى.
-ھەرقانداق ئورۇنلاشتۇرىشىڭىزغا تولۇق ھەمدەمدە بولىمىز!
باشقا جەڭچىلەرمۇ بىز تەرەپكە قاراپ رەتلىك سالام بەردى.مەن ھاياجانلىنىش بىلەن بىرگە كاللامدا يەنە بىر يەكۈننى چىقىرىپ بولدۇم.«ئەيىندىن بىلەن بىگىم قوشۇنىنى ھەركەنلەندۈرەلىگەندىكىن،ئۇلار ھەرگىز بوش ئادەملەردىن ئەمەس!»
قىسىم يېتەكچىسىنىڭ(دەسلەپتە سالام بەرگەن ھېلىقى يىگىتنىڭ)يېتەكچىلىكىدە،جەڭچىلەر تىز سۈرئەتتە ئىككى گورۇپپا بۆلۈنۈپ بىز بىلەن ئازگال ئىچىدىكى ئازگالغا چۈشۈشكە باشلىدى.مەندىن يېشى كىچىك،ئۇستىقىنىمۇ بەك پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان جەڭچىلەرنىڭ ئازگالغا بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى شۇنچە رەتلىك ھەم تەمكىن سەكرەپ چۈشىشىگە قاراپ،ئەينى ۋاقىتتا ھەربىيلىككە بارمىغانلىقىمدىن بەك ئەپسۇسلاندىم .
مەن ۋە بىگىم بىر گورۇپپا بولۇپ،9نەپەر جەڭچىنىڭ ھىمايىسىدە سول تەرەپتىكى يولغا قاراپ ئىلگىرلىدۇق.بىگىم بۆرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن جايغا كەلگەندە بىگىم ئىككىمىز ھەيران قالدۇق.چۈنكى ھېلىقى بۆرىنىڭ جەسىتى يوق تۇراتتى،كىچىك گورۇپپا يېتەكچىسى بىزنىڭ چىرايىمىزغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.بىگىم ئۇنىڭغا بولغان ئىشلارنى قىسقىچە چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئۇ يېتەكچى،ئەتراپىدىكى ئەزالارغا قول ئىشارىسى ئارقىلىق بۆرە ئىتىلىپ چىققان كىچىك ئۆڭكۈرنى كۆرسەتتى.ئۇلار دەرھال بېشىغا مۇداپىئە قاپقىقى كىيىشىپ،يىنىك قەدەملەر بىلەن ئۇ ئۆڭكۈرگە قاراپ يىقىنلاشتى،مەن ئۇلارغا قاراپ

ئۆزۈمنى خۇددى كەڭ تارقالغان «نىمجان» تور ئويۇنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كەلدىم.

ئۇلار ئېھتىيات بىلەن ئۆڭكۈر ئىچىگە چىراق يېقىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئىككى جەڭچى چەبدەسلىك بىلەن ئۆڭكۈر ئىچىگە سەكراپ كىرىپ، ھايال ئۆتمەيلا يېنىپ چىقتى. ئاندىن يېتەكچىسىگە قول ئىشارىسى قىلدى. بەلكىم ئۇلار«چاتاق يوقكەن» دەپ ئىشارە قىلغان بولسا كېرەك، يېتەكچى بىگىمگە «ئىچىدە ھېچنىمە يوقكەن» دەپ دوكلات قىلدى. بىگىم بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ، ئۆڭكۈرگە قاراپ ماڭدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.

ئۆڭكۈر ئىچى ھەقىقەتەنمۇ قۇرۇق ئىدى. ئەمما يەردە ھايۋانلار تېزىكى ۋە ئاق، قارا رەڭلىك مويلار تۇراتتى. بىگىم بىر تۇتام موينى ئېلىپ پۇراپ باققاندىن كېيىن، مەلۇم نەرسىنى چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئۆڭكۈردىن قايتىپ چىقتى، ئىككى نەپەر جەڭچى ئالدىمىزدا يول تەكشۈرۈشكە كەتتى. بىز ئۇلارغا ئەگىشىپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلىدۇق. تار ھەم دېمىق، سۈرلۈك بۇ قۇم ئاستى يولى بۇ قىتىم ماڭا قىلچە سۈرلۈك بىلىنمىدى. چۈنكى بىزنىڭ يېنىمىزدا بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىزگە تولۇق كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى باردە! ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭغاچ مەندە ۋەتىنىمدىن ۋە ئۆزۈمدىن بىرخىل ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

ئالدىمىزدا ئەھۋال ئىگەللەشكە كەتكەن ئىككى جەڭچى قايتىپ كەلدى ۋە يېتەكچىسىگە ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. بىز ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلىمىدۇق. بىردەمدىن كېيىن يېتەكچى بىگىمگە ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردى.

-ئالدىمىزدا ناھايىتى يوغان بىر دۆڭلۈك بار ئىكەن. لېكىن ئەتراپتا سانسىز كۆزلەر پىلىلداپ تۇرۇپتۇ، ئەزالار تۈن ئەينىكى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ھايۋانلار توپى ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە جەزملەشتۈرۈپتۇ. قانداق قىلىمىز؟ يول يورۇق بەرسىڭىز!

بىگىم خۇددى مۇشۇنداق بولىشىنى بىلىدىغاندەك بەك ھەيران

بولمىدى.ئەمما مەن بەك ھەيران قالدىم.بىز مىڭ مۇشەققەتتە ئاران كىرگەن قاتمۇقات قۇم ئارىسىغا بۇنداق كۆپ ھايۋاناتلار قانداق كىرىۋالدى؟!ئۇلار بۇيەردە نىمە ئىش قىلىدۇ؟!تەكلىماكاندا شۇنچە كۆپ ھايۋاناتلار بارمۇ؟....!قانچە ئويلاپمۇ بۇلارنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم.

بىگىم يېتەكچى بىلەن قولاق يېقىشىپ قىسقا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كەلدى،ئاندىن ماڭا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تاپىلىدى.

-بىز ئالدىمىزدىكى ئەۋالنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىش ھەم تەھدىتنى ئازايتىش ئۈچۈن،يورۇقلۇق بومبىسى تاشلىماقچى.بۇندا ۋوغاندا ھايۋاناتلار پېتىراپ كېتىدۇ.شۇڭا سىلە بومبا تاشلانغان ھامان دەسسىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تامغا چاپلىشىپ تۇرىۋالسا،بىزمۇ شۇندا قىلىمىز!

مەن دەرھال قوشۇلغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ بېشىمنى قاتتىق لىڭشىتتىم.شۇنىڭ بىلەن بىز ئىلگىرلەپ ئۇلار دېگەن سانسىز كۆزلەر پاللىداپ تۇرغان جايغا يېتىپ كەلدۇق.دەرۋەقە،ئۇيەردە كۆكۈش،سارغۇچ،قىزىل....سانسىز كۆزلەر يۇلتۇزدەك پىلىلداپ تۇرۇپتۇ.مەن ھاڭۋىقىپ تۇرغاندا يېنىمدىكى بىر مۇداپىئە قاپقىقى كېيگەن جەڭچى مېنى نوقۇپ قويدى،مەن ئۇنىڭغا قارىدىم.ئۇ ئاۋال ئوتتۇرا بارمىقى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئاۋال ئۆزىنىڭ ئىككى كۆزىنى كۆرسەتتى،ئاندىن كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باشمالتىقىنى بىر-بىرىگە چېكىپ قويدى.مەن بۇنى «كۆزىڭىز ھوشيار بولسۇن» دىدى دەپ چۈشىنىپ،ئۇنىڭغا ئوكېي دېگەن قول ئىشارىسىنى كۆرسەتتىم.

جاۋاپ بىرىپ مىنۇت ئۆتمەيلا «ۋىژ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەتراپ دەرىجىدىن تاشقىرى يورۇپ كۆزلىرىم ۋىژىرلىداپ ئېچىشىپ كەتتى.«ۋايجان» دەپ ئىككى قولۇم بىلەن كۆزۈمنى چىڭ قامالاپ تۇتىۋالدىم.قولاق تۈۋىمدە دۈپۈرلىگەن،ھەرخىل چىرقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.كۆزۈمنى زورلاپ ئاچاي دەپمۇ ئاچالمىدىم.مۇشۇ چاغدا كۈچلۈك بىر قول مېنى تارتىپ تامغا نىقتاپ تۇرغۇزۇپ قويدى.گەرچە

كۆزۈمنى ئاچالمىغان بولسامۇ .بەدىنىمگە سۈركىلىپ يۇگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكەن ھەرخىل نەرسىلەرنى ھېس قىلالايتتىم.يېرىم سائەتتىن كېيىن ئەتراپ جىمىپ كەتتى.ھەممەيلەن توپا-چاڭدىن قاتتىق ھۆتۈلۈپ كەتتۇق.
-بايا نىمىشقا كۆزىڭىزنى يۇمىۋدىڭىز؟
قۇلاق تۈۋىمدە يىتەكچىنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى.
-ماڭا بىرسى كۆزۈڭنى يۇم دىمىسە!
مەن كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان ئادەمدەك ئاھاڭدا ئۇنىڭغا جاۋاپ بەردىم.
-بايا سىزگە شەرەت قىلدۇققۇ؟
-مەن ئۇنى «ھۇشيار بولۇڭ» دىگەن مەنىدە چۈشۈنۈپ قاپتىمەن.
-ھەي.....
بىگىم ۋە يىتەكچى مىنىڭ يىنىمغا كىلىپ چىراق يورىقى ئاستىدا كۆزۈمنى تەكشۈردى.ئۇلارنىڭ نىمە دىيىشكەنلىكىنى ئاڭلىمىدىم.بىر جەڭچى ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي مىنى يۈدۈپ ماڭدى.ئۇنىڭ مۈرىسىدە تۇرۇپ،بۇ جەڭچىنىڭ ئۇستىقىنىنىڭ ئانچە يوغان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ،ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىقىمنى سالغانلىقىمدىن خىجىل بولۇپ،بىرقانچە قىتىم چۈشۈپ.ئۆزۈم مېڭىشنى تەلەپ قىلدىم.ئەمما ئۇ يىنىك كۈلۈمسىرەپ قويۇپ مىنى زادىلا قويۇپ بەرمىدى.ھەتتا سىيرىلما تانىغىمۇ مىنى يۈدۈپ چىقىپ،تاكى تولۇق قۇم سىرتىغا چىققاندىن كىيىن،ئاندىن مىنى قويۇپ بەردى.
مەن يەنىلا كۆزۈمنى ئاچالمىدىم.ئاچسامىلا كۆزۈم قاتتىق ئېچىشىپ،ھەممە جايدا يۇلتۇز كۆرۈنۈپ،كۆزۈمنى يۇمۇشقا مەجبۇر بولاتتىم.كىيىن مەن كىملەرنىڭدۇر يۆتىلەپ مېڭىشى بىلەن ماشىنىغا چىقتىم.ئاندىن ماشىنا قوزغالدى.قۇلاق تۈۋىمدە يەنە بىگىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
-بۇ دارىنى ئىچىۋاسا!
قولۇمغا مىنرال سۇ بىلەن كاپسىللۇق بىر ئۇچۇم دورا تۇتقۇزۇلدى.مەن ئۇ دورىلارنى ئىچىپ بولۇپ،بىردەمدىن كىيىن قاتتىق ئۇيقۇ بېسىپ

ئۇخلاپ قالدىم....

ئويغانغان چېغىمدا كۆز ئالدىم يەنىلا قاراڭغۇ ئىدى.كۆزۈمنىڭ ئەتراپىنى بىرنەرسە قاتتىق ئورىۋالغاندەك سىزىم پەيدا بولدى.قولۇم بىلەن كۆزۈمنىڭ ئەتراپىنى سىيلاپ باققىنىدىن كېيىن ئاندىن كۆزۈمگە داكا ئورالغانلىقىنى بىلدىم.

-ئەدەم بامۇ؟

-بىز با تۆرەم.

-مەنمۇ بايا ئەينا.

-ھەممىمىز با!

ئۇچەيلەننىڭ تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەل خاتىرجەم بولدۇم.

-مەن نەدە؟مەتىسلىمكامنىڭ ئۆيىدىما؟

-ياق،سىلە ھازىر دوختۇرخانىدا.

ئەينىدىننىڭ «دوختۇرخانىدا» دىگەن گىپىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى.ياتاقتىن سىرتتا چىققان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

-مىنىڭ كۆزەم.....

-ھەي...بىچارە تۆرەم ئەمدى موخو بوپقالىتقان بوللا،ياپپياش تۇرۇپ....

-نىمە؟!مىنىڭ كۆزەم ئەمدى ئوڭشالمامدىكەن؟

-كۆزلىرى نۇر بومبىسىدا بەك ئېغىر زەخمىلىنىپتىيا ئەينا.ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلە ھەلەق قوللىرى بىلەن چاپاق كۆزلىرىنى تۇتىۋىرىپ ياللۇغلىنىپ قاپتۇ.

بەدىنىم لەسسىدە بوشاپ كەتتى.دىمەك...دىمەك مەن ئەمدى ئەما بولۇپ قالدىكەنمەندە؟!بۇنداق ياشىغىنىمنىڭ نىمە ئەھمىيتى بولسۇن؟ئۇنىڭدىن ئۆلۈپلا قۇتۇلسام بولمامدۇ؟!مەن نىمانچە بىتەلەي؟ھەرقىتىم ھىچكىمگە كەلمىگەن بالا-قازا ماڭىلا كىلىدۇ دىسە!ئەسلى مەن ئەينىدىن بىلەن بىگىمنىڭ گومپىسىغا چۈشمەي ھىيلىقى چاغدىلا كەتكەن بولسام،مۇشۇنداق كۆرگۈلۈك يوق بولار ئىدى....

-تۆرەم،خاپۇماي سەل قوپاپ بىرەملا،تېگىق ئالماشتۇرىدىكىن!

ئەيىندىنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ قىمىرلىماي يېتىۋالدىم.

-تۆرەم!

-نىمە تولاۋىرىلا ئەدەمنى!ئىسم پايدىسى كادىن چىققان كۆزنىڭ تېگىقىنى ئالماشتۇغانىنىڭ!كىتىمەن دىسەم ئۇناشماي توسۇۋىلىشلا،مانا ئەمدى ساپ ئەغزەم قارىغۇ بوپتىمەن!مۇراتلىرىغا يىتىشكەنلا ھەقچان ئەمدى!

ئۆزۈمنى تۇتالماي بوغۇلۇپ سۆزلەپ كەتتىم.

-ۋۇجۇ!چىم سىلىنىڭ كۆزلىرىنى كادىن چىقتى دەيدا؟

-بولدى منى ئالدايمەن دەپ خام خىيال سۈرۈشمىسە،مەتىسلىمكام ھەممىنى دەپ بىرىپ بولدى.منى بۇندا قىژنىغىچە قۇملۇققا تاۋىتىپلام قۇتۇلساڭلا بومادا!

-مەتسلىماخۇن،قويسا سىلىنى.ئاھاي.....

-چاقچاق قىپ قويدۇميا ئەينا!ھىي-ھىي....

-مۇشتامۇ چاقچاق بولامدا مەتسلىماخۇن!تۆرەم راس دەپ ئويلاپ قاپتا ئاينا!

بىگىم بىلەن ئەيىندىن مەتسلىمگە قاتتىق رەنجىپ كەتتى.لىكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماڭا يەنىلا ئۇلار بىرلىشىپ منى ئالداپ تەسەللىي بەرگەندەك بىلىنىپ كەتتى.

-منى ئالدايمەن دىيىشمىسە بولدى.پىشانەم مۇشتا تەتۈ ئوخشايدا.ھەي....

كۆڭلۈم چەكسىز پەرىشانلىققا چۆمدى.كاللامدىن ئاتا-ئانامنىڭ منى كۆرگەندىن كىينكى ھالىتى،بۇندىن كىينكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقىم خۇددى كىنو لىنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى.

-ماڭ قايلىسا تۆرەم!ما مەتسلىماخۇن سىلىگە چاقچاق قىپ قويپتا.كۆزلىرى بەك بوسا ھەپتە بوممىسا ئۈچ كۈندىلا ساقىيىپ كىتىدا.

-غوجام راس دەيدا.مەتسلىماخۇن چاقچاق قىلسا راس دەپ ئويلاپ قاغان ئوخشايلا!

-ۋۇجىنەم تۆرەم!سىلىگە چاقچاق قىلغىلى زادى بومايتۇ،زادى

بومايتۇ!

ئۇلارنىڭ چۇشەندۇرىشى ماڭا زادىلا كار قىلمىدى.ھىم!چاقچاقمىش تېخى!كۆزۈمنىڭ يورۇقلۇق بومبىسىدا يارىلانغانلىقى راست،قولۇم بىلەن كۆزۈمنى توختىماي ئۇۋۇلىغانلىقىم راست تۇرسا!

ئۇلار مىنىڭ ئىشەنمىگەنلىكىمنى ھىس قىلىپ،ماڭا مەسئۇل دوختۇرنى چاقىرىپ كىردى.

-ئۇكام،سىز بەك ئارتۇق ئويلاپ كىتىپسىز!مەن سىزنىڭ مەسئۇل دوختۇرىڭىز.كۆزىڭىز پەقەت كۈچلۈك نۇرغا بىۋاستە ئۇچراشقاندىن كىيىن كۆرۈش ئاپىراتىدا توسالغۇ پەيدا بولۇپتۇ.بۇ ئادەتتىكى كىسەللىك ھىساپلىنىدۇ.لىكىن.ھازىرقىدەك داۋالاشقا ماسلاشمىسىڭىز سىز ئويلىغاندەك ئەھۋالنىمۇ يۈز بەرمەيدۇ دىگىلى بولمايدۇ.

قويۇق شىمال تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان دوختۇرنىڭ ئاخىرىقى سۆزى مىنى چۆچۈتتى.دەرھال ئۇنىڭ تېگىق ئالماشتۇرىشىغا ماسلىشىپ بەردىم.ئىچىمدە بولسا مەتسىلىمنى يۈزمىڭنى تىللاپ چىقتىم....

ئەندىشە ۋە قورقۇنۇچ ئىچىدە ئۈچ كۈننى ئىنتايىن تەستە توشقۇزۇپ،ئاخىرى كۆزۈمدىكى تېگىق ئېلىنىپ،يورۇق دۇنيانى قايتا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم.دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كۆزۈمنى ئاستا-ئاستا ئاچتىم.ئەتراپىمدىكى شەيئىلەرنى كۆرۈپلا يەنە كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كۆزۈمنى يۇمىۋالدىم.يەنە ئاچتىم،يەنە يۇمىۋالدىم....مۇشۇنداق بىرقانچە كۈن قىيىنىلىش ئارقىلىق ئاخىرى مەن دوختۇرخانىغا كىرگەن توققۇزىنجى كۈنى كۆزۈمنى بىمالال ئاچالايدىغان بولدۇم.لىكىن كۈچلۈك ئاپتاپ ياكى شاماللىق ھاۋاغا يولۇقسام كۆزۈمدىن ياش چىقىپ ئاچالماي قالاتتىم.دوختۇر بۇنى«ۋاقىتلىق مەسىلە،بىر مەزگىل كۆز ئاسراش ئەينىكى تاقىغاچ تۇرۇڭ،ئۈچ ئايدىن كىيىن ئېلىۋەتسىڭىز سەللىمازا ساقىيىسىز» دەپ چۈشەندۈردى.مەن كۆزئەينەك تاقاشقا ناھايىتى ئۆچ بولساممۇ،ئەمما بۇ قېتىم ئامالسىز تاقاشقا مەجبۇر بولدۇم.ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن،قايتا-قايتا تاللاش ئارقىلىق، رەڭ ئۆزگەرتىدىغان بىر ئەينەكنى تاقىدىم.ئەينەكنىڭ پۇلىنى مەتسىلىم دىگەن

ئۇغرى بىزەڭلىك قىلىپ تۇرىۋېلىپ تۆلىدى.

-تۆرەم مەن تۆلەي ماقىما!مەن گادايغا خاتالىقنى تونۇيتقان بىر پۇرسەت بەسلە!

-ھىم!بۇندا ئاسان قۇتۇلىمەن دەپ ئويلاپ قالمىسا!سىلىنى بۇندا شىلتىك كەچۈرمەيمەن!الاۋزا چاقچاقلىرى كاللامغا چىرىۋېلىپ قانچىلىك ئازاپلانغىنىمنى بىلمەيلا!

-ئو...ئۇنداق بولسا سىلىگە كۆزئەينەكتىن ئەللىك-ئاتمىشنى بىراقلا ئەپىرىتمە.ئايىنداق قىلسامغۇ ئەپۇ قىلالا؟!پەقەت بولمىسا دىربۇن ئېلىپ بىرىتمە،ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسلا ھىلىقى نىمىتا؟ھىكروسكوپ ئەپ بىرىتمە!

-مىكروسكوپ دىسەماندا.

-ھە ئاشۇ.... كوپ!

-ھا-ھا-ھا!

-خا-خا-خا!

-ھي-ھي-ھي!

بىزگە قوشۇلۇپ ھەتتا كۆزئەينەك ساتىدىغان ئايال خوجايىنمۇ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى.شۇ كۈلكە بىلەن بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەر كۆتۈرلۈپ كەتكەن بولدى....

يەنە مەتىسلىمنىڭ ئۆيىگە قايتتۇق.ياتاق ئۆيۈمدە ياتقاچ قولۇمغا ئالمىغىنىمغا ئۇزۇن بولغان يانفۇنۇمنى ئالدىم.ئاتا-ئانامغا تىلىفۇن قىلىپ ئامانلىق سورىۋەتكەندىن كىيىن كەلگەن ئۇچۇر ۋە ئۈندىدار خاتىرسىگە قاراپ باقتىم.

كەلگەن قىسقا ئۇچۇرلار ساپلا كىرەكسىز ئۇچۇرلار ئىكەن.لىكىن ئۈندىداردا كەلگەن ئۇچۇر خاتىرىسىنىڭ ئىچىدە ئىككى پارچە ئۇچۇر مىنى ئۆزىگە تارتتى .بىرىنجى پارچە ئۇچۇر مەن بىرمەزگىل قوغلىشىپ بېقىپ كىيىن ئۈمۈدۈمنى ئۈزگەن ئوقۇرى ئىگىز قىزدىن كەلگەن بولۇپ،ئۇنى مەن ئۈندىدارغا قاتقاندىن بىرى ئىزچىل بىرپارچىمۇ سۆز ياكى ئۇچۇر ئەۋەتىشىپ باقمىغان ئىدۇق.(ئەلۋەتتە مىنىڭ ئەۋەتكەن سانسىز ئۇچۇرلىرىمنى ھىساپقا ئالمىغاندا).ئۇ ئۇچۇرنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

قىز:ئەسسالام.باموُيا سىلە ؟(ئاۋازلىق)
قىز:بەك ئالدىراش بولاپ كەتكەن ئوخشايلا ھە ، خەپ!(ئاۋازلىق)
قىز:گاچا بولاپ قاممىغانلا؟(خەت)ھەيرانلىق ئىپادىسى.
قىز:راس ماڭا گەپ قىلمايلا؟(خەت)ئوك تەرەپكە قىيداش ئىپادىسى.
قىز:ئەمدى مىنى سىلىگە گەپ قىلامدىكى دەپ خىيال ئەيلىمىسە . (خەت)سول تەرەپكە قىيداش ئىپادىسى.
قىز:سىلىدىن بىزار بولدۇم !(خەت)پارتىلاپ تۇرۇپ رەنجىش ئىپادىسى.
ۋۇجۇدۇمدا نازۇك،شىرىن بىر سەزگۈ پەيدا بولۇپلا ئۆتۈپ كەتتى.چۈنكى مەن ئۇقىزنىڭ كەينىدىن خىلى چىپىپ باققان بولسامۇ،ئۇ مىنىڭ كۆڭلۈمنى قاتتىق رەنجىتكەندىن سىرىت،مىنى نەزىرىگىمۇ ئىلىپ قويمىغان ئىدى.ئەجىبا بۈگۈنگە كەلگەندە ھەجەپ ماڭا گەپ قىلغۇسى كىلىپ قاپتۇ.مىنىڭچە ئۇ چوقۇم مۇھەببەتتىن زەربە يىدى ياكى ئىچى پۇشۇپ قىلغىلى ئىش تاپالماي يەنە مىنى ئەخمەق قىلغۇسى كىلىپ قالدى!مەن ئۇنىڭغا بىرپارچە چىراي ئىپادىسىنى جاۋاپ ئورنىدا ئەۋەتىپ قويدۇم.
مەن:قارا كۆزئەينەك تاقاپ تاماكا چىكىپ تۇرغان ھىسسيات ئىپادىسى!
ئىككىنجى ئۇچۇر دوستۇم ساپايىدىن كەلگەن بولۇپ،مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:
ساپايى:ئەغزەمجوووون!ئۆتكەندە يالغاندىن تويام بولدى دەپ مىنى ئۆيىدىن قوُتۇلدۇرۇپ ئەچىقىپ قوي دەۋاتتىڭ،مانا ئەمدى سىنى قۇتقۇزۇپ چىقىشنىڭ ۋاقتى يىتىپ كەلدى.مەن ئۆگۈنلىككە توي قىلىمەن!خا-خا!ماڭا رەخمەت ئىيتماي تۇر،رەخمىتىڭنى تويدا خەلق پۇلى بىلەن بىلدۇرەسە جىما!(ئاۋاز)
ئەتىسى يوللانغان ئۇچۇرلار
ساپايى:نىمدا قىلىسە!تىلپۇن قىلسام تەخى ئامايىسە،يا ۋىيىشىندە جاۋاپ قايتۇمايىسە!سىنى قولداشلىققا بىكىتتىم جىما دەپ قوياي!(ئاۋازلىق)
ساپايى:تويدا كۆڭەل قوي دەپ چاقچاق قىپ قويسام قوقاپ كەتتىڭما بالوووو!ئۆزەڭ كەسەڭ مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ كۆڭەل،شۇڭا ئۇندا شىتتىك

ئۆزەڭگە ئۆلەم تىلىمەي دەرھال كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە كەل،مەسلەت چىيى بىرىمەن!(ئاۋازلىق)

ساپايى:ھىي!سەندىن باشقا ھەممەيلەن كەپ بولدى جىما!ئىناۋىتىمنى تۆكمەي شىتتىك كەل،ئەتە تويام جىما مىنىڭ!(ئاۋازلىق)

ساپايى:خەپ سەنمۇ توي قىلاسە!(ئاۋازلىق)

ساپايى:مەنىستىمەسلىك ئىپادىسى.

ئىلىنمىغان تىلىفۇنلار خاتىرىسىگە قارىدىم.دىگەنىدەك ساپايى ئاز دىگەندىمۇ ئوتتۇز قېتىم تىلىفۇن قىپتۇ.ئۇنىڭ ئۇچۇر ئىۋەتكەن كۈننى ھىساپلىسام بۇگۈن ئۇنىڭ توي قىلغانلىقىغا ساق ئون كۈن بوپتۇ !ئۇنىڭغا تىلىفۇن قايتۇردۇم.لىكىن مەن ئويلىغىنىمدەك ئۇ تىلىفۇننى بىسۇۋەتتى،كىيىن ئۇرسام ئىتىۋىتىپتۇ....

كۆڭلۈم باشتا سەل پەرىشان بولدى .كىيىن ئويلىنىپ ئۆزۈمنىڭ قەستەن قىلمىغانلىقىمنى بانا قىلىپ ئۆزۈمنى بەزلىدىم.شۇنداقتىمۇ ئۇيقۇم كەلمەي ياتاق ئۆيدىن سىرىتقا چىققۇم كەلدى.دالان ئۆيگە چىقىپ بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ئەتراپىمغا قارسام ئەينەدىن ياتىدىغان ئۆيىنىڭ چىرىغى يىقىغلىق تۇرۇپتۇ.ئاستا بىرىپ ئىشىكنى چەكتىم.

-ھە!

مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كىيىن ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئۇنىڭ قېشىغا كىردىم.ئەينەدىن ئالدىغا نۇرغۇن فوتو رەسىملەرنى تىزىۋىلىپ خاتىرىسىگە بىرنىملەرنى يىزىۋاتقان ئىكەن.

-كەسە تۆرەم،ئۇيقۇلىرى كەممىگەن ئوخشىمامدا؟

-شۇندا ۋولدى.قايلىسام سىلىنىڭ چىراقلىرى ئۆچمەپتىكىن،بىژدەم پاراڭلىشاي دەپ چىدىم.

-ئوبدان ئويلاپلا،مىنىڭمۇ ئۇيقۇم كەممەي تۇغان.

مەن ئۇنىڭ يىنىغا كىلىپ ئالدىغا تىزىۋالغان رەسىملەرگە قاراپ باقتىم.ھەممىسى بەك ئاق ھەم غوۋا تارتىلغان رەسىملەر بولۇپ،بىرقاراشقا ئادەمگە ئاپتاپ كۆرۈپ قالغان ۋىگاتىپنى يۇيۇپ چىقارغان رەسىمدەك تەسىر بىرەتتى.

-ۋۇجۇ!نىمدا چاپاق رەسىملە بۇ؟
-بۇ ھېلىقى كۆنى بىگىم تاتقان رەسىملە!
-قاسى كۆنى؟
ئەينىدىن جاۋاپىنىڭ ئورنىغا مىنىڭ كۆزۈمنى شەرەتلىدى،دىمەك بۇ رەسىملەر مەن ھېلىقى جەگچىنىڭ ئىشارىسىنى خاتا چۈشۈنۈپ كۆزۈم زەخمىلەنگەن كۈنى بىگىم تارتقان سۈرەتلەر ئىكەن!
-قوللىرىغا ئېلىپ كۆرەپ باقاملا؟
-ماقا.
مەن سۈرەتلەرنى قولۇمغا ئېلىپ تەپسىلىي قاراپ باقتىم.ئېنىقراق تارتىلغان بىرقانچە پارچە سۈرەتتە ھەرقىسىم ھايۋاناتلارنىڭ يەنى بۆكەن،كالا،بۆرە....يەنە مەن كۆرۈپ باقمىغان ھەرقىسما ھايۋانلارنىڭ گۈگگا سىماسى تۇراتتى.
-ۋاخ!دىمەك تەكلىماكاندا مۇشتا جىق ھايۋاناتلا باكىندە؟نىمىشقا بىزگە پەقەت ئۇچرىمىغاندۇ؟
-بەلىكىم ئۇلار بىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ژۈگەندۇ ياكى بىز ئۇلانىڭ با يىرىگە تېخى چىمىگەندۇق.لىكىن....
-لىكىن نىمە؟
-لىكىن مەن شۇنىگدىن ھەيران،بىز شۇنچە مۇشەققەتتە تىپىپ چىگەن قۇم ئاستىغا بۇنچە كۆپ ھايۋانلار قايدا چىگەندۇ؟نېمىشقا چىگەندۇ دەيمە.
-ھە....ئۆزلىرى قايدا ئويىلىلا؟
-ھىم....مىنىگچە پات يېقىندا ناھايىتى چوڭ قۇم كۆچەش بولىشى مۇمكىن .رەسىمدىكى جانىۋارلا تەكلىماكانىنىڭ يەرلىك «خەلقى» ھىساپلىنىدۇ.شۇڭا ئۇلار ھاۋارايىنى بەك ئېنىق بىلىدا.
-ھە...بىگىم قايدا ئويلاپتا؟
-مەنمۇ ئاشتا ئويىلىدىم.
توساتتىن ئارقامدىن بىگىمنىڭ ئاۋازى ياگراپ،مىنى يەنە چۆچىتىۋەتتى.ئۇنىڭ مىنى بۇنداق چۆچۈتىشگە زادىلا كۆنەلمەي قالدىم دىسە.

-ۋوجو بىگىم!جىنىدەكلام چىرىپ ئەدەمنى قوقتىلا دايىم!مانىدا شىكنى چىكىشنى بىلمەملا سىلە؟

-مەن سىلە چىرىشتىن بۇرۇنلام مۇشۇ ئۆيدە باتىم.بايام خالاغا چىكەتىلەن.سىلىنىڭ چىگەنلىرىنى بىلگەن بولسام شىكنى چىكىپ چىرىتىم.خاپۇمىسا جىما!

-ھا-ھا-ھا!

ئەينىدىن قاتتىق كۇلۇپ كەتتى.مەن بىگىمنىڭ كەينىدىن مەتسىلىمنىمۇ كىرىپ قالامدىكى دەپ ئىشىككە قاراپ باقتىم.لىكىن ئۇ كىرمىدى.

-تولۇق بومىغان ماتىرىياللاردا،تەكلىماكان قۇملىقىدا100 خىلدىن ئارتۇق ياۋايى ھايۋانلا با دەپ ستاستىكا قىلىنغان،بۇ قىتىمقى ئىشتىن كىيىن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىنمۇ جىق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم.

بىگىم مەن سورىماستىنلا سۇئالغا جاۋاپ بىرىپ چۈشۈپ كەتتى.مەن بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ دوختۇرخانىدا كۆزۈمنى داۋالاتقاچ ئويلىغان سۇئاللىرىمنى سورىۋىلىشنى قارار قىلدىم.

-شىككىلىرىدىن تەلىم ئالىدىغان ئاززاق ئىش ۋاتى.سورىسام قايدا ۋولا؟

ئۇلار مىنىڭ ساختا تەكەللۇپ سۆزۈمنى ئاڭلاپ مىيىغىدا كۇلۇپ قويۇشتى ۋە باشلىرىنى لىڭشىتىشتى.

-ھىلىقى ھەرىبي قوشۇننى سىلى باشقۇرامسىلە؟

-خا-خا-خا!

-ھا-ھا-ھا!

ئۇلار خۇددى ناھايىتى قىزىقارلىق يۇمۇر ئاڭلىغانىدەك كۇلۇپ كىتىشتى.مەن بۇ گەپىنىڭ كۇلگۈدەك نەرى بارلىقىنى زادىلا بىلەلمىدىم.

-ھەي تۆرەم،ھەي تۆرەم.مانىدا چوڭ ئەدەمىدەك گەپ قىلسا جىما!ھىچقانىدا دۆلەتتە ئارمىيە شەخىسكە ئىشلىمەيدۇ.بۇ سۇئاللىرى خۇددى بانكىدىن ھازىر پۇل ئالغان ئادەمدىن«بانكا سىلىنىڭما؟» دىگەنىدەك سۇئال بولدى.

بىگىممۇ ئەينىدىنگە ئوخشاش مىنى زاڭلىق ئىتىشكە باشلىدى.

-غوجام ماگەپلىرى بومىدى جىما.مۇشتا سۇئاللىنى تۆرەمدىن باشقا

ئەدەم ئويلىيامايدا دەيمە.تۆرەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيتى ئادەتتىكى ئەدەمنىڭكىنى نەچچە قاتلايدا!

-بولا ،بۇ گەپنى سورىمىغان بولاي.باشقا گەپنى قىلىشىلى.

مەن سەل تېرىكىپ گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىمەكچى بولدۇم.لېكىن بىگىم يەنىلا چۈشەنچە بەردى.

-سۇئاللىرى جاۋاپسىز قاممىسۇن.بىز ژۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئىلتىماس قىلدۇق.ژۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ماسلاشتۇرىشى نەتىجىسىدە ئۇ ھەربىيلە بىزگە ياردەمگە كەگەن.چۈشەنلىمۇيا؟

-چۈشەندىم ،بەك چۈشۈنۈپ ئۆتەپ كەتتىم.ئەمدى باشقا گەپ قىلىشلى ،ھىلىقى بۆرىنىڭ ئۆلىكى نە كەتكەندۇ؟

مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمنىڭ كىچىك بالىدەك سۇئال سورىغانلىقىمنى ھىس قىلىپ ،تېزلا گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىۋالدىم.بىگىم خۇددى مۇشۇنداق سۇئال سورىشىمنى بىلىپ ،ئالدىن جاۋاپ تەييارلىۋالغاندەك سۇئالىمغا تېزلا جاۋاپ بەردى.

-بۇنى ماندا ئويلىساق بولىدا.بىرسى:ئۇ بۆرىنىڭ جەسىتىنى باشقا ھەمرالىرى ئىلىپ كەتكەن ياكى يۆتكىۋەتكەن.يانا بىرسى:ئۇ بۆرە ئۆلمىگەن بەلكى ھوشسىزلىنىپ قالغان.بىز چېكىنگەندىن كىيىن ھوشىغا كىلىپ قېچىپ كەتكەن.

-ھە...مەنمۇ سىلىدەك ئويلىغان(ئەمەلىيەتتە مەن پەقەت ئاخىرقى پەرەزنىلا قىلغان) .لېكىن سىلە مەندىن بىز تۇرنى كەم ئويلاپ قويۇپلا.يەنى ، ئۇچىنجىدىن بۇ يەرگە چىرىدىغان بىزدىن باشقا ئەدەممۇ با.بىزچېكىنگەندىن كىيىن ئۇلا بۆرىنىڭ تېرىسىنى سويۇپ ئىلىپ كىتىپ ،جەسىتىنى باشقا يەگە تاشۇەتكەن!

مەن سۆزۈمنى دەپ بولۇپ ،ئۇلارنىڭ كۈلۈشىنى كۈتۈپ تۇردۇم.لېكىن ئۇلار كۈلمەيلا قالماي ،ئەكسىچە ماڭا باشقىچە نەزەردە قارىشىپ كەتتى.بولۇپمۇ ئەينىدىن مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ كەتتى.

-توغرا ،توغرا.تۆرەمنىڭ بۇ دەرىجىدە ئىلمىي يەكۈن چىقىرىشىنى ئويلىماپتىكەنمە.ھەقىقەتەن سىلىنى بوش چاغلاپ قاپتىمەن.

-ياخشى پەرەز قىللا تۆرەم.مەيلى ئۆيلىنىغانلىرى خاتا ۋوسون ياكى توغرا ۋوسۇن،ئىشقىلىپ مۇشتا دادىل پىكىر يۈرگۈزۈشلىرى بەك ياخشى ئىش!

ئۇلار بىردىنلا مىنى ماختاپ چۇشۇپ كەتتى.مەنمۇ بۇلار بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان مۇشۇ بىر پەرىزىمنىڭ ئۇلارغا ياراپ كەتكەنلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ كەتتىم ھەمدە بۇرۇندىن مۇشۇلارنى گەپتە يېڭىشقا ئىشلەتكەن كاللامنى،ئەمەلىي ھەركەتكە ئىشلەتمىگەنلىكىمدىن ئۆكۈندۈم.

-خوش،تۆرەم ئاشۇ قاتتىق ئىشلەيدىغان مېڭىلىرى بىلەن ما رەسىمنى بى تەھلىل قىپ باقسا.

بىگىمگە مىنىڭ مەغرۇرلىنىپ گېدىيىپ كىتىشىم ياقمىغان بولسا كىرەك،ماڭا ئۈچ پارچە رەسىمنى تەڭلىدى.رەسىمگە سىنچىلاپ قارىدىم.بۇ رەسىمدە بىرقانچە ھايۋاناتلار ئىچىدە،دوك ئادەمدەك ئالدىغا مۈكچىيىپ تۇرغان،ئىككى مۈرىسى دەرىجىدىن تاشقىرى يوغان،بويى ئون ئىككى ياش ئەتراپىدىكى بالىلاردەك چىققىدىغان،يايىلىق،چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بىر نەرسە ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى.بۇنىمە؟!مايمۇن؟!ياۋايى ئادەم؟!ئالۋاستى؟....!

-ھە،نىمە ئۆيلىنىغان بوسىلىرى قوقماي دەۋەسە.

ئەيىنىدىن مىنى تىخمۇ ئالدىرىتىپ قويىدى.مەن رەسىمگە يەنە سىنچىلاپ قارىدىم.مايمۇنمىكىن دىسەم،بەدەن قۇرۇلۇشى زادىلا ئوخشىمايدۇ.ياۋايى ئادەممىكىن دىسەم،ئاتقا ئوخشاش يايىسى بار ھەم باش شەكلى سوزۇنچاق.گەپ قىلماي دىسەم بۇ ئىككىسىگە بولۇپ بىرىدۇ.بايام تىخى تىكلىگەن دانا ئوبرازىم تىزلا خۇنۈكلىشىدۇ.

-مىنىڭچە بۇ مايمۇننىڭ بىر تۈرىمىكىن دەيمە.

-نىمىشقا؟

بىگىم كۆزۈمگە مەنىلىك قاراپ تۇرۇپ سەۋەبىنى سورىدى.« مەن ئۇنى ھەرگىز ئالدىيالمايمەن.ئۇ ھامان مىنىڭ نىمىلەرنى ئۆيلىغانلىقىمنى بىلىپ قالىدۇ.ئۇنىڭدىن ئۆيلىغانلىرىمنى دەۋرەيچۇ» دەپ ئۆيلاپ راست گەپ قىلدىم.

-راس گەپ قىلسام بۇنى مەن ھەرخىل ئۆيلىدىم.مەسىلەن دەسلەپتە

ئالۋاستىمىكىن دېگەن.لېكىن ئالۋاستى ھەرگىز قۇم بورانىدىن قېچىپ،ياۋايى ھايۋانلا بىلەن بىرگە چىرىۋامايدۇ.

كېيىن ئۇنى ياۋايى ئەدەممىكى دەپ ئويلىدىم.لېكىن ياۋايى ئادەم ھەقانچە بولاپ كەتسىمۇ ئەدەمدىن بۇ دەرىجىدە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ دەپ ئويلىدىم.كېيىن يەنە بۇنەسىنى مايمۇننىڭ بىرتۈرىمىكى دېدىم.گەرچە يۈز قىسمى سوزۇنچاقراق بوسىمۇ،شىككى مۈرىسىنىڭ بەك يوغانلىقى،بويىنىڭ پاكالىقىنى نەزەردە تۇتۇپ،ئۇنى قۇملۇقتا ياشايدىغان بىرخىل مايمۇنمىكى دەپ ئويلىدىم.

گېپىمنى تۈگىتىپلا ئاۋال بىگىمنىڭ چىراي ئىپادىسىگە،ئاندىن ئەيندىننىڭ چىراي ئىپادىسىگە قارىدىم.ئۇلار بىر-بىرىگە مىنۇت تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن،چىرايىغا يەنە بىر قېتىم مەمنۇنلۇق كۈلكۈسى يۈگۈردى.

-ھىم،ناھايىتى ياخشى تەپەككۇر قىلىلا جىما.غوجامنىڭ سىلىنى ماختىغانلىقى بىكا ئەمەسكىن.

-توغرا دەيلا بىگىم.تۆرەم گەرچە ئەڭ ئىپتىدايى شەكىلدە تەپەككۇر قىغان بوسىمۇ،لېكىن لوگىكا جەھەتتىن تامامەن توغرا دېيىشكە بولىدا.

مەن يەنە بىر قېتىم ئۆزۈمدىن مەمنۇن بولدۇم.لېكىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەرقانچە بىلەرمەنلى قىلسامىمۇ يەنىلا بىكار ئىكەنلىكى كۆڭلۈمگە ئايان بولغاچقا،تۇنجى قېتىم كەمتەرلىك بىلەن ئۇلاردىن سورىدىم.

-بەگ-غوجىلىرىم مىنى ئۇچۇرۇپ ئەرشالاغا چىقىرۋەتمىسە يانا.قوساقلىرىدىكى بىلىملىرىنى ئايىشماي،ماڭا بۇ نەرسىنىڭ زادى نىملىكىنى دەپ بىرىشسە جىما!

-ئەجىبا تۆرەم بىلىمنى قوساققا قاچىلايدىغان ئوخشىمامدا؟شۇڭا قوساقلىرى بۇرۇنقىدىن يوغىناپ قاپتىكىن ئەسلى ھە!بىزدە ئەمدى سىلىدەك ئۇندا ئالاھىدە ماخارەت بوممىغاندىكىن،بىز ھازىرچە بىلىمنى كاللىمىزغا قاچىلىغاچ تۇدۇققۇ.

ئەيندىن مىنى ئۇنىڭ يوغان قورسىقىنى دارىتمىلاپ شۇنداق دىدى دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي،مىنى گەپتە چېقىۋالدى.مەن ئۇنىڭ بىلەن گەپ ئوينىتىشنى خالىماي يەنە شۇ سوئالنى سورىدىم.

-مەيلى نەگە قاچىلىغان بىلىملىرى بوسا ئىشقىلىپ مىنىڭكىدىن جىق ھەقاسىلىرىنىڭ، شۇڭا مىنى زاڭلىق ئەتمەي دەپ بىرىشسەماندا!

-بۇ نەرسە بەلكىم ئەينى چاغدا مەتسىلىم ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىسىنى ھېلىقى قەبرە ئالدىدىكى خەتەردىن قۇتقۇلدۇرۇپ، تاتىپ مەلىسگە ئەكەپ قويغان نەسە شۇ بولىشى مۇمكىن.ناۋادا سىلىنى بىھۇش چاغلىرىدا يولنى ئۈزى تېپىپ كەممىگەن دەپ ئويلىساق، سىلىنىمۇ قۇتقۇزۇپ قويغان نەسە دەل شۇ بولىشى مۇمكىن!

بىگىمنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ ئەينىدىن بىرچاغدا ماڭا سۆزلەپ بەرگەن«بىژنەسە پۇتۇمدىن داقىرىتىپ سۆرەپ،مەلەمگە ئەكەپ قويدى.مەن نىملىكىنى كۆمىدىم،لىكىن ئاغىنەمنىڭ دىيىشىچە ئۇ بىرخىل ھايۋانمىش» دىگەن گىپى،ئاندىن ئۆزۈمنىڭ ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرگەندە بوران بىلەن تەڭ كىلىپ،مىنى ھېلىقى جىنلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇلدۇرغان نەرسە ئېسىمگە كەلدى.

-دىمەك...دىمەك بۇ ھىلىقى ئەدەمگە ياردەم قىلىدىغان مەخلۇق شۇما؟

بىگىم كۈلۈپ قويۇپ ئۆز چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

بۇنداق مەخلۇقنىڭ ھەرخىل چۈشەندۇرلىشى بار.لىكىن ھەممىسى تولۇق بولمىغان مەلۇماتلار.

بۇنداق مەخلۇقنى تۇنجى كېتىم بايقىغان ھەم دەسلەپكى قەدەمدە نام قويغان كىشى ئەنگىلىيەلىك ھولبىك.دەيۋىس ئىسملىك بىر قىدىرىپ تەكشۈرۈش مۇتەخەسسى بولۇپ،ئۇ 1961- يىلى سەھرايى كەبىردە مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كىتىدىغان بىرخىل جانلىقنى بايقاپ،ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا «كىچىك ۋاجىرا» ،«قۇم شاھى» دەپ نام بەرگەن.لىكىن ئۇ جانلىقنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى تىز بولغاچقا تارتىلغان سۈرەتلەر تازا ئېنىق چىقمىغان.(شۇڭا كۆپ قىسىم ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەر دەيۋىسنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى ئىنكار قىلغان).ئۇ مۇنداق يەكۈن چىقارغان:

بۇ قۇملۇقتا ياشايدىغان بىرخىل مايمۇن تۈرىدىكى ئىپتىدائىي ھايۋان بولۇپ،ئادەتتە قۇملۇقنىڭ تىگىدە گەمە كولاپ ياشايدۇ،كۆپىنچە كېچىسى

ھەركەت قىلىدۇ.قۇملۇقتا مېڭىش، يۈگۈرۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز.

كونكرېت تۇرمۇش ئادىتى ۋە يېمەكلىك ئادىتى ئېنىق ئەمەس.لېكىن ئۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى،ئۆز زېمىن تەسەررۇپىغا كىرىپ قالغان ئادەم ياكى ھايۋانلارنى ئاساسەن زەخىملەندۈرمەي ئادەم بار ياكى ئادەملەرگە يېقىن جايلارغا ئاپىرىپ قويىدۇ.ئۇسۇلى بىرخىل،يەنى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ئىككى قولى بىلەن ئۆز زېمىن تەسەررۇپىغا كىرىپ قالغان ئادەم ياكى ھايۋاننىڭ پۇتىدىن ياكى قولىدىن سۆرەپ ئېلىپ كېتىدۇ.

قىززىق يېرى شۇكى،بۇ مەخلۇقنىڭ ئادەم ياكى ھايۋانلارنى سۆرەپ قۇملۇقتىن ئېلىپ چىقىپ قويۇشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئاقكۆڭۈللىكى ياكى ئاڭلىقلىقىدىن بولماستىن،بەلكى تۈپتىن ئۆز زېمىنىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈندۇر.

ئەمدى بىز دۆلىتىمىزدىكى ۋە يۇرتىمىزدىكى بۇ جانلىققا ئالاقىدار ماتېرىياللارغا كېلەيلى.

دۆلىتىمىزدىكى تاغلىق ۋە قۇملۇق رايونلاردىكى خەلق ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر بۇنى تاغ مايمۇنى ۋە ياۋايى ئادەمگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ،مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ ئېنىق ماتېرىياللارنى كىتاپخانىلاردىن ياكى توردىن ئىزدىگەندە ئوڭايلا تاپقىلى بولىدۇ.

يۇرتىمىز شىنجاڭدا بولسا خوتەن،كورلا،ئاقسۇ تەرەپلەردىكى قۇمغا يېقىن ئولتۇراقلاشقان ئاز ساندىكى يەرلىك خەلق بۇنداق جانىۋارنى «چىلە» ،«پاپا» ،«قۇم شاياتۇنى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىشىدۇ.

بىگىم بىلەن ئەيندىننىڭ چۈشەندۈرۈشى ئاياقلاشقاندىن كېيىن ھەيرانلىقتا رەسىمگە قايتا-قايتا قاراپ چىقتىم.ئاندىن يەنە ئەيندىندىن سۇئال سورىدىم.

-ئەيندىن تاغا،سىلە بۇ جانىۋاغا خۇسۇسەن قايدا چۈشەنچىلىرى با؟

ئەيندىن سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۇئالىمغا جاۋاپ بەردى.

-دۇنيادا ئىنسانلا بايقىغان جانلىق تۈرى نايىتى ئاز.بەلكىم بۇ بىز بايقىمىغان جانلىقنىڭ بىر تۈرى بولۇشى مۇمكىن.شۇڭا مەن كېسىپ بىر نىمە

دىيەمەيمە.

-ھە....بىگىم سىلىنگچىچۇ؟

-مەن دەيۋىس تەرەپتارى.مەن بۇنى قۇملۇقتا ياشايدىغان ئالاھىدە بىرخىل جانلىق دەپ قايلايمە.

بۇ كىچە مەن بىگىم ۋە ئەيىندىنىدىن نۇرغۇن سۇئاللارنى سوراپ،كاللامدا چىگىش بولغان نۇرغۇن تۈگۈنلەرنى يىشىۋالغاندەك بولدۇم.ياتاققا قايتىپ چىقىپمۇ ئۇيقۇم كەلمەي ناھايىتى تەستە ئۇخلىدىم....

## 22- باپ قەبرىگە قەدەم بىسىش

ئەتىسى مەتىسلىمنىڭ قايتا-قايتا ئويغۇتىشى بىلەن يامان تەستە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ناشتىغا چىقتىم.مەندىن باشقا ھەممەيلەن ناشتا قىلىپ بولۇپ،ھويلىدا بۇگۈنكى ھەركەت توغرىسىدا پىلانغا چۈشۈپ كەتكەن ئىكەن،شۇڭا مەنمۇ ھاپىلا-شاپىلا ناشتا قىلىپ،ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقتىم.

-غوجام،ھازىر قاتتىق قۇم كۆچىدىغان چاغ.شۇڭا ئەڭ ياخشىسى قۇم تىگىدە يۇرىيتقان ئىشلىنى توختىتىپ،كىلەر يىلى ئەتىيازدا يا يازدا قايتا تۇتۇش قىلساق بولامتىكى دىتمە.

مەتىسلىم موخۇركىسىنى چىكىپ تۇرۇپ،ئەينىدىكە نەسىھەت قىلىۋاتاتتى.

-دىگەنلىرى توغرا،لىكىن سىلە كىلەر ژىلى مۇشۇ يەلىنى يانا تاپالاشلىرىغا ئىشەنچىلىرى باما؟

-....

چىرايىدىن بىرخىل ئىككىلىنىش ۋە سۇلغۇنلۇق بىلىنىپ تۇرغان مەتسلىم جاۋاپ بەرمەي تۇرۇپ قالدى .دىمەك ئۇنىڭ ئىشەنچىسى يوقتەك قىلاتتى.ھويلا ئوتتۇرسىدا بۇرنىنى كولاۋاتقان بىگىم مەتسلىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

-ئەگەر كىلەر ژىلى يانا تاپالايدىغان ئىش ۋوسا،سىلە دىگەندەك قايتىپ ئارام ئاغاچ تۇرىلى بوممىسا.

مەتىسلىم يەنە بىرتال موخۇركا يۆگەپ،قاتتىق ئىككى-ئۈچنى تارتىۋەتكەندىن كىيىن ئېغىز ئاچتى.

-بىر يىلقىنى يەنە بىر يىلى تاپقىلى بوممايتۇ.تاپالىغان تەقدىردىمۇ بەك جاپا چىكىپ كىتىمىز.

مەتسلىمنىڭ گىپىدىن كىيىن ھەممەيلەن سۈكۈتكە چۆمدى.ئەمما مەن مەردانىلىق بىلەن ئېغىز ئاچتىم.

-ئاھاي...كىلە ژىلى چىم با چىم يوق.ما مەتىسلىمكامنى تاپقىنى بولامدۇ-بومامدۇ تەخى.شۇڭا ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ قىتىم

بىرنۆۋىرىلى.ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى بىزنى قوغدايدا ئەمەسما.

-راس دەيلا.ئۇلا سىلە بىزنىڭ ياللىۋاغان بوۋىنىمىز ئەمەسما،قاچان تولىساق،ماقا دەپ جۇغۇرۇپ كىلىدىغان!

ئەيىندىنىڭ تەنە گىپى بىلەن يەنە خاتالاشقىنىمنى ھىس قىلىپ قالدىم.لىكىن ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرماي مەنمۇ سۈكۈتچىلەر قاتارىغا قېتىلىۋالدىم.مەتسىلىم موخۇركىسىنى چېكىپ ھويلا ئىچىدە ئۇيان-بۇيان مېڭىپ يۈردى.ئەيىندىن بولسا كۆتەكتە ئولتۇرۇپ.قولىدىكى خاتىرىسىگە قاراپ خىيالغا چۆمگەندەك قىلاتتى.بىگىم ھېچ ئىش بولمىغان ئادەمدەك يەنىلا بۇرنىنى كوچىلاپ ئاسمانغا قاراپ ھاڭۋىقىپ قالغان ئىدى.خىلى ئۇزاق سۈكۈتتىن كىيىن ئەيىندىن ئاخىرى سۈكۈتنى بۇزدى.

-مەن بىر قارارغا كەپ بولدۇم.ئازراق خەتەرنى دەپ،كىيىن پۇشايمانغا قامايلى.ئەڭ ياخشىسى بۇ قېتىم بىر ئىشنى باشقا چىقىرۋېتىپ ئەندىن كىتىلى.بىگىم سىلىنىڭچە قايدا؟

-مەن قوشۇلىمەن.

-مەتسىلىماخۇن،سىلىنىڭچىچۇ؟

-ھەي....ھەرقايسىلىرى بۇندا جايىللىق قىلىپ تۇرىۋالسىلىرى مەندە نىمە ئامال،بارىتمە.

ئەيىندىنىڭ چىرايىغا مەمنۇنلۇق يۈگۈردى.ئاندىن ماڭا قاراپ سەمىمي تەلەپپۇزدا سورىدى.

-تۆرەم،بۇ قېتىمقى سەپەر ئالدىمىزدىكى ھەقىدا سەپەرگە ئوخشىمايدا.سىلە قاندا قىلىلا؟

-شۇنىمۇ سوراش كىتەمدا؟چوقۇم بارىمە.

-بىز بۇگۈن ھەقىقىي قەبرىگە چىرىمىز.ئىچىدە قىلچە بىخەستىلىك قىلسا جاننى ئالىدىغان ئىش ۋا،بىزنى قوغدايدىغان قوشۇنمۇ يوق،ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇم كۆچەش ئەۋجىگە چىققان ۋاقىت بولاپ قالدى.شۇڭا ئويلىنىپ بېقىپ بىرنىمە دەلا.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كىيىن مەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ

قارىدىم.ئۇنىڭ كۆزىدىن بىرخىل سەممىيلىك ۋە قىيماسلىق ھىسسىياتىنى كۆرگەنىدەك بولۇپ،تۇنجى قېتىم ھەركەتكە قاتنىشىش-قاتناشماسلىق ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم.

1) ئەجىبا بىز بۇرۇن كىرگەن يەرلەر قەبرە ئەمەس بولغىيمىتى؟ ھەقىقى قەبرە دىگەن «جىن پۇۋلىگەن شام» ،«كىپەن ئوغرىسى خاتىرسى» دە تەسۋىرلەنگەندەك قاتمۇقات توزاق ۋە يوشۇرۇن خەۋپلەر بىلەن تولغان بولامدىغاندۇ؟ مەن تېخى ياش،تويمۇ قىلمىدىم.ئەگەر ئالىمادىس بىرەر پىشكەللىك بولۇپ قالسا ئاتا-ئانام جەسىتىمنىمۇ تاپالماي قالارمۇ؟

2) ئەگەر ھازىر قورقۇپ ئۇلار بىلەن بىللە بارمىسام،ئۇلاردىن،ئۆمرۈمدە قايتا كەلمەيدىغان ئاجايىپ قىسسەتلەردىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟ماڭا تىگىشلىك بولغان بايلىق ۋە خەزىنىلەردىن قۇرۇق قالارمەنمۇ؟

3) ھازىرغىچە ئەينىدىن،بىگىملەردىن ئالغان مۇشۇنچىلىك پۇللىرىم بىلەن قايتىپ كەتسەم يەنە چەكسىز خىزمەت ئىزدەش بىسىمى،تۇرمۇش بىسىمى بىلەن تۆرەملىكتىن يەنە بۇرۇنقى ئەغزەمجانغا ئايلىنىپ تەمتىرەپ ياشارمەنمۇ؟

4) مەندە ھازىر قەبرە،بايلىق ئىزدەشتىن ئارتۇق قىزىقىش،غايە بارمۇ؟ ئۇلاردىن ئايرىلىپ مەن قانچىلىك چىدىيالارمەن؟يەنە ئۆيدىن قېچىشنىڭ ئىككىنجى بۆلۈمىنى ئىشلەپ قالارمەنمۇ؟

كاللامدا نۇرغۇن سوئاللار ئۇچۇپ يۈرەتتى.ئۇلار بىلەن تونۇشقاندىن تاكى ھازىرغىچە بولغان ئىشلارنىمۇ تولۇق ئەسلەپ ئۆتتۇم.ئېغىزىم مايماق بولۇپ قالدى،جىن چاپلىشۋالدى،قۇملۇقتا ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆردۈم،كۆزۈمدىن ئايرىلغىلى تاس قالدىم....لىكىن شۇنىڭغا ياندىشىپ چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇن تەجرىبە ۋە ئاجايىپ سەرگۈزەشتىگە،چوڭقۇر بىلىمگە ۋە ئۆزگىچە خاراكتىرگە ئىگە ئۈچ دوستقا ئېرىشتىم.ئەگەر تاسادىبىي پۇرسەت بىلەن ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ قالمىغان بولسام مەن يەنىلا ئىمتىھان بېرىش،كومپيوتىر

ئويناپ كۈن ئۆتكۈزۈش،ئاتا-ئانامنىڭ بەرگىنىنى خەجلەپ پارازىتلارچە ياشاشقا كۆنۈپ قالغان ئەغزەمجان پېتى ياشايتىم.ئۇلار ماڭا مەندە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان قىزغىنلىق ۋە تەۋەككۈلچىلىك روھى،ئۆزگىچە نام ۋە باشقىچە غورور ئاتا قىلدى....

-بارىمەن!

ئاۋازىم ئارزاق يۇقىرى چىقىپ كەتكەچكە،ھەممەيلەن ئىتتىك بېشىنى بۇراپ قارىدى.مەن ئەينىدىن تاغىنىڭ يېنىغا كىلىپ،قارارىمنى يەنە قايتىلىدىم.

-بارىمەن!چوقۇم بارىمەن!بىز قاراغا كەپ بولدۇم.

ئەينىدىن بىلەن بىگىم ماڭا قاراپ ماڭا ناھايىتى تونۇش بولۇپ كەتكەن مىيغىدا كۈلۈش ئۇسۇلى بىلەن رازىمەنلىكىنى بىلدۈردى.لىكىن چىرايى سەل ئەسلىگە كەلگەن مەتىسلىم پىشانىسىگە پاقىدە بىرنى قويۇپ،چىرايىغا تېخىمۇ سۇلغۇن تۈس كىرگۈزدى.بەلكىم ئۇ كۆڭلىدە«سەن يەنە بىزگە زەللە بولۇپ تېگىلىدىكەنسەندە!» دەپ ئويلىغانلىقى ئېنىق ئىدى.ئۇنى گەپكە سالماقچى بولدۇم.

-ۋۇجۇ!پاشا چىقىۋاتامدۇيا ھەرىمۇ؟ قانچە ئۇسلىرىمۇ دوقا پىشانىلىرى ئىچىگە چىرىپ قامايدا جىما!

-ياقەي تۆرەم.سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ مىڭەمگە بىر چىۋىن كىرىۋالغاندەك خوش بولاپ كەتتىميا ئەينا!

-ھا-ھا-ھا!

-خا-خا-خا!

ھەممەيلەن ئۇنىڭ تاققا-تۇققا گەپلىرىدىن كۈلۈپ كەتتۇق.ئەينىدىن ھەممەيلەنگە ئىككى سائەتتىن تەييارلىق ۋاقتى بېرىپ،ئۆزى خاتىرىسىگە قاراپ پىلان تۈزگىلى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.مەن قولۇمغا يانفۇننى ئېلىپ، ئاپامغا تىلفۇن قىلدىم.

-ئاپا،چىز تۇدىڭما؟دادام چىژلىقما؟

-چىژلىق.ھەنىم بوسا ئېسىڭدە باكەنمىز ھە!

-شۇ ئىشىم ئالدىراش ۋولاپ قىلىپ قايلا.

-ھە.قاچانلىققا يىنىپ كىلىسە؟

-ما قىتىم ژىراقراق بىژىيەگە خىزمەتكە بارىدىغان ئوخشايمە.تىلپۇنمۇ ئىشلىمەيدىغان بىژىيەگە،شۇڭا ھەقاسىڭلىنى ئەنسىرەپ ژۇمسۇن دەپ تىلپۇن قىلىشىم.

-ئەپرىقىغا بامايدىغانسە؟ شىزاڭغا چىقامسە يا؟

-ئاھاي..چاقچاق قىممىيە جىما.ئىشقىلىپ ئەنسىرەپ كەتمەڭلا.ئۇزاق ئۆتمەي يانا دەم ئاغىنى بارىمە.

-بۇدا ئەمدە ئۆتكەندىكىدەك بىژتىرە-بىژئۇستىقان،يۈز-كۆزلىرىڭ چاقا كىلىدىغان ۋوساڭ،ئۇندا لاتا ئىدارەڭنىڭ،باشلىقلىرىنىڭنىڭ چىچىنى ژۇلۇپ قولىغا ئەپپىرىمە جىما دەپ قويااي!

-خا-خا!شۇندا قىلاسە.خۇدايىمغا ئامانەت!

-نىمدا ئالدىرايسە؟پۇلۇڭ تۈگىگەندۇ ھەقىچان؟كا نۇمۇرۇڭنى دەپ بىرەمسە يا ماشىنىدىن پۇل سەپپىرەيمۇ؟

-ۋاي ماڭا ھازىر خىلى ژۇقىرى مائاش بىرىۋاتىدا.ئۇ جەھەتتىن پەقەت ئەنسىرىمە.

-ۋۇجۇ!مائاش ئالدىڭمۇ تەخى؟قانچە پۇل بىرىۋاتىدا؟

-بولدى تولا ئۇششاق گەپ قىممىيە ئاپا.ما خوتەندىن قەشقەگە تىلپۇن قىلسام چاڭتۇ ھىساپلىنىدا.

-ماقا.خۇدايىمغا ئامانەت بالام.دىققەت قىلاسە جىما....

ئەسلىدە ئاپام بىلەن سۆزلەشسەم كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كىتىشتىن ئەنسىرىگەن ئىدىم،لىكىن ئاپام بىلەن كۆڭۈللۈك پاراڭلاشتىم.دادامغا تىلفۇن قىلدىم.

-چىژ تۇدىڭما دادا؟

-چىژلىق.ھە ئەغزەمجان ئەپەندىم،بەك يوقاپ كەتتىڭغۇ؟

-ئالدىراش ۋولاپ قىلىپ قايلا.

-ئۈيگە كەلدىڭما؟

-ياق.بۇگەن ژىراقراق بىژىيەگە ئىشلىگىلى ماماقچىتۇق.شۇڭا ھەقاسىڭلىغا دەپ قويااي دەپ تىلپۇن قىلىشىم.

-بولاپتا، دىققەت قىلاسە.قىژلىنىپ قاغان بوساڭ دەجىما.
-يا نەدە قىژلىنىدا.خاتىرجەم بول.
-پۇل-پۈچەك لازىم بوسا دە.
-هازىر مەن ماڭاش ئىلىۋاتىمە دەيمە.
-هەقانچە ماڭاش ئىلىپ،باشلىق ۋولاپ كەتسەڭمۇ مىنىڭ ئالدىمدا سەن مەڭگۈ بالا جىما.هازىر پو ئىتىپ قوياپ،خەقنىڭ ئالدىدا بوينۇڭنى قىسىپ ژۈمە بالام.
-ۋاي راس دەيمە.لازىم بوسا چوقۇم دەۋىرىمە.
-ئاپاڭغا تىلپۇن قىلدىڭما؟
-هازىر تەخى سۆزلەشكەن.
-هە ماقا.خۇدايىمغا ئامانەت....
دادامنىڭ«سەم مەڭگۈ ئالدىمدا بالا» دىگەن گىپىدىن كۆڭلۈم بىرخىل بۇزۇلۇپ كەتتى.تـوغرا،مەن هەم بـارلىق جـانىۋارلار هەرقـانچە يوغـان بولـسىمۇ ئاتـا-ئانـىسىنىڭ ئالدىـدا مەڭگـۈ بـالا.دۆلەت باشـلىقلىرىمۇ ئاتـا-ئانـىسىنىڭ ئالدىـدا بـالا.دىنىزاۋۇرمـۇ شـۇنداق،هىلىقى قۇمـدىكى مايمۇنسمان نەرسىمۇ شۇنداق....
كەيپىياتىم سەل ئەسلىگە كەلگەندىن كىيىن،ساپايىغا تىلفۇن قىلـدىم . بۇ قىتىم ئۇ قاپىقى تارتقاندەك تىلفۇنۇمنى ئالدى.
-سالامىلىيكوم!
-ۋائەلەيكۇم!بامۇسەن ئەغزەمجون!
-با،با ئادىش با.چىژ تۇدىڭما؟
-چىژ تۇدۇم.تويامغا كەممەي نۇمۇسمۇ قىممىدىڭ هە؟
-ۋاي جىـنىم ئـادىش،خىزمەت بـىلەن بـولاپ پەقەت خەۋەسـىز قاپتىمە.خاپۇما جىما،بۇداقى تويىڭغا چوقۇم بارىمە.
-ئاغزىڭغا پوق!ئاران توي قىلسام بۇداقى تويىڭ دەيدىيا ماۋۇ.
-چاقچاق،چاقچاق.ئىشقىلىپ خاپۇما.قايتىپ بىرىپلام ئـۆيەڭگە ئـايرىم كۆڭەل قوياپ بارىمە.
-ماقا،شۇ چاغدىمۇ كۆرەمىز.سىنى دەپ نۇرغۇن جاپا چىكىپ،هىلىق

قىزۋالىنى قىز قولداشلىققا توغۇرلىسام.كىلەمەي قالدىك ئەپسۇس!پىشانەڭدىن كۆرەسە!

-قاسى قىزۋالىنى؟

-ۋۇيىيۇ...ئەدەم بولا سەندەك ۋولا.ھېي!مەن تەخى كەينىدىن ئۆمىلەپ ژۇسەك قەبىي ئاشىق ۋولاپتۇ دەپتىمە،ئەسلى ماندالام ئويىنشىپ بىقىپتىكەنسە ھە ھىلىقى باج ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان قىزۋالىنىك!

ساپايىنىك بۇ گىپىدىن ھىلىقى قىزنىك نىمە ئۈچۈن توساتتىن ماڭا ئۇندىداردا گەپ قىلىپ قالغانلىقىنىك سەۋەبىنى چۈشەندىم.

-ھە....ئۇندامۇ ئەمەس.ئۇقماي قاپتىمە،قايدا قىلىپ ئۇنى قىز قولداش قىلالىدىك؟

-ئايالىمنىك ئالبۇمىنى كۆرەۋاتسام قايلا،ئاشۇ قىزۋالا بىلەن چۈشكەن بىژقانچە پاچە رەسىمى چىقىپ قالدى.«تونامسە» دىسەم،«تونۇيمە.مىنىك تولۇقسىزدىكى ساۋاقدىشىم،ھازىرمۇ چىيىمىز ۋا تەخى» دەيدۇ!شۇنىك بىلەن ئۇنى دەپ بۇنى دەپ ئاشۇنى قولداشلىققا توغۇرلىدىم.

-ھەقىچان ساپ مىنىك يۈزۈمنى تۆكىدىغان گەپلىنى قىلدىك؟

-ئەل ئاغىنىنىك يۈزىنى تۆكىدىغان بالا ئەمەس جىما مەن.پەقەت شۇ «ئەغزەمجان مۇشۇ قىزۋالا بىلەن تونىشاماي دورا ئىچىۋاغىنى تاس قاغان» لام دەپ قويدۇم شۇ!

-لاتا!مۇشۇ تەخى يۈزۈمنى تۆكمەي دىگەن گىپىڭما؟

-ۋىيى ماگۇينى!ھېي!تويامغا كەمەك بىژى،تەيىيا ئاشىقنى ئەكەپ بىرىك شىككى،يانا قايدا قىپ بەسەم بولىتى ساڭا؟!خىجىل بومماي تىللاتىدىيا ئەدەمنى!

-خا-خا-خا!بوپتا.خاتالىق مەندىكىن،خاپۇما،جىق جاپا چىكىپسە.باغاندا ھەسسىلەپ جاۋاپ قايتۇرىمە.

-قاچانلىققا كىلىسە؟

-ھازىرچە ئېنىق ئەمەس.

-ھە...ئۇندا ۋوسا شىككىنجى بالامغا ئات قويغاندا كىلىدىغان

ئوخشايسه.

-ماگەۋە....بۇدا چوقۇم بىرىپلام سىنى ئىزدەيمە.يېقىندا جىددى ئىشلەپ قالىدىغان چىراي تۇرىمە.

-شۇندا قىل.دىمىسىمۇ خىزمەتكە بەك تەس چىقتىڭ ئەمەسما.بۇرۇن ئىشلىيەممىگەن ۋاقتىڭنى قوشاپ ئىشلىۋەت!

-نىمە دىسەڭ دىگەچ تۇ.ماقا خۇدايىمغا ئامانەت!

-شىتتىنكرەك كىلەسە،خۇدايىمغا ئامانەت....

ساپايى بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ،ھېلىقى قىزغا تېلىفۇن قىلىپ باققۇم كەلدى،لىكىن نىمە دىيىشمنى بىلەلمەي ئاخىرى تېلفۇن قىلىشتىن يالتايدىم.كىيىن يەنە دائىم مىنى چىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان ۋەھىملىك ھىكايىلەر بىلەن تەمىلەيدىغان زەپەرجانغا،ھازىرغىچە بىيىش يولىنى تاپالماي ئىجتىمائىي رايوندا توختاملىق ئىشلەپ جان بېقىۋاتقان،ئىقتىسادى ئېگى نەزرىيۋى جەھەتتىن ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئابدۇجاپپارغا....ئىشقىلىپ كۆڭلۈم يېقىن بارلىق دوستلىرىمغا تېلفۇن قىلىپ چىقتىم.ئاخىرى غەيرەتكە كىلىپ ھېلىقى قىزغا تېلفۇن قىلىشنى قارار قىلغىنىمدا،يانفۇنىنىڭ توكى تۈگىدى....

ئەيىندىن بەلگىلەپ بەرگەن تەييارلىق قىلىش ۋاقتى توشتى.ھەممەيلەن ئەيىندىن يىتىۋاتقان ھېلىقى ئۆيگە يىغىلدۇق.ئەيىندىن ھەممەيلەنگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كىيىن ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىشنى باشلىدى.

-بىرژدەم تۇرۇپ يولغا چىقىمىز.شۇڭا بەزى ئىشلىنى تەكىتلەپ قوياي.دىققەت قىلىشىپ ئاڭلىشالا!

1) بىز ئاۋال ئالدىنقى قىتىم ماڭغان ئوڭ يۆلىنىشى بويىچە تەشكۈرەشنى باشلايمىز.ھەممىمىز بىللە ماڭىمىز.ھەممىمىز بىرژدەك مىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىمغا بوي سۇنۇشۇڭلىنى تەلەپ قىلىمە.

2) مەيلى قۇم ئاستىدا بولىلى ياكى قەبرىدە بولىلى،كامانى كۆسەك تاش ئاتىدىغان،جانىۋانى كۆسەك قاش ئاتىدىغان قىلىقلىنى قەتتى قىمايلى.قالايمىقان بىژنىمە ئامايلى،تۇتمايلى!

3) ھەقاندا چاتاققا يولۇققاندا سوغاققان بولىلى.ئۆزئـارا قوغداشـنى ۋە ئـشىنىشنى ئاساس قىلىلى.ئالدىراپ ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويمايلى.

4) ھالقىلىق پەيتتە قېچىپ چىقىشقا ئاسان بولىشى ئۈچۈن،ئامالىنىڭ بىرىچە ژۆك-تاقنى ئازراق ئالىلى.

5) ئەڭ موھىم ئىش شۇكى ئەگەر تاساددىبىيلىق يۈز ۋىرىپ قاسا،مەيلى چىم سالامەت چىقالىسۇن،چوقۇم مىنىڭ خىزمەت سومكامنى ئىلىپ چىكەتسۇن.بۇنىڭدا بىزنىڭ بارلىق ئەجرىمىزنىڭ جەۋھىرى با دەپ چۈشىنىڭلا.

گىپىم تۈگىدى.باشقىلىنىڭ گىپى ۋوسا ئاڭلاي!

ئۇنىڭ ئىككىنجى،ئۈچىنجى ئورۇنلاشتۇرىشى ماڭىلا قارىتىلغان بولسىمۇ مەن بۇقىتىم ئارتۇقچە گەپ قىلمىدىم.لىكىن كاللامدىن ئۆتمىگەن بىرقانچە سۇئالنى سورىغىم كىلىپ قالدى.

-مىنىڭ شىكىكى ئېغىز گىپىم باتى.

-ھە.

-بىز نىمىشقا ئۆتكەنىدە بىگىم بىلەن مەن ماڭغان سول يۆلۈنۈشكە ماڭماي،ھەقاسىلىرى باغان سول يۆلىنىشكە ماڭىمىز؟

-سىلە كۆزلىرىنى داۋالىتىپ ئۇخلاپ ياتقانىدا،بىز ئاپتاپ سىنىمىغان،ئەشەگە باغان.ھېلىقى پالىداپ تۇغان كۆزلە يانا ژۇغلىشىپتا،سىلىنىڭ يانا كۆگىلىرى كىلىۋاتامدا؟

ئەينىدىن مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويىدى.جاۋاپ بىرىش ھاجەتسىز.مەن ھەرگىز ئۇيەرگە بارمايمەن ھەم ھېلىقى پالىداپ تۇرغان كۆزلەرنىمۇ قەتئىي كۆرگۈم يوق.شۇڭا ئىككىنجى سۇئالىمنى سورىدىم.

-بىژقانىدا ئىش ۋولاپ قاسا نىمىشقا ئەدەمنى قۇتۇلدۇماي،سىلىنىڭ سومكىلىرىنى ئەچكىتىمىز؟بۇ سومكا ئەدەمدىنمۇ مويىمما؟

-ئارىمىزدا سىلىدىن قاسىلام مۇشۇ سومكا مويىم.ئەلۋەتتە ئەدەمنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئىمكانىيتى بولاپ قاسا ئەدەمنىمۇ ئەچكەتسەك تەخى ياخشى.

ئۇنىڭدىن يەنە سۇئال سوراشنىڭ بىھۇدە ئىش ئىكەنلىكىنى ھىس

قىلىپ، سوئال سوراشنى توختاتتىم.مەتسىلىمنىڭ ئاغزىنى ئۆمەللەپ قويۇپ توختاپ قالغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا باشقا سوئال چۈشمىدى.شۇنىڭ بىلەن يولغا چىقتۇق....

ئازگال ئىچىدىكى ئازگالغا ئۈچىنجى قېتىم قايتا كەلدىم.ئاچال ئېغىزىغا كەلگەندە شۈركىنىش ئىچىدە سول تەرەپتىكى يولغا بىرقاراپ قويۇپ سەپنىڭ ئارقىدىن مېڭىپ كەتتىم.ئوڭ تەرەپتىكى يول بىز ماڭغان يولدىن خېلىلا كەڭرى ھەم قاتتىق ئىدى.مەن بىگىمگە ياندىشىپ ماڭغاچ بىر يەر ئاستىدىكى قۇملارنىڭ بۇ دەرىجىدە پەرىقلىنىدىغانلىقىدىن ھەيران قالدىم.خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كىيىن،كۆز ئالدىمىزدا يەنە تۆۋەنگە چۈشىدىغان پەشتاق پەيدا بولدى.توغرا،پەشتاق.قىرىلىرى ناھايىتى ئېنىق،قۇم-توپا ئارىلاشمىسىدىن ياسالغان پەشتاق!

مەن بۇ پەشتاقنى ناھايىتى ئۇزۇن بولىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغان ئىدىم.لىكىن خاتا سانىمىغان بولسام بۇ پەشتاق ئاران ئون ئۈچ بالداق كەلدى.ئاندىن بىز قەدىمىي ئۇسلۇپتا ياسالغان دەرۋازىسى ئارقىغا ئۆرۈلگەن بىر كىرىش ئېغىزىغا كەلدۇق.ئىچىگە كىرىۋاتقاچ يەردىكى دەرۋازىغا چىراق تۇتۇپ باقتىم.ناھايىتى قېلىن ياغاچ ماتىرياللىق دەرۋازا ئىدى.ئەينىدىن بۇيەرنى پىششىق بىلىدىغان ئادەمدەك سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا كىتىۋاتىۋاتاتتى.ھاۋا بارغانسىرى دىمىق بولۇپ كەتتىمۇ ياكى ماڭا شۇنداق سىزىم بولدىمۇ ئىشقىلىپ بىرخىل دىمىم سىقىلىپ،تاماكا چەككۈم كىلىپ كەتتى.شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم.

قاتار-قاتار تىزىلغان ئادەمسىمان تاش ھەيكەللەر،ھەيكەللەرنىڭ ئەتراپىدىكى تاشقا ئويۇلغان غەيرى نەقىشلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.بەلكىم بۇلارنى ئەينىدىن ئاللا بۇرۇن سۈرەتكە تارتىپ خاتىرە يېزىپ بولغان بولسا كېرەك،خۇددى ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك ئالدىغا قاراپ كىتىپ باراتتى.مەن ھېلى ئۇڭغا ھېلى سولغا قاراپ سەل كۆتۈرلۈپ قالغان يەرگە پۇتلىشىپ كىتىپ، يىقىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدىم.ئەينىدىن ماڭا بىرنى ئالىيىپ قويدى.مەتسىلىم ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلۈپ كەتتى.بىگىم بولسا مۇشۇنداق بولىشىنى بىلىدىغاندەك بىشىنى

يىنىك لىگشتىپ قويدى.مەنمۇ بۇنداق پـالاكەتلىككە كۆنـۈپ كەتكەچـكە بەك خىجىل بولۇپمۇ كەتمىدىم.

يـول بارغانــسىرى تارىيــپ دېمــم راســتلا ســقىلىپ كەتتى.ئەتراپىمـدىكىلەرگە قارىـدىم.ھەممەيلەننىـڭ يۈزىـدە تەر يۇقى تۇراتتى.بۇنـىڭ مەنـدىكى پـسخىك نورمالـسىزلىقتىن يـاكى بەدەن ئـاجىزلىقتىن كىلىـپ چىقمىغـانلىقىنى جەزىملەشـتۈرۈپ،كۆگلۈم جايىغا چۈشتى.بىز موگودەك ياسالغان،تولىمۇ كىچىك ھەم پاكار،ئېگىزرەك ئادەم بېشىنى تۆۋەن قىلىپ كىرمىسە پاتمايدىغان بىر گۈمبەزنىڭ ئالدىغا كىلىپ توختىدۇق.

-نەپەس ئېلىـشتا قىينالغـانلار ئوكـسگىن قـاپىقىنى تاقـاپ نەپەس ئىلىۋىلىگلا!

ئەيىنىدىن شۇنداق دىگەچ ئۆزى بىرىنجى بولۇپ،سومكىدىن ئوكسگىن قـاپىقىنى ئىلىـپ شۈمۈرۈشـكە باشـلىدى.مەنـمۇ ئىككىلىنىـپ ئولتۇرمـاي قاپىقـاقنى بۇرنۇمغـا تاقـاپ، سـوغۇق ھەم راھەت ئوكـسگىندىن قـانغىچە شـورىۋالدىم.ئـۇزۇن ئـۆتمەيلا مەنـدىكى سـىقىلىش ۋە بىئـارام بولـۇش ئالامەتلىرى غايىپ بولدى.

-بۇ بىز چىمەكچى بوغان بىرىنجى قەبرە.چىرىشتىن بۇرۇن مەن دىگەن ھىلىقى ئىشلىنى ئىسىمىزدە چىڭ تۇتىلى.ماقىمۇيا تۆرەم؟

-ماقا.يادىلاپ بىرەيمۇ دىگەن گەپلىرىنى!

-ئەسلىرىدە بوسىلام بولـدى.يانـا بىـژ ئـىش ئىچىنىـڭ ھاۋاسـىمۇ سـەل دىمىق.ئەگەر بىئارامىلىق ھىس قىلغانلا بوسا ئوكسگىن تاقاسىلە.

-مەن بىژتال چىكىۋاسام بولامدۇيا؟

-كـۆگەللىرى،لىكىن مانـىڭ ئىچىـگە چىگەنـدىن باشـلاپ قەتتـى چەكسىلىرى بومىايدا جىما.ما دىگەن قەبرە!

مەن ئەيىنىدىنگە «خوپ كومانـدىر» دىـگەن قـول ئىشارىـسىنى بىرىـپ قويۇپ،ئالدىمدىكى گۈمبەزدىن ئارقامغا ئۇن نەچچە قەدەم يىنىپ ئاندىن تاماكا تۇتاشتۇردۇم.زوگزىيىپ ئولتـۇرۇپ تاماكـا چەككەچ،كـۆزۈم ھىلىقـى گۈمبەزنىڭ يىنىدىكى كۇۋادىرات شەكىلدە ئويۇلغان كىچىك بىر كامارغا

چۈشۈپ قالدى.قېشىغا بېرىپ شۇنچە قاراپ باققۇم كەلگەن بولسىمۇ،ئەينىدىنىنىڭ«كامانى كۆسە تاش ئاتىدىغان،جانىۋانى كۆسە قاش ئاتىدىغان ئىشنى قامايلى» دىگەن سېسىق گېپى ئېسىمدە بولغاچ ئۆزۈمنى تۇتىۋالدىم.

ئەينىدىن بودەك قورسىقىنى ئىچىگە تارتىپ تۇرۇپ،تۇنجى بولۇپ گۈمبەزنىڭ ئېغىزىدىن كىرىپ كەتتى.ئاندىن مەتىسلىم كىردى.مەن ئەڭ ئاخىرىدا كىرمەكچى بولىۋىدىم،بىگىم«مەرھەمەت» دىگەن مەنىدە ئېگىكىنى ئۇشلاپ قويدى.مەن چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ،ئۇ ئېغىزغا كىردىم.ئورۇق بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇ يەردىن ئوڭايلا كىرىپ كەتتىم.كىرىپلا كۆز ئالدىمدىكى مەنزىردىن ھەيران قالدىم.چۈنكى ئەينىدىن ياققان يۇقىرى بىسىملىق يورۇقلۇق مەنبەسىنىڭ يورۇتىشى ئاستىدىكى بۇ قەبرىنىڭ ئىچى تولىمۇ ئازادە ھەم كەڭرى بولۇپلا قالماي،تورۇس قىسمىغا نەقىشمۇ ئويۇلغان ئىدى .ئۆزۈمنى تۇتىۋالالماي سۆزلەپ سالدىم.

-ۋاخ!بۇ جۇاڭشۇ قىلىنغان قەبرە چوقۇم بىرە پاتىشانىڭ ئوخشايدا!

-بۇ دىگەن قەبرىنىڭ تىلاۋەتخانىسى،ئۆزى ئەمەس!

بىگىم ماڭا چۈشەنچە بەردى.دىمىسىمۇ راست.بۇيەردە ھىچ ئادەم دەپنە قىلغان ئىزنا ياكى جەسەت قالدۇقى يوق ئىدى.ئەينىدىن بۇيەرنى ئالدىنقى قېتىم رەسىمگە تارتمىغان بولسا كېرەك،توختىماي،تام-تورۇستىكى نەقىشلەرنى سۈرەتكە تارتىشقا باشلىدى.مەن ئۇيان-بۇيان قاراپ،تامنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ئېسىلغان خالتىدەك نەرسىلەرنى كۆرۈپ قالدىم.شەيتىنىم يەردىن چالما ئىلىپ ئۇنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ كۆرۈپ بېقىشقا ئالدىراتقان بولسىمۇ،بۇ قېتىم ئۆزۈمنى تۇتىۋىلىپ بىگىمگە ئۇ نەرسىلەرنى كۆرسەتتىم.

-ئۇنىڭدا خۇشپۇراق تاقتىدىغان ماتىرياللا باكىن،مەن ئالدىنقى قېتىم بىرىنى ئىلىپ كۆرەپ باققان.

-ھە...ھەممىسىدە شۇندا نەسە بامىدۇيا باشقا نەسىمۇ بامىدۇ؟

-قايدا باشقا نەسە دەيلا؟

-قۇت بۆرە تېشى.

-ھا-ھا-ھا!ئىمدا سىلىنىڭ خىياللىرىغا ئاشۇ تاشلام چىرىۋاپتىيا؟

-يا ئەمدى دەيمىنا.ئۆتكەندىمۇ مە تاپپاغان ئەمەسما.يانا مۇشتا خەق كۆزگە ئىلمايدىغان يەلىگە قوياپ قويغان بوسچا؟

-مىنىڭچە ئۇندا ئەمەس.لىكىن دەپ قاپلا ئۆزلىرى خالىغان بىژنى ئىلىپ كۆرەپ باقسا ئەمىسە.

بىگىم قوشۇلغان بولسىمۇ مەن يەنىلا ئەيىندىنىگە قاردىم.ئۇ بىشنى يىنىك لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم.لىكىن خۇشاللىقىم بىردەمدىلا غايىپ بولدى.چۈنكى ئۇ خالتىلار مەندىن ئاز دىگەندىمۇ بىرىيىرىم مىتىر ئىگىزلىكتە ئىدى.مەن ئېگىكىمنى يۆلەپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم.مەتسىلىم خۇددى«ئامامىسە ھە نوچى» دىگەندەك ماڭا قاراپ چالا ھىجىيىپ تۇراتتى.مەن بويۇم يەتمەدى دىيىشتىن خىجىل بولۇپ،ئۆزۈمگە ياخشى بانادىن بىرنى تاپتىم.

-بولدىلا.ئەك ياخشىسى ئەيىندىن تاغامنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىغا تولۇق بويسۇنۇپ،بىژنەسىگە قالايمىقان ئىيتىشمايلى جىما.

-تۆرەم بۇدو بەك قۇلىغى يومشاق بوپكىتىپتىيا ئەينا.ھىي-ھىي....

مەتسىلىم دىگەن ئوغرى مىنى يەنە زاڭلىق ئېتىپ كۈلىۋالدى.مەنمۇ ئۇنىڭغا بوش كەلمىدىم.

-مەتسىلىمكو،سىلە ئامامىلا ئۇندا ۋوسا قەنى!

-بويام يەتمەيتۇ!

-سىلىنىڭ جەمەتىنىڭ ئەزالىرى تامغا يامىشالايتىيا؟

-ھىي-ھىي-ھىي!

-خا-خا-خا!

-ھا-ھا-ھا!

مىنىڭ كەلتۈرۈپ دەۋالغان چاقچىغىمدىن ھەممەيلەن كۈلۈپ كىتىشتى.

ئەيىندىن تاغا خىزمىتىنى تۈگەتكەندىن كىيىن،بىز يەنە گۈمبەز ئېغىزىنىڭ قىيپاش ئۇدۇلىغا توغرا كىلىدىغان،يىرىمى تولۇق سۇندۇرۇلغان قوش قاناتلىق ئىشىكتىن،قەبرە ئىچىگە ئىچكىرلەپ كىردۇق.بۇ يەرنىڭ

قۇرۇلمىسىمۇ سىرتتىكىسى بىلەن بەك پەرقلىنىپ كەتمەيتى.بىرلا پەرىقلىنىدىغان يېرى،تورۇسىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا بىگىمنىڭ چۇشەندۇرىشى بويىچە ئېيتقاندا،خۇشپۇراق ماتىرياللار سىلىنغان خالتىلار ئېسىلغان ئىدى.كۆزلىرىم ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇ خالتىلارغا شۇنچە تەلمۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ،لېكىن بويۇم يەتمەسلىكتەك رەھىمسىز ئەمەلىيەت بولغاچقا،بىشىمنى چايقاپ ئەپسۇسلانغانلىقىمنى ئىپادىلەپ قويدۇم.لېكىن كاللامدا بىگىم قانداق ئالالىغان بولغىيتى دىگەن سوئال ئايلىنىپ يۈرەتتى.ئاخىرى بۇرنىنى كولاپ تۇرغان بىگىمدىن سورىدىم.

-بىگىم،سىلە تېشىدىكى تورۇستىن خالتىنى قايدا ئاغان؟

-ھا-ھا-ھا!سەكلەپ ئاغان!

-ۋۇجۇ!سىلە ئىم بى ئەيگە بىرىپ ۋاسكىتپۇل ئوينىسىلىرى بولامدا نىمە؟قاڭقىش كۆچلىرى جوردانىدىن قېلىشمايدىكىن.

ھەيرانلىق ھەم ھەۋەس بىلەن بىگىمگە قارىدىم.مەن ئۇنىڭ گىپىگە تولۇق ئىشەنگەن ئىدىم.ئويلىمىغان يەردىن بىگىم قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

-چاقچاق قىپ قويدۇم.ياش ۋاقتىمدا قايدا ۋولاكى،ھازىرقى بۇ يېشىمدا مۇمكىن ئەمەس.

-ھە؟!ئۇندا ۋوسا قايدا ئاغان؟يا ئاماي تۇرۇپ مىنى ئالداپ قويىلىميا؟

-ياق.راس ئاغان.لېكىن سەكلەپ ئەمەس مانىڭ بىلەن.

بىگىم سومكىسىدىن بىلىق تۇتىدىغان قارماققا ئوخشايدىغان،لېكىن ئۇنىڭدىن خېلىلا قىسقا بىر تۆمۈر ئەسۋاپنى چىقىرىپ ماڭا كۆرسەتتى.

-مۇشۇ تۆمۈنى ئېتىپ چۇشۇگەنما؟

-ياق.توختاپ تۇسا ھە.

بىگىم ئۇ ئەسۋاپنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇپ،ئاستى تەرىپىنى ئاستا تولغىدى.ئۇ ئەسۋاپنىڭ ئۇچى بارغانسىرى ئۇزىراپ بىر مېتىردىن ئېشىپ كەتتى.مىنىڭ خۇشاللىقتىن ئېغىزىم قۇلىقىمغا يەتتى.

-ۋاخ!ماندا يامان گۈھەر با دەيلى ئەسلى.ئەككەسە كۆرەپ باقاي.

مەن ئۇ ئەسۋاپنى قولۇمغا ئىلىپ كۆردۇم.خېلىلا ۋەزنى بار بۇ ئەسۋاپ

تولۇق تۆمۈردىن ياسالغانـدەك تۇراتتى.

-بۇنى نىمىگە ئىشلىتىدا؟

-ئېگىـزگە ياماشـقاندا تېرىگـۈچ تايـاق قىلىمىـز.قـولىمىز يەتمـىگەن بىژنەسىنى ئاماقچى بوغاندا مۇشتا قىلىمىز.

-قانچىلىك ئۇزۇرايدا؟

-ئەرشى ئالانى تېشىۋېتىدىيا ئۇ زەخىيەك!

مەتسىلىم مىنى زاڭلىق ئېتىپ بايامقى گەپتە يېڭىلىـپ قالغـان ئەنتىنـى ئىلىۋالدى.بىگىم،ئەينىدىنلەر كۈلۈپ كەتتى.

-ئەڭ ئۇزۇن بوغاندا بىرمىتىر توقسان ئەتراپىدا چىقىدا.

بىگىمنىـڭ جاۋابىـدىن كـيىن،مەن بىگىمنىـڭ ئۇسـۇلىنى دوراپ ئـۇ ئەسۋاپىنىڭ تۇتقۇچىنى بۇرىـدىم.دىگەنـدەك ئـۇچى يەنە چىقىـۋەردى.مەن تاكى بۇرىيالمىدەك دەرىجىگە كەلگۈچە چىقارغاندىن كـيىن،مەتـسىلىمگە مەغرۇر قاراپ«قايلاپ تۇسا جىما!ئەرشالانى تىشىپ بىرەي سىلىگە!» دەپ ئۇ ئەسۋاپىنىڭ ئۇچىنى بىر خالتىغا تەككۈزۈپ سىلكىشكە باشلىدىم ....

## 23-باپ هارام تاياق

-پوك!

ساڭگىلاپ تۇرغان بىر خالتا مىنىڭ توختىماي لىڭشىتىشىم نەتىجىسىدە يەرگە چۈشتى. دەرھال ئەسۋاپنى تاشلاپ خالتىنى قولۇمغا ئالدىم. خاتا ئېغىزىنى چەگكەن يىپتەك نەرسە بىر كۈچۈشۈمگىلا ئۈزۈلۈپ، خالتا ئېچىلدى. ئىچىدە چالمىغا ئوخشايدىغان قىزغۇچ كالّلەكتىن تۇراتتى. بۇرنۇمنى يېقىن ئەكىلىپ پۇراپ باقتىم. ئۇنىڭدىن قۇم-توپا پۇرىقىدىن باشقا پۇراقنى ھىس قىلالماي، قولۇمنى خالتا ئىچىگە تىقىپ ئۇ كالّلەكنى ئېلىپ ئىككى قولۇم بىلەن ئۇشتاپ بىقىشقا ئۇرۇندۇم. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ كاللەك ئاسانلا ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئەتراپقا ئاجايىپ بىرخىل خۇش پۇراق تارقالدى.

-ھەممىڭلار بۇنۇڭلىنى توساڭلا!

بىگىمنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ مەن ھوزۇرلىنىشنى توختىتىپ قويۇپ، دەرھال قولۇمدىكى ئۈۋاقلارنى يەرگە تاشلاپ، بۇرنۇمنى تۇتىۋالدىم. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئەجىبا بۇ زەھەرلىك پۇراق تارقىتىدىغان نەرسىمىكىنە؟ئويلىغانسىرى قورقۇپ يەردىكى قىزىل ئۈۋاقچىلاردىن يىراقلاشتىم.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىنتاڭ، ئەتراپىمدا ھىچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندىن كېيىن قولۇمنى ئاستا چۈشۈرۈپ، باشقىلارغا قارىدىم. مەتسىلىم ماڭا قاراپ چالا ھىجىيىپ تۇرۇپتۇ. بىگىم يەنىلا بۇرنىنى كوچىلىغان ھالەتتە، ئەيىندىن ئۆز خاتىرىسىنى يېزىۋېتىپتۇ. بىردىنلا ئەخمەق قىلىنغانلىقىمنى ھىس قىلىپ ئۇلارغا نەپرەت بىلەن قارىدىم. ئۇلار پەرۋايىغىمۇ ئالماي ئۆز ھالىتىنى ساقلاپ تۇراتتى.

-پوك!

-پوك!پوك!

تۇيۇقسىز تورۇستىن بىرنەرسە توختىماي پوكۇلداپ چۈشۈشكە باشلىدى، مەن بېشىمنى قامالّلاپ، كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ يەردە زوڭزىيىپ

ئولتۇرىۋالدىم.ئاۋاز توختىغاندىن كېيىن ئاستا كۆزۈمنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىدىم.يەردە نۇرغۇن قۇت بۆرە تېشى تۇراتتى!تۇغرا ھېلىقى ئەلسۆي-پۇيسۇن دىگەنلەردىن قالغان،بىرسىنى ئەينىدىن يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن قۇت بۆرە تېشى!كۆزۈمگە ئىشەنمەي،مەيدە يانچۇقۇمدىن كۆزئەينىكىمنى ئېلىپ تاقاپ قايتا قارىدىم.يەنىلا سانسىز قۇت بۆرە تېشى!بۇنى پەقەت ئىككى پارچىلا دەۋاتمامتى؟بۇ يەردە نىمانداق كۆپ ھە!

دەلىللەپ بېقىش ئۈچۈن يەردىن بىرنى ئىلىپ كۆزۈمگە يىقىن تۇتۇپ قارىدىم.چىشلىرى يېرىم ئىچىلغان،يايىلىق قۇت بۆرە تېشىنىڭ دەل ئۆزى!ھاياجانلىنىپ يەردىن يەنە بىرنى ئالدىم.يەنە ئوخشاش،يەنە ئالسام يەنە ئوخشاش....مانا بايلىق،مانا تۆھپە!ئاھ خۇدا!ھاياتىڭنى بىكارغا ئۆتكۈزمەپسەن ئەغزەم!بۇ سەپتىن چۈشۈپ قالماي تۇغرا قىپسەن ئەغزەم!ياشا ئەغزەم!

يەردىكى تاشلارنى تېرىپ بولالماي ھەلەكچىلىكتە تۇرىۋاتقىنىمدا،گەدىنىمگە قاتتىق بىر شاپىلاق تىگىپ مىنى ئوڭدامغا ئۈچۈرىۋەتتى!ئىھتىيات بىلەن سول تەرەپكە بىرقانچىنى دومىلىۋىتىپ دەرھال ئورنۇمدىن تۇردۇم(بۇنداق ئۇسۇلنى مەن ھوللىۋۇتنىڭ كىنولىرىدىن كۆرۈۋالغان).لىكىن قەبرە ئىچىدە ھىچكىن كۆرۈنمەيتتى.ئەينىدىن،بىگىم،مەتسىلىملار قېنى؟!مىنى كىم ئۇردى؟!

ئەتراپقا تولۇق قارىدىم.ئالدى-ئارقى،ئوڭ،سول،180گىرادۇس ئايلىنىش....بىرمۇ ئادەم يوق.مىنى سەل ۋەھىمە باستى.

-ئەينىدىن تاغا!

جاۋاپ يوق.

-بىگىم!

يەنىلا جاۋاپ يوق.

-مەتسىلىمكا!

ئوخشاش جاۋاپ يوق.

ئۇلار قەيەرگە كەتتى؟!تۇتتۇندەكلا ھاۋادا غايىپ بولدىمۇ؟!ئۇلار چىقىپ

كەتكۈچە مەن سەزمىدىممۇ؟....ئەمدى مىنى تولۇق قورقۇنۇچ باسقان ئىدى.ئارقامغا يىنىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم.لىكىن يەردىكى سانسىز قۇت بۆرە تېشىغا قاراپ يەنە كۆزۈم قىيماي يەرگە ئېڭىشىپ تاش تىيىشكە باشلىدىم.گەدىنىمگە يەنە قاتتىق بىر شاپىلاق تەگدى.ئارقىدىنلا كاسامغا قاتتىق بىر تېپىك!

بۇ قېتىمقى تاياق بەك ئۆتۈپ كەتكەچكە،ئاچچىقىم كىلىپ،يەردىكى تاشلار ئارىسىدا تاشلىنىپ تۇرغان تۆمۈر ئەسۋاپنى تىزلىك بىلەن قولۇمغا ئىلىۋالدىم.ئاندىن بۇ كۆرۈنمەس«دۈشمەن» گە قالايمىقان شىلتىپ ئۆزۈمنى قوغدىغاچ ئارقامغا چىكىندىم.بىر قانىتى سۇنۇق ئىشكتىن چىقىپلا،كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرىگە قاراپ ئاغزىمنى يوغان ئاچقان پېتى تۇرۇپ قالدىم.

چۈنكى سىرتىدىكى قەبرە،توغرىسىنى ئېيتقاندا قەبرىنىڭ تىلاۋەتخانىسى بىردىنلا بىرقانچە يەرگە يوغان مەشئەل يېقىلغان، ئوردىدەك بىر جايغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى،ھەممىدىن قورقۇنۇچلۇق يىرى شۇكى،بۇ ئوردىدا لىققىدە ئادەملەر بىلەن تولغان ئىدى.بېشىمنى سىلكىۋىتىپ،يەنە قارىدىم.ئالدىمدا بىرقانچە سەپ بولۇپ تۇرغان دوبۇلغا-ساۋۇتلۇق لەشكەرلەر،لەشكەرلەرنىڭ ئارقىدىكى تەختتە ئولتۇرغان گەۋدىلىك،نىقابلىق پادىشاھ كۆرۈندى.

«خا-خا!ئەغزەم،بۇ چوقۇم خاتا سەزگۈ.دەرھال ھوشۇڭنى تاپ،ھوشۇنى تاپ!» ئۆز-ئۆزۈمگە شۇنداق دىگەچ ئالدىمدا تۇرغان بىر لەشكەرگە قاراپ ماڭدىم.ئۇنىڭغا بىر قەدەم قالغاندا لەشكەر قورسىقىمغا شۇنداق قاتتىق بىرنى تەپتىكى،قان قۇسۇۋەتكىلى تاسلا قالدىم.

-تىزلان!

قورسىقىمغا تەككەن قاتتىق پەشۋا ۋە قۇلاق تۈۋىمدە ياڭرىغان سۈرلۈك ئاۋاز،بۇ ئىشلارنىڭ خاتا سەزگۈ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىدى.قورسىقىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ دەرھال تىزلاندىم.

-سەن كىم؟

بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىماقچى بولدۇم.

-بىشىگنى كۆتۈرمە!بىئەدەپ!
دەرھال بېشىمنى تۆۋەنگە سېلىپ تۇرىۋالدىم.
-سەن كىم؟!
بۇ قېتىمقى سوراق تېخىمۇ جاراڭلىق ئاڭلاندى.
-مەن....مەن ئەغزەمجان تۆرەم!
-بۇ يەرگە نىمە دەپ كەلدىڭ؟
-خىزمەت....خىزمەت ئىشىنى دەپ كەگەن.
-يالغان!
ئاۋاز بىلەن تەڭ لەشكەرلەرنىڭ قىلىچلىرى شاراقشىپ كەتتى.يۈرىكىم ئېغىزىمغا تىقىلىپ قالدى.دەرھال بېشىمنى يەرگە توختىماي ئۇردۇم.
-ئالىيلىرى،غەزەپلەنمىسە،بىز قوشۇق قېنىمدىن كەچسە!
-كىمنى ئالىيلىرى دەۋاتىسەن بەدبەخ!
بېشىمنى كۆتۈرۈپ،قورقۇمسىراپ تەختتە ئولتۇرغان ئادەمگە قارىدىم.ھەقىقەتەن ئۇكىشى تەختتە ئولتۇرغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن،بېشىدا شاھلىق تاجىسى يوق ئىدى.
-كەچۈرسە،شاھىم،ياق بېگىم!
-كىمنى بېگىم دەۋاتىسەن؟!
-مەن ...پاسىبانىم،مەن ئۆزلىرىنى قايدا ئاتاشنى پەقەت بىلەممىدىم.مەن بۇيەگە يېڭىدىن كەگەن،شۇڭا خاپۇماي....خاپۇماي نىم دەپ ئاتىشىمنى دەپ بەگەن بوسلىرى!
ئۇنىڭ يەنە رەنجىشىدىن قورقۇپ توختىماي باش ئۇردۇم.
-ھىم....بىلىپ قوي،ئەلسۆي غوجا دىگەن مەن بولىمەن!
مېڭەم پىررىدە قېيىپ كەتكەندەك بولدى.مەن قانداق بولۇپ رىۋايەتلەردىكى ئەلسۆي بەگنىڭ قېشىغا كىلىپ قالغاندىمەن؟!تېخى ئۇنىڭ تاشلىرىنى چاڭگاللاپ ئىلىپ سومكامغا ساپتىمەن!
-ئەمدى نىمە دىيىشىگنى بىلدىگمۇ؟
-بىلدىم،بىلدىم!ئەلسۆي غوجام!
-ئېغىزىگغا پوق بەدبەخ!ھەزىرتىم دەپ ئاتا!

-خوش، خوش....ئەلسۆي ھەزرىتىم!
-ئىسمىمنى تىلغا ئالغۇدەك بولدۇڭما تېخى! جاللات!
پۇت-قولۇمدا جان قالمىدى. بېشىمنى توختىماي يەرگە ئۇرۇپ پىشانەممۇ بەك ئاغرىپ كەتتى.
-ھەزىرىتىم، پاسىبانىم، سۇلتانىم....
ئېغىزىمدىن يەنە قانداق ئاتالغۇلارنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم. ئىشقىلىپ توختىماي باش ئۇرۇپ، توختىماي ئۇنى مەدھىيلەيدىغان ئاتالغۇلارنى تۆكۈۋەتتىم. مىنىڭ ساداقىتىم ئۇنىڭغا ياراپ كەتتىمۇ ياكى باشقا سەۋەپمۇ ئەيتاۋۇر جاللاتلار مىنى داقىرتىپ سۆرەپ ئېلىپ كەتمىدى.
-خەيىر، بېشىڭنى كۆتۈر!
جىنىمنىڭ ئامان قالغانلىقىدىن خۇش بولۇپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. لەشكەرلەر ئىككى يانغا رەتلىك يىغىلىپ ئالدىمغا يول ئېچىلغان بولۇپ، ئەلسۆي ھەزرىتىمنى ئۇدۇل كۆرەلىدىم. ئۇنىڭ يۈزىدىكى قاپقارا نىقاپنى ھىساپقا ئالمىغاندا، قالغان جايلىرى ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى.
-غەزەل ئوقۇيالامسەن؟
بۇ قانداق سۇئال؟! ئەلسۆي ھەزرىتىم نىمىشقا باشقا گەپ قىلماي مەندىن غەزەل بىلەمسەن دەپ سورايدۇ؟! ئەقلىم يەتمەي قالدى. لىكىن قورقۇپ كىتىپ جاۋاپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم.
-بىلىمە، بىلىمە!
-ئوقۇ!
ئاپلا! بۇ ئەلسۆي ھەزرىتىمنىڭ مىنى راستىنلا غەزەل ئوقۇتماقچى بولغانلىقىغا قاراڭلار! ئەمدى ئوقىماي ئامال يوق! قىسقا ئويلانغاندىن كيىن كاركىراپ تۇرۇپ راك باياۋانىنى توۋلىدىم.
جاخاندا!!!!! ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ، ئاللا كىشىنىڭ ئا!!!!بىل،
نامى ئۆشكەيمۇ ھۇھۇ!
يامانلىق قىلغان كىشىنى قايان بادى ھې ھې، ئاللا قايان....

-باشقىنى ئوقۇ!بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ئوقۇ!

ئەلسۆي ھەزرىتىم ناخشامنى بۆلۈپ مىنى باشقا ناخشا ئوقۇشقا بۇيرىدى.ئورنۇمدىن تىترەپ تۇرۇپ قوپقاندىن كىيىن،ئۆزھال مۇقامنى تولۇقلاشقا باشلىدىم.

يۈزۈڭدىن ئالغىن پەردىنى جامالىڭنى ھى ھى،

بىر كۆرەي دەيمەن.

يۈزىم ھىم تارتىپ ئاياغىڭغا ھا،باش قوياي دەيمەن....

-باشقىنى!

دۇنيا بولما كۆپ دەرغەزەپ،سەن كېتەرسەن بىزلەر قالارمىز!

-باشقىنى!

كونا دەرتلەر قوزغالدى يەنە،ساڭا بۇگۈن چۈشكەندە كۆزۈم....

-باشقىنى!

ئاناڭ ئايمۇ ۋاي ئاتاڭ كۈنمۇ،ئانانۇرخان،تۇغۇپتۇ....

-باشقىنى!

تولا كاكىراپ ئاۋازىم خىرىلداپ كەتتى.ھىچقايسى ناخشام ئەلسۆي ھەزرىتىمگە ياقمىدى.دېمىم سىقىلىپ،ئېغىزىم قۇرۇپ توختاپ قالدىم.

-جاللات!

بەدىنىمگە دەرھال تىترەك ئولىشىپ يەنە تىزلىنىپ باش ئۇرۇشنى باشلىدىم.

-ماڭا يانا بىر پۇرسەت ۋەسە ھەزرىتىم،ئۆتۈنۈپ قالاي!

-خەيىر!ئاخىرقى قىتىم پۇرسەت بىرەي،ماڭا ياققۇدەك غەزەل ئوقۇيالىسام كاللاڭغا ھېزى بول!

-رەخمەت ھەزرىتىم رەخمەت!بۇدا چوقۇم سىلىگە ياقىدىغىنىنى ئوقۇپ بىرىمە!

-ئوقۇ!

-سەل دېمىمنى ئىلىۋالاي!بىرْدەم ۋاقىت بەسە جىنىم ھەزرىتىم!

-جاللات!

-ماقا،ماقا!مانا ئوقىدىم!

ئاتا-ئانام يوق قارا يېتىممەن شادىخان،
توغراق كەبى بىردانىمەن شادىخان.
مىسكىن دەتمەن يىگىتتۇرمەن شادىخان،
ساڭا پەرۋان پىدائىيمەن شادىخان....

كاللامغا قانداق كىلىپ قالدى ئۇقمايمەن،ئۆزۈم ئەڭ يىرگىنىپ كەتكەن «شادىخان» نامىنى باشلاپ كەتتىم.بىرقانچە كۇپلىت ئوقۇغاندىن كىيىنمۇ،ئەلسۆي ھەزرىتىم ماڭا «باشقىنى» دىمىگەچكە،مەن سەل خاتىرجەم بولۇپ،غەزەل ئوقۇغاچ ئۈنىڭ تۇرقىغا سەپ سالدىم.ئۇ ئۆزۈكلەر بىلەن تولغان بارماقلىرى بىلەن يوغان قورسىقىنى يىنىك چىكىپ ھوزۇرلىنىپ ئاڭلاۋاتقان ئىدى.تووۋا!بۇ ئەلسۆي دىگەننىڭمۇ كاللىسىنىڭ دەردى باركەن،شۇنچە ياخشى ناخشىلار ياقماي،مۇشۇ «شادىخان» يېقىپ قاپتۇ دىسە....

ھىرىپ ئاۋازىم يەنە توختاپ قالدى.

-جاللات!

قۇملۇقۇڭدا گۈل ئۈنۈپتۇ شادىخان،
كېپىنەكلەر شاد كۈلۈپتۇ شادىخان.

..............................

ئەلسۆي ھەزرىتىم يەنە ناخشىغا مەست بولۇپ توختاپ قالدى.مەن ئاۋازىمنى تۆۋەنلىتىپ،غەزەل ئوقۇغاچ قېچىشنىڭ كويىغا چۈشتۈم .بۇ ھالەتتە ھەزرىتىمنىڭ مىنى غەزەل ئوقۇتۇپ ئۆلتۈرىدىغان ئەلپازى بار.ئەتراپىمغا قاراپ،قېچىشتىن تولۇق ئۈمىد ئۈزدۈم.چۈنكى لەشكەرلەر قاچانلاردىدۇر مىنى تولۇق مۇھاسىرىگە ئىلىپ بولۇپتۇ.خىلى ئۇزاق «شادىخان» نامىنى تولىغاندىن كىيىن زادىلا بولالماي يەنە توختاپ قالدىم.

-جاللات!

دىرىڭگىدە چۆچۈپ،يەنە ئوقۇشقا باشلىدىم.ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم شادىخاننىڭ ناھايىتى جىق كۇپلىتلىق غەزەل ئىكەنلىكىدىن سۆيۈندۈم.ھازىرقى ئەھۋالدا ئىسمدە بار كۇپلىتلىرىنى

سوزۇپراق،ئاستىراق ئوقىسام يەنە بىرەر سائەت جىنىمنى قوغداپ قىلىشىمدا گەپ يوق ئىدى.ئاۋازىمنىڭ توساتتىن پۈتۈپ قىلىپ،جىنىمدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ،ئاۋازىمنى بارغانسىرى پەسەيتىشكە باشلىدىم.ھەرنىمە بولسا ھەزرىتىم«چىگراق ئوقا!» دېمىدى.

لېكىن شۇنچە ئاۋايلاپ،سوزۇپ ئوقۇپمۇ شادىخانىنىڭ مەن بىلىدىغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولدۇم.توختاپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ«لايلالايىلاي لايىلاي لاي شادىخان» دەپ غىڭشىپ قويدۇم.ھەزرىتىممۇ گەپ قىلماي غەزەل تىڭشاۋەردى.مەن ھەجەپ ياخشى بول دەپ لاي لاي لايغا غىڭشىۋەردىم.ئالاھەزەل يېرىم سائەتتىن كېيىن،ھەزرىتىم توساتتىن ۋارقىراپ قويدى.

-غەزەل!غەزەل!

دېمەك ئۇ مېنىڭ قىلتىقىمغا چۈشمىگەن ئىدى.ئامالسىز تەۋەككۇل قىلىپ باشقا ناخشىلارنىڭ تېكىستىنى شادىخانغا سىلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

مەن خوتەنگە باماستا شادىخان،
ھەمىيىمدا پۇل كۆپ ئىدى شادىخان.
سەن خىنىمغا كۆيمەستە شادىخان،
ساقال-بۇرۇتۇم تېخى يوق ئىدى شادىخان!

بۇ چارەم ئۇنۇم بېرىپ،ھەزرىتىم يەنە جىمىپ كەتتى.ھەرخىل ناخشىلارنىڭ تېكىستىنى سىلىپ بەخىرامان ئوقۇشقا باشلىدىم.سەل ھېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ ئاستا يۆكۈنۈپ ئولتۇردۇم.بۇنىڭغا ھەزرىتىم ئىنكاس بىلدۇرمىگەچ،خاتىرجەم ھالدا يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ،دۇنيادىكى ئەڭ ئەبجەش شادىخانىنامىنى ئوقۇشقا باشلىدىم.كۆڭلۈمدە بىر تۇرۇپ« ئەگەر ھېلىقى غەزەلچى يارمەمەت ئۇستامنى ھەقىقى بار ئادەم دەپ ئويلىساق،مەن ئوقۇغان شادىخانىنى ئاڭلاپ قالسا قان قۇسۇپ ھۇشىدىن كېتەرمۇ» دەپ ئويلىسام،يەنە بىر تۇرۇپ، «ئەگەر يارمەمەت ئۇستام بولغان بولسا،ھەزرىتىم بىلەن راۋۇرۇس چېقىشىپ قالاتتىكەنتۇق» دەپ ئويلىدىم.

ئەبجەش شادىخاننى بىرەر سائەت ئوقۇغاندىن كېيىن يەنە ئەنسىرەپ قالدىم.چۈنكى مەن بىلىدىغان ناخشا تېكىستلىرى تۈگەي دەپ قالغان ئىدى.ۋاقىت تولىمۇ ئىتتىك ئۆتمەكتە،مىنىڭ بىلىدىغان تېكىستلىرىمۇ تۈگۈش ئالدىدا.مانا،تۈگەپمۇ قالدى،ئەگەر توختاپلا قالسام قۇلاق تۈۋىمدە«جاللات!» دېگەن ئاۋاز ياڭرىشى ئېنىق.ئويلىنىپ بۇنىڭمۇ چارىسىنى تاپتىم.ئەمدى نۆۋەت ئىلانلارنى قوشۇشقا كەلگەن ئىدى.

زاراڭزايۇ زاراڭزا شادىخان،
ئېچىلىپتۇ ھەر ياڭزا شادىخان.

..........................

ئۈرىكىمما ئۈرىكىم شادىخان،
باغدا پىشقان ئۈرىكىم شادىخان.

..........................

ئەسسالام دەپ ئۆيگە كىرسەم شادىخان،
ئۆيدە مېھمان ئولتۇرار شادىخان.

..........................

..........................

يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپمۇ ماجالىم قالمىدى.ئاستا پۇتۇمنى ئالدىمغا ئۇزاتتىم.ھەرزىتىمدىن سادا يوق.خاتىرجەم بولۇپ،ئوڭدامدا ياتتىم(لېكىن ئېغىزىم توختاپ قالغىنى يوق).يەنىلا سادا يوق.كۆڭلۈمدە «دىمەك مەن مەيلى تۇرۇپ ئوقۇمىدىمەن،يېتىپ ئوقۇمىدىمەن ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا شادىخاننى ئوقۇپ بەرسەملا بولىدىكەنـدە!» دەپ يەكۈن چىقىرىپ،ئوڭدامدا يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇۋەردىم.تۇرۇپلا ئۇنى زاڭلىق قىلىش نىيىتىگىمۇ كېلىپ قالدىم ۋە چاندۇرماي گامنام ستايىلىنىڭ مەن بىلىدىغان قىسمىنى شادىخان قىلىپ ئوقۇپ قويدۇم. يەنە سادا يوق.ئاۋازىم بارغانسىرى پەسلەپ،كۆزۈمگە ئۇيقا يۈگۈردى.زادىلا بولالماي،كۆزۈم يۇمۇلۇپ كەتتى.

-جاللات!

توك سوققاندەك چۆچۈپ دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

يى ئەر سەن سى ۋۇ لىيۇ چى شادىخان،
چى لىيۇ ۋۇ سى سەن ئەر يى شادىخان.

لېكىن كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ئەتراپىمدا يەنە ھېچنىمە كۆرۈنمىدى.بىشىمنى سىلىكىۋېتىپ،كۆزۈمنى بىرقانچە قېتىم ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىسامۇ ھېچنەرسە يوق.ھەزرىتىم،لەشكەر دىگەنلەر خۇددى ئەيىندىن،بىگىملەردەك شەپىسىزلا غايىپ بولغان ئىدى.ھەر ئېھتىماللىققا قارشى بولۇشى ئۈچۈن ئېغىزىمدا غەزەلنى توختاتماي تۈرۈپ،ئۈيىاق-بۇياققا قاراپ باقتىم.ئۈلارنىڭ ھەقىقەتەن غايىپ بولغانلىقىنى تولۇق جەزىملەشتۈرگەندىن كىيىن ئاندىن غەزەلنى توختىتىپ دىمىمنى ئىلىۋالدىم.

سەل ئەسلىمگە كەلگەندىن كىيىن چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم،لىكىن يەنىلا يۈرىكىمنىڭ بىريەرلىرى ئېچىدىكى قەبرىدە چېچىلىپ ياتقان قۇت بۆرىدە تېشىغا تارتىشقاچقا،بىلىپ-بىلمەي يەنە ئىچىگە كىرىپ كەتتىم.ئەپسۇس يەردە ھېلىقى ئەسۋاپتىن باشقا ھېچنىمە كۆرۈنمەيتتى.ھەيران بولۇپ قەبرە ئىچىگە تەپسىلىي قارىدىم.ئۇدۇلۇمدا بايا ھاۋاغا سىڭىپ كەتكەندەك يوقاپ كەتكەن ئەيىندىن،بىگىم،مەتسىلىملار ماڭا قاراپ غەيرى بىرخىل كۈلۈپ تۇراتتى . مەن يەنىمۇ سىنچىلاپ قارىدىم.دەل ئۇلارنىڭ ئۆزى شۇ!ھەممىسى قولىغا يوغان بوغچا تۇتىۋالغان بولۇپ،ھازىرلا ئېتىلىپ كىتىدىغاندەك تولۇپ كەتكەن بوغچىلارنىڭ بىر ئۇچىدىن قۇت بۆرە تاشلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

«ھۇ رەزىل پەسەندىلەر!مەن خەقىقە تىزلىنىپ غەزەل ئوقۇپ ژۈرەي،ھەقاسىڭ مىنىڭ تاشلىرىمنى تىيىپ ئوينا!» كاللامغا مۇشۇ خيال كىلىش بىلەن تەڭ يۇگۈرەپ بېرىپ يەردىكى ئەسۋاپنى قولۇمغا ئالدىم دە،ئەيىندىنىڭ يوغان تاز كاللىسىغا قارىتىپ ئۇردۇم.لىكىن بىگىمنىڭ كۈچلۈك قولى ھاۋادىلا ئەسۋاپنى تۇتىۋالدى.ئاندىن بىر قايرىپلا قولۇمدىن تارتىۋالدى.نىمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان پەيىتتە يۈزۈمگە تولىمۇ يوغان ھەم قاتتىق شاپىلاقتىن بىرقانچىسى ئارقا-ئارقىدىن

تىگىپ، ئېغىز-بۇرنۇمدىن قان يىنىپ كەتتى.بېشىم قېيىپ نىشاننى پەرق ئېتەلمەيلا قالدىم.ئارقا مىڭەمگە قاتتىق بىرنەرسە تېگىپ ھوشۇمنى يوقاتتىم....

كۆزۈمنى ئاچقاندا مەن يەنە ئاشۇ يەردە يېتىپتىمەن.بېشىمنى تىزىغا قويۇۋالغان بىگىم ماڭا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ.ئەيىندىن بىلەن مەتىسلىمۇ مىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتۇ.

-مىنى قوياپ بىرىش!ھۇ نۇمۇسسىز ئەبلەخلە!

بىگىمنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم.لىكىن كۈچۈم يەتمىدى.يەنە تىپىرلاپ باقتىم.

-بولدا قىسا ئەمدى تۆرەم!

بىگىمنىڭ قاتتىق ۋارقىرىشى بىلەن توختاپ قالدىم.

-بايام سىلە نىمىش قىغانلىقلىرنى بىلەملا؟!ھېلىقى پۇراقلىق نەسىدىن زەھەرلىنىپ خۇدىلىرىنى يوقاتلا!

-ئىشىڭنى قىلىش!مىنى ئەمدى ئالدايمەن دىيىشمە!

مەن بىگىمنىڭ سۆزىگە قىلچە ئىشەنمەي يەنە تىپىرلاشقا باشلىدىم.

-ئۇنى قوياپ بەسە بولدى!

ئەيىندىن بىگىمگە شۇنداق دەپ بولۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى.مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاۋال يەرگە ،ئاندىن ئەتراپىمغا قارىدىم.يەردە قۇت بۆرە تېشى يوق،تورۇستا يەنىلا خالتىلار ساڭگىلاپ تۇراتتى.

-سلە بىزگە ئىشەنمەيلا شۇنداما؟!

بىگىم تۆنجى قېتىم ماڭا ھەقىقى ئاچچىقى بىلەن قاتتىق تەگدى.مەن نىمە دىيىشىمنى بىلەلمىدىم .

-مەن يانا بىۋقىتىم چۆشەندۈرۈپ قوياي،سىلە ھېلىقى خۇشپۇراق ماتىريالدىن زەھەرلىنىپ،خۇدىلىرىنى يوقىتىپ ئەدەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلىنى قىلىپ ژۆلە!

مەن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرقۇر ئەسلەپ ئۆتكەندىن كيىن ،يەنىلا گۇمانىسىراپ ئۇلارنىڭ قولىغا قارىدىم.ئۇلارنىڭ قولىدا مەن ھوشۇمنى يوقىتىشتىن بۇرۇن كۆرگەن بوغچىلار يوق تۇراتتى.سەل ئىككىلىنىپ

قالدىم.

-مەن زەھەرلىنىپ خۇدۇمنى يوقاتتىم شۇنداما؟

-شۇندا!

-ھەقاسىلىرى نىمىشقا ئۇندا بولاشىدلا ئەمىسە؟!مەن بۇرىغان پۇراقنى ھەممىلىرى بۇرىغان بوغىيتىلە ھەقىچان؟!

ئەينىدىنىنىڭ ئاچچىقتىن تاتارغان چىرايى،گېپىمنى ئاڭلىغاندىن كىيىن تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى.بىگىم مىنىڭ كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ تەئەددى بىلەن يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

-ئۇ ماتىريالنىڭ نەچچە يۈز ژىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەملا؟!ئۇ ئاساسەن خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان.سىلە ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە ئۇچراشلا ھەم نايىتى يىقىن ئارلىقتا بۇرىلا.شۇڭا سىلىگە تەسىرى بەك چوڭ ۋولاپ كەتتى.

مەن يەنە گاڭگىراپ قالدىم.ئەينىدىن قولۇمغا ئۇنىڭ ئۇن-سىنىنى تەڭ ئالالايدىغان سىفىرلىق ئاپىراتىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى،مەن توغۇرلاپ قويۇلغان سۈرەتكە قاراپ باشلاش كونۇپكىسىنى باستىم.

سۈرەتتىكى مەن قۇرۇق يەرگە قاراپ قۇم-توپا داڭگاللىرىنى ئۇچچۇملاپ ئېلىپ يانچۇقۇمغا،سومكامغا سىلىۋاتاتتىم.چىرايىمدىن ئاجايىپ خۇشاللىق ۋە ھاياجان چىقىپ تۇراتتى.يىنىمدىلا بىگىم بىلەن مەتىسلىم مىنى قاتتىق چاقىرۋاتاتتى.مەن ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى زادىلا ئاڭلىمىغاندەك داڭگال تېرىش بىلەن ئاۋارە.

ئامال قىلالمىغان بىگىم شاپىلاق بىلەن گەدىنىمگە بىرنى قويدى.مەن مۇدۇرۇپ يىقىلىپ يەنە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئەتراپىمغا قاراپ ئۇلارنىڭ ئىسمىنى چاقىردىم.ئاندىن يەنە تاش تېپىشكە باشلىدىم.جىلە بولغان بىگىم شاپىلاق بىلەن مىنى يەنە بىرنى ئۇردى،مەتىسلىم كاسامغا بىرنى تەپتى.مەن يىقىلىپ قوپقاندىن كىيىن،قولۇمغا ھىلىقى تۆمۈر ئەسۋاپنى ئىلىپ،قالايمىقان شىلتىشقا باشلىدىم.ئۇلار ئۆزىنى قاچۇرۇپ بولۇشقا بىرىۋالدى،مەن سىرتقا چىقىپ كەتتىم....

كۆرۈنۈش مۇشۇ يەردە توختاپ قالدى.مەن ئىكران يۈزىنى باشقۇرۇپ

ئىككىنجى كۆرۈنۈشنى قويدۇم.

قەبرە تىلاۋەتخانىسىدا مەن قاقاھلاپ كۈلگەن ھالدا ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم.بىگىم مېنىڭ قورسىقىمغا يەنە بىرنى تەپتى.مەن يەردە تىزلىنىپ تازىم قىلىشقا باشلىدىم.ئۆز-ئۆزەمچە يالۋۇرۇپ،كىملەرنىدۇر مەدھىيلەپ،تىترەپ تۇرۇپ قالايمىقان سۆزلەشكە باشلىدىم.ئاندىن ھەرخىل ناخشىلارنى ئوقۇشقا،ئاندىن يەنە تىزلىنىپ باش ئۇرۇشقا باشلىدىم.

«شادىخان» نامىنى ئوقۇدۇم.كېيىن بۇزۇپ ئوقۇدۇم.يۈكۈنۈپ تۇرۇپ،يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇدۇم.كېيىن كۆزۈم يۇمۇلغاندىن كېيىن يەنە چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ،ناخشا ئوقىغاچ ئەتراپنى كۆزىتىپ،ئېچىدىكى قەبرىگە كىرىپ كەتتىم....

ئۈچىنجى كۆرۈنۈشنى قويدۇم.

ماڭا ئۇدۇل قاراپ تۇرغان ئۈچەيلەننى كۆرۈپ،دەرھال يەردىكى ئەسۋاپنى ئېلىپ،ئەينىدىن تاغىغا قاراپ ئۇردۇم (بۇ چاغدا ئاپىرات،ئارقامدىن ئېشەك ئۇدۇلىغا قويۇلغان بولسا كېرەك) . ئاندىن بىگىم تۇتىۋېلى مېنى ئۇردى.ئاندىن....

دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى.بارلىق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىگە قىرىق مىنۇتمۇ بولمىغان ئىدى.لېكىن ماڭا نىمىشقا شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندەك بىلىنىدۇ؟!

-سىلە نىرۋا كونتروللىقلىرىنى يوقىتىپ،پۈتۈنلەي بىھوش ھالەتكە چىرىپ قاغانلىقلىرى ئۈچۈن،سىلىدە ۋاقىت قارىشى ۋە بارلىق سېزىملار بۇرمىلانغان بولىدا!

بىگىم مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئويلىغان سوئالىمغا دەرھال جاۋاپ بىرىۋەتتى.ئۇلارغا قايتىدىن بىر قاراپ بولۇپ يىغلاپ تاشلىدىم.

-بۇ سىلىدىكى خاتالىق ئەمەس،بىزدىكى خاتالىق. ئەسلى بىز خالتىنىڭ ئىچىدىنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى تولۇق جەزىملەشتۈرمەي تۇرۇپلا سىلىنىڭ خالتىنى ئېچىپ چوۋۇشلىرىغا قايىلاپ تۇرۇپتۇق.

-غوجام توغرا دەيدا.بۇنىڭدىن زەھەرلەنگەن ئەدەم مەيلى چىم

بولىشىدىن قەتئىينەزەر مۇشتا خىيالىي سەزگۈگە باشچىلاپ چىركىتىدا.شۇڭا بەك ئارتۇق ئويلاپ كەتمىسە!

ئۇلار ماڭا چۈشەنچە ھەم تەسەللىي بىرىۋاتقاندا ئەينىدىنىنىڭ قولىدىكى سائەت سىگنال بەردى.

-دەرھال چىكىتىلى!قۇم كۆچەشكە باشلاپتا!

مەن بايامقى چۈشكۈن خىياللىرىمنى زورلاپ يىغىشتۇرۇپ،ھەقىقى جان قايغۇسىدا قايتىش ئېغىزىغا قاراپ يۈگۈردۈم....

## 24-باپ ئۆز-ئۆزىنى تەھلىل قىلىش

قاتمۇقات ئازگالدىن قانداق قېچىپ چىققانلىقىمنى، ماشىنىنىڭ قانچىلىك ۋاقىتتا مەتىسلىمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلمىدىم. كاللام قۇپقۇرۇق، لېكىن قەلبىم بىرخىل ئازاپتا پۇچىلىنىۋاتاتتى. يۈزۈمنىمۇ يۇيماي، كىيىمىمنىمۇ سالماي، ياتاققا كىرىپ، كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھىس-تۇيغۇلىرىم ئەسلىگە قايتىپ كېلىشكە باشلىدى ۋە بولغان ئىشلارنى تەھلىل قىلىشقا باشلىدىم.

1) مېنىڭ ھېلىقى نەرسىدىن زەھەرلىنىپ بىھوش بولغانلىقىم، خىيالىي سەزگۈدە يۈرگەنلىكىم راست. ئەيىندىن بىرتەرەپتىن مېنىڭ بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەسلىكىمدىن ئەنسىرەپ، يەنە بىرتەرەپتىن ماڭا قەبرە ئىچىدە يېنىكلىك قىلماسلىقنى ئەسكەرتىپ قويۇش، چۆچۈتۈش مەقسىتىدە پۈتۈن جەريانىنى سىنئالغۇغا ئېلىۋالغان.

2) قۇت بۆرە تېشى كاللامغا بەك كىرىۋالغاچقا، ماڭا تۇنجى بولۇپ يەرگە چۈشۈۋاتقان سانسىز قۇت بۆرە تېشى كۆرۈنگەن. چۈنكى مەن ئۈچۈن ھەربىرتال قۇت بۆرە تېشى نۇرغۇن خەلق پۇلىغا ئىگە بولىدىغانلىقىمنى كۆرسىتىدۇ.

3) قۇت بۆرە تېشىنىڭ ئەسلى ئىگىسىنىڭ ئەلسۆي بەگنىڭ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قەدىمكى زامان ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. لېكىن ئەلسۆينىڭ چىرايىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. شۇڭا ماڭا كونا زاماننىڭ ئادەملىرى كۆرۈنگەن، ئەلسۆينىڭ چىرايىنىڭ نىقاپلىق بولىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ.

4) ئۆلگۈر «شادىخان» ناخشىسى ماڭا بەك تەسىر قىلغاچقا، غەيرى ئەھۋالدا غەيرى ناخشىنى ئوقۇپ، ئۆزۈمنى ئالدىغان. چۈنكى گەرچە ئۇ ناخشىغا مەن بەك ئۆچ بولغىنىم بىلەن، ئالدىنقى قېتىملىق ۋەقە ماڭا بەك چوڭ تەسىر قىلىپ، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلىنىپ قالغان.

5) لېكىن نىمىشقا مەن ئەيىندىنگە ھوجۇم قىلىمەن؟ ئۇ راستىنلا قۇت

بۆرە تېشنى ئىلىۋالغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ھوجۇم قىلماسلىقىم كېرەكتىغۇ؟ئەگەر مەن ئۇنى يارىلاندۇرۇپ قويغان بولسام قانداق ئىشلار بولۇپ كېتەر ئىدى؟يارىلاندۇرغاندىن كېيىن ئىشنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى بىلگەن ۋاقىتتا مەن قانداق بولۇپ كېتەر ئىدىم؟

بەشىنجى تەھلىلدىن باشقا ھەممىسىگە ئۆزۈم قايىل بولغۇدەك جاۋاپ تاپالىدىم.لېكىن ئۇياق-بۇياق ئۆرۈلۈپ،قايتا-قايتا ئويلىنىپمۇ ئەڭ ئاخىرقى سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ تاپالماي،ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.بۇ سوئالغا پەقەت بىگىم بىلەن ئەينىدىنلا جاۋاپ بېرەلەيدۇ،لېكىن مەن قايسى يۈزۈم بىلەن يەنە ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرەلەيمەن؟

-تاك-تاك-تاك!

ئىشىك چېكىلگەن ئاۋاز خىيالىمنى بۆلىۋەتتى.رۇخسىتىمنى ئالمايلا ئېچىلغان ئىشىكتىن ئاۋال ئەينىدىن،ئاندىن بىگىم كىرىپ كەلدى.ئۇلارنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلىنىپ،ئورنۇمدىن تۇرۇپ نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم.

-ئەۋاللىرى قايداراق تۆرەم؟

ئەينىدىن خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈمسىرەپ مەندىن ئەھۋال سورىدى.لېكىن بۇنداق ياخشى مۇئامىلە ئەكسىچە مېنى تېخىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى.ئۇلار بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ،مېنىڭ كارىۋىتىمغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

-بولدى ئەمدى ئارتۇق ئويلىنىپ كۆڭۈللىرىنى غەش قىلمىسا،ھېچ ئىش يوق.

ئەينىدىن يەنە ماڭا شۇنچە ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى.مەن ياش مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزۈمنى ئۇنىڭغا تىكتىم.

-تووۋا....بۇ تۆرەم باغانىسىرى قىزۋالىدەك ژىڭلاڭغۇ بولاپ كەتتى دىسە،مانا ھازىرلام كۆزىنىڭ ژۈندىسىنى تۆكىدا!

بىگىم مېنىڭ ھالىتىمگە قاراپ چاقچىقىنى باشلىدى.

-چىم كۆزىنىڭ ژۈندىسىنى تۆكىمەن دەپتا!

مەن بۇرنۇمنى زورلاپ ئىچىگە تارتىپ،ياشلىرىمنى ئالمان-تالمان

سۈرتىۋتىپ،ئۇنىڭغا دومسىيىپ قويدۇم.
-خا-خا-خا!
-ھا-ھا-ھا!
ئۇلار مىنىڭ بالىلارچە قىلىقىمغا قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى،مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كۈلۈپ كەتتىم.ئاندىن سەممىيلىك بىلەن ئەيندىنىدىن كەچۈرۈم سورىدىم.
-مىنى كەچۈرسە،ئۆزەممۇ نىمىش ۋوغانلىقىنى پەقەت بىلەممەي قالدىم.
-ھېچقىسى يوق.كەچۈرۈم سوراشنىڭ ھاجىتىمۇ يوقتى ئەسلى.
ئەيندىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، قولىنى يىنىك پۇلاڭلىتىپ قويدى.بىگىم ئورنىدىن تۇرۇپ يىنىمغا كەلدى ۋە بۇرنىنى بىرقانچىنى كولىۋېتىپ،ماڭا سۇئال قويدى.
-سىلە بوغان ئىشلىنى قايدا ئويلىلا؟
مەن بىگىم ۋە ئەيندىنگە ئويلىغان تەھلىللىرىمنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بەردىم.ئۇلار مەمنۇنلۇق بىلەن باشلىرىنى لىڭشىتىپ كەتتى.
-ياخشى،ياخشى.تۆرەمدە ئىلگىرلەش زور جىما!
-راس دەيلا غوجام.مەن تۆرەمنىڭ ماندا تەھلىل قىلالىشىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمە.
ئۇلارنىڭ ماختاشلىرىدىن قىلغان تەھلىللىرىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردۈم ۋە بىگىمدىن كاللامدىن ئۆتمىگەن ھېلىقى سۇئالنى سورىدىم.
-لىكىن مەن نىمىشقا ئەيندىن تاغامغا ھۇجۇم قىلىمەن؟ھەقانچە ھەممە نەسىنى ئېلىۋاغان بوسىمۇ مەن ھەقاسىگلىغا،جۈملىدىن ئەيندىن تاغامغا ھۇجۇم قىمماسلىقىم كىرەكتى....
بىگىم ئەيندىنگە قارىدى.ئەيندىن بىگىمگە«سىلە دەۋەسە» دىگەن مەنىدە ئوك قولىنى ئالدىغا چىقىرىپ قويدى.
-سىلىگە راس گەپنى دەي.سىلىنىڭ تىگىلىرىدىن بىزگە ئىشەنچىلىرى ۋە قايىلىقلىرى يوق.ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىنىڭ ئەس-خىياللىرىغا مال-دۇنيا بەك ئورناپ كىتىپتا.

-ئۇنـدا ئەمەس.مەن شـىككىڭلىگە رەسـمىي قـول قـويىمەن ھەم چىـن كۆڭلۈمدىن ھۆرمەتلەيمەن.سىلە خاتا چۈشىنىپ قاپلا.

-يـاق ھـازىر سـىلە خاتـا چۈشـۈنۈپ قىلىـۋاتىلا.ئەدەم بىھـۇش بوغاندا،ئىچكى ئۆزلىكىنىڭ ئەڭ ناچار تەرىپى تىپىپ چىقىدا.بـۇ ھەرگـىز سـىلىنى ئىچىـدە بىـزگە ئـۆچ يـاكى نىيىتـى يامـان دىـگەن گەپ ئەمەس.ھەقاندا ئەدەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئۇنىڭ قاراڭغۇ تەرىپى يەنە جىنـايەت پىسخىكـىسى يوشـۇرۇنغان بولىـدا.ئۇنـىڭ ئۇسـتىگە گۇمانخورلۇق،مال-دۇنياغا ھېرىـسمەنلىك نورمال ئەدەمنىـڭ ھەممىـسىدە بولىدىغان ئەۋال.

-ھە....ئۇنىدا ۋوسا بۇندا پىسخىكا سىلىدىمۇ بولامدا؟

-ياش ۋاقتىمدا بولىتى.لىكىن ھازىر بومايدۇ.

-مەن قايـدا قىلـسام سـىلىدەك ھەقانـدا ئـاۋال ئاسـتىدا ئاشتا ناچـار ئوي-خىيالدا بومايدىغان بولالايمە؟

بىگىم سۇئالىمغا جـاۋاپ بەرمەي ئەيىنـدىنگە قـاراپ قويـدى.ئەيىنـدىن بىردەم تۇرىۋەتكەندىن كىيىن ئېغىز ئاچتى.

-ھەقانچە ئاچ ئەدەمنىڭمۇ بىرۋاخ تاماققا قوسـقى تويـدا،تىليون پـۇلى بوسـىمۇ ئـۆلەپ كىتىـدا،ملىڭ مـو كىلىـدىغان داچىـدا ياشـىغان بوسـىمۇ ئاخىرى شـىككى مىتىـر كەممەيـدىغان گـۆگە چىركىتىـدا.دىـمەك ھىچكىم ھايات ۋاقتىدىكى زەرچىلىك نەسىنى بىللە ئىلىپ كىتەممەيدا،ئاۋال مۇشۇ ھەقىقەتكە ئىشەنسە ھەم دايىم ئۆزلىرىگە تەكىتلەپ تۇسا.

-ھە.

-ئۇنىڭدىن باشقا،ئەدەم دىگەندە ۋەتەرنپەرۋەرلىـك تۇيغۇسـى دىـگەن بىرنەسـە بولـىشى كىـرەك.بوغانـدىمۇ قـان-قېنىغا،ۋۇجۇدىغـا سـىڭگەن بولىشى كىرەك.كونكىرىـت قىلىـپ دىـسەك،بىز نـايىتى قىممەت باھالىق قەدىمـي بويـۇمنى سـاتتۇق دەيلى،بىـز شـۇ پـۇلنى سـاناۋاتقان چاغـدا، چەتئەللىـك ئەتكەسـچىلىنىڭ مەغرۇرلـۇق بىـلەن ئەسـلى بىزنىـڭ دۆلەتنىڭ،مىللەتنىـڭ تارىخىغا مەنـسۇپ بولغـان بويـۇمنى ئۆزىنىـڭ دۆلىتىدە كىم ئارتۇق قىلىپ ستىۋاتقان،بىر تـارىخى شـاھىدنىڭ يوقـاپ

كىتىۋاتقان ھالىتىنى ئويلىشىمىز كېرەك.

ھىلىمۇ نۇرغۇن قەدىمىي يادىكارلىقلا پۇلىنىڭ قۇلى بولاپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ قولى ئارقىلىق، چەتئەللەرگە خارلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بېزەك بولاپ تۇرىۋاتىدۇ. قايسى بىرىيلى چەتئەلدە بىزنىڭ دۆلىتىمىزدىن ئوغۇرلانغان مەلۇم تارىخى ئەھمىيىتى بەك زور بوغان بىر شاھلىق مۆھۈرى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان چىغىمدا ژۇرىكىم پارە-پارە بولاپ كەتكەندەك ھېسسىياتقا كەگەن ئىدىم. مېنىڭچە ھەقاندا بىر جۇگگولۇق شۇندا ھېسسىياتقا كىلىشى ھەم كېلەلىشى كېرەك. چۈنكى بۇ تارىخى تەتقىقاتنىڭ پاجىئەسى ۋە بارلىق جۇگگو پۇقرالىرى ئۈچۈن ھاقارەت! ئەگەر ئاشۇ چەتئەلگە ئېقىپ كەتكەن قەدىمىي يادىكارلىقلار دۆلىتىمىزدە بوسا، نۇرغۇن رىۋايەتلە ۋە خەلق ئېغىز ئەپسانىلىرى دەلىللىنىپ، تارىخقا، ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدا! ئەگەر باشقىلانىڭ قولىدا بوسىچۇ؟ پەقەت بىزنىڭ جۇگخۇا ئېلىگىلا تەۋە بوغان، ئەسلىدە تارىخنىڭ يېگى بېتىنى ئاچىدىغان رىۋايەتلە، مەگگۈ رىۋايەت ۋە ئەپسانە پېتى قىلىۋېرىدا! تارىخ ۋە دۇنيا ئەھلى پەقەت دەلىل ئىسپات ۋە ئەمەلىي پاكىتقىلا ئىشىنىدا. ئىلمىي يەكۈن ۋە پەرەزلىنى ھېچكىم ئېتىراپ قىلمايدا!

ئەيىندىن سۆزلىگەنىسرى ھاياجانلىنىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

-بۇندا دىسەم سىلە ھەرگىز «مېنىڭ كىچىككىنە خاتالىقىمنى يوكسەكلىككە كۆتىرۋەتتى» دەپ ئويلاپ قالمىسا. دىمەكچىمەنكى ئەدەمدە ۋەتەنپەرۋەلىك، مىللەتپەرۋەرلىك تۇيغۇسى ۋە ئازراق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بوسىلا چوقۇم ھەقاندا ئەۋال ئاستىدا ناچار خىيال ۋە قىلمىشتىن ئۆزىنى تاتالايدۇ دەپ ئويلايمەن. ئۇنىڭدىن باشقا بىز چوقۇم ئۆزئارا دىلىمىزدىن بىر-بىرىمىزگە ئىشىنىشىمىز ۋە مەسئۇل بولىشىمىز كېرەك.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئىمىنىڭ ۋەتەنپەرلىك، ئىمىنىڭ مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ۋۇجۇدۇمدا بىرخىل كۈچ پەيدا بولغاندەك ھېسسىياتقا كەلدىم.

-غوجامنىڭ سۆزىنى يەنىمۇ كىچىكلىتىپ بىرەي. يەنى سىلە بايىلىققا ۋە تۇرمۇشقا بوغان ئۇتەتەك قىزغىنلىقلىرى ۋە ھېسسىياتلىرىنى، بايام غوجام

دىگەندەك ھىسسىيات ۋە مەسئۇلىيەتكە ئالماشتۇرالىسىلىرى، چوقۇم ھەقاندا ئەۋالدا ئۆزلىرىنى كونترول قىلالايلا.

بىگىم ئەينىدىننىڭ چۈشەنچىسىنى تىخىمۇ ئىنىقلاشتۇرۇپ چۈشۈندۈرۈپ قويدى.شۇنداق.ۋەتەنگە ،مىللەتكە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمىغان ئادەمنىڭ قولىدىن ھەرقاندا بالا كىلىدۇ.ئەكسىچە بولغاندا ،ئادەمدە بىرخىل پۇتمەس-تۈگىمەس كۈچ ۋە غورۇر پەيدا بولىدۇ.دىمەك مەن سۇئالىمنىڭ جاۋابىنى تاپتىم.

-چۈشەندىم.ئەينىدىن تاغا ،بىگىم.مەن ھازىر نىم دىيىشمنى پەقەت بىلەممىدىم.لىكىن ۋۇجۇدۇمدا بىرخىل ئىشەنىچ ئۇرغۇپ چىقىۋاتقانىدەك ھىسسىياتقا كەلدىم.شىككىڭلىغا رەخمەت!

ئۇلار بىر-بىرىگە قاراپ رازىمەنلىك بىلەن باشلىرىنى لىڭشىتقاندىن كىيىن ،ماگا ياخشى ئارام ئىلىشنى تاپىلاپ چىقىپ كىتىشتى.ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كىيىنمۇ بىرخىل ھاياجان ئىچىدە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدىم.ئەينىدىن ۋە بىگىمنىڭ سۆزى ماگا ھەقىقەتەن بەك تەسىر قىلغان ئىدى.مەن بۇ قىتىمقى سۆھبەتتىن كىيىن،بىگىمنىڭ بىر چاغدا«غوجام بىلەن مەن بايىلىق ئىزدەپ كەلگىنىمىز يوق،ئەكسىچە ئەسلىدە بار بولغان بايىلىقنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن قۇم كېزىۋاتىمىز» دىگەن گەپلىرىنىڭ تىگىگە يەتتىم.بىھۇش بولغان ۋاقتىمنى قايتا ئويلاپ ،ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ئۆزۈمنىڭ ئورنىغا قويۇپ باقتىم.

بىھۇش بولغان ئەينىدىن.يەرگە تۆكۈلۈپ چۈشىۋاتقان قۇت بۆرە تاشلىرىنى كۆرۈپ دەسلەپتە ھەيران قالىدۇ،ئاندىن بىرنى قولىغا ئىلىپ تەكشۈرۈپ باقىدۇ.ئاندىن بىرتەرەپتىن رەسىمگە تارتىپ يەنە بىر تەرەپتىن خاتىرە يازىدۇ،يەردىن تاشلارنى قايتا ئالمايدۇ.بىزنىڭ يوقلىقىمىزنى بايقىغاندىن كىيىن سالماقلىق بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىدۇ.تاكى بىزنى تاپمىغۇچە ھەرگىز ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەيدۇ.ماگا ئەلىسۆي بەگ كۆرۈنگەن جايدا ئۇنىڭغا بىرەر تارىخى شەخس ياكى قەدىمكى ئەرباپلار كۆرىنىشى مۇمكىن.بىزنى تاپقاندىن كىيىن ھاياجانلىنىپ بولغان ئىشلارنى،كۆرۈشكەن تارىخى شەخسلەرنىڭ

گەپ-سۆزلىرىنى بىزگە ئېيتىپ بېرىدۇ.

بىھۇش بولغان بىگىم.يەرگە چۈشكەن تاشلارنى كۆرگەندىن كېيىن،بۇرنىنى كولىۋېتىپ ئەتراپقا قارايدۇ.بىزنى كۆرمىگەندىن كېيىن تاشقىمۇ قاراپ قويماي سىرتقا چىقىپ باقىدۇ ئاندىن يەنە قايتىپ كىرىپ بىزنى ئىزدەيدۇ.بەلكىم ئۇ پىسخىكىسىنى تەڭشەپ،خاتا سىزىمنىڭ ئاسارىتىدىن تېزلا قۇتۇلۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

بىھۇش بولغان مەتسىلىمنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى زادىلا پەرەز قىلالمىدىم.بەلكىم بۇ بىگىمدەك بىر يامان ئادەمنىڭمۇ ئۇنىڭ پىسخىكىسىنى بىلەلمىگەنلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك.لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى،مەيلى مەتسىلىمنىڭ كۆزىگە نىمە كۆرۈنىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرگىز بىزگە ھۇجۇم قىلىشنى ئويلىمايدۇ.

بەلكىم بۇمۇ بىرخىل تەجرىبە-ساۋاق يەكۈنلەش جەريانىم بولۇپ قالار.بەلكىم كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ ئەينىدىندەك،بىگىمدەك،ياق،بۇرنىنى كوچىلىمايدىغان بىگىمدەك سالماق،پىشقان،تەجرىبىلىك قىدىرىپ تەكشۈرگۈچى بولۇپ قىلىشىم مۇمكىن.مۇشۇلارنى ئويلاپ يەنە ھاياجانلىنىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.چىراقنى يېقىپ،ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاراپ باقتىم.ئاپتاپتا كۆيۈپ قارامتۇل بولۇپ قالغان چىرايىم،سەل قىزارغان بىر جۈپ كۆزلىرىم،ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ،ئېڭەك ئەتراپىمنى بويلاپ ئۆسكەن ساقاللىرىم مىنى خېلىلا پىشقان ئادەمدەك تۇسكە كىرگۈزگەن ئىدى.كۆلرەڭگە مايىل كۆز ئاسراش ئەينىكىمنى تاقاپ باقتىم.بىرقاراشقا بۇ كۆزئەينەك ماڭا تېخىمۇ بىلىملىك،تېخىمۇ سىرلىق سالاپەت ئاتا قىلغاندەك قىلاتتى.چىراقنى ئۆچۈرۈپ،تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ،بىرقانچە يىلدىن كېيىنكى ئۆزۈمنى ئويلاپ، يەنە خىيالغا چۆكتۇم.

1) بىرقانچە يىلدىن كېيىنكى مەن،ئەينىدىننىڭ بىلىم قابىلىيتى،سالماقلىقىنى ۋە بىگىمنىڭ پىسخىك ماھارىتى،ئاجايىپ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئۆزۈمگە مۇجەسسەملىگەن داڭلىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسگە ئايلىنىمەن.ئۇ چاغدا تۈرلۈك

جاپا-مۇشەققەتلەر، كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەر مەن ئۈچۈن كىچىك بالىنىڭ ئويۇنىدەكلا ئاددى بىر ئىشقا ئايلىنىدۇ. تەكلىماكاننى بىزنىڭ ئولتۇراق رايونىنىڭ گۈللۈك مەيدانىنى ئايلانغاندەك بەھۇزۇر ئايلىنىمەن! شادىخان-پادىخان، ئەلسۆي-پەلسۆي دىگەنلەرنى بىرتال مويۇمغىمۇ تەڭ قىلماي، ھەرقانداق ئېزىتقۇ-ئالۋۇنلاردىن قىينالمايلا چىقىپ كېتىمەن.

2) يەنە بىرقانچە يىلدىن كېيىن، مەن نۇرغۇن باشقىلار مەڭگۈ تاپالمايدىغان قەدىمىي يادىكارلىقلارنى(مەسىلەن قۇت بۆرە تېشىغا ئوخشاش)تېپىپ چىقىپ، دۆلەتنىڭ، جەمىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىمەن. تۈرلۈك مەتبۇئاتلارنىڭ باش بېتىگە مەن يازغان ماقالىلەر ۋە خاتىرىلەر چىقىدۇ. نەگە بارسام، ھەممە يەردە ئىناۋىتىم ۋە نوپۇزۇم بولىدۇ. مەنمۇ ئەينىدىن ۋە بىگىمىلەردەك چوڭ-چوڭ ئورۇنلارنىڭ قوللىشىغا ۋە ھەمكارلىشىشىغا ئېرىشىمەن. خۇددى ئۇلارنىڭ ھەربىي قوشۇننى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلەلىگىنىدەك!

3) يەنىمۇ ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن، مەن دۆلەت ۋە مىللەتكە شان-شەرەپ كەلتۈرگەن، تارىخى تەتقىقات ساھەسىدە ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان گىگانت چولپانغا ئايلىنىمەن. مىنىڭ نامىمدا بىرەر موزىيخانا قۇرۇلىدۇ! يەنە بەلكىم داڭلىق ئالىي مەكتەپلەر مىنى لېكسىيە سۆزلەشكە، دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ! يۈزمىڭلىغان كىشىلەر ئالدىدا، قىلچە دۇدۇقلىماي، تەمتىرىمەي. ھەممىنى ھاياجانغا سالغۇدەك نۇتۇقلارنى سۆزلەپ كېتىمەن!

4) تېخىمۇ ئۇزاق يىللاردىن كېيىن، مەن ھازىرقى ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن ياشلارنى ئەگەشتۈرۈپ، ئەينىدىن ۋە بىگىمىلەر بارالمىغان، تاپالمىغان قەبرىلەرنى ۋە قەدىمىي يادىكارلىقلارنى تېپىپ چىقىمەن. ياشلارغا كەڭ قورساقلىق ۋە سالماقلىق بىلەن تەربىيە قىلىمەن، خەتەر ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئىلىپ چىقىمەن. بەلكىم تەكلىماكان يولۋىسىدىن بىرنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۋىتىمەن. ئېغىزى مايماق بولۇپ قالغانلارنى داۋالاپ قويىمەن، ئۆزىگە «جىن چاپلاشتى» دەپ ئويلاپ

يۈرگەنلەرنى پىسخىك جەھەتتىن يېتەكلەپ ئەسلىگە كەلتۈرىمەن.

5)ھەرقايسى جەھەتتىن ئىقتىدارىم تاكامۇللاشقاندىن كېيىن،دۆلىتىمىزدىن ئاسارە-ئەتىقە ۋە قەدىمىي يادىكارلىقلارنى ھەرخىل رەزىل ۋاستىلەر بىلەن ئوغۇرلۇقچە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن چەتئەللىك ئەتكەسچىلەرنىڭ دۆلىتىگە بېرىپ،ئۇلارنىڭ ئەڭ موھىم،ئەڭ تارىخى ئەھمىيىتى زور بولغان بويۇملىرىنى ھەرخىل ئاماللار بىلەن ئېلىپ كىلىپ،ئۆيۈمنىڭ ھاجەتخانىسىغا تىزىپ قويىمەن!

ئويلىغانسېرى ھاياجانلىنىپ،ئويلىغانسېرى ئۆزۈمنىڭ ئوبرازىنىڭ بىراقلا ئۇلۇغۋار بولۇپ كىتىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدىم.ھاياجانلىق ئىلكىدە قاچان،قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى سەزمەپتىمەن.

ئەتىسى تولىمۇ روھلۇق ھالەتتە ئورنۇمدىن تۇرۇپ،ناشتا قىلىۋاتقان ئەينىدىن،بىگىملەرنىڭ يىنىغا چىقتىم.ئۇلار مىنىڭ جەڭگىۋار ھالىتىمنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كىتىشتى.مەن ناشتا قىلىپ بولغاندىن كىيىن ئۇلاردىن قاچان يولغا چىقىدىغانلىقىمىزنى سورىدىم.

-بۈگەندىن باشلاپ كەمىنە بۇرۇنقى ئەغزەم تۆرەم ئەمەس،ھازىر مەن دەرىجىدىن تاشقىرى شىگجى قىلىنغان ئەغزەم تۆرەم!ھەرۋاقىت خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشتىن باش تارتمايلا قاماستىن،ھەقاسىلىرىنىڭ بەلگىلەپ بەگەن ئىنتىزاملىرىغا قەتئى بويسۇنىمەن!شۇڭا ئەينىدىن غوجامدىن ھازىرلا يولغا چىقىشنى جىددى تەلەپ قىلىمەن!

ئۇلار مىنىڭ دەبدەبىلىك سۆزلىرىم ۋە ئوفىستىسىرلاردەك تۇرۇش ھالىتىمنى كۆرۈپ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

-خا-خا-خا!

-ھا-ھا-ھا!

-ھىي-ھىي-ھىي!

دەسلەپتە ئۇلارنىڭ كۈلكىسىنى كۆڭلۈمگە ئالمىدىم.لىكىن كىيىن ئەينىدىنىڭ يوغان قورسىقىنى تۇتۇپ پىخىلداپ كۈلۈشلىرى،بىگىمنىڭ يوتىسىغا شاپاللاپ كۈلۈشلىرى،بولۇپمۇ مەتىسلىمنىڭ خۇددى ئاجايىپ كومىدىيەلىك بىر ئىشنى كۆرۈپ قالغاندەك سۇپىدا دومىلاپ كۈلۈشلىرىگە

بەرداشلىق بىرەلمەي قالدىم.

-ۋىيى؟ئىنىم بولاشلا؟بىژىكىم قىچىغلىمىغاندۇ ھەقاسىلىرىنى؟يا قويانلىرىغا پىشىت چىرىۋالدىمۇ؟

ئۇلار مىنىڭ گېپىمگە پەرۋا قىلماي يەنە بىردەم كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن توختىدى.مەن ئەينىدىنگە يەنە گەپ قىلماقچى بولۇپ تۇرۇشىمغا ،مەتسىلىم ئېغىز ئېچىپ قالدى.

-ما كەيپىياتلىرى بەك بەلەن تۇرىتۇ ئەينا ،لىكىن رەسمىي يەگە بارغاندا يىلى چىكەتكەن خوتەكتەك سالپىيىپ ،مايمۇنىنىڭ بالىسىدەك ئۇنى-بۇنى ئالغىلىرى كىپ قالامتۇ تېخى!

-نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنلا!مەن ھازىر دىدىمغۇ،مەن بۇرۇنقى تۆرەم ئەمەس!

-مەن قارىسامىمغۇ ئەشتادەك تۇرىتۇ.لىكىن....

-لىكىن نىمە؟دىسە ھە!

-ئۆتكەندە تاشنى تاپتىم دەپ قوقاقداپ ،جىن سىيپىلىپ ،ئۆمىلەپ يۆلە.ئالدىنقى قىتىم بۆرە تاشنى ئالىمەنمىكى دەپ جىم تۇرغان بۆرىگە تاش ئېتىپ ،تاس قاللا بۆرە تېشىنى رەسمىي تاپقىلى ،ئەنىگدىن كېيىن ،كۆزلىرى موخو بولغىلى تاس قالدى ،تۈنۈگۈن ئۆزلىرىگە-ئۆزلىرى سۆزلەپ ،يەدە ئۆمىلەپ ،جىن-شەيتانلىغا تازىم ئېتىپ ،قوشاق قىتىپ....

-بولا ئەمدى!

مەتسىلىمنىڭ زادى مازاقلىرىغا بەرداشلىق بەرگۈچىلىكىم قالمىدى.بايامقى جەڭگىۋار ،خۇشخۇي ھالىتىمدىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

-مەتسىلىماخۇن ،ما گەپلىرى پەقەت بوممىدى جىما!ئە كىشى دىگەن ئۆتەپ كەتكەن ئىشنى يۈزىگە سامىمايمىز.

سۆيۈملۈك ئەينىدىن تاغا ماگا بولۇشۇپ مەتسىلىمگە رەددىيە بىرىشكە باشلىدى.تۇنجى قىتىم ھەمكارلىقنىڭ كۈچىنى ھىس قىلغاندەك بولدۇم.

-ھەممە ئەدەم سىلىدەك كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ مازامۇ مازا ،قۇملۇقمۇ قۇملۇق بىژنەسە جايلاپ مۈشۈكتەك چوڭ ۋوممىغان.ئالدىرىماي ئۆگىنىدا!

-خا-خا-خا!

ئەينىدىنىنىڭ مەتىسلىمنىڭ لەقىمىنى دارىتمىلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ دەككىسىنى بەرگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم.مەتسلىم دىگەن داپيۇز ئوغرىمۇ ھىچ ئىش بولمىغانىدەك ماڭا ئەگىشىپ كۈلۈپ كەتتى.

-ھىي-ھىي-ھىي!چاقچاق قىلىپ قويدۇميا ئەينا!بۈگۈن قايىندىن كۈن چىقتىكىنە،غوجام تۆرەمگە بولۇشاپ ماڭا كەتمەن چىپىۋاتىتۇ!

ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتۇق.لىكىن مەن مەتسلىمنىڭ بۇنداق چاقچاقلىرىدىن جاق تويۇپ كەتكەن ئىدىم.ئالدىنقى قىتىم دوختۇرخانىدا مىنى قورقۇتقانلىقىنى بولدى قىلىۋەتسەم،بۈگۈن يەنە ھەممە كونا ئىشلارنى سۈرەپ چىقىپ مىنى مازاق قىلماقچى بولغانلىقىنى قاراڭلار!خەپ،ماڭىمۇ پۇرسەت كىلىپ قالار!

-ئەمدى تۆرەمنىڭ....ھەراس،دەرىجىدىن تاشقىرى شىڭجى قىلىنغان تۆرەمنىڭ بايامقى سوئالىغا كەسەك،ھازىر قۇم كۆچەش تەخى توختىغىنى يوق.شۇڭا يانا بىرقانچە كۈن ساقلىمىساق بومىدۇ.

ئەيىندىن گەپنىڭ يەنە مىنىڭ دەسلەپكى سوئالىمغا يۆتكىدى.

-بۇنچىلىك بوران-چاپقۇندىن قوقساق ۋەتەنگە،خەلىققە قايدا يۈزىس كىلەلەيمىز دەيمە!ئۇندا قىممىي بۆگەنلام چىقساق بولىتى.

-ما دىگەنلىرىڭىز توغرا،لىكىن ۋەتەننىي سۆيەشىنىڭمۇ يولى بولىدا.باكادىن باكا قۇمغا غەرق ۋولاپ،ئەخمەقلەچە ئىش قىلساقمۇ بومىاس.قۇم كۆچەش سەل توختىغانىدا ۋەتەننىي داۋاملىق سۆيىسەكمۇ كىچىكمەيمىز.

-ئۇندا ۋوسا مەن ئالدىن ژۈرە قوشۇن بولاپ بىرىپ ئەۋال ئىگەللەپ باقاي جۇما!

-ئەشتا قىلسا،سىلىنى بىز شامال بۇرغا،مىدە چاققان،دولقۇن كىزەر قىلىپ تەيىنلىدۇق!

-سىلە ئىشلىرىنى قىلسا جىما،بىژكىم سىلىنى قورۇقچىلىققا قويمىغاندىكىن!

مەتسلىمنىڭ يەنە ئىغىزى قىچىشىپ قالغانىدەك تۇراتتى.مەن ئۇلارنى

بۈگۈن يولغا چىقىرالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپ،مەتىسلىمنىڭ ئاشۇ گەپلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆزۈم بېرىپ بېقىشنى ئويلاپ قالدىم.

-ئاھاي....ئۆيەگە ئالدىن بېرىپ ئەۋال تەكشۈمىسىلىرىمۇ تالاغا چىقىپ باقسا،مىشەدىمۇ خىلى كۆشلۈك شامال چىقىۋاتىدا!

ئەيىنىدىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەتىسلىم ئېغىزىنى تۇتۇپ كۈلۈپ كەتتى.مىنىڭ يەنە جاھىللىقىم تۇتتى.

-چىم بىلىدۇ تەخى قۇملۇقتا ئاپتاپ پارلاپ چىقىۋاتامدۇ.يانىلام ئۆزەم بېرىپ باقاي جىما!

-ماڭ قايىلىسا!سىلە بايام تەخى« ھەممە ئىنتىزامىمىزغا بويسۇنىمەن،ئاق ئىتىمەن،كۆك ئىتىمەن» دەتىلە،بىژدەمدە ئۇنتۇپ قاللىما؟

بىگىمنىڭ قىلغان بۇ سۆزى مېنى تولۇق مەغلۇپ قىلدى.مەتىسلىمگە بىرنى ئالىيىپ قويۇپ،سالپىيىپ ياتاق ئۆيگە چىقىپ كەتتىم....

ئەتىسى ئويغۇنۇپلا قىلغان بىرىنجى ئىشىم يۈگۈرەپ چىقىپ،سىرىتنىڭ ھاۋاسىنى كۆزىتىش بولدى.يەنىلا شامالىق ھاۋارايى.ئۆگۈنى،يەنە شامال.ئىندىنى،يەنىلا شامال....ئۆلگۈر ھاۋارايىمۇ مەن بىلەن قېرىشقاندەك شامال ساق بىرھەپتە چىققاندىن كېيىن ئاندىن توختىدى.كۈنىرى بوشاپ كىتىۋاتقان جەڭگىۋارلىقىم،ھاۋا ئېچىلغان كۈنى،بىراقلا تولۇق ئەسلىگە كەلدى.ئەيىنىدىن،بىگىملەرنىڭ قېشىغا كىردىم.ئويلىمىغان يەردىن،ئەيىنىدىن مىنىڭ ئېغىز ئېچىشىمنى كۈتمەيلا ماڭا جاۋابىنى بېرىۋەتتى.

-شىككى سائەتتىن كېيىن يولغا چىقىمىز.قوساقنى راسا ئەستەلەپ،ھاجەتنى راۋا قىلىۋىلىپ تەييا ۋوسا ئەمىسە!

يۈرىكىم تىپچەكلەپ سوقۇپ كەتتى.«ئەمدى دەرىجىدىن تاشقىرى ئەغزەم تۆرەمنىڭ مەيدانىغا چىقىدىغان پەيتى كەلدى!» دىدىم ئۆز-ئۆزۈمگە.

ئىككى سائەت ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتكەندەك بىلىنىپ كەتتى.يانفۇننىڭ سائىتىگە تولا قاراپ ئىچىممۇ سىقىلىپ كەتتى.ئاخىرى

مەتسلىم مېنى چاقىرغىلى كىردى.مەن دەرھال ئۇنىڭ بىلەن بىللە
ئەينىدىن،بىگىملەرنىڭ يېنىغا چىقتىم.ئەينىدىن ئالدىنقى قىتىمكىگە
ئوخشاپ كىتىدىغان بىرقاتار ئورۇنلاشتۇرۇش قىلغاندىن كىيىن يولغا
چىقتۇق....

## 25-باپ    كىلىشمەسلىك

يەنە شۇ ئىككى قەۋەت ئازگالنىڭ تىگىدىكى قەبرە ئىچى.مەن خاتا سەزگۈدە ئەخمەق بولۇپ،بىگىمدىن هارام تاياق يەپ يۈرگەن جايلارغا، تورۇسقا ئېسىلغان خالتىلارغا قاراپ كۈلگۈم كىلىپ قالدى.ئەگەر هازىر يەنە خالتا ئىچىدىكى بىهۇش ماتىرىياللارنى پۇراپ،خىيالىغا سەزگۈگە كىرىپ كەتسەم،ئەمدى كۆزۈمگە نىمە كۆرۈنەر؟!هازىرقى روهىي هالىتىم ۋە ئىددىۋى تەييارلىقىمدا مىنىڭچە چوقۇم ياخشى ئىش،ياخشى نەرسىلەر كۆرۈنىشى مۇمكىن.

-يانا بىژ قىتىم سىناپ باققىلىرى كىلىۋاتامدا؟

ئەيىندىن مىنىڭ ئېسىغلىق خالتىلارغا قاراپ خىيالىغا چۆمگەنلىكىمنى كۆرۈپ،چاقچاق قىلغۇسى كىلىپ قالغان ئىدى.

-ياق.بەزى ئىشلا پەقەت بىژقىتىم بوسىلام كۇپايە.جىق بولاپ كەتسە مەززىسى بومايدا!

جاۋابىمدىن رازى بولغان ئەيىندىن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدۇم.ئەيىندىن بۇ يەردىكى نەرسىلەرنى تولۇق سۈرەتكە تارتىپ،خاتىرلەپ بولغاندىن كيىن،بىز يەنىمۇ ئىچكىرلەپ كىرىشكە تەييارلىق قىلدۇق.

بىز ئىچكىرلەپ كىرمەكچى بولغان ئېغىز، يەنى ئىككىنجى ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا چاپلاپ قويۇلغان قاپاق شەكىللىك تاشنىڭ ئالدىدا، بىگىم بىلەن مەتسىلىم قاراپ تۇراتتى.

-بۇ تاش قانچىلىك كىلە؟

-مىنىڭچە ئىككى يۈز كىلودىن زوراق چىقتۇ.

-سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان ئوخشايمىز.

مەتسىلىم تاشقا قاراپ بىشىنى لىڭشىتتى.بىگىم تاشنىڭ ئەتراپىنى بىرقانچىنى ئايلىنىۋىتىپ،يەنە تاشقا يىقىنلاشتى.مەنمۇ ئۇلارغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يىنىغا كەلدىم.بىگىم بىلەن مەتسىلىم تاشنى سەل ئالدىغا مىدىرلىتىش ئۈچۈن خىلىلا كۈچەپ باققان بولسىمۇ

يەنىلا تۇتقۇدەك ئەپلىك يەر تاپالماي ،مەغلۇپ بولدى.بىگىم تاشنىڭ تامغا چاپلاشقان تەرىپىگە تولۇپ كەتكەن قۇم-توپىلارنى بارماقلىرى بىلەن كولاشقا باشلىدى.دىگەندەك قاپاق شەكىللىك تاش تامغا ھېم جىپىسلاشتۇرۇلغان بولماستىن،تام بىلەن تاشنىڭ ئارلىقىدا ئادەمنىڭ قولى پاتقۇدەك كىچىك ئارىلىق قالغان ئىدى.بىگىم ئۇ يەرگە قولىنى كىرگۈزۈپ كۈچەپ تارتىۋىدى،تاش ئالدىغا بىرئاز سۈرۈلۈپ قۇم-توپىلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى.بىگىم يەنە بىر تەرەپىنىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا تارتىپ تاشنى مۇۋاپىقيەتلىك ھالدا ئالدىغا سىلجىتتى.

-بىگىمنىڭ قوللىرىغا خۇدايىم دەت بەرمىسۇن.قىرىق قوتازنىڭ كۈچى بار دىگەن گەپ بىگىمدەك ئادەملەرگە ئېيتىلىتۇ ئەينا!

مەتسىلىم راست ھەيران قالدىمۇ ياكى يالغاندىن شۇنداق دەپ قويدىمۇ،ئەيتاۋۇر كۆزلىرى چەكچىيىپ،ئېغىزلىرى يوغان ئېچىلىپ بىگىمنى ماختاپ كەتتى.

-سىلىدىمۇ ئەللىگ-ئاتمىش مۈشۈكنىڭ كۈچى بوغاندىكىن قايلاپ تۇماي بى تاتىشىپ بەمەملا؟

مەن بىگىم تۇرغان تەرەپىنىڭ قارشىسىدا تۇرۇپ تاشنى ئىتتىرگەچ،ھاڭۋىقىپ تۇرغان مەتسىلىمنى چاقىردىم.

-ئوبدان،ئوبدان!

مەتسىلىم مەن تەرەپكە ئۆتتى.بىگىم بىرتەرەپتە،مەتسىلىم بىلەن مەن بىر تەرەپتە تۇرۇپ،تاشنى ئالدىمىزغا تارتىشقا باشلىدۇق.تاش ئاستا ئالدىغا سۈرۈلمەكتە.بەك كۈچەپ كەتكەنلىكىمدىن كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ،نەپىسىم يېتىشمەي قالدى.لىكىن بىگىم توختىمىغاچقا،مەن يەنە چىشىمنى چىشلەپ تارتىشقا مەجبۇر بولدۇم.مەتسىلىممۇ چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئىدى.

-بولدى!

ئىشقا ئارىلاشماي يىراقراق جايدا تۇرۇپ تاشنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئەيىنىدىن توختاشقا بۇيرۇق بەردى.مەن تاشنى قويىۋىتىپ يەردە ئولتۇرۇپ قالدىم.مەتسىلىم تامغا يۆلىنىپ بىردەم دېمىنى

ئىلىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ،ئادەم يانچە كىرسە پاتقۇدەك ئارلىق  ھاسىل بولغان بوشلۇقتىن،تاشنىڭ ئارقىغا بېشىنى تىقىپ قارىدى.مەنمۇ تەستە ئورنۇمدىن تۇرۇپ بىگىمگە قارىدىم.بىگىمنىڭ يۈزلىرىدىكى تەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا،ئۇ بەك چارچاپ كەتكەندەك كۆرۈنمەيتتى.ئۇنىڭ بەقۇۋۋەتلىكىگە ئىچىمدە يەنە بىر قېتىم قايىل بولدۇم.

-مەن چىرىپ باقاي.ھەقاسىلىرى سەل ئارام ئاغاچ تۇسا.

سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇنقى پىلان بويىچە بىگىم ئاۋۋال كىرىپ كەتتى.مەن ئەيىندىننى گەپكە تۇتۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەكچى بولدۇم.

-ئەيىندىن تاغا،سىلىدىن بىرگەپ سوراي.

-سوسا تۆرەم.

-سىلە نىمىشقا بۇيەنى ھەقىقى قەبرە دەيلا؟بىز بۇرۇن چىگەن كامالا قەبرە ئەمەسمىتى؟

-بۇرۇنقىلىرى ئەمەستى.بۇيەنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا قەبرىگە ئوخشاپ قالىدىكەن.قاغىننى ئەمەلىي ئەھۋال بەلگىلەيدا.

-ئۆتكەندىكى بىرىيەنىمۇ تۇتاش مازا دىگەندەك قىغانىغۇ؟

-بەزى ئىنىقسىز ماتىرىياللىدا ئاشتاراق گەپ باتى.لىكىن كېيىن بىز چىرىپ تەكشۈگەندىن كېيىن ئۇ يەنىڭ بىز ئىزدىگەن تۇتاش مازا ئەمەسلىكىنى بىلدۇق.

-بىز ئەسلى تۇتاش مازانى ئىزدەش ئۈچۈن قوملۇققا كەگەنما؟

-ئۇمۇ با،يانا باشقا جايلىمۇ با.مەن ۋە بىگىم ئاشتا يەلىنى ئىزدەپ كەگەن،لىكىن سىلە باشقا ئىشقا كەگەن،شۇندامۇيا؟

ئەيىندىن مەن بىلەن چىقىشىپ يەنە چاقچاقنى باشلىدى.لىكىن مەن ئۇنىڭغا گەپ يورغىلىتىشنى خالىماي،چىن كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى قىلدىم.

-باشتا مەن ھېلىقاندا تەڭگىنى ئىزدەپ سىلىگە ئەگەشكەن.كېيىن تەڭگىدىنمۇ قىممەت نەسلىنى ئىزدەپ بىيىپ كىتىشنى ئويلىدىم.ھازىر بوسا ھەقاسىڭلار قايدا مەخسەتتە بوساڭلار مەنمۇ شۇندا مەخسەتتە سىلىگە ئەگىشىۋاتىمەن.

-ياخشى.ئۇنىڭدىن باشقا خىزمەت تېپىش ئىشىمۇ بادۇ.

-ھە.ئۇ ئىشمۇ با.لېكىن خاتىرجەم بوسا.مەن ئەمدى ھەرگىز سىلىگە خىزمەت تەپ بەسە دەپ ئىسلىۋامىايمەن.

-ھا-ھا-ھا!بىر كېچىدىلا نەچچە ئون ياش چوڭ ۋولاپ كىتىپلا جىما تۆرەم،مۇشۇ ھالەتلىرىنى ساقلاپ قاسىلىرى،ئىگەم چوقۇم سىلىگە تىخىمۇ ياخشى كۆنلىنى بىرىدا.

-دىگەنلىرى كىلە ئىلايىم.

بىز پاراڭلىشىۋاتقاندا بىگىم قايتىپ چىقتى.چىرايىدىن بىرخىل ھاياجان ئۇرغۇپ تۇراتتى.

-غوجام.بۇ يە ھەقىقەتەن قەبرىكىن!

-ھەجەپ بەلەن بولدى.ئەجرىمىز باكاغا كەتمەيدىغان ئوخشايدا.

-خۇدايىم بۇرىسا چوقۇم ئاشتا بولىدا.

-ئىچىنىڭ ئەۋالى قانداراقكىن؟

-باشقىچە خەتەرلىك ئەۋالنى ھازىرچە بايقىمىدىم،لىكىن كۆڭلۈمنىڭ بىژيەلىرىدە ئازراق ئەنسىزلىك با.

-قايدا دەيلا؟

-بۇيە ئەگەر راستىنلا مىرزا سۇلتان قەبرىسى بوسا چوقۇم نۇرغۇن تۇزاق ۋە مۇداپىلىنىش ئەسۋاپلىرى بولىشى كىرەكتى.لىكىن سىرتىدىكى ۋە ئىچىدىكى شىككى ئۆيدە ھىچقاندا خەتەرلىك نەسە بايقىيامىدىم.شۇنىڭغا قايلاپ سەل ھەيران قىلىۋاتىمەن.

-دىگەنلىرى توغرا.ھەرھالدا ئويلىنىپ ئىش قىلىلى.

ئەيىنىدىن سۆزىنى توختىتىپ خاتىرىسىنى ئېچىپ،بىرقانچە قۇر خەت يىزىپ قويىدى.ئاندىن بىزنى چاقىردى.

-بىگىمنىڭ گىپىنى ھەممەيلەن ئاڭلىدۇق.بۇندا يەدە قانچە بىخەتەر كۆرەنگەن يە شۇنچە خەتەرلىك بولىدا.شۇڭا ئىچىگە چىگەندىن كىيىن بەك دىققەت قىلىلى.

بىز ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بىر-بىرلەپ يىڭى كىرىش ئېغىزىغا كىرىپ كەتتۇق.كىرىۋاتقاچ مەن مىرزا سۇلتاننىڭ زادى قانداق ئادەم

ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەيدىغانلىقىمىزنى تەھلىل قىلىپ ماڭدىم.لېكىن تارىخى بىلىمىم ۋە قىدىرىپ تەكشۈرۈش تەجرىبەم ناھايىتى تۆۋەن بولغاچقا ئۆزۈم قانائەتلەنگۈدەك جاۋاپ تاپالمىدىم.مۇشۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن چوقۇم ئەيندىن ياكى بىگىمدىن سوراپ بىلىۋالارمەن دىگەننى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

كۆچلۈك چىراق نۇرى ئاستىدا كۆزئالدىمدا يېڭى بىر مەزىرە پەيدا بولدى:سىرتتىكى ئۆيلەردىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق نەقىشلەنگەن تام،قەبرە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان كىچىك گۈمبەز....ھەممىدىن ماڭا غەيرى بىلىنگىنى ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بەئەينى قاسساپلارنىڭ كانارلىرىغا ئىسلغان گۆشتەك ساڭگىلاپ تۇرغان بىرنەرسە بولدى.

ئەيندىن ئۇ نەرسىنىڭ يېنىغا كىلىپ ئاۋۋال ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن سۈرەتكە تارتتى،ئاندىن خاتىرە قالدۇرۇشقا باشلىدى.مەنمۇ ئۇنەرسىنىڭ يېنىغا يېقىن قىلىپ قارىدىم.ئۇ نەرسە خۇددى تەتۈر ئۆرۈپ قويۇلغان كالا-قوينىڭ تېرىسىگىلا ئوخشايتتى.بەك تۇتۇپ باققۇم،يېرىپ ئىچىدە نىمە بارلىقىنى كۆرۈپ باققۇم كەلگەن بولسىمۇ يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتىۋالدىم.

-بۇ نىمە؟

-ھازىرچە بىرنەرسە دىگىنى بوممىدى.

-ئىچىنى ئىچىپ كۆرەپ باقايلىمۇ؟

-ئەڭ ياخشىسى ئۇنداق قىمايلى.ماڭسا!

ئەيندىن مىنى ۋە مەتسىلىمنى باشلاپ ئىلىپ ماڭدى.بىز تامغا ئىشىك ئورنىدا ئىچىلغان كىرىش ئېغىزىدىن بۇ ئۆيىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئۆيگە كىردۇق .تامدىكى نەقىشلەر تېخىمۇ مۇرەككەپ ئويۇلغانلىقى،گۈمبەز تېخىمۇ يوغانراق ئىكەنلىكىنى ھىساپقا ئالمىغاندا،بۇ ئۆيىنىڭمۇ تېشىدىكى بىلەن كۆپ پەرقى يوق ئىدى .ھەتتا ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تورۇستىن تانىغا ئوخشاش ئېسىلىپ چۈشۈرۈلگەن ھېلىقى تەتۈر تېرىدەك نەرسىمۇ ئوخشاش ئىدى.

-ۋۇجۇ!مىيەدىمىكى باكىنيا ماندا بىرنەسە؟

مەن يەنە ئۇ نەرسىگە يېقىنلاشتىم.دىققەت بىلەن قاراۋاتقان چىغىمدا

ئارقامدىن ئاڭلانغان«ۋەا» دېگەن ئاۋاز مېنى قاتتىق چۆچىتىۋەتتى.دۈپۈلدەپ سوقىۋاتقان يۈرىكىمنى قولۇم بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ،دەرھال كەينىمگە ئۆرۈلدۈم.ئاناڭنى!ئارقىمدا مەتىسلىم دېگەن ئوغرى ئېغىزنى تۇتۇپ قاتتىق كۈلۈپ كېتىپتۇ.

-بىژيەلىرى بىژقاندا بولاتامدۇيا مەتىسلىمكو!نىمدا سەت ۋاقىرايلا؟

-سىلىنى قوقىتىپ چاقچاق قىلىپ قويدۇميا ئەينا!

-چاقچاقىڭمۇ يولى بولىدۇ جىما!باكا ژۈرەك كىسىلىم قوزغىلىپ بىژنەسە بولاپ قاسام،مازادىن جايلىغان بايلىقلىرنى سېتىپمۇ مېنى تۆلىيەممەيلا!

-ھىي-ھىي-ھىي!

-مەندىن نېرى تۇسا ماڭسا!

بۇ ئوغرىغا گەپ تەسىر قىلمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ يەنە ھېلىقى نەرسىنى كۆزىتىشكە باشلىدىم.ئېچىمدە ناھايىتى ئاچچىقىم كەلگەن ئىدى.مېنى تۇرۇپ-تۇرۇپ چۆچىتىپ قويىدىغان بىگىم توختاپ قالدى دەپ خۇش بولۇپ يۈرسەم،ئەمدى ماۋۇ ئوغرى مېنى قورقىتىدىغان بولۇپ قالدى دىسە!

بىگىم بىلەن ئەيىندىن تام-تورۇسلاردىكى نەقىشلەرنى سۈرەتكە تارتىپ مۇلاھىزە قىلىشقا چۈشكەن ئىدى.مەن تۇرۇپ-تۇرۇپ مەتىسلىم دېگەن ئوغرىنىڭ مېنى چۆچىتىۋېتىشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئارقامغا قاراپ قويغاچ،ھېلىقى ئېسىغلىق نەرسىنى ئايلىنىپ قارىدىم.قارىغانسىرى ئۇنەرسە كۆزۈمگە ئېچىگە بىرنەرسە ئوراپ،كۆچلۈك ئاپتاپتا قۇرۇپ قورۇلۇپ كەتكەن تېرىگىلا ئوخشاش كۆرۈندى.ئىختىيارسىز قولۇمنى ئۇزىتىپ،ئاستا تۇتۇپ باقتىم.قول سىزىمىمۇ ھەقىقەتەن تېرىگە ئوخشاش ئىدى.ئاستا لىڭشىتىپ باقتىم.ئېچىمدە ئۇۋاق بىرنەرسە باردەك قىلاتتى.تىغلىق ئەسۋاپتىن بىرنى ئېلىپ بۇ تېرىسىمان خالتىنى تېشىپ بېقىشنى ئويلىدىمىۇ،يەنە ئۆزۈمنى تۇتىۋالدىم.

-ئەيىندىن تاغا،بۇ تېرىدە ياسالغان تاغادەك تۇرامدۇ نىمە؟

ئەيىندىن بىگىمگە قىلىۋاتقان سۆزىنى توختىتىپ مەن تەرەپكە قاراپ

كەلدى.
-توغرا دەيلا.بۇ تۆگە تېرىسى!
-ھە؟!دېمەك سىلە بۇنەرسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى،قايدا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىدىكەنلا دە؟
-مەنمۇ بايامنىڭ ياغى تەكشۈرەپ شۇندا پەرەز قىلدىم.
-نىمىشقا قەبرىنىڭ ئوتتۇرىغا تۆگە تېرىسىگە بىژنەسە يۆگەپ قويىپ قويىدا؟
-بەلكىم بۇمۇ سىرىتىقى قەبرىلەرگە ئىسلىغان كىچىك خالتىلاردەك پۈراق تاقىتىشقا ياكى بىرە نەسىنىڭ ئالدىنى ئىلىش ئۈچۈن ئىسلىغان بولىشى مۇمكىن.
-تېشىدىكى خالتىلىغۇ كىچكتى.لىكىن ما خالتا بەك يوغانكىن جۇما.بىرەر ئەدەممۇ پىتىپ كەتكۈدەك ئىچىگە!
-راس دەيلا.
-ۋىيى!ئۇندا ۋوسا ئىچىدە موميا بامىدۇ؟
-ھا-ھا-ھا!بۇ دىگەن خوتەن!مىسىر ئەمەس.سىلىنىڭچە موميا تېخنىكىسىنى ھەممە يەنىڭ ئەدەملىرى بىلىدىغان ئوخشىمامدا؟
-مەنمۇ شۇ پەرەز قىپ باقتىم.ھىچ بومىغانىدا بىرە ھايۋاننىڭ ياكى مەخلۇقنىڭ جەستى قاچىلاپ قويغان بوسىمۇ بىژنەسە دىگىنى بومايدا جۇما!
-تەپەككۇرغا رەسىمي بايكەنلا.مۇشتا دىسىلە ئىسمگە بىژگەپ كىلىۋاتىدا.
-دەپ باقسا قەنى.
-قوقاپ كىتەلىمۇ يانا؟
مەن ئېغىر-بىسىقلىق بىلەن ئەينىدىنگە كۈلۈپ قويدۇم.
-ئەينىدىن تاغا،مىنىڭ ھازىر قايدا ئەغزەمجان ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قامىسا جىما!
-ھەراس،سىلە دىگەن شىگجى قىلىنغان تۆرەمتىلە ھازىر.ئۇنتۇپ قاپتىمە.بۇرۇن مۇگغۇل قوشۇنلىرى ئىسيانكار،قاتتىق جايىل

دۇشمەنلەرنىڭ چېچىنى پاكىز چۇشۇرۇۋىتىپ، بېشىغا تۆگە تېرىسىنى مەھكەم چاپلىۋىتىپ، ئاپتاپقا باغلاپ قويىدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى ئاپتاپتا تۆگە تېرىسى قورۇلۇپ باش تېرىسىگە چاپلىشىپ، چېچى تېشىغا ئۆسەممەي ئىچىگە قايلاپ ئۆسەپ. مېڭىسىنىڭ نېرۋىلىرىنى بىسىپ، ئاخىرى دەلدۈش، سارالڭ بولاپ كىتىدىكەن. بۇنىدا بولاپ قاغان ئادەمنى «ماڭقۇرۇت» ئەدەم دەپ ئاتايدىكەن.

-نىمە دىگەن قەبىي ئۇسۇل بۇ....

بۇ ھىكايىدىن ھىچقانداق قورقۇنۇچ ھىس قىلمىدىم، لىكىن ئالدىمدىكى نامەلۇم نەرسە ئورلغان تۆگە تېرىسىگە قاراپ بىرخىل شۇركىنىش ھىسياتى پەيدا بولدى. ئۆزۈمچە بۇ تېرىنىڭ ئىچىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان، بېشىغا تۆگە تېرىسى چاپلىشىپ كەتكەن، چىرايى ئازاپتىن پۈرلەشكەن، كۆزلىرىدىن تەلۋىلەرچە ئۇچقۇن چاقناپ تۇرغان بىر ئادەم باردەك خىيال قىلىپ باقتىم. ئەگەر راستىنلا بۇ تېرىنىڭ ئىچىدە شۇنداق ئادەم بار دىيىلسە، ئۇ ئادەم كىم؟!

-ئەيىندىن تاغا، بۇنىڭ ئىچىدە راسلام ئاشتا ئەدەم بولاپ قاسا قاندا قىلامىز؟

-ھا-ھا-ھا! ۋاي جىنىم تۆرەم، ئەدەمنى بەك كۈلدۈرىدىكەنلا. بايام دىدىم، بۇ دىگەن خوتەن! ئىچكى مۇڭغۇل ئەمەس. قوقاپ كىتىلا دىسەم ئۇنىمايلا، بىۋدەمدە بۇ خالتىنىڭ ئىچىدە ئەدەم باغا چىقرۇەتلە مانا!

-مەن ئەدەم با دىمىدىم، شۇندا خىيال سۈرۈپ باقتىم.

-ھەرھالدا ئارتۇقچە ئويلىنىپ كەتمىسە.

-كېچىچى قوقاپ چىقىراپ ياتىتقان بولدى تۆرەم ئەينا!

مەتسىلىم يەنە گەپكە ئارىلاشتى. ئەمما مەن بۇقىتىم ئۇنىڭ بىلەن گەپ ئېتىشمىدىم. مەندە مەيلى بۇنىڭ ئىچىدە نىمىلا بولمىسۇن، بىر ئىچىپ كۆرۈپ بىقىش ئىستىكى قوزغالدى.

-ئەيىندىن تاغا، بىگىم، ئەگەر رۇخسەت قىلساڭلا مەن ما تاغانى بىر ژىتىپ كۆرەپ باقسام قاندا بولا؟

نەقىشلەرگە قاراپ بۇرنىنى كولاپ تۇرغان بىگىم ماڭا جاۋاپ بەرمەي

ئەينەكنىڭ قارىدى.ئەينەكتىن بېشىنى چايقىدى.بىگىم كۈلۈپ قويۇپ.يەنە نەقىشلەرنى كۆزىتىشكە باشلىدى.مەن قاتتىق ئۈمۈدسىزلەندىم.ئەينەكتىن مىنىڭ كۆڭلۈمنىڭ چىگىلىپ قىلىشنى خالىماي،چۈشەنچە بەردى.

-ئويلاپ باقسا تۆرەم.قەبرىنىڭ ئوتتۇرىغا بىزكىم باكادىن باكا بۇ نەسىنى ئېسىپ قويمايدا.چوقۇم بىرەر مەقسەت يا سۈيقەست بىلەن قويغان بىژنەسە بۇ!

-نىمە مەقسەت نىمە سۈيقەست بولا ئۆلگەن ئەدەمدە!

-شۇ ئۆلگەن ئەدەم ،سىلە بىزدەك ساچقانلىنىڭ گۆرىنى تىلغىشىدىن ئەنسىرەپ شۇندا قىلىدا!

-بىز ساچقان بولاپ بى كىپەن ئوغۇرلىغىلى يا قەدىمي بويۇم ئەتكەس قىغىنى چىمىدۇق،ماندا ۋەتەن،خەلق،تارىخ دەپ چىگەندۇق ھەقىچان؟

-ئۆلگەن ئەدەم سىلىنىڭ نىم مەقسەت بىلەن چىرىشلىرىنى نىم بىلىدا؟ھەجەپ مۇشۇ خالتا بىلەنلام قالدى ما بالا!

ئەينەكتىن سەل تېرىكىپ قالغان ئىدى.مەن ئۇنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ،گەپنى چاقچاققا يۆگىدىم.

-بۇ يەدىكى ھەممىمىز ساچقان ئەمەس.مۇشۇكمۇ باتى ئىيەدە!

-ھىي-ھىي-ھىي!

-ھا-ھا-ھا!

مەتسىلىمنىڭ كۈلكىسگە ئەگىشىپ ئەينەكتىنمۇ كۈلۈپ كەتتى.مەن ئۇنى ئەمدى قوشۇلدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم.

-ئەك ياخشىسى بىز بۇيەدىكى بىژنەسىلىگە ئېيتىشمايلى.ئۇنىڭ ئىچىدە نىمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر،بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۇ نەسە ئەمەس!ماڭىلى،ئالدىمىزدا يانا نۇرغۇن ئىش با تەخى!

دىمەك ئەينەكتىن مىنىڭ ئۇ تېرە ئورالمىسنى ئېچىشىمغا قەتئىي قوشۇلمايدۇ.ئامالسىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بوينۇمنى باغلىغاندەك ئەگىشىپ ماگدىم.ئۈچىنجى ئېغىز توسالغۇسىز بولغاچقا بىز ئاسانلا كىرىپ كەتتۇق.بۇ ئۆيدە تامدىكى نەقىشتىن باشقا ھىچنىمە يوق ئىدى.ساگگىلاپ تۇرغان خالتىمۇ،ھەتتا كىچىك قەبرە گۈمبىزىمۇ يوق ئىدى.ئەينەكتىن

يەنىلا دائىملىق خىزمىتى بىلەن، بىگىم بولسا يەنىمۇ ئىچكىرلەپ كىرىش ئېغىزىنى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە بولۇپ كەتتى.مەتسلىم خۇددى ھىچقانداق ئىشى يوق ئادەمدەك ئەسنەپ،ئۇياق-بۇياققا خوش ياقمىغاندەك قاراپ تۇراتتى.مىنىڭ ئەس-يادىم يەنە ئاشۇ تېرە ئورالمىسىدا.

بىگىم ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇدۇل تامدىكى باشقا جايلار بىلەن پەرقلىنىپ قالىدىغان،ئىشىك شەكىللىك بىريەرنى بايقاپ،ئۇ يەرنى قولى كۆچەپ ئىتتىردى.ئۇ يەردىكى قۇم-توپا ئارقىغا ئۆرۈلۈپ .ناھايىتى تار بىر كىرىش ئېغىزىنى پەيدا بولدى.مەندىن باشقا ھەممەيلەن خۇشال بولۇپ كەتتى.

-كالللىرىغا ئاشۇ خالتا چىرىۋالدى ھە سىلىنىڭ.

تولىمۇ سەزگۈر بىگىم مىنىڭ نىمە ئويلىغانلىقىمنى ئاسانلا بىلىپ قالدى.

-قاسى بىژكىتاپتا «سەن ئىزدىگەن نەسە چوقۇم سەن تاپالايدىغان يەردە.لىكىن سەن دائىم ئۇنى چوقۇم مەن تاپالمايدىغان يەردە دەپ ئويلايسەن،شۇڭا ئۇنى تاپالمايسەن» دىگەن گەپنى ئوقۇغانتىم.شۇڭا ئاشۇ تېرىنىڭ ئىچىدە بىزگە لازىم بوغان نەسە يوشۇرۇنغانمىكى دەپ ئويلاپ قالدىم.مەندە ھەرگىز تەڭگە،قاش تېشى،ئالتۇن-كۆمۈش چىقىپ قالامىكى دەيدىغان خىيال يوق!

-بىلىمەن تۆرەم.بوپتا،كۆڭەللىرى يەدە قامىسۇن.بىر ئېچىۋاسا بېرىپ!

-راسمۇيا؟

مەن ھاياجانلىنىپ كەتتىم.يەنىلا بىگىم مىنى چۈشىنىدۇ دە!

-ئەڭ ياخشىسى كۆڭەلنىڭ كەينىگە چىمەي،ئىشىمىزنى قىلىلى!

ئەيىندىنىنىڭ سۆزلىرى مىنىڭ دەقىقە ئالدىدا پەيدا بولغان ئۈمۈدلىرىمنى يەنە ئۆچۈردى.

-تۆرەمنىڭ بەك كۆگسى كەپ كەتتى ئەمەسما.يانا بىرە قېتىم بۇنىغا سۇ چىسە،بۇدا ئۇندا دىمەيدىغان بولىدا!

بىگىم يەنە ماڭا يان بىسىپ گەپ قىلدى.لىكىن باياتىندىن بىرى گەپكە ئارىلاشمىغان مەتسلىم يەنە قۇرۇق گەپ قىلىپ كەيىمنى ئۇچۇردى.

-تۆرەمنىڭ بۇرنىغا تولا سۇ كىرىپ، سۇ كالىسى بولۇپ كەتتى، شۇڭا تۆرەم بۇرنىغا ئەمەس، قۇلىقىغا سۇ كىرىپ كەتسىمۇ تېقىمىغا ئالمايتۇ!

-ئىشلىرىنى قىلسا سىلە، دايىم پەلىپەتىش گەپ قىلىپ ئەدەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىكەنلا!

بىگىم بىلەن ئەيىنىدىن يەنە كۈلۈپ كىتىشتى. كۈلكىدىن كىيىن بىگىم يەنە ئەيىنىدىنگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. ئەيىنىدىن ناھايىتى تەستە بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.

-بولاپتا. لىكىن سىلىگە دەپ قويىاي تۆرەم. مەن ئوقۇغان بىژكىتاپتا «كىچىككىنە سەۋەنلىك، زور بەدەل ۋە قۇربانلىقنىڭ سەۋەپكارى» دەپ يېزىلغان. قاغىنى كۆڭەللىرى!

مەن ئۇنىڭ قوشۇلغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا قانداق مۇداپىئە قىلىدىغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ كەتتىم.

-خاتىرجەم بوسا دەيمە! مەن ماندا قىمماقچى، ھېلىقى ئەسۋاپىنىڭ ئۇچىغا، سومكامدىكى يامىشش ئىلغۇچىنى چىگىمە، ئەندىن ژىراقتا تۇرۇپ تىشۋىتىپلام ھەقاسىڭلىنىڭ قېشىڭلىغا قىچىپ كىلىۋىلىپ، تاكى ھەقاسىلىرى چاتاق يوقكىن دىگۇچە تۇرۇپ، ئەندىن بارىمەن، قايدا، ما ئويلىغىنىم بولامدىكىن يا؟

-بولىدىكىن. لىكىن ئۇنىڭ ئىچىدىن پۇراقلىق نەسە چىقىپ، يانا بىھوش ۋولاپ قاسىلىرى قايدا قىلىمىز؟

-ئۇ چاغدا بىگىم شىككىلەنمەي ئاغزىمغا تۆتنى قويايلام مىنى بۇخاراغا يولغا سىلىپ قويسۇن، قەتتى خاپۇمايمە!

-ئۇ چاغدا مەنمۇ ئۇرۇشۇپ بىرىتمە!

-شۇندا قىلالا مەتسىلىمكا! ئۆتكەندە كاسامغا تەپكەنلىرىنىڭ ھىساۋىنى قوشاپ ئالامە ئۇچاغدا!

ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتۇق. كۈلكىدىن كىيىن مەن بايام دىگىنىم بويىچە ئىلغۇچىنى ھېلىقى ئەسۋاپقا چىگىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن سىرتىدىكى ئۆيىدىكى تېرە ئورالمىسىغا يىقىنلاشتىم. ئەسۋاپىنىڭ ئۇچى ئۇنىڭغا يەتكۈدەك يەرگە كەلگەندە توختاپ، ئىلگەكنىڭ ئۆتكۈچ ئۇچىنى ئۇ

ئورالمىغا كۆچەپ ئۆردۇم.ئىلگەك ئاسانلا ئۇنى تىشىپ كىرىپ كەتتى.ئىككى قولۇم بىلەن كۆچەپ ئەسۋاپنى تارتتىم.«جارىت!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تېرە ئورالمىسى يىرتىلىپ،ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر قۇمدەك يەرگە تۆكۈلۈشكە باشلىدى.مەن ئەسۋاپنى تاشلاپ ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىۋالدىم .خالتىدىن يەرگە چۈشكەن قۇمدەك نەرسىلەردىن ئالمىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدىغان بىرخىل خۇشپۇراق تاراشقا باشلىدى.

-ھەممىڭلار بۇنۇڭلىنى توساڭلا!

بىگىمنىڭ ۋارقىراپ ئەسكەرتىش بېرىشى بىلەن تەڭ ھەممىمىز بۇرنىمىزنى توسۇپ،تېخىمۇ يىراقلاشتۇق.بىرقانچە مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى.ھېچقانداق ئەھۋال يوق.بىگىم،ئەينىدىنلەرگە قارىدىم.ئۇلار بۇرۇنلىرىنى توسۇشۇپ،يەنىلا ھۇشيار ھالەتتە تۇرۇپتۇ.ئامالسىز مەنمۇ يەنە بۇرنۇمنى توسۇپ ساقلاشقا مەجبۇر بولدۇم.يەنە بىرقانچە مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى.ھېچقانداق غەيرى ئەھۋال كۆرۈلمىدى.

-بولدى.بۇ پۇراقتا چاتاق يوقكىن.

بىگىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەل جىددىيلەشكەن كەيپىياتىم ئەسلىگە كېلىپ،بۇرنۇمنى قويىۋېتىپ،ئەركىن نەپەس ئېلىشقا باشلىدىم.

-ئەمدىغۇ بېرىپ كۆرەپ باقسام بولا؟

-باسا!

ئەينىدىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن،خالتىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى كۆزەتتىم.خالتا يىرتىلغان يەردە قىزغۇچ قۇمدەك ئۇۋاق نەرسە چېچىلىپ ياتتى.بايا نەق مەيدانغا تاشلاپ قويغان ئەسۋاپنى ئېلىپ،خالتىنى مالتىلاپ باقتىم.خالتىنىڭ ئىچكى قىسمىنى ھەقىقەتەن يۇڭ بېسىپ كەتكەن ئىدى.دېمەك بۇ ئەينىدىنىڭ ئېيتقىنىدەك تۆگە تېرىسى ئىدى.سەل ئۈمۈدسىزلىنىپ قالدىم.چۈنكى ئۇ تېرىنىڭ ئىچىدىن مەن ئويلىغاندەك جەسەت ياكى باشقا موھىم نەرسىلەر چىقمىغان ئىدى.يەرگە بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ،ئارقامغا يېنىپ،ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدىم.

-بۇمۇ ئاشتا خۇشپۇراق ماتېريال ئوخشايدا.

-مىنىڭچە ئۇندا ئەمەس،مەيلى نىم بولىشىدىن

قەتئىينەزەر،مۇرات-مەقسەتلىرى ھاسىل بولدى.ئەمدى غىت قىسىپ مىنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ قويالا.

ئەيىندىنىڭ جاۋابىدىن ئۇنىڭ يەنىلا ئانچە رازى ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى.مەن ساختا ھېجىيىپ بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.بىگىم يىگى قەبرە ئۆيىنىڭ ئەھۋالىنى كۆززەتكىلى كىرىپ كەتتى.بىز ئۇنى ساقلاۋاتقاندا بىردىنلا سىرتتىكى ئۆيدىن قۇم تاسقىغاندەك شاراقشىغان ئاۋاز چىقىشقا باشلىدى.بىز ھەيران بولۇپ يۈگۈرەپ دىگۈدەك سىرتتىكى ئۆيگە چىقتۇق.كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرىدىن ھەيران قالدىم:قۇم-توپا ئارىلاش يەر خۇددى سۇ قاينىغاندەك لۆمۈلدەپ كىتىپ بىرىۋاتاتتى.يەر بىردەم«قاينىغاندىن كىيىن،يەر ئۈستىدەياڭاق چوڭلىقىدا ھەم ئۆزىمۇ ياڭاقتەك يۇملاق،دۈمبىسى ئاپئاق،باش تەرىپىدە كەركىدان قوڭغۇزنىڭ مۈڭگۈزىگە ئوخشاش مۈڭگۈزدىن ئىككىسى بار،پۇتلىرى قىسقا ھەم ھەرە چىشىدەك ئەگرى-بۈگرى،بىرقاراشقا ئۆمۈچۈك بىلەن چايانىنىڭ ئارىلاشمىسىدەك غەيرى قوڭغۇزلار پەيدا بولۇپ قالدى.

بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ بىرىنجى بولۇپ كاللامغا«مومىيا» فىلىمىدىكى بىرلا ئۆتۈپ كەتسە ئادەمنىڭ سۆڭىكىلا قالىدىغان،پۇتىمىزدىن تىشىپ كىرىپ كەتسە،مېڭىمىزدىن چىقىدىغان قاسراقلىق قۇرۇت كىلىپ،پۈتۈن بەدىنىم لىغىلداپ تىترەپ كەتتى.

-قۇم بۆرىسى!

ئەيىندىن ئەنسىز ۋارقىراپ كەتتى.ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ بۇ قوڭغۇزنى تونۇيدۇ.ئاۋازىنىڭ تىترەپ چىققانلىقىغا ۋە ئۇ قوڭغۇزنىڭ نامىغا قارىغاندا،بۇ قوڭغۇز چوقۇم ياخشى قوڭغۇز ئەمەس.ئويلىغانسىرى قورقۇپ،پۇت-قولۇمدا جان قالمىدى.ياخشى يېرى،ئۇ قوڭغۇزلار بىزگە ئانچە قىزىقمايدىغاندەك قىلاتتى.چۈنكى ئۇلار ھېلىقى خالتىدىن تۆكۈلگەن قىزغۇچ ئۇۋاقلارنىڭ ئۈستىدە مىغىلداپ مىڭىپ يۈرەتتى.بىز تەرەپكە كىلىدىغاندەك ئەمەس.سەل غەيرەتكە كىلىپ ئەيىندىنىدىن سورىدىم.

-بۇ....بۇ قوڭغاز ئەدەم چاقامدۇيا؟

-چاقمايدا.لىكىن چاپلىشىۋاسا.ئۆتتۈرۈۋەتسىمۇ قوياپ بەمەيدا!
-بۇ....بۇ قايدا قوڭغاز ئەمدى؟
-بۇ دىگەن تۈپراقنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ياشايدىغان كانىنىڭ بىر تۈرى.ھايات قىلىش ئىقتىدارى نايىتى زۇقىرى ھەم توپلىشىپ ياشايدىغان بوغاچقا ،بۇنى«قۇم بۆرىسى» دەپ قويىدا!
-ئىمىشقا ئۆزىچىلام يەنى تىشىپ چىقىدىغاندۇ بۇ قوڭغازلا ئەدەمنى قوقىتىپ!
-ئۆزىچىلام تىشىپ چىقمىدى،سىلە ئۆزىچىلام ھىلىقى تېرىنى تېشىپ قويغاچقا ،خۇشپۇراقنى بۇراپ چىقتى!بۇ قوڭغۇزنىڭ پۇراققا بوغان سەزگۈلىكى ھەم مايىللىقى بەك زۇقىرى!
-ئاپلا!ئىم پوق يەپ تەشكەن بوغىيتىم ئۇ قوتا تېرىنى!
-بولدى گەپنى ئاز قىسا ئەمدى.بىگىم چىقسا پەم بىلەن چىكىتىشنىڭ يولىنى قىلىلى!
ئەيىندىنىنىڭ ئۆزىنى يوقىتىپ قويماي،سالماقلىق بىلەن چۈشەندۈرىشى ھەم ئۇ قوڭغۇزنىڭ ئادەم چاقمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن سەل خاتىرجەم بولغان بولسامۇ،لىكىن مىغىلداپ تۇرغان قوڭغۇزلارغا قاراپ،بىخەتەر چىقىپ كىتەلىشىمىزگە كۆزۈم يەتمىدى.قېرىشقاندەك بىگىم تېخىچە چىقمايۋاتاتتى....

## 26-باپ  ئاھ....! بىگىم

-بىگىم چىقتى ئەينا!

مەتىسلىم بىگىمنى كۆرۈپ ۋارقىراپ كەتتى.بىز دەرھال ئارقىمىزغا قارىدۇق.بىگىم سەل ئۇمۇدسىز ھالەتتە يىنىپ چىققان ئىدى.بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىز كۆرۈپ ھەيران بولۇپ،قەدىمىنى تىزلىتىپ بىز تەرەپكە قاراپ كەلدى.

-قۇم بۆرىسى!

بىگىممۇ ئۇ قوڭغۇزلارنى بىرقاراپلا تونىۋالدى ھەم ئەھۋالنى چۈشەندى.

-بۇ قوڭغاز ئاسان يە يۇزىگە چىقمايتى.ئەسلى ھېلىقى تېرە خالتا مۇشىنىڭ ئۇچۇن تەييالىنىپتىكەندە!

-شۇنداكىن.سىلىنىڭچە قايدا قىساق بولا؟

-بۇ جەھەتتە سىلە مەندىن بەكرەك بىلىملىك.ئۆزلىرى بىرنىمە دىمەملا غۇجام.

-مەنمۇ پەقەت كىتاپ-ماتىرىياللىدىلام كۆگەن بۇندا قوڭغازنى.ئۇنىڭ كۈشلۈك پۇراققا ئامراقلىقىدىن باشقا ئاجىزلىقىنى بىلمەيدىكەنمە!

ئەيندىنىنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ بىگىممۇ تۇرۇپ قالدى.مەن ئۇمۇدسىزلىك ۋە چەكسىز پۇشايمان ئىلكىگە چۈكتۇم.چۈنكى بۇ بالا-قازانى پۇتۇنلەي مەن تېرىغان ئىدىم.

-مەتىسلىماخۇن،سىلىنىڭ بىرە ئامالىرى بامۇيا؟

ئەيندىن مەتىسلىمدىن ئۇمۇد كۇتۇپ قالغان ئىدى.ئەپسۇس،مەتىسلىم بېشىنى چايقاپ قويىدى.

-سىلە بۇيەگە چىرىپ باققان،شۇندادۇ؟

-شۇنداق.

-ئەمىسە،تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ باقمامىلا؟

-كىرىشنىغۇ كىرگەن.لىكىن بىز ئۇ خالتىغا ئېيتىشمىغان ھەم بۇنداق ئۇۋۇاتەككۇ قوڭغۇزنىمۇ كۆرمىگەنتۇق.

ئەيىندىن ئۇمۇدسىزلىك بىلەن بېشىنى چايقاپ قويدى.مەن يەردىن بېشىمنى ئۆزمەي ئولتۇردۇم.بىرچاغدا كىچىكرەك بىر «قۇم بۆرىسى» بىز تەرەپكە قاراپ كەلدى.بەلكىم ئۇ يېگى تۇغۇلغان قوڭغۇز ياكى سەل دەلدۈشرەك قوڭغۇز بولسا كېرەك،خۇددى مەن بىلەن قىرىشقاندەك،پۈتۈمنىڭ ئەتراپىدا ئۇياق-بۇياق ئايلىنىپ يۈرەتتى.ئاچچىغىمدا ئۇنى قاتتىق دەسسىدىم.بىچارە «قۇم بۆرىسى» يەرگە پېتىپ كەتتى.ئۇنىڭ پۇتلىرىنى جانسىز قىمىرلىتىشلىرى ،ئۇنىڭ قاسىرىقىنىڭ مەن ئويلىغاندەك قاتتىق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى.مەن يەنە بىرقانچىنى دەسسەپ ئۇنى تولۇق مەغلۇپ قىلدىم.

-نىمىش قىلىۋاتىلا دەيمە!ئاپلا!

ئەيىندىن مىنىڭ «قۇم بۆرىسى» نى يەر بىلەن يەكسان قىلغىنىمنى كۆرۈپ قاتتىق ئاچچىقلاپ كەتتى.مەن نىمىشقا ئۇنىڭ بۇنچە رەنجىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراي دەپ تۇرۇشىمغا،سىرتتىكى ئۆيدىكى قوڭغۇزلار بىردىنلا پىتىراپ كەتتى.

-دەرھال يۈك-تاقاڭلىنى ئىلىپ تەييا بولاڭلا!

ئەيىندىن ماڭا ئارتۇق كايىشقا ئۆلگۈرمەي بىزگە بۇيرۇق قىلدى.ھەممىمىز يەرگە قويۇپ قويغان سومكىمىزنى دەرھال ئېسىۋالدۇق.قوڭغۇزلار ئاستا بىز تەرەپكە قاراپ كىلىشكە باشلىدى.ئەڭ ئاۋال كىرگەن بىرتوپ قوڭغۇز،بىزگە ئىككى مىتىر كىلىدىغان يەردىكى مەن ئۆلتۈرىۋەتكەن قوڭغۇزنىڭ يىنىغا كىلىپ توختىدى.بىز جىددى ھۇجۇم تەييارلىقىدا تۇردۇق.لىكىن قوڭغۇزلار بارغانسىرى كۆپىيىپ،بىز تەرەپكە سىلجىشقا باشلىدى.

-ئەڭ ياخشىسى يېگى ئىچىلغان قەۋرىنىڭ ئىچىگە چىرىۋىلىپ تۇرىلى!

ئەيىندىنىنىڭ بۆسۈپ چىكىتىشكە كۆزى يەتمەي مۇشۇ يولنى تاللىغان ئىدى.بىز ئارقىچىلاپ ئاستا يېگى كىرىش ئېغىزغا قاراپ چېكىندۇق.كونىلارنىڭ«بالا كەلسە قوش كەپتۇ» دىگەن تەمسىلى

ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىلغان ئىكەن.بىز كىرىش ئېغىزىغا ئاز قالغاندا قولىمىزدىكى شامالدىن مەلۇمات بېرىدىغان فوسفۇرلۇق سائەت سىگنال بېرىشكە باشلىدى.بۇ سىگنال بىزنى پەقەت قوڭغۇزلار بىلەن جەڭ قىلىپ بۆسۈپ چىقىپ كىتىش ياكى يېڭى كىرىش ئېغىزىغا كىرىپ،قۇمغا كۆمۈلۈپ،باشقا كەلگەننى كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاشقا قىستىغان ئىدى.

-ھەممىڭلار شىككى چەتتىكى تامغا چىكىنىڭلا!

بىگىم توساتتىن بىزنى يېڭى ئېغىزغا كىرىشكە ئەمەس،بەلكى تامنىڭ ئىككى چېتىگە چىكىنىشكە بۇيرۇق قىلدى.مەن كۆڭلۈمدە بىگىم بۇ قوڭغۇزلارغا يول ئېچىپ بىرىپ،ئاندىن قېچىشنىڭ ئامالىنى تاپىدىغان چېغى دەپ ئويلاپتىمەن.لىكىن بىگىم ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان قىلىقلارنى قىلىشقا باشلىدى،

ئۇ سومكىسىدىن تىز سۈرەتتە بىر قولچىراق بىر قۇتا سۇ ۋە كىچىك بىر قۇتا ئەتىرنى ئېلىپ،سومكىسىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويۇپ،كىيىم-كىچەكلىرىنى سېلىشقا باشلىدى.مەن بىگىمنى تولۇق ئېلىشىپ قالدىمىكىن دەپ گۇمان قىلدىم.

-بىگىم!ئۇنداق قىلمىسا!

بىگىم ئەيىندىنىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي،پەقەت كالتە ئىشتىنى قالغاندىلا توختاپ،قولىدىكى ئەتىرنى بويۇن قىسمىدىن باشلاپ تۆكۈشكە باشلىدى.شۇ چاغدىلا مەن ئۇنىڭ نىمە قىلماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم.قوڭغۇزلار كۈچلۈك ئەتىر پۇرىقىنى پۇراپ،بىز بىلەن كارى بولماي، دەرھال بىگىم تەرەپكە قاراپ يوپۇرلۇپ كىلىشكە باشلىدى.

-دەرھال چىكىنىڭلا!مەندىن ئەنسىرمەڭلا!

بىگىم قوڭغۇزلارنى ئارقىغا سىلىپ.يېڭى كىرىش ئېغىزىغا كىرىپ كەتتى.قوڭغۇزلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بارغانسىرى ئازلاشقا باشلىدى.

-بىگىم!ئامال بار ئۇنىڭ تەرەپنى بويلاپ ماڭسىلا!نەدە كىچىك يول بولسا

شۈيەردىن ماڭسىلا!يورۇقلۇق كۆرۈنگىچە توختاپ قالسىلا بولمايتۇ!

مەتسىلىم تۈيۈقسىز ھوشىنى تاپقان ئادەمدەك كىرىش ئېغىزىغا قاراپ قاتتىق ۋارقىرىدى.سائەتنىڭ سىگنال ئاۋازى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

-ئىگەم ئۆزەڭ ساقلىغايسە!تىز ماڭىلى!

ئەيىنىدىن مەتسىلىمنىڭ قولىدىن تارتىپ چىقىش ئېغىزە تەرەپكە ماڭدى.

-سىلە چىكىتىۋىرىڭلا!مەن بىگىمگە ھەمدەم بولاي!

مەن توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان كۆزياشلىرىمنىمۇ سۈرۈتمەي،بىگىم بىلەن قوڭغۇزلار كىرىپ كەتكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.ئەيىنىدىن دەرھال مىنى تارتقۇشلاپ سۆرىدى.

-يىنىكلىك قىممىسا دەيمە!

-بۇ بالانى مە تېرىغان،بىگىمنى يالغۇز تاشلاپ قويسام بومايدا!!

«چاڭ!» يۈزۈمگە قاتتىق تەككەن كاچات بىلەن تەڭ بۇرنۇمدىن ئوقتەك قان يىنىپ كەتتى.

-بىگىمنى بىھۇدە قۇربالىق بەسۇن دەتاملا؟!بىگىم بىزنى ساق چىكەتسۇن دەپ ئاشتا قىلدى.ھەممەيلەننى ئۆلسۇن دەتاملا يا!

ئەيىنىدىنىڭ غەزەپ بىلەن تىتىرەپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزى مىنى توختىتىپ قويدى.

-شىتتىك ماڭسا،ھىلى ھەممىمىز چىكىتەممەي قالىمىز!

ئەيىنىدىن بىلەن مەتسىلىم مىنى سۆرىگەنىدەك ئېلىپ ماڭدى.مەن قان يىغلاپ تۇرۇپ ئۇلارغا ئەگىشىپ،چىنىشكە باشلىدىم.بىرىنجى ئازگالدىن چىققاندا،قۇم توزۇندىلىرى كۈزۈمگە كىرىشكە باشلىدى.دىمەك سىرتتا شامال ھەقىقەتەن كۈچلۈك چىقىۋاتقان ئىكەن.بىز سۈرەتنى تىزلەشتۈرۈپ،ناھايىتى تەستە يەر يۈزىگە چىقىۋالدۇق.قۇمنىڭ دەستىدىن كۆزىمىزنىمۇ ئاچالماي،ماشىنىغا ئاران چىقىۋالدۇق.ماشىنا قوزغالدى.يۈرىكىم سانجىلىپ ئاغرىشقا باشلىدى....

مەتىسلىمنىڭ ئۆيى.شامالدا ھەيكەلدەك قېتىپ،ئۆگزىدە تۇرغان مەن،كۆزۈمنىڭ ئىچىشقىنىنىمۇ سەزمەستىن،بىز كەلگەن تەرەپكە قاراپ تۇرىمەن.شۇنداق،مەن ئاشۇ قۇملۇق يولغا قاراپ تۇرماقتىمەن.يىراقتىن قاۋۇل بىرگەۋدىنىڭ كۆرۈنۈشىنى كۈتۈپ تۇرماقتىمەن.

كۈن پاتقىچە ئۆگزىدە بىگىمنىڭ قايتىپ كىلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم.ئەينىدىن ئۆگزىگە چىقىپ ماڭا بىرنەرسە دىمەكچى بولغاندەك كۆزۈمگە تىكىلدى.لىكىن گەپ قىلماي تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ.زوگزىيىپ ئولتۇردى.مەن ئۇنىڭ تاماكا چەككىنىنى ئۇنىڭ ھىلىقى ئاسارە-ئەتىقە دۇككىنىدا بىرقىتىم كۆرگەن،ئۇنىڭدىن كىيىن زادىلا كۆرمىگەن ئىدىم.دىمەك ئۇنىڭ ھازىرقى ھىسسىياتى مەن بىلەن ئوخشاش.

-بىگىم چوقۇم قايتىپ كىلىدۇ!

ئۇ خۇددى ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا پىچىرلاپ قويدى.

-ئۇ راس قايتىپ كىلەمدۇ؟

-خۇدايىم بۇرىسا چوقۇم قايتىپ كىلىدۇ.بىگىمنى بوش چاغلىمىسا.ئۇ ئادەتتىكى ئەدەم ئەمەس.

شۇنداق.ئۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس.ئادەتتىكى ئادەم ھەرگىز قىرىپ قالغان ئىككى ئادەمنى ۋە مەندەك بىر يارىماس بالا-قازانىڭ ئىگىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلمايدۇ.ئادەتتىكى ئادەم ھەرگىز ئەڭ خەتەرلىك پەيتتە،ئەڭ غەيرى ئۇسۇل بىلەن بارلىق خەتەرنى ئۆزىگە تارتىپ،باشقىلارنى قوغداپ قالمايدۇ.

مىنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ،ئۇ يەنە ماڭا تەسەللىي بىرىشكە باشلىدى.

-بىز بۇرۇن بۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك ئىشلىغا يولۇققان.شۇ چاغدىمۇ بىگىم ھىشنىمە بوممىغان.ئۇنىڭ ئۇستىگە مەتىسلىماخۇننىڭ دىيىشىچە،ئەگەر بىگىم ئۇنىڭ دىگىنىدەك ماڭسا،چوقۇم ساق-سالامەت چىكىتەلەيدىكەن.

-ئۇندا ۋوسا بىز نىمىشقا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭمىدۇق؟
-چۈنكى «قەۋم بۆرىسى» دىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئارىمىزدا پەقەت بىگىمنىڭلام قۇدرىتى يىتىدا.
-ئۇ راسلا ساق-سالامەت چىكىتەلەما؟
-شۇندا بولىدا.
-ئەگەر ئۇنىڭغا بىرئىش بولاپ قاسا مەن ئۆزەمنى ئۆتتۈرۋالىمەن!
-ۋۇجۇ!نىمىشقا؟
-ھەممىنى قىغان مەن.قوگىدا مەددە با ئەدەمدەك جىم ئوتىرامماي باكا ئىش تاپتىم.
-ئۇندا دىسەك تازا توغرا بومايىدا.بۇنى تەقدىر-پىشانىدىن كۆسەك توغرا بولىدا.
-مىنى كەچۈرسە ئەيىندىن تاغا،مەن...ئەدەم ئەمەسكەنمە....
كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ يەنە يىغلاپ تاشلىدىم.ئەيىندىن خۇددى دادام مىنى كىچىك ۋاقتىمدا باغرىغا باسقانغا ئوخشاش باغرىغا باستى.مەن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ،بېشىمنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ،ئاۋازىمنى قويۇپ بىرىپ يىغلىدىم.بوينۇمغا چۈشكەن ئىسسىق ياشلار،ئەيىندىنىڭمۇ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى .بىز ئاشۇ ھالەتتە خېلى ئۇزۇن يىغلىدۇق.
ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كىيىن،يانفۇن توردىن«قەۋم بۆرىسى» گە ئالاقىدار ماتىريالالارنى ئىزدىدىم.لىكىن ئۇنىڭغا ئالاقىدار ھىچنىمە تاپالمىدىم.كىيىن يەنە يەر كانىسىغا ئالاقىدار ماتىريالالارنى ئىزدىدىم.خۇددى ئەيىندىنىڭ ئېيتقىنىدەك يەر كانىسىنىڭ بىرتۈرى،بىز كۆرگەن ئاشۇ قوڭغۇزلارغا ئاساسەن ئوخشاپ كىتەتتى .ئۇنى چۈشەندۈرلىشىدە«چوڭقۇر يەر قاتلىمىدا ياشايدۇ.كۆزى كۆرەلمەيدۇ.لىكىن پۇراش سەزگۈسى دەرىجىدىن تاشقىرى تەرەققىي قىلغان.قۇرغاق ھاۋاغا چىدامچان،بىرنەرسىگە چاپلىشۋالسا،ئېلىۋىتىش

ناھايىتى قىيىن.زەھەرسىز،ئۆسۈملۈك يىلتىزى ۋە ئۇششاق يەر ئاستى ھاشارەتلىرىنى ئاساسلىق ئوزۇق قىلىدۇ» دەپ يېزىلغان ئىدى.

يەنە ئويغا پاتتىم.گەرچە «قۇم بۆرىسى» زەھەرسىز بولسىمۇ،نەچچە يۈزلىگەن قوڭغۇزلار بىگىمگە چاپلىشىۋالسا،ئاقىۋىتىنى پەرەز قىلماق تەس.بىگىم ئۇلاردىن ئامان-ئېسەن قۇتۇلدى دىگەندىمۇ،ئۇ يەر ئاستىدىن قانداق چىقىپ كىتىدۇ؟مەتىسلىمنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئۇ ئاڭلىدىمۇ؟ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ بىگىم شۇ يولنى تاپالامدۇ؟....

ئويلىغانسىرى ئىچىم سىقىلدى.ئويلىغانسىرى ئۆزۈمنىڭ گۆشىنى ئۆزۈم يىگۈدەك بولۇپ كەتتىم.ئاخىرى ئورنۇمدىن تۇرۇپ،مەتىسلىمنىڭ يېنىغا چىقتىم.ئۇ ئۇخلىمىغان بولۇپ،موخۇركىسىنى شوراپ،خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئىكەن.

-مەتىسلىمكا،راس گەپ قىلسا،ئۇ يەردىن چىكەتكىلى بولامدا زادى؟

-بولىتۇ.

-قوڭغازلا بىگىمگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ قويماسما؟

-مەن خېلى ئوبدا قاراپ باقتىم.ئۇ قوڭغۇزلىنىڭ ئۆملەش سۈرىتى ئاستىكەن.بىگىمدەك قاۋۇل،يامان ئىدەمگە چوقۇم يىتىشەلمەيتۇ.

-ئۇندا ۋوسا،بىگىم يانا قانچىلىك ۋاقىت ماڭسا ئەندىن چىكىتەلەيدا؟

-كىنە....

مەتىسلىم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.مەن تەقەززالىق بىلەن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇردۇم.

-ئەگەر توختىماي ماڭىتقان بولسا،سەككىز-ئون سائەتتە چىكىتىتۇ.

-سەككىز-ئون سائەت؟!

-بىز شۇنچىلىك ماڭغان،بىگىم پالۋان سۈپەت ئىدەم.ئۇ تەخمىنەن تىز چىقىپ كىتىتۇ.

-ئۇ يەردىن چىقسا نەگە چىقىدا؟

-بىلمەيتمە.

-بىلمەيمە؟!سىلە زادى چىققانمۇ-چىقمىغانمۇ؟
-چىقىشنىغۇ چىققان.لىكىن ئۇ يەرنىڭ ئېتىنى بىلمەيتمە.
-ئەدەم با يەگە چىقامدۇ يا قۇملۇققىمۇ؟
-قۇملۇققا.
-ئاھ خۇدا!ئۇندا ۋوسا ئۇ يەدىن چىققاننىڭ نىم پايدىسى؟ھازىر قۇم كۆچەۋاتسا!قۇملۇقتا ئۇسسۇزلۇق،ئاشلىقتا ئۆلەپ قامادا؟
-ياق.ئەشەگە يىقىن جايدا بىر يىزا بار.
-ئەدەم با يىزىمۇ يا ئۇۋۇۋ؟
-بادۇ.
-بادۇ دىگەنلىرى نىمىسى؟سىلە ئۇ يىزىدا ئەدەم كۆمىگەنما؟
-كۆرگەن.لىكىن ئۇ ئىشقا بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتتى.ھازىر ئەدەم بامۇ يۇقمۇ بىلمەيتمە.
-قانچىلىك بوغان؟
18-يىل!
-نىمە؟....!
دىمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى18.يىل بۇرۇنقى يىزا ياكى "كەنت ھازىر بارمىدۇ؟ئەگەر قۇملۇققا يېقىن ئاشۇ يىزا-"كەنتنى قۇم كۆچۈپ،ئاھالىلەرنى يۆتكەپ كەتكەن بولسىچۇ؟مەتىسلىم قەبرىنى خاتا تونۇپ قالغان بولسىچۇ؟بىگىم يولنى تاپالماي قالسىچۇ؟....سانسىز سۇئاللار خۇددى مىغىلداپ تۇرغان«قۇم بۆرىسى» دەك،يۈرىكىمنى غاجاپ كەتتى.
-سىلە18 ژىل بۇرۇن چىگەن قەبرە بىز چىگەن يە شۇمۇيا؟
-شۇ.
-تولۇق جەزىملەشتۈرەلەملا؟
-ھە.ئەشۇ چاغدىمۇ سىلە تەشكەن تاغار شۇ پېتى باتى.
يۈرىكىم سەل ئورنىغا چۈشتى.
-سىلە كىيىن قاندا يىنىپ كەگەن؟

-چىققان يول بىلەن.
-سىلە ھىشقاندا خەتەرگە يولۇقمىغانىما؟
-ئاساسەن..يولۇقمىغان.
-ئاساسەن دىگەن گەپ خەتەر با دىگەن گەپ.شۇندامۇيا؟
-بىگىمگە ھىچ ئىش بومىمايتۇ.بىزگە ئۇيەردە باشقا ئەدەملىمۇ ئۇچرىغان.مەن شۇنى دىمەكچى.
-باشقا ئەدەمله؟!ۋۇجۇ!نىم ئەدەملىكىن ئۇ؟
-تونىمايتمە.لىكىن بىزگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەن.
-نىمىش قىلدىغان ئەدەملىكىن؟
-مەن نىم بىلىتمە ئۇنى.بىزگە ئوخشاش ئىدەملىدۇ.
-گەپ قىلىشمىغانىما؟
-ياق.ئۇلار بىزدىن قورقۇپ،بىز ئۇلاردىن قورقۇپ مۆكۈپ يۈرۈپ ئۆتۈشەپ كەتكەن.
-سىلە ھەممە يولنى بىلگەندىكىن،نىمىشقا بىگىم بىلەن بىلله ماڭمىلا؟
-مەن سىله بىلەن غوجامدىن ئەنسىرەپ قالدىم.ناۋادا قۇم بەك كۆچكەن بولسا،سىلەرنى ئىلىپ چىقىپ كەتمىسەم بولمايتۇ.
-قۇم بەك كۆچكەن چاغدا،سىلىمۇ يولنى كۆرەممەيتىله!
-مەن يەر ئۈستىدە بولسام كۆزۈمنى يۇمۇپ قويۇپمۇ كەلگەن يولنى تاپالايتمە.
-سىلىغۇ ھەممە كامانى بىلىلا.قوڭغاز بالىقىنى بىلگەندىكىن نىمىشقا ماڭا دەپ قويمىلا؟
-مەن دىدىمغۇ،مەن بۇنداق قوڭغۇزنى پەقەت كۆرۈپ باقمىغان.بىزدە سىلىدەك ئۇنداق نىمىنى كۆرسە تېشىپ باقىتقان يۈرەك يوق.
-مەنمۇ قەستەن قىممىدىم.ھەقاسىلىرىمۇ با ئاشەدە.
-چاقچاق.بىز ئۇ تاغارغا بەك ئىتىۋار بەرمىگەن.ئەگەرچەندە ماڭا شۇنداق ئۇۋا تەككۈ قوڭغۇز ئۇچراپ قالسا،تۇگۈشكىنىم شۇتى.قوڭغۇزنى

ئۇچرىتىپ،يەنە ھايات قالغان بولسام،چوقۇم سىلىگە ئەسكەرتىش بېرىتتىم.

-ھە....

دىمەك قۇملۇقتا خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ يۈرىيدىغان ئادەملەر بىزلا ئەمەسكەنمىز.كىم بىلىدۇ بىگىم شۇنداق كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ،تىخىمۇ تىز چىقىپ كىتەمدۇ تېخى!ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر ئاستىدا نامەلۇم مەخلۇق ياكى قۇرۇت-قوڭغۇزلار بولمىسىلا،بىگىم ئادەتتىكى ئادەملەرگە تېتىيالايدىغانلىقىنى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىپ،بىگىمنى ئىزدەشكە كۈچ تەشكىللىسەك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلۇم بىرئاز تەسكىن تاپتى .ئويلىغانلىرىمنى ئەينىدىنگە دەپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا چىقتىم.

-ئوبدان ئويلاپلا.مەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىغا دەپ بولدۇم.بوران سەل توختىسا،چوڭ كۆلەمدە قۇتقۇزۇش،ئىزدەش ھەركىتى ئېلىپ بارىمىز.

ئەينىدىن گىپىمنى سەۋرىچانلىق بىلەن ئاڭلاپ بولغاندىن كىيىن،يۇقارقى جاۋاپنى بەردى.لىكىن مەن يەنىلا خاتىرجە بولالمىدىم.

-ئەگەر بوران توختىماي قاسىچۇ؟

-چوقۇم توختايدۇ.

-ئەگەر ئۆتكەنكىدەك بىرھەپتە چىقسىچۇ؟

-سىلە نىمىدا ھەممە ئىشنى يامان تەرەپكىلام ئويلايلا؟بۇندا چاغدا باغۇ،ماندا ياخشى ئىشلىنى ئويلاپ،ياخشى تىلەكلىنى تىلەيمىز.«تىلىسەڭ تاپاسەن» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسما.ئۇندامۇ بولاپ كەتمەس.ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىگىمنىڭ ئىقتىدارىغا ۋە كۈچ-قۇدرىتىگە يۈز پىرسەن ئىشىنىمە!

-مەنمۇ ئىشىنىمە.لىكىن بالانىڭ ھەممىنى مەن تىرىپ قوياپ،ھىچ ئىش قىلماي ئۆيدە ئوتتىراشقا پەقەت ۋىژدانىم چىدىمىدى.جىڭ گەپ قىلسام.يولنى تاپالىغان بوسام.ھەقاسىڭلا ئۇخلاپ قاغان چاغدا بېرىپ

بىگىمنى ئىزدەيتىم.

-كۆچەللىرىنى چۈشىنىمە.سەۋر قىلىلى.ياش ۋاقتىمىزدا بىگىم بىۋقىتىم بىر خارابلىققا كۆمۈلەپ قىلىپ،بەش كۈندىن كىيىن يانا ساق-سالامەت چىققان.

-راسما؟

-راس.بەش كۈن ئاچ كۆمۈلەپ قىلىپمۇ،چىقىپ مىنى كۆرەپ«تاماكامنى ئۈنتۇپ قاپتىكەنمە،بەك ئىچىم سىقىلىپ كەتتى» دەپ چاقچاق قىغان.

-بىگىممۇ تاماكا چىكەمتى؟

-بىۋمەزگىل چەككەن.

-لىكىن ئۇۋاقتىدا بىگىم ياشكىن.هازىر ياشىنىپ قاغان تۇسا؟

-ئۇ چاغدا ياش ۋوغان بىلەن تەجىربىسى يوقتى.هازىر ياشانغان بىلەن نۇرغۇن تەجىربىسى با ئەمەسما.

ئەينىدىنىنىڭ يىنىدىن خىلى زور ئۈمۈدلىنىپ قايتىپ چىقتىم.دىمەك بىگىم مەن ئويلىغاندىنمۇ نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ھەم چىدامچان ئىكەن.ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام يەر ئاستىغا بەش كۈن كۆمۈلۈپ قىلىش ئەمەس،بىزنىڭ ئۆيىنىڭ يەرئاستى ئامبىرىغا بىركۈن سولىنىپ قالسام.ئۆزۈمگە ئۆلۈم تىلەپ،ھالىمدىن كىتەتتىم.بىرچاغدا دادامنىڭ زورلىشى بىلەن پاخپايتىپ ئۆستۈرۋالغان چېچىمنى چۈشۈرۋەتكەندە،ئۆيدە تۇرۇپ ئاچلىق ئىلان قىلىپ،كەچكىچە ئاران چىدىغان ئىدىم.

كارىۋاتتا تاماكا چەككەچ بىگىمنىڭ قايتىپ كەلگەن ھەرخىل مۇمكىنچىلىكى ۋە ھالىتىنى پەرەز قىلدىم.

1) بىگىم ھېلىقى ئۆلگۈر قوگغۇزلارنى ئېزىقتۇرۇۋىتىپ،ماڭغان يولى بويىچە قايتىپ كىلىدۇ.ئاندىن بورانىنىڭ توختىشىنى كۈتۈپ،ئىككىنچى ئازگالدىن چىقىپ،بىخەتەر بىرجاينى تېپىپ ئۇخلايدۇ.بوران توختىغاندىن كىيىن،بىخەتەر يەر ئۈستىگە قايتىپ چىقىپ،ئەتە

ئەتىگەندە مىنى ئويغۇتىدۇ!

2) بىگىم مەتسىلىم دىگەن يول بويىچە مېڭىپ، ئوگۇشلۇق ھالدا ھېلىقى يىزا تەۋەلىكىگە چىقىدۇ. ئاقكۆڭۈل دېھقانلار بىگىمنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، يەرلىك توخۇ باسقان پولو بىلەن مېھمان قىلىدۇ، بىگىم بۇرنىنى كولاپ بەخىرامان ئۇخلاپ قالىدۇ. بەلكىم ئۇ ھازىر تاتلىق چۈش كۆرىۋاتقاندۇ.

3) بىگىم ئويلىمىغان يەردىن تارىخى قىممىتى ناھايىتى زور، بايىلىق ۋە قەدىمي يادىكارلىقلار لىق تولغان بىر قەبرىنى بايقاپ قالىدۇ. بوران توختاپ بىز ئۇيەرگە بارغاندا بىگىم بىرتاغار بايلىقنى يۈدۈپ ئالدىمىزغا چىقىدۇ. ئۇ تاپقان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە دۇنيانى زىل-زىلىگە سالغۇدەك قىممىتى بار بويۇملار بولىدۇ.

4) بىز ۋە قۇتقۇزۇش ئەترىتى ئۇنى ئىزدەپ يۈرگەندە، ئۇ ئاللىقاچان مەتسىلىمنىڭ ئۆيىگە كىلىپ بولغان بولىدۇ. بىز ئۇنى تاپالماي ئېزىپ قالغاندا. ئۇ بىزنى قۇتقۇزغىلى كىلىدۇ. بىزنى تاپقاندىن كىيىن بۇرنىنى كولاپ تۇرۇپ«مىنى ھەجەپ ئەنسىرەتتىڭلا. تاس قالدىم ئەدەم ئىزدەش ئېلانى بەگىنى» دەپ بىزنى زاڭلىق قىلىدۇ.

ئويلىغانسىرى ھاياجانلىنىپ، خۇددى بىگىم ھازىرلا قايتىپ كىلىدىغاندەك ھىسياتقا كىلىپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتى. يەنە بىرتال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەككەچ، مەن ئۇنتۇپ قالغان نازۇك بىر مەسىلە ئېسىمگە كىلىپ قالدى. ئۇ بولسىمۇ بىگىم يالىڭاچ! شۇنىڭ بىلەن قايتا خىيال سۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

1) بىگىم ھېلىقى ئۆلگۈر قوڭغۇزلارنى ئېزىقتۇرىۋېتىپ، ماڭغان يولى بويىچە قايتىپ كىلىدۇ. ئاندىن سىلىۋەتكەن كىيىملىرىنى تېپىپ كىيىپ، ئىككىنجى ئازگالدىن چىقىپ، بىخەتەر بىرجايىنى تېپىپ ئۇخلايدۇ. بوران توختىغاندىن كىيىن، بىخەتەر يەر ئۈستىگە قايتىپ چىقىدۇ.

2) بىگىم مەتسىلىم دېگەن يول بويىچە مېڭىپ، ئوگۇشلۇق ھالدا ھېلىقى يىزا تەۋەلىكىگە چىقىدۇ.لېكىن يالىڭاچ، ئېيىقتەك تەمبەك بىگىمنى كۆرگەن دېھقانلار ئۇنى ياۋايى ئادەممىكىن دەپ قورقۇپ قاچىدۇ.بىگىم ئۇلارغا چۈشەندۈرمەن دەپ قوغلايدۇ.ساقچىخانىدىن ئادەم كېلىپ بىگىمنى تۇتىۋالىدۇ.بىگىم ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتسا ئۇلار ئىشەنمەيدۇ.ئامال تاپالمىغان بىگىم ئەينىدىنكە تېلىفۇن قىلىدۇ.بىز ئۇ يەرگە بېرىپ ساقچىلارغا«بۇ ئەدەمنىڭ نېرۋىسى سەل ئاجىزتى» دەپ چۈشەنچە بېرىپ، ئۇنى ياندۇرۇپ ئەكىلىمىز.خىجىللىقتا قالغان بىگىم بېشىنى بىرەر ئايغىچە كۆتۈرەلمەي يۈردى.

3) بىگىم يەر ئاستىدا مەتسىلىم دېگەن باشقا بىر توپ كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىرسىنى ئۇرۇپ، كىيىمىنى سالدۇرۇپ كىيىۋالىدۇ.ئاندىن ئارقىغا قايتىپ، شامال توختىغاندىن كىيىن، كىچىك كېلىپ قالغان كىيىملەر بىلەن بۇرنىنى كولىغان ھالەتتە بىزنىڭ ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ.

4) كىيىمنى تاپالماي، يالىڭاچ ھالەتتە قايتىپ كېلىپ، مىنى توساتتىن يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىپ قورقىتىۋېتىدۇ...

كۆڭلۈمنىڭ بىريەرلىرىدە ئەنسىزلىك يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۆزۈمنى ھەرخىل خىياللار بىلەن بەزلەپ ئۇخلاپ قالدىم....

## 27-باپ خەيىرخوش، مازار مۇشۇكى!

بوران ئۈچ كۈن چىققاندىن كېيىن پەسەلدى. بىز بىگىمنى ئىزدەش ئۈچۈن ھېلىقى يەرگە بارغاندا، ئۇيەردە دالا ماشىنىسىدىن بىرقانچىسى توختىتىلغان ئىكەن. بىر توپ كىشىلەر ئازگالنىڭ ئورنىنى تاپالماي ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مەن دىمەتلىك بىر يىگىت بىزنى كۆرۈپ، ئالدىمىزغا يۈگۈرەپ كەلدى.

-ئەيىندىنكا، ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

-ۋائەلەيكۇم!

ئۇ يىگىت ھەممەيلەن بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاساسلىق ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە كىرىش ئېغىزى پۈتۈنلەي كۆمۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار بىرقانچە سائەت قازغان بولسىمۇ يەنىلا كىرىش ئېغىزىنى ئاچالماپتۇ.

يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. ئەيىندىنگە قارىدىم. ئۇ ماڭا چۈشكۈن بىر قاراپ قويۇپ، سومكىسىدىكى خاتىرىسىنى ئالدى ۋە ۋاراقلىرىنى ئۆرۈپ بىربەتنى ئېچىپ، ھېلىقى يىگىتكە كۆرسەتتى.

-مۇشۇ يۆلىنىش ۋە ئورۇن بويىچە قازغانمۇيا؟

-شۇنداق، سىلە تىلىفۇن قىلغاندا مەن خاتىرىلىۋالغان، مانا!

يىگىت يانچۇقىدىن بىر كىچىك خاتىرىنى ئېلىپ ئەيىندىنگە كۆرسەتتى. ئەيىندىن ئىككى سان-سىفىرنى قايتا-قايتا سېلىشتۇرغاندىن كېيىن، خاتىرىنى يىگىتكە قايتۇرۇپ بېرىپ، بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن «داۋاملىق كولاڭلا!» دەپ كۆرسەتمە بەردى. يىگىت دەرھال ئېغىزنى قېزىۋاتقانلارغا ئەيىندىننىڭ پىكىرىنى يەتكۈزدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، تىشاڭدىن بىرنى ئېلىپ كولاشقا باشلىدىم. ھەربىر تىشاڭ سالغاندا ئىچىمدە بىگىمنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ تۇرۇپ سالدىم، ھەربىر تىنىقىمدا بىگىم بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ سالدىم، باشقىلار توختاپ قالسىمۇ، توختىماي سالدىم، قوللىرىم قاپىرىپ، سېزىمىنى يوقاتسىمۇ

توختىماي سالدىم،كۆز ياشلىرىم كۆزۈمنى ئېچىشتۇرسىمۇ پەرۋا قىلماي سالدىم....

چۈشچىكە كولاپمۇ بىرىنجى ئازگاللىنىڭ ئېغىزنىمۇ تاپالمىدۇق.تېشاگنى يەرگە قويۇپ،ئۆزۈمنى قۇمغا تاشلاپ،ئوگدامدا ياتتىم.كۆزۈمنى بۇلۇتلارغا تىكىپ،بىگىم بىلەن ئۆتكەن بارلىق كۈنلەرنى ئەسلىدىم.ئۇنىڭ بۇرنىنى كولاپ تۇرغان ھەجۋىي ھالىتى،مەنىلىك پاراڭلىرى،نىمە ئويلىسام بىلىپ قالىدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرى،ئىككى مىتىرگە يېقىنلىشىپ قالىدىغان قاۋۇل بەدىنى،بۆرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن كۈچلۈك بىلەكلىرى....ئەپسۇس،مىنىڭ خاتالىقىم بىلەن ئۇ ھازىر قۇمنىڭ ئاستىدا!!

-تۆرەم!

مەتىسلىمنىڭ مىنى چاقىرغان ئاۋازى خىيالىمنى بۆلىۋەتتى.ئۇنىڭغا قارىدىم.ئۇ ماگا تېخىمۇ يېقىنلاشتى.ئاندىن قۇلاق تۈۋىمگە پىچىرلىدى.

-تۆرەم.ھازىر شامال پەسلىدى.بىز تەۋەككۈل قىلىپ يەنە بىر چىقىش ئېغىزى تەرەپكە بېرىپ باقايلى.

ئۈمۈد نۇرى يەنە قەلبىمنى يورۇتۇشقا باشلىدى.مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ،ئەينىدىنىڭ يىنىغا باردىم ۋە ئۇنىڭغا مەتىسلىمنىڭ تەكلىۋىنى يەتكۈزدۈم.ئۈمۈ ناھايىتى ھاياجانلاندى.ئاندىن ھېلىقى يىگىتنى يىنىغا چاقىردى.

-بىز يەنە بىر چىقىش ئېغىزى بار دەپ پەزەر قىلغان يەگە،بېرىپ باقىلى،سىلە داۋاملىق كۆپچىلىكنى تەشكىللىگەچ تۇسا.

-مەن بىرقانچە ئادەمنى ئىلىپ بىللە باراي!

-ياق.بىز ئۇ يەرنى تاپالامدۇق-تاپامامدۇق تەخى ئېنىق ئەمەس.باكا كۈشنى چاچمايلى.تاپامىساق شىتتىك يىنىك كىلىمىز.تېپىپ قاساق سىلەرگە خەۋەر قىلىمىز.

-بولىدۇ.ھەرھالدا دىققەت قىلارسىلەر!

-ماقا.شۇندا بوسۇن،بىز ماگدۇق.

شۇنداق قىلىپ ئۇچەيلەن يەنە بىر چىقىش ئېغىزىنى ئىزدەپ ماشىنا بىلەن ماڭدۇق.ماشىنىنى ئەينىدىن ھەيدىدى،مەتىسلىم ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ يول باشلىدى.مەن ئارقىدا ئولتۇرۇپ ئەتراپنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزەتتىم.بىرقانچە سائەت مېڭىپمۇ مەتىسلىم دىگەن يەرنى تاپالمىدۇق.

-مەتىسلىمكا،سىلە زادى تاپالامىلا-تاپامامىلا ئۇيەنى؟

-تاپىمەن!چوقۇم تاپىمەن!

-ھېلىمۇ خىلى ئۇزاق ماڭدۇق دەيمە!ئوبدانىراق ئويلاپ باقسا!

مەن ئۇ يەرنى تاپالماي جىلە بولۇپ قالغان ئىدىم.ئەينىدىن ماگا رەددىيە بەردى.

-ئۇندا جىلىخو بومىسا تۆرەم18 !ژىل بوغان يەنى تېپىش ئۇندا ئاسان ئەمەس.ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەينى چاغدا مەتسىلىماخۇن يەنىڭ تىگە بىلەن مىڭىپتىكىن،ئالدىرماي ئىزدەيلى.

بىز يەنە بىرقانچە سائەت ماڭدۇق.زاۋال ۋاقتى بولاي دىگەندە،ئازغىنە توغراق ئۇنگەن بىريەرگە كەلدۇق.

-مۇشۇ يەر شۇ ئەينا !

مەتىسلىم ھاياجان بىلەن ۋارقىراپ كەتتى.بىز دەرھال ماشىنىنى توختىتىپ،ئۇ توغراقلىققا قاراپ يۈگۈردۇق.توغراقلىققا ئاز قالغاندا كىچىك بالا ئاران پاتقۇدەك بىر ئېغىزنى بايقىدۇق.

-مىشە شۇمۇيا؟

مەن ھاياجان بىلەن مەتسىلىمدىن سورىدىم.ئۇ كىچىك كامارغا بىردەم قارىغاندىن كىيىن،يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭدى.مەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.توغراقلىقنىڭ ئارىسىدىمۇ بىر كامار تۇراتتى.ئەتراپىدىمۇ شۇنداق.

-بۇ توشقانىنىڭ ئۇۋىسى ئەمەستۇ مەتسىلىماخۇن؟

-توشقانىنىڭ ئۇۋىسىمۇ باردەك قىلىتۇ.ئەمما مەن دىگەن چىقىتقان يەمۇ

مىشەدە!

-قاسىدۇ ئەمىسە؟

-ھەي....

مەتسىلىمۇ بۇ بەش-ئالتە كامارنىڭ قايسىسىنىڭ ئۇ بىلىدىغان چىقىش ئېغىزى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرەلمەيۋاتاتتى.

-ماندا قىلىلى.بىز قايتىپ ياردەمچى قوشۇننى باشلاپ كېلىپ،ھەممە كاماغا چۈشۈپ باقىلى.

-ھازىر قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالدى.ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارقىمىزغا قايتساق يانا بەش-ئالتە سائەت ۋاقىت كېتىدا،يانا قۇم كۆچەپ قېلىشمۇ مۇمكىن.ئەڭ ياخشىسى كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۆزىمىز ئىزدە باقىلى!

ئەينىدىن مىنىڭ ياردەمچى چاقىرىپ كېلىش تەكلىۋىمنى رەت قىلدى.ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ دىگىنىنىڭ ئاساسى بار ئىدى.مەن مەتسىلىمگە قارىدىم.مەتسىلىم بىز ئەڭ باشتا بايقىغان كامارنىڭ ئالدىغان كېلىپ،قولى بىلەن قۇمنى ئىككى تەرەپكە كولاپ،ئېغىزنى كېڭەيتىشكە باشلىدى.ئەينىدىن ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىكى تىشاگدىن ئىككىنى ئېلىپ كەلدى.مەن بىرنى قولۇمغا ئېلىپ مەتسىلىمگە ياردەملىشىپ كولاشقا باشلىدىم.ئۇزاق ئۆتمەي،ئادەم پاتقۇدەك ئېغىز تەييار بولدى.مەتسىلىم ئىككىمىز ئورەككە چۈشۈپ،كامارنىڭ يۆلىنىشىنىڭ تۆۋەنگە ئەمەس بەلكى يانغا ئىكەنلىكىنى كۆردۇق.

-بۇ توشقاننىڭ ئۇۋىسى ئىكەن.

مەتسىلىم كامارغا قولىنى سىلىپ باققاندىن كىيىن،ئۇ يەرنىڭ توشقان ئۇۋىسى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى.بىز قايتىپ چىقىپ يەنە بىر ئېغىزنى كېڭەيتىشكە باشلىدۇق.ئۇمۇ توشقاننىڭ ئۇۋىسى بولۇپ چىقتى.يەنە ئالماشتۇق،ئۇمۇ توشقان ئۇۋىسى بولۇپ چىقتى....

ئالدىمىزدا پەقەت ئۈچ ئېغىزلا قالغان ئىدى.ئېغىزلار ئاز قالغانسىرى مەن ئۈمۈدسىزلىنىشكە باشلىدىم.بىزگە چىراق تۇتۇپ بېرىۋاتقان ئەينىدىنىنىڭ

چىرايىغا سەپ سالدىم.ئۇنىڭ چىرايىدىنمۇ بىرخىل چۈشكۈنلۈك بىلىنىپ تۇراتتى.بىرئاز دېمىمىزنى ئىلىۋالغاندىن كېيىن،يەنە ئېغىز كىگەيتىشكە باشلىدۇق.ئىش قىلغاچ مەتسىلىمدىن سورىدىم.

-سىلە مىشە شۇ دەپ ئېنىق جەزىملەشتۈرەلەملا؟

-شۇنداق.بۇ ئەتراپتا مۇشەدىن باشقا يەردە ئاساسەن توغراق يوق.

18-ژىل بۇرۇنمۇ مۇشۇ توغراقلىق بامىتى؟

-ئۇ چاغدا توغراق جىق ئىدى.ھازىر كۆمۈلەپ ئاز قاپتۇ.

-ھە....

كۆڭلۈمدە«توغراقلىق كۆمۈلۈپ مۇشۇنچىلىك قالغان يەردە،سىلە چىققان ئېغىز كۆمۈلۈپ كەتمەسمۇ؟» دەپ سورىغۇم كەلگەن بولسىمۇ،ئۇلارنىڭ،جۈملىدىن ئۆزۈمنىڭ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلغۇم كەلمىدى.ئۈن-تۈنسىز ئېغىزنى كولىدۇق.بۇ ئېغىز خېلىلا چوڭقۇر ھەم تۈز يۆلىنىشتە چىقىۋاتاتتى.مەن غەيرەتكە كېلىپ كولاش سۈرئىتىمنى تىزلەتتىم.ئىككى مىتىرغا يېقىن چوڭقۇرلۇقتا كولىغاندىن كېيىن،ئۇڭغا قىيپاش تەرەپتىن يەنە بىر ئېغىز كۆرۈندى.ياخشى يېرى،بۇ ئىغىز خىلىلا چوڭ ئىدى.

-مانە،مۇشۇ يەر شۇدەكلا تۇرىتۇ ئەينا!

مەتسىلىم ھاياجانلىنىپ كەتتى.مەن ئەيىنىدىن تاشلاپ بەرگەن قول چىراقنى ئۇ ئېغىزغا تۇتتۇم.دىگەنىدەك ئۇنىڭ ئىچى خۇددى بىر ئۆڭكۈردەك يوغان ئىدى.بىز خۇددى بىگىمنى تاپقاندەك قۇچاقلىشىپ خۇش بولۇپ كەتتۇق.ئەيىنىدىنگە ياردەملىشىپ مۇقىملاشتۇرۇش تۆۋرىكىنى ئورنىتىپ بولغاندىن كېيىن،ئۆڭكۈرگە چۈشمەكچى بولدۇق.

-غوجام،تۆرەم.ئەڭ ياخشىسى مەن ئەۋەل چۈشۈپ باقاي.ئىككىلىرى ساقلاپ تۇرۇشسا ماقىما!

مەتسىلىم بىزنىڭ بىللە چۈشۈش تەكلۈپىمىزنى رەت قىلىپ تۇرىۋالدى.

-ماندا قىلىلى،ئەيىنىدىن تاغام تىشىدا تۇرۇپ تۇسۇن،شىككىمىز بىللە

چۈشلى، قاندا دىدىم؟

-بومايتۇ.يەنىلا مەن يالغۇز چۈشەي.مەن بۇنداق يەرگە كۆنۈك.ئەۋەل ئەخۋالنى كۆزىتىپ چىقاي، بىخەتەر بولغاندا ئاندىن بىللە چۈشەيلى!

-ماقا.مەتىسلىماخۇنىنىڭ گېپىنىڭمۇ ئاساس با.ئاشتاقىلىلى تۆرەم!

ئامالسىز سىرتتا ئەينىدىن بىلەن ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.مەتىسلىم ئۆزى يالغۇز قولچىقراقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەتتى.مەن ئازگالنىڭ ئىچىدە قۇمغا يۆلۈنۈپ تاماكا تۇتاشتۇردۇم.غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ، بىگىمنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدىم.

-ئەينىدىن تاغا، بىگىمنىڭ خوتۇن، باللىۋاقىسى بادۇ؟

-با.

-قەشقەدىمۇيا؟

-ياق.ئۇزۇن ژىللار ئىلگىرى بىگىمنى تاشلاپ چەتئەلگە چىكەتكەن.

-هە؟!نىمىشقا ئەمدى؟

-مەنمۇ سەۋەبىنى ئۇقمىدىم.ئايالى ئۇنىڭ ئەمدە بىرژياشقا چىگەن بالىسىنى ئىلىپ، چەتئەلگە چىكەتكەن.ماڭىدىغان چاغدا بىگىمگە بىرپاچە خەتنى تاشلاپ قوياپ، خوشمۇ دىمەي تەخى!

-قىززىق ئايالكىنيا ئۇ، تووا....

-بۇ بىگىمنىڭ ئەڭ چوڭ كۆڭەل يارىسى.

-كىيىن پەقەت يىنىپ چىمىدىما؟

-بىژقىتىم يىنىپ چىگەن.بىگىم شۇندا خوش ۋولاپ كۆرەشكىنى باغان.

-ئەندىنچۇ؟

-ئۇ خوتۇن چەتئەلدە باشقا ئەگە تىگىپ، باللىق بولاپتا.ئاتانىسى بىلەن كۆرەشكىنى كەپتىكىن.

-بالىسىنچۇ؟

-بالىسمۇ بىللە كەپتىكىن، لىكىن بىگىمنى قەتتىي تونىمىدى.

-نىمىشقا تونىمايدا ئەمدى؟

-بەك كىچىك چىكەتكەن ئەمەسما ئۇبالا.قايتىپ كەگەندە يەتتە ياشمىتىكى ئىشقىلىپ.

-ۋىيى!ئانىسى «داداڭ جۇڭگودا،ئىسمى پالانچى،مانداراق ئەدەم» دەپ بەمىگەن بوغىيمىتى بالىسىغا؟

-ۋاي تاگەي.دەپ بەمىگەن ئوخشايدا.

-بىگىم كۆرەشمىگەن بوسىمۇ بولاپتىكىن ھە؟

-شۇگا دەيمە.بىز تەخى ئۇنى بىگىمنى دەپ قايتىپ كەلدى دەپ ئويلاپ قاپتۇق ئەمەسما.

-ھەي ئىسىت...لىكىن بىگىمنىڭ چىرايىغا قايىلىسىغۇ ئۇندا دەت تاتقان ئەدەمدەك تۇمايدۇ.

-ۋىيى!يانا قايدا ژۇسە دەت تاتقان ئەدەمدەك بولىتى؟ھىلىمۇ چاشلىرىنى ئۇزۇن قوياپ،ساقال-بۇرۇتلىرىنى چۇشۇمەي بەك ئۇزۇن ژۇرۇپ كەتتى دەيمە.ئۇنىڭ ئالدىدا بىگىم دىگەن غەزەپ پاكىز،رەتلىك ژۇرىتى،ئىشتىنىنىڭ قىرىنى بۇزماي،قىزۋاللىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرۋىتىتى،ئۆزى بەك كىلىشكەن،چىقىشقاق بوغاچقا،ھەممە ئەدەم ئامراقتى ئۇنىڭغا!

ئەينىدىنىڭ چىرايىدا بىرخىل ئىپتىخارلىنىش ۋە ھاياجانلىنىش تۇيغۇسى ئەكىس ئىتەتتى.دىمىسىمۇ ھەرقانداق ئادەم ياشلىق باھارىنى ۋە گۇزەل كۇنلىرىنى ئەسلىسە،شۇنداق بولىشى مۇمكىن.

-بىگىم نىمىشقا دايىم بۇنىنى كولايدا؟

-بىژقىتىملىق خىزمەت جەريانىدا قاتتىق زەخمىلەنگەن.ھەتتا بۇراش سىزىمىنى پۇتىۇن يوقاتقان.كىيىن داۋالىنىپ ئەسلىگە كەلدى.ئۇنىڭ دىيىشىچە بىرىنجىدىن كۆنەپ قاپتا،شىككىنجىدىن پات-پات كولاپ تۇمىسا بۇنى سىزىمنى يوقىتىدىكىن.

-ھە.سىلىنىڭچۇ؟

-مىنىڭ بۇنۇم ساققۇ.

-مەن بۇنلىرىنى دىمىدىم.ئۆيدىكىلىنى دەتىمە.

-هە ،سىنىڭ ئۈچ قىز ،شىككى ئوغلام با.ھەممىسى باشقا شەدە.

-نىمشقا سلىنىڭ قاشلىرىدا تۇمايدا؟

-خىزمىتى باشقا يەدە بولاپ قالدى ئەمەسما ،ئۇنىڭ ئۇستىگە ماگا ئۇلىنىڭ ھەمرا بولىش ھاجەتسىز.ئۆزلىرىمۇ كۆلە ،مەن مۇشتا تولا ئۇيە-بۇيەدە بولاپ قالىمە.

-ھامىمىزچۇ؟

-تۇگەپ كەتكىنى ئۇزۇن بولاپ كەتتى.

-ياتقان يېرى جەننەت ۋوسۇن.

-ئىنشائاللا.

-بىگىم بىلەن تونۇشقىلى قانچىلىك بولدى سلىگە؟

-ئىسمىنى بىلىپ مانىدا سالاملىشىپ تونۇشقىلى قىرىق ژىل بولدى ،رەسمىي ئەسرالىشىپ تونۇشقىنى ،ئوتتۇز ژىل بولاپ قالدى.

-ھە....

تاماكا تۇتاشتۇرغاچ ،قولۇمدىكى فوسفۇلۇرق سائەتكە قاراپ باقتىم ،مەتسىلىم كىرىپ كەتكىنىگە ساق ئىككى سائەت بولۇپتۇ.ئۇنىڭدىن سەل ئەنسىرەپ قالدىم.

-ئەيىندىن تاغا ،مەتسىلىمكام بەك يوقاپ كەتتى ،مەن بى چۈپ باقايما؟

-راس خېلى ئۇزاق بولاپتا جىما.گەپ بىلەن بولاپ بىلمەي قاپتۇق.

-مەن چۈپ باقايما ئەمىسە؟

-يانا يېرىم سائەت ساقلاپ باقىلى.چىقماي قاسا بىللە چۈشلى.

سائەتنىڭ توچكىسىغا قاراپ يېرىم سائەتنى ناھايىتى تەستە توشقۇزدۇق ،مەتسىلىم يەنىلا قايتىپ چىقمىدى.ئەيىندىن بىلەن بىرلىكتە يەنە ئىككى مۇقىملاشتۇرۇش تۇۋرىكى ئورنىتىپ ،بىزمۇ مەتسىلىمنى ئىزدەپ چۈشۈپ كەتتۇق.ئۇ ئېغىزنىڭ ئىچى مەن ئويلىغاندىنمۇ كۆپ چوڭ ئىدى.ئىچىدە ھىچقانداق ئىمارەت-قۇرۇلۇش كۆرۈنمەيتتى ھەم بىز بۇرۇن

چۈشكەن قۇم ئاستىغا ئوخشاش دېمىق ھەم قۇرغاقمۇ ئەمەس ئىدى.مەتسىلىمنىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭدۇق.ئۇنىڭ ئىزى يەنە بىر ئېغىزغا ئوخشايدىغان يەردە غايىپ بولغان ئىدى.چىراقنى ئۇيەرگە تۇتۇپ باقتىم.ئانچە چوڭقۇر ئەمەستەك تۇراتتى.ئەينىدىننىڭ سەمىگە سالمايلا تەۋەككۇل قىلىپ سەكرەپ چۈشتۈم.

-ئاپلا خەشمەت!تۆرەم ئاندا قىممىسلىرى بولتى!

-بەك چوڭقو ئەمەسكىن.سىلە توختاپ تۇسا،مەن ئىچكىرلەپ چىرىپ ئۇنى ئىزدەپ باقاي.

-ئەڭ ياخشىسى بەك ئىچكىرلەپ چىمەي،ئۇنى تولاپ باقسا.

-ماقا.

ئەينىدىننىڭ گېپى بويىچە ئالدىمغا ئون مىتىردەك مېڭىپ.پەس ئاۋازدا مەتسىلىمنىڭ ئىسمىنى چاقىردىم.

-قوقماي چىڭراق تولىسا.بۇندا كەگرى يەدە ئاۋاز رىئاكسىيسى كۈشلۈك بومايدا.

بۇگەپنى ئاڭلاپ غەيرەتلىنىپ ئاۋازىمنى تولۇق قويۇپ بېرىپ چاقىردىم.بىرقانچە قېتىم چاقىرغاندىن كېيىن،مەتسىلىمدىن غۇۋا جاۋاپ قايىتقاندەك بولدى.مەن تېخىمۇ كۈچەپ ۋارقىرىدىم.ئالدىمدىن دۈپۈرلەپ بىرسى يۈگۈرۈپ كەلگەندەك بىلىندى.ئۇزۇن ئۆتمەي مەتسىلىم چىراقنى تۇتۇپ ئالدىمغا پەيدا بولدى.

-ھەجەپ قوقاتلا ئەدەمنى!نىمدا يوقاپ كىتىلا دەيمە؟

-ھىي-ھىي-ھىي!قارىسام ھىچ ئوخشمايتۇ.تۇزۇك كۆرۈپ بېقىپ ئەندىن ھەرقايىسلىرىنى چاقىراي دىگەن.

-ھە،قايداكىن؟مىشە شۇمىكىن ياۋ؟

-ئەمەسكىن.خاتا كىرىپ قاپتۇقىيا ئەينا.

-ماڭسا ئۇندا ۋوسا چىكىتىلى.

مەتسىلىم بىلەن ئارقىمىزغا ياندۇق.ئوڭۇشلۇق ھالدا مەن سەكرەپ

چۈشكەن ئازگالدىن چىقتۇق.چىقىش ئېغىزىغا ئاز قالغاندا ئۇچەيلەن بىراقلا بىرسى كولاپ قويغان تۇزاقتەك بىر ئورەككە چۈشۈپ كەتتۇق.تەلىيىمىزگە يارىشا بۇ ئورەك بەك چوڭقۇر بولمىغاچقا،ھېچقايسىمىز زەخىملەنمىدۇق.لېكىن بىز چۈشۈپ كەتكەن يەرنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا ئىدى.

-بايام ھېچ بىرىيەدە ئورەك بادەك قىمماتىتى،ھەجەپ ئۆزىچى چۈپ كەتتۇقيا؟

-بۇيە كەگرى بوغاچقا كۆمەي قاغان ئوخشايمىز.

-ۋۇجىسنەم،خېلى چوڭقۇكىنە بۇ ئۇۋا تەككۇ ئوراك!

بىز بىردەم ۋايساپ باققاندىن كېيىن،چىقىپ كېتىش ھەققىدە ئىزدەندۇق.مەن خېلى كۈچەيمۇ،ياماشقۇدەك قاتتىق نۇقتا بولمىغاچقا،ئامال قىلالمىدىم.ئاخىرى مەتسىلىم ئىككىمىز ئەيىنىدىنىنى كۆتۈرۈپ يۇرۇپ ئۇنى چىقاردۇق.مەتسىلىمنى شۇنچە زورلىسامۇ ئاۋۋال چىقىشقا ئۇنىماي،مىنى مۈرىسى بىلەن كۆتۈرۈپ ئازگالدىن چىقىرىپ قويدى.مەن ئازگالدا تەرگە چۆمۈپ كۆلۈمسىرەپ ماڭا قاراپ تۇرغان مەتسىلىمگە چاقچاق قىلغۇم كەلدى.

-سىلىنىڭ جەمەت تامغا يامىشقا ئۇستا بوغاندىكىن،ئۆزلىرى سەكلەپلام چىقالايلا ھەقىچان؟

-ھىي-ھىي-ھىي!ياش ۋاقتىدا ئەشتا قىلالايتىم.ھازىر چىقامايتىمە.

-چاقچاق،مەن چىقىپ ئاغامچا ئەچىرەي.سەل ساقلاپ تۇسا جىما!

-ئوبدان.

ئەيىندىن بىلەن ئىككىمىز يەر يۈزىگە چىقىپ،ماشىنىدىن قىسقىراق بىرتال تانىنى ئېلىپ يەنە قايتىپ چۈشتۇق.مەتسىلىم بار ئازگالغا ئاز قالغاندا بىردىنلا سىرتتىن چىققان شامال بىز تۇرغان ئازگالغا توختىماي قۇم چۈشۈرۈشكە باشلىدى.

-ئاپلا!شىتتىك مەتسىلىماخۇنى تاتىۋالىلى!

ئەيندىن جىددىيلىشىپ مەتسلىم چۈشۈپ كەتكەن ئازگالغا قاراپ يۈگۈردى.شامال بارغانسىرى كۈچىيىپ،چىقىش ئېغىزىدىن تۆكۈلىۋاتقان قۇمنىڭ مىقدارى كۆپەيدى.

-مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن.تىز چىقىپ كىتىڭلا ماقىما!

يامىشىپ باش-كۆزلىرىگە قۇم كىرىپ چىقالمىغان مەتسلىم، ئەھۋالنى پەرزە قىلىپ بىزنى چىقىپ كىتىشكە ئۈندىدى.بىز قوشۇلماي تانىنى ئۈنىڭغا تاشلىدۇق.لىكىن قۇم بارغانسىرى كۆپىيىپ كۆزىمىزنى ئېچىشمۇ مۇمكىن بولماي قالدى.

-جۇگۇ-جۇگۇ غوجام-تۆرەم!چىقىپ كىتىڭلار،مەن بۇنداق ئىشلىغا كۆنۈك.چوقۇم چىقىپ كىتەلەيمەن!

- شىتتىك تانىنى تۇتسا دەيمە!

بىز يەنىلا ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدۇق.

-مەن تىزلىناي جىنىم تۆرەم!دەرھال چىقىپ كىتىڭلار!ئارقامدا يول بار ئىكەن.مەن ئاشۇ يەردىن چىقىپ كىتىمەن.

-ياق!دەرھال بوسا دەيمە!

-ھەي!ئىمدا قىلتىقانتۇ!بىگىم ھەقاسىنىڭ قۇتقۇزىشىنى كۈتۈپ تۇرىتۇ.تىز چىقىپ كېتىڭلار!

بىگىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ بىز چىقىپ كىتىشكە مەجبۇر بولدۇق.

-قازناق ئۆينىڭ شىكىنىڭ ئارقىسىدا قىشتىن ئىككىسى باتۇ.ئەشىنىڭ ئاستىدا كىچىك بالامنىڭ نۇمۇرى بىلەن چەك بار،مەن چىقالماي قالسام چوقۇم بالامغا يەتكۈزۈپ بېرىڭلار!مەن بىگىمنى چوقۇم تاپىمەن.ئۇنىڭ....

مەتسلىمنىڭ كىيىن دىگەن سۆزلىرنى ئاڭلىيالماي قالدىم.ئەيندىن بىلەن قۇم-توپىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى تەستە يەر يۈزىگە چىقىپ،ماشىنىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدۇق....

توختىماي چىققان شامال ماشىنىمۇ كۆمۈۋەتكىلى تاسلا قالدى.بىگىمنى ئىزدەپ كىلىپ،مەتسلىمدىن ئايرىلىپ قالدۇق.كۆش

ياشلىرىم يەنە قۇيۇلۇشقا باشلىدى.بۇ قېتىم ئەينىدىنمۇ ماگا تەسەللىي بەرمىدى.بەلكىم ئۇنىڭدا ماڭا تەسەللىي بەرگۈدەك كەيپىيات،ماڭا ئىشەنچ ئاتا قىلغۇدەك ئىشەنچمۇ قالمىغان بولسا كېرەك.

تاڭ سۇزۇلۇشكە يېقىن شامال پەسەيدى.بىز ئۇيقۇسىزلىق ھەم يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىمىز بىلەن مەتسىلىم كۆمۈلۈپ كەتكەن ئېغىزنى ئىزدىدۇق.لىكىن ئۇ يەردە ئېغىز ئەمەس،ھەتتا توغراقنىڭمۇ كۆپ قىسىم كۆمۈلۈپ كەتكەن ئىدى.بېشىمنى قاماللاپ،تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم.يىغلاي دېسەممۇ ئۈنۈم چىقمىدى.قوللىرىم بىلەن توختىماي قۇمنى كولىدىم،ئۆزۈمنى كاچاتلىدىم،قۇمنى ئېلىپ يۈزۈمگە،بېشىمغا قۇيۇپ،قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم.توغرا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم.مەن ئېلىشىپ قالمىدىم،بۇ كۈلكە سوغۇق كۈلكە،ئازاپلىق كۈلكە،پېغانلىق كۈلكە....

-ئۇ ئەسلىدىنلا تەكلىماكاننىڭ كىندىكىدە ئاپىرىدە بوغان بوۋاق ئىدى.ئەمدى ئۇنى ئانىسى ئۆز قوينىغا ئالدى....

ئەينىدىن ئالدىمىزدىكى قۇملۇققا قاراپ،ئۆزى ھەم مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بولغان تەسەللىي سۆزىنى قىلدى.مەنمۇ قۇمغا قاراپ تۇرۇپ مەتسىلىمگە ئەڭ ئاخىرقى چاقچىقىمنى قىلىۋالدىم.

-خەيىرخوش!مازا مۇشىكى....!

ئەينىدىن ئىككىمىز ئۆزىمىزنى قۇمغا تاشلاپ ئۇگدىمىزغا ياتتۇق.ھازىرقى ھېسسىياتىمدا ئىگىمىزدىن مىنىمۇ مۇشۇ پېتى قۇمغا كۆمۈۋېتىشنى تىلەۋاتاتتى.لىكىن تەگرىم دەل ئەكسىچە شامالنى تولۇق توختىتىپ،مىنى يەنە داۋاملىق بۇ رەھىمسىز چاقچاققا يۈزلىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

-ئادەم بارمۇ؟

يۇقىرى ئاۋازلىق ياڭراتقۇدا تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.بىز دەررۇ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق.ھېلىقى قۇتقۇزۇش ئەترىتىدىكى يىگىت

بىزنى ئىزدەپ ئادەم باشلاپ كەلگەن ئىدى.بىزنى كۆرگەندىن كېيىن ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

-يۈزمىڭ شۈكرى!بەك ئەنسىرەپ كەتتۇق سىلەردىن!سىلەر كېتىپ ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئەنسىرەپ ئىزدەپ ماڭغان.لېكىن شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدۇق.يېرىم كېچە بولغاندا قاتتىق شامال چىقىپ كەتتى.ئامالسىز توختاپ قالدۇق.شامال توختىشى بىلەنلا يەنە يولغا چىقتۇق.تاپتۇققۇ ئاخىر....

ئەينىدىن مىننەتتارلىق بىلەن ئۇ يىگىتنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ قويدى.ئاندىن ئۇ تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

-جىق كۈچەپ باقتۇق.زادىلا ئامال بولمىدى.

-ھەي...بوپتا.ئەمدى مىشەنى كولايلى.بۇيە سىلە كولىغاندىن يەدىن دۆگرەك.

-بولىدۇ.يەنە بىر ئاكاش يوققۇ؟

ئەينىدىن ئارقىمىزدىكى قۇم دۆۋىسىنى كۆرسىتىپ قويدى.يىگىت ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى....

قۇتقۇزۇش ئەترىتى يەنە خىزمەتكە چۈشۈپ كەتتى.مەن ئۇلارغا ياردەملىشىپ ئىشلىمەكچى بولغىنىمدا ھېلىقى يىگىت غىزالىنىشاق،ئاندىن ماشىنىغا چىقىپ،ئەينىدىن بىللە بىلەن ئارام ئېلىشقا ئۈندىدى.قانچە جاھىللىق قىلسامۇ ئۇنىماي مىنى ماشىنىغا ئېلىپ چىقىپ،بىر بوتۇلكا مىنرال سۇ بىلەن تەييار يىمەكلىك ئالدىمغا قويۇپ قويدى.مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم،لېكىن ھېچنېمە يېيىشكە ئىشتىھايىم يوق ئىدى.

-كۆڭۈللىرىنى چۈشىنىمەن.لېكىن ساق-سالامەت بوساق ئاندىن ئۇلارنى قۇتقۇزغىلى،كۆپرەك كۈچ چىقارغىلى بولىدۇ.شۇڭا زورلاپ بولسىمۇ ئازراق ناشتا قىلسا.

-ماقا.

يىگىت چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن،مىنرال سۇنى بىرقانچە يۇتۇم

ئېچىۋېتىپ، تەييار يىمەكلىكنى زورلاپ يېيىشكە باشلىدىم. توغرا، مەن ساق بولسام ئاندىن بىگىمنى ۋە مەتىسلىمنى تاپالىشىم، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنى ئىزدەشكە كۈچ چىقىرىشىم مۇمكىن. ناشتىلىقنى چاينىغاچ يەنە كۆڭلۈم بۇزۇلدى. بوغۇزۇمغا بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك چايناپ بولغان يىمەكلىكنى يۇتەلمەي قالدىم. تېخى بىرقانچە كۈن ئىلگىرىلا ئەتراپىمدا بىگىم، مەتىسلىم، ئەينىدىن تولۇق بار ئىدى. ھەر قېتىملىق ناشتا مول مەزمۇنلۇق پاراڭ ۋە كۈلكە-چاقچاق بىلەن يېيىلەتتى.

-بوسىغۇ سىلىنى ژۈدۈپ ئەچىقىپ قويسام بولىتى، سىلە دىگەندەك يېشىم چوڭىيىپ قالدى ئەمەسما!

-ۋۇجىنەم! ئۇ تۈگنى مەن خوشنامنىڭ تۇققىنىنىڭ تونىشىنىڭ نەۋرە ئىنىسىگە بىرىپ تۇغان راس!

-تۆرەم يېقىننىڭ ياغى قىزۋالىدەك ژىغلاگىغۇ بولاپ قالدى دىسە!

ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىغىز سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىغاندەك بولدى. بىگىمنىڭ بۇرنىنى كولاپ تۇرغان بەستىلىك سىماسى، مەتىسلىمنىڭ گەدىنىنى تاتىلاپ ھىجىيىپ تۇرغان قىياپىتى.... كۆز ياشلىرىم ئۈن-تىنسىز ھالدا قولۇمدىكى قاچىغا سىرغىپ چۈشمەكتە. يۈرىكىم نالە قىلماقتا، تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقان قانلىرىم پەرياد ئۇرماقتا....

## 28-باپ ئۇ كىلىپ كەتتى

ئىزدەش خىزمىتى ئۈدا ئۈچ كۈن داۋاملاشتى.بىرقانچە كىرىش ئېغىزىنى ئاچالىدۇق.لىكىن ھېچقايسى مەتىسلىم كۆمۈلۈپ كەتكەن ئېغىز ئەمەس بولۇپ چىقتى.ئىزدەش خىزمىتىنى يەنە داۋاملاشتۇرايلى دەپ تۇرغىنىمىزدا،يەنە قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى.بىز ئامالسىز قايتىپ كىتىشكە مەجبۇر بولدۇق .

مەتىسلىمنىڭ ئىشىك ئالدى.نەچچە كۈن ئىلگىرىلا قاينام-تاشقىنلىققا ،ھاياتىي كۈچكە تولغان بۇ كونا ئۆي ،كۆزۈمگە تولىمۇ مىسكىن ھەم جىمجىت كۆرۈنىۋاتاتتى.ئەينىدىن مەتسلىم دائىم ئاچقۇسىنى قويۇپ قويىدىغان ياغاچ بوسوغىنىڭ تۆشىكىدىن ئاچقۇچنى ئىلىپ،ئىشىكنى ئاچتى.گەرچە ئۆيدە ھېچكىم يوقلىقىنى بىلىپ تۇرسامۇ،كۆڭلۈمدە ھويلىدىكى كۆتەكتە ھېجىيىپ ئولتۇرغان مەتىسلىمنى ۋە ھويلىنىڭ ئوتتۇرسىدا ئۇياق-بۇياق مېڭىپ يۈرگەن بىگىمنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىۋاتاتتىم.ئەپسۇس،ھويلا ئىچى يەنىلا تىمتاس ھەم قۇپقۇرۇق،خۇددى مىنىڭ يۈرىكىمدەكلا....

-ئەمدى قايدا قىلىمىز؟

-بىللە قەشقەگە قايتىلى.سىلە ئارام ئاغاچ تۇسا.مەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىدىن قابىل ياردەمچى قوشۇن تېپىپ كىلەي.

-ياق،مەن ھەرگىز كەتمەيمە.شامال توختىغاندا يانا بېرىپ ئۇلانى ئىزدەيمە.

-سىلە يالغۇز ھەرگىز تاپامايلا.

-تاپامىسامۇ ئىزدەيمە.بىز بىللە كەگەن،بىللە يوقاپ كەتسەكمۇ بولاۋىرىدا.

-سىلە....تۆرەم،كۆڭەللىرىنى چۈشەندىم.لىكىن قارىغۇلاچە ئىش قىساق بومىمايدا.

مەن گەپ قىلماي تۇرىۋالدىم.ئۇنىڭ دىگىنى توغرا.مىنىڭ ئۇلارنى

تېپىش ئېھتىماللىقىمىدىن، قۇملۇقتا كۆمۈلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقىم يۇقۇرىراق.لېكىن مەن كۆمۈلۈپ كېتىشكە رازى ئىدىم.

-بىگىم كۆمۈلەپ قاغىنىغا ھەيتىدىن ئاشتى.مەتىسلىم تاپقان چىرىش ئېغىزىمۇ كۆمۈلەپ كەتتى.بىزنىڭ بىگىمنى تاپالايدۇ دەپ ئىشىنىدىغان بىردىنبىر ئۈمۈتىمىز مەتسلىمۇ كۆمۈلەپ كەتتى.ھازىر پەقەت تەۋەككۇل قىلىش، قارىغۇلاچە ئىزدەشتىن باشقا ئامال يوق.ئەگەر مەن قايتىپ كەتكەن تەقتىردىمۇ، بىر ئۆمۈر پۇشايمان ھەم ئازاپتا ياشىسام بولىدا.

مەن بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، ئۆز قارارىمنى ئەينىدىنگە بىلدۇرۇپ قويدۇم.لېكىن ئەينىدىن يەنىلا مىنى قايتىشقا دەۋەت قىلىۋاتاتتى.

-مەن بىگىمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمە.ئۇنىڭ ئۈستىگە مەتىسلىماخۇننىڭ بىگىمنى تاپالايدىغانلىقىغا، يول باشلاپ چىكىتەلەيدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنىمە.سىلىمۇ ئىشەنسە!

-ئەمدى ئىشىنىمە دەپ قەشقەگە كىتىپ ئارام ئالامدىمە؟ئۇنىڭدىن مىشەدە ئارام ئىلىپ ساقلىغىنىم ياخشى!

-يانا دىسەم يانا شۇگەپ، ماڭ قايىلىسا تۆرەم!بىگىم بىلەن ئەينىدىن بىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆمۈلەپ قاغاندۇ ھەقىچان؟

-ھەئە.

-ئۇ شىككەيلەن شۇنچە بەدەل تۆلەپ بىزنى قۇتقۇزسا، سىلە يانا ئۆلىنىڭ ئەجرىنى باكا قىلىپ قۇمدا ئۆمىلەپ ژۈرۈپ بىرە ئىش ۋولاپ قاسا، نىم پايدىسى بولدى ئەمدى ئۆلىنىڭ قۇربانلىق بەگىنىنىڭ؟

-بۇ....

ئەينىدىن ئاخىرى يەنە مىنى قايىل قىلدى.لېكىن مىنى قەشقەرگە قايتىپ كېتىشكە ئەمەس، بەلكى مەتىسلىمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ساقلاشقا قايىل قىلدى.شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ساقلاش خىزمىتىمىز باشلاندى.بىز تاماق ئېتىشنى ئېغىر كۆرۈپ، يىزا بازىرىغا بىرىپ چۆشلۈك تاماق يىگەننى ھىساپقا ئالمىغاندا، باشقا بارلىق ۋاقتىمىز مەتسلىمنىڭ ئۆيىدە ئۆتتى.

مەن يانفۇن تورىدىن قۇملۇقتا ئادەم ئىزدەش،نىشان بەلگىلەشكە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ۋە قۇم-بوران،دەشتى-باياۋاندىن مۆجىزىلىك هالدا قايتىپ چىققان كىشىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى كۆرۈش،ئۆگىنىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزدۈم.ئىشىك ئالدىدا سەللا شەپە ئاڭلاپ قالسام،مەيلى كۈندۈز مەيلى كېچە بولسۇن دەرهال يۈگۈرەپ چىقىپ قاراپ باقاتتىم دە،يەنە ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كىرەتتىم.

ئەينىدىن بولسا كۆپ ۋاقتىنى خاتىرە يېزىش،كۆرۈش بىلەن ياكى ئۆگزىگە چىقىپ يىراقلارغا نەزەر سېلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى.پات-پات ماڭا بىگىم ۋە ئۆزىنىڭ ياش چاغلىرىدىكى ئاجايىپ قىزىقارلىق ئەسلىمىلىرىنى،خىزمەت تارىخىدىكى غەيرى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى.بەزى چاغدا تېخى هاياجانلىنىپ شېئىر ئوقۇپ كېتەتتى.مەنمۇ پات-پات ئۇنىڭ گەپلىرىدىن قۇسۇر تېپىپ ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قوياتتىم.

-شۇنىڭ بىلەن قايىلسا،مەن ئۇ يوغۇن بوغما ژىلاننىڭ بويىنىدىن مەككەم تۇتۇپ تۇرىۋالدىم.قوياپلام بەسەم ئىشتىن چاتاق چىقتى.

-ۋىيى!بوغما ژىلان دىگەن ئەدەمنى چاقماي بوغاپ ئۆتتۈردىغاندۇ؟

-چاقىدىغانلىرىمۇ با.

-هە ماقا چاقىدىمۇ دەپ تۇرىلى،لېكىن سىلە ئۇنىڭ گىلىدىن بوغۇۋاسىلىرى،قاغان يەلىرى سىلىنى بوغماي جىم تۇرۇپ بەدىما؟

-بوغدى!بەدىنىمنى چىڭ چىماپ تاس قالدى سۆڭەكلىرىمنى سۇندۇرۇۋەتكىنى.

-كىچىكرەك بوغما ژىلان ئوخشايدۇ هە ئۇ؟

-كىچىك ئەمەس دەيمە!بىلىكىمدەك با.

-سىلىنىڭ بىلەكلىرى شۇندا بودەك تۇسا،ئۇندا يوغان ژىلان سىلىنى قاندا بوغاپ ئۆتتۈرەممەيدا؟

-مەن ئۇنىڭ بويىنىنى بەك چىڭ سىقىۋاغان تۇسام!

-ھەقاندا نەسە دىگەن جىنى چىقىدىغان چاغدا بەكراق كۈچاپ چاقىدۇ يا بوغىدا!

-مەن ئەمدى سىلىدەك جوزىدىن ژىقىلىپ كەتسە قوغىسى بەش يەدىن سۇنىدىغان ئاۋاق بوممىغاندىكىن،ژىلان مىنى بوغاپ ئۆتتۈرەممىدى!

-دىمەك سىلە ياش ۋاقلىرىدىلام مۇشتا خام سېمىزتىم دىسە؟

-خام سېمىز؟!بۇ دىگەن مۇسكۇل!جىرو فادا دەپ ئاڭلىغانمۇيا؟

-ئاڭلىغان،لىكىن سىلىنىڭكىدەك قوسقىلام فادا قىلىدىغان جىروسى با ئەدەمنى كۆمەپتىكەنمە!

-ھا-ھا-ھا!

-خا-خا-خا !

يەنە بەزى چاغلاردا ئەينىدىنىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ، ئېغىزىمنى يوغان ئېچىپ ھەيرانلىقتا تۇرۇپ قالاتتىم.

-خىزمەت تۈگىمەي كىرورەن خارابىسىدا قونىدىغان ئىش بولاپ قالدى.كۆزۈم ئەمدى ئۇيقۇغا ئىلمىشپلام چۈش كۆرەشنى باشلىدىم.چۈشۈمدە يۈزىگە چۈمبەل تاتىۋاغان،قىپقىزىل كىيىم كىيۋاغان بىژتوپ قىزۋاللا توختىماي ئۇسۇل ئويناتىتى.مەنمۇ شوخ ۋوغاچقا قوپاپ ئۇسۇلغا چۈپ كەتتىم.بىژچاغدا بەك چۆگىلەپ ئۇسۇل ئويناۋاتقان بىژقىزۋالىنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەل يەگە چۈپ كەتتى.چىرايىغا قايلاپ قوقاپ كىتىپتىمە .

-چىرايى قايداكىن؟

-بەئەينى بىز تاپقان مومىيانىڭ ئۆزى!تېرىسى قاپقارا،قاشلىرى چۈپ كەتكەن،ھەتتا ئېڭىكىنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلىرىمۇ چىقىپ قاپتا!شۇنىڭ بىلەن چاندۇماي ئۇسۇلدىن توختاپ چەترەك بىژيەدە ئوتتۇرۋالدىم.قىرىشقاندەك بىژسى كىلىپ مىنى يانا ئۇسۇلغا تاتىپ تۇرىۋالدى.مەن قوپمىدىم.ئۇ قولامنىڭ بېغىشىدىن تاتىپ قوپاماقچى بولدى.ئۇنىڭ قولى تاشتەك قاتتىق ھەم سوغاق بوغاچقا چۆچۈپ

كەتتىم.ئوغۇنۇپ قايلىسام چۈشۈمكەن.
-ئاھاي....نىم دەيدىكى دەپتىمە.مەن بۇنىڭدىن مىلىك ھەسسە قورقۇنچلۇق چۈشنى كۆندە كۆرىمە!
-ئاخرى ۋا تەخى!ئەتىسى قولامنىڭ بېغىشى سەل ئىچىشقاندىك بولدى.قايلىسام نەق چۈشۈمدىكى مومىيا قىزۋالا تاتقان يەدە قاپقارا بەش قولىنىڭ ئىزى تۇرىدا!
-ۋۇجۇ!ھە ،كىيىن قايدا ۋولدى؟
-ژۇساموۇ چىكەتمىدى.باشقىلىغا قوقاپ كەتمىسۇن دەپ دىمەي دەپتىمە.كىيىن بىلسەم مەن بىلەن بىژچىدىردا ياتقان ھەممەيلەننىڭ ئاشتا بوپتا.
-ھە؟!ھەممىسىنىڭ قولىدى ئىزۋامىكىن؟
-ھەئە.
-توۋا ،ئاجايىپ ئىشكىن جىما ماۋۇ.ئىست بىگىم بوغان بوسا چوقۇم بىزگە نىم ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىتى.تاپقاندا چوقۇم سوراپ باقمىسام.
-مەن ياتقان چىدىردا بىگىممۇ باتى شۇچاغدا!
-ئو!بىگىمنىڭ قولىغىمۇ ئىز پەيدا بوغانما؟
-ھەئە.ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ھەيران بولاپ ،گەپ قىلاماي قاغان.
-ئاچسا قەنى ،ھازىر بامۇ مەن كۆرەپ باقاي.
-ھازىر يوق.بىز ئۇيەدىن ئايرىلغاندىن كىيىن ئۆزلىكىدىن يوقاپ كەتتى.
-ۋيىي!ئۇندا ۋوسا بۇگەپلىرىگە چىم ئىشىنىدا؟
-مۇشتا دىيىشلىرىنى بىلتىم مەن ،مانىڭغا قايلىسا جىما!
ئەينىدىن ماڭا سومكىسىدىن بىرپارچە ناھايىتى پاكىز ساقلانغان رەڭسىز سۈرەتتىن ئىلىپ ،ماڭا تەڭلىدى.سۈرەتتە ئوك بىلىكىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ ،سول قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن قولىنىڭ بېغىش

قىسمىدىكى قاپقارا بەش بارماق ئىزىنى كۆرسىتىپ تۇرغان بىر توپ ياشلار تۇراتتى.

-قەنى سىلە؟باھۇيا بۇ رەسىمدە،ھېچ تاپالمايمىيا؟

-كۆزەينەكلىرىنى تاقاپ قايىلىسا،ئىشۇ بالا مەن شۇ!

ئەينىدىن بارمىقى بىلەن،تولىمۇ كىلىشكەن،چاچلىرىنى ئۇزۇن قويىۋالغان،مۇسكۇللىرى ئاق رەڭلىك ئاسما مايكىسىغا پاتماي قالغان بىر يىگىتنى كۆرسەتتى.

-ۋۇجۇ!مۇشۇ بالا سىلە شۇما؟تولا قۇرۇق گەپ قىممىسا جىما!

-ئوبدانىراق قايلاپ باقسا.

دىگەنىدەك ئۇ يىگىتنىڭ بىرىيەرلىرى ئەينىدىنگە ئوخشاپ قالاتتى.بولۇپمۇ نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن پاناقراق بۇرۇنلىرى.

-سىلىگىغۇ ئوخشاتىدا،لىكىن ما چاشلىرى....

-بۇ دىگەن ياش ۋاقتىم،ياش چاقتىمدا بوراندەك چىچىم باتى مىنىڭ!

-ئىست.چاشلىرى بوراندەك بومماي دەرەختەك ۋوغان بوسا چۈپ كەتمەستى.بوران دىگەن ئاشتا ھىلى با ھىلى يوق نەسىدە!

-نەدىكى بىمەنە گەپنى قىلىدىكەنلا!

-چاقچاق.راس سىلىكەنلا،بىگنىم قەنى؟

-ئۆزلىرى تاپ باقسا قەنى.

ئەيىندىندىن باشقا يىگىتلەرگە قارىدىم.بۇرنىنىڭ يېنىدا يوغان مەڭ باركەن،بۇ ئەمەس!ماۋۇ يىگىتنىڭ چىرايى سارغۇچكەن بۇمۇ ئەمەس....شۇنداق ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىرى نەزىرىمنى چاچلىرى يانغا رەتلىنىك تارالغان،كۆزلىرى بۇركۇتنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر كۆرۈنىدىغان،تولىمۇ كىلىشكەن ھەم ئىگىز بىر يىگىتتە توختاتتىم .

-مۇشۇ شۇ!

-ھا-ھا !تاپلا،كۆزلىرى خىلى ئۆتكۈركىن جىما سىلىنىڭ!

كۆز ئالدىمدىكى بۇ ئەيىندىنگە بىر قارىۋەتكەندىن كىيىن، كۆزۈمنى ئۇ

رەسىمدىكى يىگىتلەردىن ئۆزمەي قارىدىم .ۋاقىت ئىمە دىگەن رەھىمسىز ھەم تېز ئۆتكەن ھە!شۇنچە نەۋقىران يىگىتلەر مانا ئەمدى چاچلىرى شالاڭلاشقان ،بەللىرى مۈكچەيگەن ،چىرايىنى سانسىز قورۇقلار باسقان بوۋايلارغا ئايلاندى.كىم بىلىدۇ مەن قېرىغاندا قانداق سىياقتا كىرىپ قالىمەن....

بىر ھەپتە مانا مۇشۇنداق ئۆتتى.شامال ئاساسەن توختاپ قالمىدى.مەن بارغانسىرى ئۆمۈدسىزلىنىشكە باشلىدىم.غەمكىن كۆزلىرىمنى ئىككى قولىنى قاناتتەك كېرىۋېلىپ،ئۆگزىدە ھېلى ئۇياققا ،ھېلى بۇياققا

ئايلىنىۋاتقان ئەيىنىدىنگە تىكتىم.ئۇ بەلكىم قۇشلاردەك ئۇچۇشنى ،ئۇچۇپ بېرىپ ،بىگىم ۋە مەتىسلىمنى ئىزدەشنى ئويلاۋاتقاندۇ .

-تېز نەسە-كىرەكنى تەييا قىسا!قۇملۇققا چىرىمىز!

ئەيىنىدىن ئۆگزىدە تۇرۇپ تۇيۇقسىز ۋارقىراپ كەتتى.

-شامال تەخى توختىمىسا؟

-مەن جىق كۆزىتىپ باقتىم.تۈنۈگۈندىن باشلاپ شامال تەتۈ يۆلىنىشتە چىقتى.بۇنىمىنى بىلدۈردۇ دەپ باقسا قەنە؟

-شامالنىڭ يانا چىققانلىقىنى!

-نۆل!كۆمۈلەپ كەتكەن ئېغىزلىنىڭ يانا ئېچىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدا ،ئەقىللىق تۆرەم!

كۆڭلۈم بىردىنلا يورۇپ كەتتى.توغرا.كىرىش ئېغىزلىرىنى كۆمۈۋەتكەن شامال ،قارشى يۆلۈنۈش بويىچە چىقسا ،كۆمۈلگەن ئېغىزلاپ يەنە ئېچىلىپ كىتىشى مۇمكىن!دەرھال ئۆيگە يۈگۈرەپ كىرىپ،جىددىي ئىشلىتىدىغان بويۇملارنى سومكىغا قاچىلاشقا باشلىدىم.ئەيىنىدىنمۇ قايتىپ كىرىپ،تەييارلىق قىلدى.

-ياردەمچى كۈشنى تولىۋامامدۇق؟

-مەن تىلپۇن قىپ قويدۇم.ھازىر شامال پەسلىدى.بىز ئاۋال بېرىپ ئەۋال ئىگەللىگەچ تۇرىلى!

-خا!بەك ياخشى ۋولدى!

-ماڭدۇق ئەمسە!

ماشىنا قوزغالدى.يۇرىكىم ھەم ئۆچۈپ كېتىشكە ئاز قالغان ئۇمۇدلىرىمۇ قايتا قوزغالدى.قاتتىق ھاياجاندا مەنزىلگە تېزراق يېتىپ بېرىشنى تىلەۋاتاتتىم.ئەينىدىنمۇ مەن بىلەن ئوخشاش خىيالدا بولغاچقا ،ماشىنىنى ئامالنىڭ بارىچە ئەڭ تېز سۈرئەتتە ھەيدەپ كېتىپ باراتتى....

نىشانغا يېتىپ كەلدۇق.يەنى بىگىم«قۇم بۆرىسى» نى باشلاپ كەتكەن كىرىش ئېغىزى دېگەن جايغا كەلدۇق.گەرچە قۇم ئۇرنى كۆرۈنەرلىك تۆرەنلىگەن بولسىمۇ،ئەمما يەنىلا ئېغىز كۆرۈنمەيتتى.بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ،ئۇيەر-بۇيەرنى كولاپ باقتۇق،يەنىلا ئوخشاش.

-ماشىنىغا چىقسا!

-كېتەمدۇق؟

-ياق يان بىژ يەگە بېرىپ باقىلى.ئۇ يە دۆگرەكتى،ئېچىلغان بولىشى مۇمكىن.

-هە راس،مەتىسلىم چىركەتكەن كامالا ئېچىلغاندۇ.يا توشقانلا يانا ئۇۋىسىنى كولايمەن دەپ ئېچىپ قويغاندۇ.

-توغرا دەيلا.

ئۇمۇد بىلەن يەنە بىر ئېغىز تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتۇق.بۇ قېتىم بىز چەكسىز خۇشال بولدۇق،چۈنكى،ئالدىنقى قېتىم كۆمۈلۈپ ئازقالغان توغراقلىق،ھازىر خىلىلا ئېچىلىپ كۆپىيىپ قالغاندەك تۇراتتى.ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇ تەرەپكە يۈگۈردۇق.دىگەندەك ياۋا توشقانلار يەنە ئۇۋىسىنىڭ ئېغىزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى.ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىز كىرگەن ئىغىزمۇ ئازراق ئېچىلغان ئىدى.

-ئەقىللىرىگە بارىكاللا ئەينىدىن تاغا!ياشاپ كەتسە!مۇشۇ ئەقىللىرىنى دەپ بوسىمۇ بۇندىن كىيىن سىلىنى غوجام دەپ تولايمە!

-ھا-ھا-ھا!چوڭ دادا دىسلىرىمۇ مەيلى!

-چوڭ ئانا دەيمىيا؟

بىز كۆلكە چاقچاق بىلەن ئېغىزلارنى بىرقۇر ئايلىنىپ چىقتۇق.ئاندىن مەتىسلىم كۆمۈلۈپ كەتكەن ئېغىز شۇ دەپ ھۆكۈم قىلغان يەرنى كولاشقا باشلىدۇق.

-غوجام.

-ھە؟

-مەن راس گەپ قىسام مەتىسلىمنىڭ بۇنىڭ تىگىدە بومماسلىقىنى ئۈمۈت قىلىمەن.

-نىمىشقا؟

-ئەگەر ئۇ مىشەدە يانا با بوسا ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ،شۇندامۇيا؟

-توغرا دەيلا.لىكىن....

-لىكىن نىمە؟

-لىكىن ئۇ ئۆلەپ بولاپ ئۆلىكىنى قۇرۇت-قوڭازلا يىۋەتكەن بوسچا؟

-شۇنداممۇ بولاما؟

-چاقچاق قىپ قويدۇم.ئاۋال چىرىدىغان كامانى ئاچىلى،بىزگەپ بولىدا.

-ھە.

شۇنداق قىلىپ ئېغىز كولاشنى توختىماي بىرقانچە سائەت داۋاملاشتۇردۇق.ئەيىندىن ياشانغان بولغاچقا قاتتىق ھالسىراپ ئولتۇرۇپ قالدى.

-بىژدەم ئارام ئالىلى غوجام!

-ئۇف....ئاشتا قىلىلى!

بىز ملىڭ تەستە بىر متىدەك قازغان ئورەكتىن چىقىپ،يەر يۈزىدە سۇنايلىنىپ ياتتۇق.قۇم ئارىلاش چىقىۋاتقان سەلكىن شامال ماڭا بەكمۇ خوش ياقتى.شامالدىن ھوزۇرلىنىپ،خىيال بىلەن ياتقىنىمدا ئەيىندىنىڭ

يىنىك خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى.ھارغىنلىق بىلەن جىددىيلىك قوشۇلۇپ،ئۇنى ھەقىقەتەن ھاردۇرۇپ قويغاندەك قىلاتتى.ئۇنىڭ ئۇيقۇسىغا دەخلى قىلماسلىق ئۇچۇن،ئورنۇمدىن پەم بىلەن تۇرۇپ،بىزگە ئۇمۇد بېغىشلاپ تۇرغان بىرقانچە كامارلارنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدىم.

-بىگىم،مەتىسلىمكا،بىز كەلدۇق،شىككىڭلا زادى قاسى كامادا؟

ئۆز-ئۆزۈمگە شۇنداق پىچىرلىغان ماڭا ئەڭ يېقىن كىلىدىغان بىر كامارغا قارىدىم.خاتا سىزىمىمۇ ياكى شامال تەسىرىمۇ،ئىشقىلىپ ئۇ كامارنىڭ ئەتراپىدىكى قۇملار مىدىرلىغاندەك بىلىنىپ كەتتى.يەنىمۇ يىقىنلاشتىم.دەل شۇ چاغدا كامادىن قاپقارا بىر قول چىقىپ،ھوشۇقۇمدىن كاپپىدە تۇتىۋالدى!توغرا،بىر قول،ئادەمنىڭ قولى!يوقاپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان قورقۇنۇچ سىزىمى دەقىقە ئىچىدىلا پۇتۇن بەدىنىمگە تارىدى.

-ۋايجان!

تىپىچەكلاپ،يەنە بىر پۇتۇم بىلەن تېپىپمۇ ئۇ قولدىن ئاجرىيالمىدىم.

-غوجام!شىتتىك بوسا دەيمە!مىنى قۇتقۇزسا!!!

ئەيىندىنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقى ئېسىمگە كىلىپ،ئۇنىڭدىن ئۇمۇد كۈتۈپ قاتتىق ۋاقىرىدىم.

-نىم بولدى،ۋۇجۇ!

ئەيىندىن ئاۋازىمنى ئاڭلاپ يىنىمغا يۈگۈرۈپ كىلىپ،ئوڭ پۇتۇمنىڭ ھوشۇقىدىكى قاپقارا قولنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

-بىگىم!بۇ بىگىمنىڭ قولىكىن!تەپمىسە دەيمە تەپمىسە!

ئەيىندىن بىردىنلا يىغلامسىراپ تۇرۇپ،دۇم يىتىپ ئىككى قولى بىلەن مىنىڭ پۇتۇمنى تۇتىۋالغان قولنى تارتىشقا باشلىدى.

-نىمە؟!بىگىم؟بىگىمنىڭ قولى!

مەندىكى ۋەھىمە بىردىنلا ھاياجانغا ئايلاندى.ھەقىقەتەن پۇتۇمنىڭ

بېغىشىدىكى ئۇ قولىدا، بىزنىڭكىگە ئوخشاش سائەت بار ئىدى. پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈمنى ئالدىمغا تارتىشقا باشلىدىم. لېكىن بىز يەنىلا ئۇ قولنىڭ ئىگىسىنى تارتىپ چىقىرالمىدۇق.

-توختاپ تۇرسا. كاماغا قاپسىلىپ قاغان ئوخشايدا. مەن تىشاڭ ئەكىلىپ كولاي!

ئەيىندىن تېزلا تىشاگدىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ، كامارنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى.

-بىگىم، چىداپ تۇرسا! سېلىنى ھازىرلام چىقىرۋالىمىز!

ئەيىندىن بىرتەرەپتىن ئىش قىلغاچ، بىرتەرەپتىن شۇنداق تووۋلاپ قوياتتى. كامار كېڭىيىپ، ئەيىندىن پاتقۇدەك ھالەتكە كەلدى. ئۇ تىشاگنى تاشلاپ، ئورەككە چۈشۈپ كەتتى.

-بىگىمكىن! راس بىگىم شۇكىن!

ئەيىندىن يىغلاپ تاشلىغان ئىدى. مەن ئىككى قولۇم بىلەن بىگىمنىڭ پۈتۈمنى تۇتىۋالغان قولىنى ئاۋايلاپ ئاجراتتىم دە ئورەككە سەكرەپ چۈشتۇم. كۆز ئالدىمدىكى مۇدھىش مەنزىرىدىن يۈرىكىم سىرقىراپ كەتتى. چۈنكى كۆز ئالدىمدا يۈز قىسمىدىن باشقا ھەممە يەرلىرىگە ياغاقتەك بىرنەرسە پاتۇرۇلغان بىگىمنىڭ ئۈستۈنكى گەۋدىسى تۇراتتى. بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن بىلەن ئۇنى كولاپ، تارتىپ....ئاخىرى يەر يۈزىگە ئېلىپ چىقتۇق. مەن ئۇنىڭغا قايتا سەپ سالدىم. بەلىنىڭ تۆۋەن قىسمىدا ياغاقتەك پاتۇرۇلغان نەسلەر ئانچە كۆپ ئەمەس، لېكىن بېلىنىڭ ئۈستى تەرىپى ئادەمنى قورقۇتقۇدەك دەرىجىدە بولۇپ كەتكەن ئىدى.

-بىگىم!

-كۆزلىرىنى ئاچسا بىگىم!

بىز ئۇنى قۇملۇقتا ئوگدىسىغا ياتقۇزۇپ، ئىسمىنى چاقىردۇق. ئۇ كۆزىنى لەپپىدە ئېچىپ قويۇپ يەنە جىمىپ كەتتى.

-ماشىنىدىن سۇ ئەكەسە، شتتىك بوسا!

مەن يۆگۈرەپ بېرىپ،ماشىنىدىن مىنرال سۇدىن بىرنى ئېلىپ كەلدىم.غوجام سۇنىڭ ئاستا بېگىمنىڭ ئېغىزىغا تېمىتتى.ئۇنىڭدا يەنىلا ئىنكاس بولمىدى.مەن بارمىقىمنى بېگىمنىڭ بۇرنىغا ئۇزاتتىم.

-نىم قىمماقچى؟

-بېگىم ئادەتتە بۇنىنى كولاشقا ئامراقتى.مەن ۋاكالىتەن كولاپ قويسام خوش يېقىپ ھوشىغا كېلەمىكى دەيمە.

-چېك!سەل دەدىلىرى ۋاكىن ھە سىلىنىڭ!تاتسا قوللىرىنى!

غوجام قولۇمنى قاتتىق سىلكىپ تارتىۋەتتى.«غوجام دەپ قويسام ۋاقىرشىنى قېرى تازنىڭ!» ئىچىمدە ئۇنى تىللاپ قولۇمنى يىغىشتۇرۇپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.غوجام ئۇنىڭ مەيدىسى بېشىنى قويۇپ،يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاپ باقتى.

-ژۈرىكى بەك ئاجىز سوقاتىدا.سىلە مىشەدە ساقلاپ تۇسا،مەن شىتتىك بېرىپ،قۇتقۇزۇش ئەترىتىدىكىلە نەگىرەك كەلدى قايلاپ باقاي.

-ماقا!

ئەيىندىن ماشىنىنى ھەيدەپ كىتىپ قالدى.مەن بېگىمنىڭ يىنىغا كىلىپ،ئۇنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەن ياڭاقسىمان نەرسىلەرنى تارتىپ ئېلىۋەتمەكچى بولدۇم.لىىن شۇنچە كۈچەپمۇ ئۇ نەرسىدىن بىرنىمۇ ئالالمىدىم.تەۋەككۈل قىلىپ ئۇ نەرسىنى قولۇمدا مەھكەم قامالاپ،پۈتۈن كۈچۈم تارتتىم.ئاخىرى بىرسى ئاجراپ قولۇمغا چىقىپ،ئۆزۈمنى تۇتالماي ئارقامغا يىقىلىپ چۈشتۈم.

قولۇمدىكى نەرسىگە قاراپلا تېنىم شۈركىنىپ ئۇنى يەرگە تاشلىۋەتتىم.چۈنكى ئۇ نەرسە بېگىمنىڭ بىر قەۋەت تېرىسى ۋە گۆشىنى تەڭ يۇلۇپ چىققان بولۇپ،مىدىرلاپ تۇرغان ھەرە چىشىدەك پۈتلىرىدىن ئۇنىڭ ھايات نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

-ھۇ ئۆلگۈر قۇم بۆرىسى!

غەزەپ بىلەن يەردىكى تېشاڭنى ئېلىپ،ئۇ قوڭغۇزنى قوغلاپ يۈرۈپ

ئـــۈرۈپ،مىجىغىنى چىقىـــرۋەتتىم.ئانـــدىن يەنە تارتىـــشقا باشـلىدىم.چىققانلىرىنى يەنە ئۆلتۈردۈم.لىكىـن يەنە توختاپ قىلىـشقا مەجبۇر بولغـان ئىـدىم.چۈنكى ھەرقېـتىم ئـۇ قوڭغـۇزنى يۇلـۇپ چىقارغىنىمدا،قولۇمغا بىگىمنىڭ بىرپارچە گۆشى،تېرىسى بىلەن قوشۇلۇپ چىقـاتتى.ئۇنىـڭ ئۇسـتىگە شـۇ ئورۇنـدىن قـان جىرغىـپ چىقىـپ كىتەتتـى.بۇنـدا قىلىۋەرسـەم،بىگىمنىڭ قانـسىزلىنىپ كېتىـشىدىن ئەنسىرىدىم.

-تۆ....تۆرەم!

بىگىمنىڭ جانسىز چاقىرغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ قالـدى.تىـشاڭنى تاشلاپ دەرھال ئۇنىڭ يىنىغا كەلدىم.

-مانا مەن بىگىم،مەن قاشلىرىدا!

-سۇ....

ئۇ كـۆزىنى ئېچىـپ ماڭـا قـاراپ زورلاپ كۈلۈمـسىرىگەندىن كىيىن،سۇ تەلەپ قىلـدى.مەن بايـا غوجـام يەرگە قويـۇپ قويغـان مىنـرال سـۇنى ئېلىپ،بىگىمنىڭ ئېغىزىغا ئاستا تىمىتتىم.ئۇ بىرئاز سۇ ئىچىپ بولغاندىن كـىيىن قـاتتىق يۆتىلىـپ كەتتـى.مەن ئۇنىـڭ يوغـان گەۋدىـسىنى تەسـتە تىزىمغا يۆلەپ،دۈمبىسىگە يىنىك ئۇرۇپ قويدۇم.

-مەتىسلىماخون....قەنە؟

-ھە؟ئۇ....ئۇ ھازىر باتى.غوجام بىلەن بىللە كەتتى.

بۇ ھالەتتىكى بىگىمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلغۇم كەلمەي،ئـۇنى ئالـداپ قويدۇم.

-ئۆھـۇ....يـال....يالغـان گەپ قىممـسا.مىنـى يەنىـڭ تىگىـدىن ئـۇ قۇتقۇزغان!مىنى يۆلەپ چىقىرىپ قوياپ....

بىگىم سۆزىنىڭ ئاخىرىنى قىلالمايلا يەنە ھوشىـدىن كەتتـى.مەن ئـۇنى ئۆلۈپ كەتتىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قاتتىق ۋارقىرىدىم.

-بىگىم!بىگىم!

ئۇنىڭدىن جاۋاپ قايتمىغانىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تىنىقىنى ۋە يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلاپ باقتىم. ناھايىتى ئاجىز بولسىمۇ، يەنىلا سوقۇۋاتاتتى. يۈرىكىم جايىغا چۈشتى.

-قاندا بولدى؟

ئارقامدىن غوجامنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىگىمنى يەرگە ئاستا قويۇپ، ئۇ تەرەپكە قارىدىم. غوجام ئىككى ماشىنا ئادەم باشلاپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بىرسى جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ئىكەن.

-بايام ھوشىغا كەلگەن. ئازراق سۇ ئىچىپ يانا ھوشىدىن كەتتى.

-گەپ قىلدىما؟

-قىلدى. ئۇ مەندىن مەتسىلىمنى....

- ئۆتەپ تۇسا!

ئارقامدىن نوسۇلكا كۆتۈرۈپ كەلگەن دوختۇرلار گىپىمنى بۆلۈپ، بىگىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

-دىققەت قىلىڭلا! ئۇ دېگەن قوڭغاز، تەخى ھاياتكىن!

مەن ئۇلارنى ئەسكەرتىپ قويدۇم. لىكىن ئۇلار مىنىڭ سۆزۈمگە پەرۋا قىلماي، بىگىمنى كۆتۈرۈشۈپ ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ كىتىشتى. باشقا ماشىنىلارمۇ كەتتى. ئەينىدىن نەرسە-كىرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ مىنى ماشىنىغا چىقىشقا چاقىردى.

-بۇنىڭ ئىچىدە مەتسىلىممۇ با!

-ھەي....ھازىرچە قايتىپ تۇرىلى.

-راس دەتىمە!

-ئۆزلىرىنى ئالدىمىسا تۆرەم، مەتسىلىم ئۇ....

-بىگىمنى مەتسىلىم قۇتقۇزۇپتا! بىگىم ئۆز ئاغزى بىلەن ئاشتا دىدى!

-ھە؟!

ئەينىدىن دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈپ ئالدىمغا يۈگۈرەپ كەلدى. مەن بىگىمنىڭ دېگەن قىسقا بىرقانچە جۈملە سۆزىنى غوجامغا تولۇق ئېيتىپ

بەردىم.ئۇ چوگقۇر بىرنى تىنىۋەتكەندىن كىيىن قولىغا تىشاگنى ئالدى.

-مەتسىلىماخۇننى بوش چاغلىساق بوممايدىكىن،دەرھال كولايلى!

-ماقا!

مەنمۇ قولۇمغا تىشاگنى ئالدىم...

## 29-باپ    بىگىم كەلدى،غوجام كەتتى

پۈتۈن كۆچۈم بىلەن ئېغىزنى كولىغاچ،ئېغىر ھالسىزلانغان بىگىمنى ۋە ھاياتلىقى دەلىللەنگەن مەتسىلىمنى ئويلاپ قالدىم.يىگىرمە كۈنگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇزۇق-تۈلۈكسىز قالغان بىگىم يەر ئاستىدا قانداق ھايات تۇرالىدى؟قوڭغۇزلار ئۇنىڭغا قانداق يېتىشۋالدى؟مەتسىلىم ئۇنى قانداق تاپتى؟بىگىمنى قۇتقۇزۇپ مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كىلەلىگەن ئادەم ئۆزى نىمىشقا چىقىپ كەتمەيدۇ؟....بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى بىھوش ياتقان بىگىم بىلەن قۇم ئاستىدا تۇرغان مەتسىلىملا بىلەتتى.

-غوجام،مەتسىلىمكام بىگىمنى قۇتقۇزالىغاندىكىن،ئۆزى نىمىشقا چىكەتمەيدا؟

-بولدى مىنى سىلە غوجام دەپ تولىماي،ئەينىدىن تاغا دەۋەسە بولدى.غەيرى ئاڭلىنىدىكىن.

-ۋىيى،باشقىلا شۇندا تولىسا غەيرى ئاڭلانامتى؟

-ياق،سىلە سەل ئەينۇراق بالا ئەمەسما،سىلە غوجام دەپ تولىسلىرى بىرخىل زاڭلىق ئەتكەندەك بىلىنىدىكىن.

-ئەينۇلقتا سىلىگە يەتمەيمە غوجام.مەن سىلىنى چىن دىلىمدىن ھۆرمەتلەيمە ھەم قايىل بولىمە.ھەرگىز سىلىنى زاڭلىق ئىتىش مەقسىتىم يوق.شۇڭا يانىلام غوجام دەپ تولاي جىما.

-راسمۇيا گەپلىرى؟

-راس!

-ماقا ئەمىسە.غوجام دەپ تولىسا.

-شۇندا قىلىمەن.ئويلاپ باقسام بىز ساپ ئىسلزادىكەنمىز.مەسىلەن تۆرەم،غوجام،بىگىم دىگەندەك.بوسا مەتسىلىمكامغىمۇ بىر ياخشى ئىسىم تاپساق بولىتى.

-ھا-ھا!ئىسلزادە دەپ قويسا تەخى.سىلە دەپ باقسا ئويلىغان ئىسىملىرىنى؟

-مۇشۇك شايى!

-ئاھاي...بوممىدى.

-شەيخىم!

-بۇ دىگەن ھۆرمەت ئاتالغۇسى ئەمەس.

-ئەۋلىيا سامغا!

-قويسا ئۇندا قۇرۇق گەپنى.

-پىركاللان!

-چىك!

-سىلە دەپ باقسا ئەمىسە!

-مەن ئۇ توغرىسىدا ئويلاپ باقماپتىمە.

-ئۆزلىرى تاپالمايلا،مەن تاپسام تەخى ياراتمايلا.

-يانا دەپ باقسا.

مەن ھەرخىل ئاتالغۇلارنى ئويلىشىپ،ئاخىرى ھېلىقى خىيالىي سەزگۈمدىكى ئەلسۆيىنىڭ ئۆزىنى«ھەزرىتىم» دەپ ئاتىغانلىقى ئېسىمگە كەلدى.

-ھەزرىتىم!

-ما پىشكە بولىدىكىن.

-مۇشتا دەپ قويامدۇق ئەمىسە؟

-شۇندا قىلىلى.

-يا ۋوممىسا مازا تىشەر ھەزرىتىم دەمدۇق.خۇددى «مۇنار يۆتكەر ھەزرىتىم» چاۋگەي دىگەندەك،«مازا تېشەر ھەزرىتىم» مەتىسلىم دىسە ھەيۋەتلىك ئاڭلىنىدا ئەمەسما.

-ئەڭ ياخشىسى ھەزرىتىملام دەيلى.

- ماقا.ئۇنى تاپساق يىگى ئىسمىنى ئاڭلاپ بەك خوش ۋولاپ كىتىدىغان بولدى دە.

ئىش قىلغاچ مەتىسلىمنىڭ يىگى نامىنى ئاڭلىغاندىن كىيىنكى خۇشال

بولۇپ كەتكەن چىرايىنى ئويلاپ كۆلگۈم كىلىپ قالدى.لىكىن بىردىنلا غوجامنىڭ مەن سورىغان سوئالغا جاۋاپ بەرمىگەنلىكىنى ھىس قىلىپ قالدىم.

-بايام سورىغان سوئالىمغا جاۋاپ بەمىليا راس؟

-بىگىم قايدا بولاپ كەتكەندۇ ھازىر.سىلە دەپ باقسا،ئۇ ھوشىغا كەسە بىزگە قاندا گەپلىنى دەپ بىرەر؟

مەن ئۇنىڭ قەستەن ئۇ سوئالدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ،گەپنىڭ تىمىسىنى يۆتكەۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدىم.

-بىگىمنى مىشەگە ئەكىلەلىگەن مەتسىلىم نىمىشقا ئۆزى چىكەتمىگەندۇ؟

-ھەي....نىم دىسەم بولا.

-دەۋەسە.

-بىگىم مۇشىچىلىك ھالغا چۈشۈپ قاغان يەدە سىلىنىڭچە ئۇ قاندا بوماقچىتى؟

غوجامنىڭ نىمە ئۈچۈن قەستەن سوئالدىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم.ئۇنىڭ دىگىنىنىڭ ئاساسى بار ئىدى.بىزنىڭ ئارىمىزدا مەن ھەممىدىن يامان ھەم كۈچلۈك دەپ ئويلايدىغان بىگىم نىمجان بولۇپ قالغان يەردە،يۈرىكى كىچىك،تەن قۇرلۇشى ۋىجىك بولغان مەتسىلىم قانداق بولماقچى ئىدى؟

-ئۇندامۇ بولاپ كەتمەس.مەتسىلىم دىگەن يامان ئەدەم دەيمە.خەق باكا ئۇنى مازا مۇشىكى دىمەس ھەقىچان.

-شۇندا بولا ئىلايىم.

-بىز ئۇنى ئۆلدى دەي ژۇسەك،ئۇ ئۆلمەيلام قاماي تەخى بىگىمنى قۇتقۇزۇپتا.چىم بىلىدۇ ئۇ ئوغرى باشقا يولدىن چىكتىپ بولدىمۇ.

-ئۇنىمۇ يوق دىگىنى بومايدا جىما.

بىز ئۆزىمىزنى زورلاپ ئۇمۇدلەندۇردۇق.قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى.شامالمۇ سەل كۈچىيىپ قالغان ئىدى.غوجام بىشىنى كۆتۈرۈپ

ئەتراپقا قارىدى.
-شامال سەل كۈچىيىپ قاپتا.كىتىپ بىگىمنىڭ ئەۋالىنى ئۇققاچ ،ئەته كىلىمىزمىكى.
-كىچىچە شامال چىقىپ يانا كۆمۈلەپ كەتسە قاندا قىلىمىز؟
-يانا كولامىز.
-بىرۋقىتىم بوسىمۇ مىنىڭ گىپىمنى ئاڭلاپ قويسا غوجام.بىگىمنى مەتسىلىم مىشەگە ئەكىلىگەندىكىن،ئۇ چوقۇم بەك چوڭقۇ يەدە ئەمەس.يانا بىرۋەم كولاپ باقىلى.
ئەينىدىن ئىلتىجاغا تولغان كۆزلىرىمگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كىيىن ،باش لىڭشىتىپ،داۋاملىق كولاشقا قوشۇلدى.بىز ماشىنىغا چىقىپ بازاردىن ئىلىۋالغان سامسا بىلەن غىزالانغاچ،بىرئاز دىمىمىزنى ئىلىۋالغاندىن كىيىن،شامالنىڭ تىخىمۇ كۈچەيگەنلىكىگە قارىماي،ئىغىزنى كولاپ كەتتۇق.«سەۋرىنىڭ تىگى ئالتۇن» دىگەندەك ،مەتسىلىم كىرىپ كۆمۈلۈپ كەتكەن ،بىز قىچىپ چىقىپ كەتكەن كىرىش ئىغىزى ئاخىرى ئىچىلدى.مەن غوجامغا قاراپ كۈلۈپ قويدۇم.
مۇقىملاشتۇرۇش تۈۋرىكىنى ئورنىتىپ بولغاندىن كىيىن،بىز مەتسىلىمنى تاشلاپ كەتكەن ئۇ ئازگالنى ئىزدەپ تاپتۇق.سەكرەپ چۈشكەندىن كىيىن،قول چىراق بىلەن ئەتراپنى كۆزەتتۇق.ئەينى چاغدا مەتسىلىم دىگىنىدەك،ئالدىمىزدا كەڭ سوزۇلغان كارىدوردەك يول تۇراتتى.بىز ئىهتىيات بىلەن ئالدىمىزغا قاراپ ماڭدۇق.بىر كىلومىتىردەك ماڭغاندىن كىيىن،ئالدىمىزدا ھاڭدەك بىر ئويمانلىق پەيدا بولۇپ يولىمىزنى توسۇپ قويدى.
-ۋۇجۇ!بۇيەدىن بىگىم بىلەن ئەينىدىن قايدا چىقالىغان بوغىيتى؟
-بىز يولنى خاتا ماڭغان بولىشىمىز مۇمكىن.
غوجام قول چىراقنى ئۇ يەرگە يىقىپ قاراۋاتاتتى.مەنمۇ ئۇ ئويمانلىقنىڭ

لىۋىگىرەك كىلىپ چىراقنى تۆۋەنگە قارىتىپ ياقتىم.لىكىن يەنىلا تىگىنى كۆرەلمىدىم.

-قاندا خاتا بولىدا.مەتىسلىم ئىنىق مىشەدە قاغان تۇسا؟

-ئەسلىرىدە بادۇ،مەتىسلىمنى ئىزدەپ چۈشكەن چاغلىرىدا ئىۇ«بىۇ يە ئەمەسكىن،خاتا مېڭىپ قاپتىمە» دىگەندەك قىغان،

-ھەراس.شۇندا دىگەنتى.ئەۋالدىن قايىلىغانىدا مەتىسلىمكام مىشەدىن ئۆتەممەي ئاقىغا يىنىپ كەگەن ئوخشايدا شۇچاغدا؟

-شۇندا بولىشى مۇمكىن.

بىز ئارقىمىزغا قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق.

-تى-تى-تىت!تى-تى-تىت!

تۇيۇقسىز قول سائىتىمىز بەك قاتتىق سىگنال بەردى.مەن بۇ سائەتنى تاقىغانىدىن بېرى بۇنىداق قاتتىق سىگنال بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ باقمىغاچقا،يۈرىكىم سەل سېلىشقا باشلىدى.

-قاتتىق بوران!شىتتىك قاچىلى!

غوجام ئەنىسىز ۋارقىراپ كەتتى.بىز ئەڭ تىز سۈرئەت بىلەن يۈگۈردۇق.چىقىش ئېغىزىغا يىقىنلاشقانىسىرى يۈز-كۆزلىرىمىزگە قۇم ئۇرۇلۇپ،بەك قىينالدۇق.ئازگالنىڭ چىكىگە كەلگەنىدە بېشىمىز قىتىپ تۇرۇپ قالدۇق.چۈنكى بۇيەردىن چوقۇم يەنە بىرئادەم بىر ئادەمنى يۆلەپ چىقىرىپ قويىشى،ئاندىن چىقىپ كەتكەن كىشى تانا ئىلىپ كىرىپ يەنە بىرىنى تارتىپ چىقىرىشى كىرەك ئىدى.

-شىتتىك مۈرەمگە دەسسىسە!بوسا!

مەن ئۈچ مىتىر كىلىدىغان بۇ ئازگالغا قاراپ ھاڭۋىقىپ تۇرغاندا،غوجام يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بولغان ئىدى.

-سىلە چىقسا!

مەنمۇ دەرھال يەردە ئولتۇرۇپ ئۇنى ئاۋۋال چىقىشقا چاقىردىم.

-مەن68 ياشقا چىددىم!ما سومكىسىنى ئىسىپ چوقۇم ماشىنىغا

چىقىۋاسا!بۇ سومكىنى قەتتىي ژۇتتۇرۇۋېتىشكە بوممايدا!بوسا!

غوجامنىڭ ئاۋازى غەزەپتىن تىترەپ كەتتى.ئۇنىڭ مۇرىسىگە دەسسەپ ئازگالنىڭ لېۋىنى تۇتاي دەپ تۇرۇۋىشىمغا قاتتىق قۇم-بوران مىنى ئارقامغا ئۆرۈۋەتكىلى تاسلا قالدى.

-بوسا دەيمە!بېشىمغا دەسسىسە!

مەن ئۇنىڭ بېشىغا دەسسەپ بىرلا كۆچەپ ئازگالدىن چىقىۋالدىم.

-بۇ سومكىدىكى قارا تاشلىق خاتىردىن باشقا ھەممە نەسىنى ئاپتۇنۇم رايۇنلۇق مەدەنىيەت نازارىتىدىكى جاۋشۇجىگە تاپشۇرۇپ بەسە!خۇدايىمغا ئامانەت!ھەرگىز ئاقىلىرىغا يانمىسا!

مەن توختىماي يۆگۈرۈپ،ئېسىلىپ يۈرۈپ يەر يۈزىگە چىقتىم.ئەتراپ ئىنتايىن كۈچلۈك قۇم-بوراندا كۆزنى ئاچقۇسىز دەرىجىدە بولۇپ كەتكەن ئىدى.نىشانىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتى.ئەيىندىنىڭ سومكىسىنى ئىككى قولۇمدا مەھكەم تۇتۇپ،ئۆزۈم ماشىنا بار دەپ پەرەز قىلغان تەرەپكە قاراپ ئاستا ماڭدىم.شامال مىنى ھازىرلا ئۇچۇرۇپ كىتىدىغاندەك دەھشەتلىك ھۇرقىرايتى.مەن قەدەممە بىر دەلدۈگۈنۈپ،كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ يەنە مىڭىۋەردىم....

بوران تېخىمۇ كۈچىيىپ،ئۆرە مېڭىشقا زادىلا ئامال قىلالماي،يەردە دۈم يېتىۋالدىم.بېشىمغا تۇرۇپ-تۇرۇپ قۇمدىن باشقا قاتتىق نەرسىلەرمۇ ئۇرۇلاتتى.ئاغرىققا چىداپ قولۇمدىكى سومكىنى مەھكەم تۇتۇپ ئوڭدامدا ياتتىم.غوجامنىڭ«كىتىپ ئەتە كىلەيلى» دىگەن گىپىگە قوشۇلمىغانلىقىمغا بەك پۇشايمان قىلدىم.ئەگەر ئۇنىڭ دىگىنىگە كۆنۈپ،قايتىپ كەتكەن بولساق، ھەرگىز بۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولمايتتۇق.بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە مەن سەۋەپكار.

بوران توختىماي چىقىۋاتىدۇ.قىمىرلاپ تۇرۇپ مىنى كۆمۈپ تاشلىماقچى بولغان قۇملارنى چۇشۇرۇۋەتتىم.قۇملار يەنە مىنى كۆمۈۋەتتى،يەنە چۇشۇرۇۋەتتىم.بىردىنلا ئەگەر مۇشۇنداق يېتىۋەرسەم،قۇمغا كۆمۈلۈپ

كېتىدىغانلىقىمنى ھىس قىلىپ، ناھايىتى تەستە ئورنۇمدىن تۇردۇم. شامالغا قارشى يۆلىنىشتە مېڭىشقا ئىمكان بولمىغاچ، شامالنىڭ يۆلىنىشى بويىچە مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم. ھېچنىمىنى كۆرمەي مېڭىپ بىرەر ئورەك ياكى ئازگالغا چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەيتىم. تەلىيىمگە يارىشا ھېچيەرگە چۈشۈپ كەتمىدىم، يۈزۈم بوران سوققان قۇملارغا ئۇرۇلۇپ، ئېچىشىپ كەتتى. بىر قولۇم بىلەن يۈزۈمنى تۇتماقچى بولدۇم، لېكىن قولۇمدىكى ئەينىدىن غوجامنىڭ تاپشۇرغان سومكىسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدىم.

ئېغىز-بۇرنۇمغا قۇم تولۇپ، نەپەس ئېلىشىم قىيىنلاشتى. قەدەملىرىمنى يۆتكەشمۇ مەن ئۈچۈن بەك تەس بىلىنىۋاتاتتى. توختىماي غوجامنى، بىگىمنى، مەتسىلىمنى ئويلاپ ماڭدىم. تۆگە تېرىسىنى تېشىۋېتىپ، «قۇم بۆرىسى» نىڭ پەيدا قىلدىم. بىگىم مەن ۋە باشقا سەپداشلارنى قوغداش ئۈچۈن، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، قۇرۇتلارنى باشلاپ قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتتى. گەرچە بۈگۈن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالايدىغان-قالالمايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

باشقىلارنى بىگىمنى ئىزدەشكە قىستاپ، قۇملۇققا قايتا كىلىشكە مەجبۇر قىلدىم. قۇم كۆچۈپ، مەتسىلىمنىڭ بىزنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن قۇملۇققا كۆمۈلۈپ كېتىشىگە يەنە مەن سەۋەپچى بولدۇم.

تېخى بىر سائەتنىڭ ئالدىدا كۆز ئالدىمدا مەن بىلەن چاقچاقلاشقان غوجامنىمۇ، يەنىلا مەن قەشقەرگە قايتىشقا ئۇنىماي، مەجبۇرلاپ قۇملۇققا ئېلىپ كەلگەن. بىگىمنى تاپقاندىن كىيىن بوران چىقىپ تۇرسىمۇ، قايتىشقا ئۇنىماي، ئۇنىڭ كۆمۈلۈپ كېتىشىگە سەۋەپچى بولدۇم. ئۇ كۆمۈلۈپ كېتىش ئالدىدا بەدىنى بىلەن، ھەتتا بېشى بىلەن مىنى كۆتۈرۈپ خەتەردىن قۇتقۇلدۇرۇپ قويدى.

ئەمما مەنچۇ؟مەن توختىماي ئۇلارغا ئاۋارىچىلىق، بالايى-ئاپەت ئېلىپ

كەلدىم.ھەممەيلەن مىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ،مەن تاپقان بالانى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ قۇمغا كۆمۈلدى.مەن يەنە ھايات قالدىم.ھەممەيلەننىڭ بېشىغا چىققان مەن ،يەنە ھايات قالدىم.ئەسلى قۇمغا كۆمۈلۈپ كېتىشكە تېگىشلىك ئادەم مەن ئىدىم ،ئۆلۈشكە ،تۈمەن مىڭ قوڭغۇزلارنىڭ چېقىشىغا دۇچار بولۇشقا تېگىشلىك ئادەم دەل مەن ئىدىم!

مەن ئۆلسەم بولاتتى.لىكىن مەندە ئۆلارنىڭ نۇرغۇن ئامانىتى بار.قولۇمدىكى سومكىنى چوقۇم جاۋشۇجىغا تاپشۇرۇپ بەرمىسەم بولمايدۇ.مەتسىلىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ،ئۇنىڭ بالىسىغا ئاتاپ قويغان پۇل چېكىنى ئىگىسىگە تاپشۇرمىسام بولمايدۇ.بىگىمنىڭ سومكىسىمۇ مەتسىلىمنىڭ ئۆيىدە ،ئۇنىڭ ھازى قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمىسەم بولمايدۇ....

قۇملۇقنىڭ ھەقىقەتەن بىر ئادەم يالمايدىغان دېڭىز ئىكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلدىم.ئۇ ئادەم يالمايدىغان دېڭىز.دېڭىز بولغاندىمۇ بىرلا دولقۇن ئۇرۇپ ھەممىنى يالماپ كېتىدىغان دېڭىز ئەمەس بەلكى،ئادەمنى بىر-بىرلەپ،ئالدىرماي يۇتۇپ كېتىدىغان دېڭىز!ھازىر مىنىمۇ يۇتىۋېتىش ئالدىدا تۇرماقتا.

قانچىلىك ماڭغانلىقىمنى بىلمەيمەن.ئاخىرى يەرگە يىقىلدىم.قانچە كۈچەپمۇ ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم.قۇم مىنى كۆمۈشكە باشلىدى.دادا،ئاپا،مەندىن رازى بولۇڭلار!بىگىم مىنى كەچۈرسىلە!غوجام،مەتسىلىمكا،مەن يارىماس سىلەرنىڭ ئامانىتىڭلارنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بىرەلمەيدىغان بولدۇم!ئەلۋىدا،دۇنيا،ئەلۋىدا قۇملۇق،ئەلۋىدا مىنى ئازاپلىغانلار ھەم مەن ئۈچۈن ئازاپلانغانلار....

كۈچلۈك ئاغرىقتىن ئويغىنىپ كەتتىم،ئەمما كۆزۈمنى ئاچالمىدىم.مەيدەمدىن باشلانغان ئاجايىپ بىرخىل ئاغرىق پۈتۈن بەدىنىمگە تاراپ كېتىۋاتاتتى.

-ئۆمۈت يوقتەك قىلىدۇ.

-قايتا سىناگلار!

ئاغرىق قايتا باشلاندى.مەيدەمگە بىرنەرسە زەردە بىلەن ئۇرۇلماقتا.ھەربىر قېتىمى بىر قېتىمىدىن كۈچلۈك.كۆكرەپ قەپەسىم يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.ئاغرىققا زادىلا چىدىماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.كۆزۈمنى ئېچىپ غەيرى كىيىنىۋالغان ئادەملەرنى غىل-پال كۆرۈپلا يەنە ھوشۇمنى يوقاتتىم....

يەنە قۇملۇققا قايتىپ كەلدىم.بوران توختاپ قالغان ئىدى.قولۇمدىكى سومكىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ بارىمەن.ئۇستۇمدە پارلاپ تۇرغان قۇياش بولىسمۇ،ئەتراپ بىرخىل سوغۇق.تىتىرەپ تۇرۇپ كېتىپ بارىمەن.قەدىمىمنى توختىتاي دەپمۇ توختۇتالماي كېتىپ بارىمەن.كۆز ئالدىمدا بىر ئۆينىڭ گەۋدىسى غۇۋا پەيدا بولۇشقا باشلىدى.قەدىمىمنى تېزلەتتىم،ئەنە،ئۆي!مەتسىلىمنىڭ ئۆيى!ئىشىك ئالدىدا بىگىم،غوجام،مەتسىلىملەر ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپتۇ!

دىمەك ئۇلار ھاياتكەن!مەن ئۇلارنى كۆردۈم.ئۇلارنىڭ يېنىغا ئازلا قالغان چېغىمدا،بىرنەرسە قولۇمدىكى سومكىنى شارتتىدە تارتىپ ئېلىپ قېچىپ كەتتى.بىگىم،غوجام،مەتسىلىملەرنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇرۇلدى.ئۇلار ماڭا نەپرەت بىلەن قارىماقتا،ماڭا يىرگىنىچ بىلەن قارىماقتا،ماڭا سوغۇق قارىماقتا....

سومكىنى ئېلىپ قاچقان نەرسىگە قارىدىم.ئۇ ئادەم ئىدى.بېشى تولىمۇ يوغان ،بەئەينى پولۇ ئۇسسۇيدىغان تەگلىدەك!ئۇ توختاپ ماڭا قاراپ كۈلدى.ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنچە زەھەرخەندە ھەم ياسالما!ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئاتتىم!ئۇ قېچىپ كەتتى.مەن قوغلاۋاتىمەن.ھەر قېتىم ھالىم قالماي توختاپ قالغاندا،ئۇمۇ توختاپ ماڭا قاراپ ئاشۇنداق كۈلۈپ قوياتتى.مەن يەنە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنى قوغلايتتىم،يەنە ھېرىپ قالاتتىم....

ئاخىرى ئۇنىڭغا يېتىشەلمەي يەردە يېتىپ قالدىم.ئۇ ئاستا ماڭا يېقىنلاشتى.يېنىمغا كەلگەندىن كېيىن،يەردە ھاسىراپ ياتقان ماڭا قاراپ

تولىمۇ سەت ئاۋازدا كۆلۈەتكەندىن كىيىن«ھۇ يارىماس!» دەپ قويۇپ،تولىمۇ مەغرۇر،ئاستا قەدەملەر بىلەن مەندىن يىراقلاشتى.مەن قوپۇشقا شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ قوپالمىدىم.ئۇ بارغانسىرى يىراقلاشتى،ساماسى بارغانسىرى كىچىكلەپ كىتىپ باراتتى،ئاخىرى كۆرۈش دائىرەمدىن غايىپ بولدى،دۇنيا بىردىنلا قاپقارالغۇ بولۇپ كەتتى....

-ياق!توختا!

ئەڭ ئاخىرقى كۈچۈم بىلەن ئۆرە بولۇپ كۆزۈمنى ئاچتىم.لىكىن ئەتراپىمدىكى ئاپئاق تام ۋە ئاپئاق كىيىملىكلەرنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

-ئۇ ھوشىغا كەلدى!ھوشىغا كەلدى!

-دەرھال مەسئۇل دوختۇرنى چاقىرىڭلار!

مەن دوختۇرخانىدا ئىكەنمەن.باياملقى ئىشلار مىنىڭ چۈشۈمكەن.يۈرىكىم سەل جايىغا چۈشتى.لىكىن قولۇمدا سومكا يوق ئىدى.

-مىنىڭ سومكام قەنى؟

-نىمە؟

بىر سىستىرا گىپىمنى چۈشىنەلمەي مەندىن قايتا سورىدى.

-سومكا دىدىم سومكا!مىنىڭ سومكام قەنى؟

-بۇ...مەن سومكا كۆرمىدىم.

-سومكامنى قايتۇرۇپ بىرىڭلا!سومكام قەنى دەيمە!

ھالسىزلىنىپ كارىۋاتقا يىقىلدىم.سومكا يوقالغان بولسا مىنىڭ ھايات قالغىنىمنىڭ نىمە پايدىسى؟بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلسەم بولمامدۇ؟....ئويلىغانسىرى مەيدەم قاتتىق ئاغرىپ،كۆزۈم قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى.

-ئۆزىڭىزنى تۇتىۋىلىڭ،ھاياجانلانماڭ!

قۇلاق تۈۋىمدە كىملەرنىڭدۇر ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

-سومكا ،مىنىڭ سومكام....

مەن توختىماي مۇشۇنداق پىچىرلايتتىم.

-سومكىڭىز بار.مۇشۇ سومكا شۇمۇ؟

بۇگەپنى ئاڭلاپ پۈتۈن بەدىنىمگە كۈچ كىرگەندەك بولۇپ،يىرىم ئۆرە بولۇپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم.تونۇشلا كۆرۈنىدىغان بىر يىگىتنىڭ قولىدا،غوجام ماڭا بەرگەن سومكا تۇراتتى.

-شۇ،مۇشۇ شۇ!سومكامنى ماڭا بەسە!

يىگىت ئارتۇق گەپ قىلماي،سومكىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ قويىدى.يۈرىكىم ئورنىغا چۈشۈپ،كۆزۈمدىن توختىماي ياش قۇيۇلدى.ئاھ....سومكا،سىنى ئاخىرى تاپتىم!سومكىنى مەھكەم قۇچاقلاپ كارىۋاتتا ياتتىم.مىنى قاتتىق ئۇيقۇ بېسىپ كىتىپ باراتتى.ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇخلاپ قالدىم....

قايتا كۆزۈمنى ئاچقاندا تۈنجى بولۇپ قىلغان ئىشىممۇ يەنىلا قولۇمدا سومكا-بار يوقلىقىغا قاراش بولدى.بۇ قېتىم سومكا قولۇمدا بار ئىدى.

-ئاخىرى هوشلىرىڭىزغا كەلدىڭىز!

يىنىمدا يەنە ھېلىقى تونۇش چىراي يىگىت تۇراتتى.

-مەن نەدە؟

-سىلە دوختۇرخانىدا.

-قاسى دوختۇرخانىدا؟

-خوتەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا!

-مەن قاندا بولاپ بۇيەگە كەپ قالدىم؟

-دىسەڭ گەپ جىق.ھازىرچە ئارام ئالغاچ تۇرسىلا.سەل ئوڭشالغاندا تەپسىلىي پاراڭلىشىلى،بولامدۇ؟

-مىنىڭ ھازىرلا ھەممىنى بىلگۈم با!

-ھەي....نىمىنى بىلگۈلىرى بار؟

-ئەيىندىن تاغام قانداق بولدى؟

-بىز ئۇنى كۆرمىدۇق.ئۇ سىلە بىلەن بىللە كەتكەن ئىدىغۇ؟

-ھە؟....!بىگىمچۇ؟

-بىگىمنىڭ يارىسى بەك ئېغىر بولغاچقا،شاگخەيگە يۆتكەپ كېتىلدى.بەلكىم تېخىنكىسى ئىلغار بولغان چەت دۆلەتلەرگىمۇ ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن.لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى،ئۇنىڭ ھاياتى ساقلاپ قېلىندى.

-مەتىسلىمكام تېپىلدىما؟

-ياق....

-مىنى چىم دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدى؟

-سىلە قۇملۇقتا بىھوش بولۇپ يېتىپ قاپتىكەنلا.بىز ئىزدەش جەريانىدا بايقاپ،دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدۇق.

مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم.دېمەك مەن ھايات قاپتىمەن.سومكىنىمۇ يوقىتىۋەرمەپتىمەن.خۇداغا يۈزمىڭ شۈكرى!ئەمدى ساقايغاندىن كېيىن،ئاۋۋال غوجامنىڭ ئامانىتىنى دېگەن ئىگىسىگە ئاپىرىپ بېرىمەن،ئاندىن مەتىسلىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ،ئۇنىڭ ئامانىتىنى،بىگىمنىڭ سومكىسىنى ئېلىپ، بىگىمنى ئىزدەپ بارىمەن.ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن قايتا كۆچ تەشكىللەپ،قۇملۇققا بېرىپ غوجام بىلەن مەتىسلىمنى ئىزدەيمەن....

ھەپتىگىچە مىنىڭ يېنىمغا ھېچكىم كەلمىدى.تولۇق داۋالىنىش،تەكشۈرتۈش بىلەنلا بولدۇم.دوختۇر-سېستىرالاردىن توختىماي سوراپمۇ،كېسەللىك ئەھۋالىمنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدىم.ئۇلار خۇددى دېيىشىۋالغاندەكلا«سىزدە چوڭ كېسەل يوق،زىيادە چارچاش ۋە ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىك» دەپ جاۋاپ بېرىشەتتى.

ھەپتىدىن كېيىن،ھېلىقى يىگىت يەنە كەلدى.بۇ قېتىم مەن ئۇنىڭ ھېلىقى قۇتقۇزۇش ئەترىتىدىكى يىگىت ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئالدىم.

-بۇگۇ قانداقراق تۇرىلا؟

-خۇداغا شۈكرى.

-ئۇنداقتا ياخشى بوپتۇ.

-سىلە قۇتقۇزۇش ئەترىتىدىكى بۇرادەرغۇ دەيمە.
-توغرا ،مەن شۇ. ئىسمىم ياقۇپجان.
-هە.مىنىڭ....
-ئىسىملىرى ئەغزەمجان تۆرەم.قەشقەردىن.
-خا!سىلە قايدا بىلىپ قاللا؟
-دىسەم گەپ جىق.
-دايىم شۇندا دەپ قويدىكەنلا ئەدەمگە!
-ها-ها!ھەقىقەتەن ئۇلار دىگەندەك سەپرا مىجەزكەنلا.مەن ھەممە گەپنى دەپ بىرەي ئەمىسە.
ياقۇپجان مىنى بايقاپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەن بارلىق جەرياننى سۆزلەپ بەردى.ئۇنىڭ دىيىشىچە ئۇلار مىنى بايقىغاندا مىنىڭ ئاللىقاچان يۈرەك سوقۇشۇم توختاپ بولغان ئىكەن.شۇنداقتىمۇ ئۇلار مىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەپتۇ.دوختۇرلار يۈرەككە توك سوقتۇرۇش ئارقىلىق،زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ،مۆجىزلىك ھالدا مىنىڭ ھاياتىمنى ساقلاپ قاپتۇ.مەن ئۈچ كۈن ھۇشسىز يېتىپتىمەن.ئويغۇنۇپلا«سومكام قېنى» دەپ بىرقانچە قېتىم ۋارقىراپ يەنە ھوشۇمدىن كىتىپ،ئىككى كۈن يېتىپتىمەن.ھەممىدىن ھەيران قالارلىق يىرى شۇكى،ئۇلار مىنى ئىككى قولۇم بىلەن سومكىنى مەھكەم قۇچاقلاپ ياتقان ھالەتتە تاپقان بولۇپ،بىرقانچە ئادەم شۇنچە كۈچەپمۇ قولۇمنى سومكىدىن ئاجرىتالمىغان.دوختۇرلار ھەرخىل ئامالللار بىلەن سومكىنى قولۇمدىن ئېلىۋەتكەندىن ھامان،مەن ھوشۇمغا كىلىپ سومكىنى ئىزدىگەن.
-ئەھۋال مۇشۇنداق.سىلىگە ھەقىقەتەن قول قويدۇق.
-تەلىيىم كەپ قاغان ئوخشايدا.بىگىمنىڭ ئەۋالى قانداراق؟
-ئالدىنقى قېتىم سىلىگە دىگەندەك.ھازىر قايسى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن.
-غوجام بىلەن مەتسىلىمنى ئىزدەشكە ئەدەم ماڭدىمۇيا؟

-هازىر قۇم كۆچۈش بەك كۈچىيىپ كەتتى.بوران توختىغاندا ئاندىن بارىمىز.

-ھە.

دىمەك مەن ئۆلۈپ تىرىلىپتىمەن.شۇڭا تىرىلگەنگە لايىق ئىش قىلمىسام بومماس ....

## 30-باپ ئەينىدىنىنىڭ كۆندىلىك خاتىرىسى

دوختۇرخانىدا بارلىق تەكشۈرۈش ۋە داۋالاشلارغا ئاكتىپلىق بىلەن ماسلاشتىم.چۈنكى مەن تىزراق ساقىيىپ چىقىپ كەتمىسەم،چىقىپ غوجام بىلەن مەتسىلىمنى ئىزدىمىسەم بولمايدۇ.ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ ماڭا تاپشۇرغان ئامانىتىنى ئىگىسىگە بەرمىسەم بولمايدۇ دە.بۇ مىنىڭ قايتا ھاياتقا ئېرىشكەندىن كىيىنكى ئەڭ چوڭ نىشانىم.ماڭا ئايان،مىنىڭ ھاياتىم ئاسان قولغا كەلمىگەن.

ئەھۋالىم كۈنسىرى ياخشىلىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ،لىكىن يەرگە چۈشۈپ ھەركەت قىلىشىم يەنىلا قېيىنغا توختىدى.بۇ جەرياندا ياقۇپجان بىرقانچە قېتىم ئۆزى يالغۇز كەلگەندىن سىرت،بىر قىتىم بىر قولىدا يوغان گۈلدەستە،يەنە بىر قولىدا سوۋغاتلىق كۆتۈرىۋالغان،تولىمۇ گەۋدىلىك،چاچلىرىغا ئاق سانجىغان بىر خەنزۇ يولداشنى باشلاپ كىردى.

-ئەغزەمجان تۆرەم دىگەن مۇشۇ كىشى بولىدۇ.

ياقۇپجان ئۇ كىشىگە مىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ تونۇشتۇردى.ئۇ كىشى قولىدىكى گۈلدەستىنى ۋە سوۋغاتلىقنى جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كىيىن،كارىۋاتنىڭ قىرىغا كىلىپ ئولتۇردى ۋە قولۇمنى ئىككى قوللاپ چىڭ سىقىپ ئۆلچەملىق ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىدى.

-جاپا چەكتىڭىز.خاتىرجەم داۋالىنىڭ.بىز چوقۇم پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن يوقاپ كەتكەنلەرنى ئىزدەيمىز!

-رەخمەت!

-رەھمەتنى بىز سىزگە ئېيتساق بولىدۇ.ھىلىمۇ كۆپ قىينالدىڭىز.مەن ھەممەيلەنگە ۋاكالىتەن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن!

مەنمۇ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم.نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىرخىل قېيماسلىق ھەم ئىچ ئاغرىتىش چىقىپ تۇراتتى.ماڭا تەسەللىي بىرىپ بولغاندىن كىيىن،دوختۇرنى چاقىرتىپ كىسەللىك ئەھۋالىمنى

تەپسىلىي سورىدى.ئاخىرىدا ماگا قاراپ«بىز يەنە كۆرۈشۈپ قالىمىز،خەيىرخوش!» دەپ چىقىپ كەتتى.ياقۇپجاندىن ئۇنىڭ كىملىكىنى سوراي دىسەم،ئۇمۇ بىللە چىقىپ كەتكەنچە قايتا مىنى يوقلاپ كەلمىدى.بەلكىم ئۇ كىشى بىگىم،غوجاملارنىڭ خىزمەتدىشى ياكى دوستىدۇ دەپ يەكۈن چىقاردىم.

خېلى ئۇگشىلىپ قالغان بىر كۈنۈم، غوجام ماگا هاۋاله قىلغان سومكىنى هاياجان ئىلكىدە ئېچىپ باقتىم.ئىچىدە ئۇ دائىم ئىشلىتىدىغان ئاپىرات،ئورۇن بەلگىلۇگۈچ،چىرتىيوژ،دائىم نەرسە خاتىرلەيدىغان ئاق تاشلىق يوغان خاتىره،قارا تاشلىق كىچىكرەك بىر خاتىره ۋە بىرئاز كۈندىلىك تۇرمۇش بويۇملىرى بار ئىدى.ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئورۇنلاشتۇرىشى بويىچە قارا تاشلىق خاتىرىدىن باشقا نەرسىلەرگە تەگمىدىم.ۋاراقلاپ بېقىپ بۇ خاتىرىنىڭ غوجامنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.لىكىن بۇ بەزى كۈندىلىك خاتىرلەردەك هەركۈنى تولۇق يىزىلغان خاتىره بولماستىن،كۈن ئارىلاپ يىزىلغان خاتىره ئىدى.ئۇنىڭ نىمىلەرنى يازغانلىقىنى كۆرگۈم كەلدى،چەكسىز هاياجان ۋە چوگقۇر ئازاپ ئىلكىدە بىرىنجى بەتنى ئاچتىم....

**2***- يىلى 5-ئاينىڭ 3-كۈنى

يەنىلا ئۇخلىيالمىدىم.ئەجىبا ئۇ قەبرە راستىنلا مەۋجۇتمۇ؟مەۋجۇت بولمىسا ئۇ بالا ئىلىپ كەلگەن تەڭگە قەيەردىن كەلگەن؟....بۇنداق هاياجانلىنىپ باقمىغىنىمغا ئۇزاق زامانلار بولۇپ كەتكەن ئىدى.

بۇ دەلتە چىراي كۆرۈنىدىغان بالىنىڭ ئۆيىدىن راستىنلا بۇنداق تەڭگە چىقىپ قىلىشىنى كىم ئويلىغان!ئالدى 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن،ئاخىرى هازىرغىچە دۆلىتىمىزدىن،يۇرتىمىز شىنجاڭدىن ئاسارە-ئەتىقىلەرنى هەرخىل يوللار بىلەن ئوغۇرلاپ ئىلىپ چىقىپ كەتكەن دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ئەتكەسچىلەر ئازمۇ؟!سىرىتقا ئېقىپ كەتكەن قەدىمىي يادىكارلىقلار ئازمۇ؟!ئەگەر مەن مۇشۇ دۇككاننى ئىچىپ ئولتۇرمىغان

بولسام بۇ تەگىمۇ كۆنلەرنىڭ بىرىدە غايىپ بولۇپ كىتەتتى....

قۇملۇقتىن جىسمىم ئايرىلغىلى ساق 20 يىل بولغان بىلەن،روھىم بىر دەقىقىمۇ ئايرىغىنى يوق!مەن يەنە قۇملۇققا بارىمەن،چوقۇم بارىمەن!لىكىن كىم بىلەن بىرىشىم كىرەك؟بىگىم بىلەن!ئۇ بالىنىڭ قولىدىن تەگىنى ئالغان چىغىمدىلا بىگىم بىلەن بىللە قۇملۇقتىن بۇ تەگىنىڭ ئورنىنى ئىزدەش،ئاشۇ رىۋايەتلەردىكى ئاتالمىش«شاھى ساك» قەبرىسىنى تىپىش خىيالى كاللامدا پەيدا بولغان ئىدى.

لىكىن،بىگىم يەنە قايتا سەپەرگە ئاتلىنىشقا ئۇنارمۇ؟ئۇنىڭ روھى ئازابى بىسىلغانمىدۇ؟ئۇنىڭدا قۇملۇققا بارغۇدەك مادار بارمىدۇ؟....بار!چۈنكى ئۇ دىگەن بىلال سەردار بىگىم!

بۇ خاتىرە مەن ئەينىدىن غوجامنىڭ دۇككىنىغا ئىككىنجى قىتىم بارغاندا،يەنى تەگىنى سىتىپ بولۇپ،ئۇنى باشلاپ خوتەنگە بىرىشقا پۈتۈشكەن كۈنى يىزىلغان ئىدى.بەت ئۆرىدىم.

***2- يىلى-5 ئاينىڭ-6 كۈنى

ئىش مەن ئويلىغاندەك ئۇنچە ئاسان ھەم ئاددىي بولمىدى.چۈنكى بۇ ھەرگىزمۇ«شاھى ساك» قەبرىسى ئەمەس!بۇ ھەتتا قەبرىمۇ ئەمەس!مەتىسلىم دىگەن زادى قانداق ئادەم؟!ئۇ بىزنى باشلاپ راستىنلا ئاشۇ قەبرىنى تىپىپ بىرەلەمدۇ؟.....شۇنداقتىمۇ مەن ئۈمۈدسىزلىنىپ كەتمىدىم.چۈنكى يىنىمدا بىگىم بار!

بۇ خاتىرە مەتىسلىم بىزنى باشلاپ مىنى جىن سوقىۋەتكەن جايغا تۇنجى كىرگەن ۋاقتىمىزدا يىزىلغان ئىكەن.يەنە بەت ئۆرىدىم.

***2- يىلى 5-ئاينىڭ11-كۈنى

گەرچە بىز پىلاندىكى قەبرىنى تاپالمىغان بولساقمۇ،تەتقىقات نەتىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغان خىلى كۆپ بويۇملارنى تاپتۇق.ھەيرانمەن،شۇنچە ئاسان تاپقىلى بولىدىغان يەرنى نىمىشقا بىز ياكى باشقا ئورگانلار ھازىرغىچە بايقىمىغاندۇ؟

يەنە بەت ئۆرۈدۈم.

***2- يىلى5-ئاينىڭ 21- كۈنى

ئېغىز مايماق،پۈتىنى يىلان چېقىۋالغان،ھۇشسىز ياتقان ئەغزەمجانغا قاراپ كۈلگۈم كېلىپ قالدى.ھازىرقى باللارنىڭ تېنى نىمانچە ئاجىز ھە!ئەگەر ئۇ ئويغۇنۇپ ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆرسە قانداق ھىسسىياتتا بولار؟قاندا ئىپادە بىلدۈرەر؟....ھەي تووا....

تەلىيىمنىڭ يوقلىغىدىن ئوڭغا تارتمايدۇ ئىشىم،

قۇرۇت يىسەم ئاغرىماس،ئەنجۈرگە ئاغرىيدۇ چىشىم.

تەلىيىمنىڭ كاجلىقىدىن تەرلىسەم ئاپتاپ چىقار،

كىر يۇيۇپ قوروغا يايسام،شارقىراپ يامغۇر ياغار....

دىگەن شېئىر مۇشۇنداق ئادەملەرگە يىزىلغان بولسا كېرەك.

«خا-خا-خا!» بۇ بەتنى ئوقۇپ ئۆزۈمچە كۈلگۈم كېلىپ قالدى.دىمىسىمۇ بۇ شېئىر خۇددى ماڭىلا ئاتاپ يىزىلغاندەك،ماڭا نەق ماس كېلىپ قالغان ئىدى.

بەت ئۆرۈدۈم.

***2-يىلى 6-ئاينىڭ 9-كۈنى

بىر رىۋايەت تارىخقا ئايلاندى!بىر ئەپسانە ھەقىقەتكە ئايلاندى!قۇت بۆرە تېشى!ئاھ...قۇت بۆرە تېشى!ئۇشبۇ دەقىقىلەردە ئاپتونۇم رايۇندىكى مۇشۇ تاش ھەققىدە ئىزدىنىپ،تەتقىق قىلىپ،تاكى ھاياتىدىن ئايرىلغىچە كۆرۈشكىمۇ مۇيەرسسەر بولالمىغان مەرھۇملىرىمىز ئېسىمگە كېلىپ قالدى!ئۇلارنىڭ روھىنىڭ باقىيدا تۇرۇپ كۈلۈۋاتقانلىقىغا ئىشىنىمەن!

«بەزىدە،يۈزمىڭ قېتىملىق تەجرىبە تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسىنى،بىر قېتىملىق تاسادىبىيلىق بېسىپ كىتىدۇ.بۇنداق تاسادىبىيلىق ھەرگىز چىن مەنىدىكى تاسادىبىيلىق ئەمەس،چۈنكى بۇندا تاسادىبىيلىقنى پەيدا قىلغۇچىنىڭ ئۆزى كەسىپ ئەھلى.» دىگەن يەكۈننىڭ راست

ئىكەنلىكىگە تولۇق چىن پۈتتۈم.بەلكىم ئۆزىنى تۆرەم دەۋالغان بۇ پالاكەت ئەغزەمجان دەل ھىنرى.بىخ دىگەندەك ئاشۇنداق تالانىت ئىگىسى بولىشى مۇمكىن .

ھىنرى.بىخ دىگەن كىم؟قەۋە ئىزدەيدىغان تەۋەككۈلچىمۇ؟قىدىرىپ تەكشۈرگۈچىمۇ؟....

يەنە بەت ئۆرۈدۈم.

***2- يىلى6- ئاينىڭ21-كۈنى

ئەغزەمجان قايتىپ كەلدى.ئۇنىڭ يۇمۇرىستىك تۇرقى ۋە ئۆزىنى زورلاپ چوڭ تۇتىۋالىدىغان خۇيىنى كۆرۈپ،ئۆزۈمنىڭ ياش ۋاقتىنى ئەسلەپ قالدىم.ياشلىق،نىمە دىگەن بىباھا ھە!ئەغزەمجاننى يەنە سىناپ بېقىش كىرەك!

يەنە بەت ئۆرۈدۈم.

***2- يىلى6-ئاينىڭ24 -كۈنى

ئەغزەمجان غايىپ بولدى.ھوشۇمنى يوقۇتۇشنىڭ ئالدىدىكى بىرقانچە دەقىقىدە،قۇدۇقتەك ئىگىزدىن شامال بىلەن بىللە ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كىتىۋاتقان ئەغزەمجاننى كۆرگەنلىكىم يادىمدا.مانا بۈگۈن ئۇ يوقاپ كەتكەن ئۈچىنجى كۈنى....

بۇ خاتىرە مىنى ھېلىقى شامال سوقۇپ ئۇچۇرۇۋەتكەن كۈنى يىزىلغان ئىكەن.

يەنە بەت ئۆرۈدۈم.

***2- يىلى 6-ئاينىڭ 26-كۈنى

ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ خىيالغا پاتتىم.ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى مەلۇم بىر خىزمەتدىشىمۇ شۇنداق غەيرى ئادەملەرگە يولۇققانلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.بىگىم ئەينى يىلى قاتتىق يارىلانغاندىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىرگەپ قىلغان ئىدى.لىكىن بۈگۈن ئۇ ئەغزەمجاننى باشقىچە گەپلەر بىلەن قايىل قىلىپ،پىسخىك داۋالاش ئېلىپ باردى.بەلكىم بىگىم

ئۇنىڭ قەلبىدە قارا كۆلەڭگۇ پەيدا بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئويلىغان چېغى.لېكىن مېنىڭچە بىلسە ئەغزەمجاننى يېتەكلەش خىيالىمىزلا بولىدىكەن،ئۇنىڭغا ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىشىمىز كېرەكتى.بوپتۇ.بىگىمنىڭمۇ ئويلىغان يېرى باردۇ....

بۇ بەتنى ئوقۇپ دەرھال مەن يولۇققان قوشاقچى يارمەمەت،قۇمنقىز،غەيىيۇرلارنى ئەسلىدىم.غوجامنىڭ بۇخاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا،مەن كۆرگەن ئىشلار ھەرگىز خاتا سەزگۇ ئەمەسكەن!گەرچە ئۇلار مىنى ئالدىغان بولسىمۇ،مەن يەنىلا توغرا چۈشەندىم.چۈنكى ئەگەر ئۇلار ماڭا «قۇملۇقتا سەن كۆگەن ھەممە نەسە راس،قۇملۇقتا ئاشتا ئالۋاستى با» دىگەن بولسا مەن يەنە قايتا قۇملۇققا كىرەلەمتىم؟ئۇنىڭ ئۈستىگە بىگىم مىنى ئالدىغاندىمۇ ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيە بىلەن ئالدىغان ئىدى.يەنە بەت ئۆرۈدۈم.

*** 2- يىلى8-ئاينىڭ16-كۈنى

ئەغزەمجان كەتكىلى خىلى ئۇزۇن كۈنلەر بولۇپ كەتتى.ئەگەر ئۇ يەنە قايتىپ كىلەلىسە،ئۇنىڭ بىزنىڭ خىزمەتكە تولىمۇ ماس كىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ.لېكىن ئۇنىڭ باشباشتاقلىقىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىش كېرەك....

بۇ غوجامنىڭ مەن دوختۇخانىدىن چىقىپ قەشقەرگە كەتكەندە،يازغان خاتىرىسى ئىكەن.ئۇلارنىڭ مىنى ئالاھىدە كۈتۈۋىلىشى ئەسلى مىنىڭ ھەيۋەمنى يەرگە ئۇرۇش ئۈچۈن ئىكەندە!دىمىسىمۇ مىنىڭ باشباشتاقلىقىم،پوچىلىقىم نۇرغۇن تالاپەتلەرنى ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.ئەگەر مەن بالدۇرراق ھوشۇمنى يىغقان بولسام،بەزى ئىشلار ھازىرقىدەك بولۇپ كەتمەسلىكى مۇمكىن ئىدى.

يەنە بەت ئۆرۈدۈم.

2***- يىلى9-ئاينىڭ4-كۈنى

«ئادەت -- ئادەمنىڭ قولىنى ئىتتىك،ئەقلىنى ئاستا قىلىپ قويىدۇ» دىگەن سۆز ناھايىتى توغرا ئىكەن.بۇ تۆرەمنىزە....ئەگەر بىگىمدىن باشقا ئادەم بولغان بولسا،ئاللىقاچان بۆرىگە يەم بولغان بولاتتى.بوپتۇ،بۇرنىغا سۇ كىرسە ،ئەقىل ئۆگۈنۈپ قالار....

بۇ مىنىڭ كامارغا تاش ئېتىپ،بۆرىنىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىشىغا سەۋەپچى بولغان كۈنى يىزىلغان خاتىرە ئىكەن.يەنە بەت ئۆرۈدۇم.

***2- يىلى9-ئاينىڭ11-كۈنى

تووۋا،تووۋا!دۇنيادىكى بارلىق پالاكەتچىلىك مۇشۇ بالىغىلا كىلىدىكەن!كۆزۈڭنى يۇم دىگەن ئىشارەتنى چۈشەنمەي،كۆزىنى زەخىملەندۇردى.ئىلاھىم،بەك ئېغىر زەخىملەنمەس!

خىجىللىق بىلەن يەنە بەت ئۆرۈدۇم.

***2- يىلى9-ئاينىڭ20-كۈنى

ھەقىقى قەبرىگە قەدەم بىسىش ئالدىدا تۇرىمىز.بىز نىشان قىلىپ كەلگەن رىۋايەتلەردىكى«جىلانشاھ» قەبرىسى،«شاھى ساك» قەبرىسى،«تۇتاش مازار» قەبرىسى،«مىرزا سۇلتان» قەۋرىسى قاتارلىقلارنىڭ بىرىنىمۇ تاپالمىدۇق.مەن بۇ قەبرىنىڭ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى بولىشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ بەتنى ئوقۇپ بىگىملەرنىڭ ئەسلى نىمە مەقسەت بىلەن قۇملۇققا كەلگەنلىكىنى بىلدىم.يەنە بەت ئۆرۈدۇم.

***2- يىلى9-ئاينىڭ23-كۈنى

بىھۇش ھالەتتە ئۇنىڭ كۆزىگە زادى نىمىلەرنىڭ كۆرۈنگەنلىكىنى بىلمىدىم.لىكىن شۇنىسى ئېنىقكى،ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوقۇر قاتلىمىغان بايىلىقا بولغان ئوتتەك ئىنتىلىش ئورناپ كىتىپتۇ.بۇ بەك خەتەرلىك ئەھۋال.ئەگەر مەن جەريانىنى تولۇق سىنىغا ئىلىپ قويىمىغان بولسام،ئۇ بىزنىڭ گىپىمىزگە ھەرگىز ئىشەنمەيدىكەن....

چوڭقۇر بىرنى تىنىۋىتىپ،بەت ئۆرۈدۇم.

***2- يىلى10-ئاينىڭ9-كۈنى

بىگىمنىڭ يالىڭاچ ھالەتتە «قەۋم بۆرىسى» نى باشلاپ قانداق يەرلىكى نامەلۇم بولغان بوشلۇققا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئويلىسام،ھازىرمۇ پۈتۈن بەدىنىم تىكەنلىشىپ كېتىدۇ.ئۇلۇغ خۇدا!بىگىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!ۋەتىنىمىز،يۇرتىمىز،مىللىتىمىز ئۇنىڭدەك تەتقىقاتچى،ئالىمغا مۇھتاج!ئۇنىڭدەك باتۇر،پەلۋانغا مۇھتاج!ئۇنىڭدەك بارلىقىنى كەسپكە بېغىشلىيالايدىغان قىدىرىپ تەكشۈرگۈچىگە مۇھتاج!

ناھايىتى ئېنىق.بۇ بىگىم بىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوڭغۇزلارنى باشلاپ كىرىپ كەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى يېزىلغان خاتىرە ئىدى.ئىختىيارسىز نەملەنگەن كۆزلىرىمنى سۈرتىۋېتىپ،يەنە بەت ئۆرۈدۈم.

***2- يىلى10-ئاينىڭ17-كۈنى

ئەگەر بىگىم ھازىرقىدىن يىگىرمە ياش ياشراق بولغان بولسا ياكى ئارقىدىكى قوڭغۇزلار بولمىغان بولسا،ئۇنىڭ ساق-سالامەت قۇتۇلۇپ چىقالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتىم.لېكىن بۇ قېتىم....

بۇ بەتنى ئوقۇپ غوجامنىڭ شۇ چاغدا ماڭا دېگەن سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ماڭا تەسەللىي بېرىش ئۈچۈنلا ئېيتىلغانلىقىنى،ئۆزىنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش چەكسىز ئەندىشىدە ئىكەنلىكىنى يۈرگەنلىكىنى چۈشەندىم.يەنە بەت ئۆرۈدۈم.

***2- يىلى10-ئاينىڭ23-كۈنى

ئەگەر ئۇ يوقالسا،دۇنيادىن ھېلىقى رەسىملەرنىڭ سىرىنى يېشىپ بېرىدىغان،تەكلىماكاننى ئۆزىنىڭ ئۆيىدەك تولۇق بىلىدىغان بىردىنبىر تېرىك يىپ ئۈچى يوقالدى دېگەن گەپ!ئۇ راستىنلا ھايات قايتىپ چىقالارمۇ؟بىگىمنى تاپالارمۇ؟ئۇيەر راستىنلا يەنە بىر چىقىش ئېغىزىمۇ؟

بىگىم يوقاپ كېتىشىنىڭ ئالدىدا ماڭا كۆپ قېتىم«بۇ ئادەم بىز ئۈچۈن،تەتقىقات خىزمىتى،قىدىرىپ تەكشۈرۈپ ئۈچۈن كەم بولسا

بولمايدىغان گۆھەر!ئەگەر كۆڭلەرنىڭ بىرىدە خەتەرگە يولۇقۇپ ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنى قۇتۇلدۇرۇشقا توغرا كەلسە، چوقۇم مەندىن ۋاز كېچىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك» دىگەن ئىدى.ئەپسۇس، تەگرىم، بىزگە ئۇنداق پۇرسەت بەرمەيلا قالماي، ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم ئېلىپ كەتتى....

بۇ مەتىسلىم كۆمۈلۈپ كەتكەندىن كۆنى يىزىلغان خاتىرە ئىكەن.ئىچ-ئىچىمدىن بىرخىل ئۆكۈنۈش، پۇشايمان ئۇرغۇپ تۇراتتى.لىكىن غوجامنىڭ قايىسى رەسىملەرنى دىگەنلىكىنى بىلەلمەي قالدىم.يەنە بەت ئۆرۈدۈم.

***2- يىلى10-ئاينىڭ27-كۈنى

قانداق قىلىش كېرەك؟ئەگەر تۆرەمنى بۇيەرگە يالغۇز قويۇپ كەتسەم، ئۇ چوقۇم ئەخمىقانىلارچە ئىش قىلىپ، قۇملۇقتا ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.شامال تېخى توختىغىنى يوق....

يۈرىكىم سېزىپ تۇرىدۇ.ئەگەر يەنە قۇملۇققا كىرسەك، قايتىپ كىلەلىشىمىزدە ئۈمۈد يوق.ئەگەر مەن قولۇمدىكى ماتىرياللارنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئاندىن قايتىپ كەلسەمچۇ؟تۆرەم بۇ گىپىمگە ئىشىنىپ مەن بىلەن قەشقەرگە بىللە كىتەمدۇ؟بىللە كەتكەن تەقدىردىمۇ مەن ئۇنىڭ ھەركىتىنى كونترول قىلالامدىمەن؟ئۇ يەنە ئوغۇرلۇقچە قېچىپ كەلسىچۇ؟

مەن يەنىلا ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە باراي.ئەگەر ئىشلار ئەڭ ناچار تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قالسا.پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تۆرەمنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالارمەن.شۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇخەتنى كۆرۈشىنى ئۈمۈد قىلىمەن.

ئەغزەمجان ئۇكام!بەلكىم بۇقىتىم بىزمۇ تالاپەتكە ئۇچراپ قېلىشىمىز مۇمكىن.لىكىن سىلە خاتىرجەم بولسىلا.مەيلى قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئەينىدىن خوجا چوقۇم سىلىنىڭ بىخەتەرلىكلىرىگە كاپالەتلىك قىلىمەن!قېرى جىنىمنى تىكىپ

بولىسمۇ!خۇددى بىگىمدەك!خۇددى مەتىسلىمدەك!

ئەگەر شۇنداق ئىشلار بولۇپ قالسا،سىلە چوقۇم بۇسومكىنى مەدەنىيەت نازارىتىدىكى جاۋشۇجىگە تاپشۇرۇپ بەرسىلە!بۇ سومكىدىكى ماتېرىياللار،بىز تەكلىماكانغا كەلگەندىن بېرى نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەت،قۇربانلىق بېرىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن تەقىقات ماتېرىياللىرى.مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا،بۇ ماتېرىياللار مېنىڭ،بىگىمنىڭ هاياتىدىنمۇ قىممەتلىك!شۇڭا چوقۇم ئەسلىرىدە بولسۇنكى.بۇ سومكا بىزنىڭ ئەڭ موهىم نەرسىمىز!

سىلە بۇ سومكىنى ئېلىپ،ئاشۇ كىشى بىلەن كۆرۈشكىچە،هېچكىمگە بەرمىسىلە هەم كۆرسەتمىسىلە!قالغىنىنى ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشكەندە سىلە هەممىنى چۈشىنىپ قالىلا،مۇشۇ سومكا سىلىگە ئۆزلىرى ئويلىمىغان ياخشى ئىشلارنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ!

ئەلۋەتتە،سىلە بۇخەتنى كۆرەلمەسلىكلىرى هەم بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالماسلىقلىرى مۇمكىن.چۈنكى ناۋادا بىز ساق-سالامەت قايتىپ كەلسەك،بۇ ۋەزىپىنى مەن ئورۇندايمەن هەم بۇ كۈندىلىك خاتىرەمنى سىلە كۆرەلمەيلا!ها-ها-ها!

ئەگەر ئۇنداق بولماي بۇخەتنى سىلە كۆرگەن چاغلىرىدا،سىلە ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىلىرىگە ئالغان بولىلا.سىلىگە سالامەتلىك ۋە ئامەت تىلەيمەن!هە راست،تويلىرىغا قاتنىشالمايدىغان بولدۇم.شۇنداقتىمۇ سىلىگە نەسىهەت،30دىن ئاشقىچە توي قىلمىغان يىگىتنىڭ ياكى بۆرىكى ئاجىز ياكى نېرۋىسى!شۇڭا ئويلىشىپ باقالا!

تۇنجى قېتىم كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىسا قانداق بولىدىغانلىقىنى هېس قىلدىم.ئەينىدىن غوجام مۇشۇندا شارائىتتىمۇ يۇمۇرىستىك تۇيغۇسىنى يوقاتماي ماڭا چاقچاق قىلىپتۇ!بېشى خاتىرە،كېيىن ماڭا يېزىلغان خەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يېزىلغان بۇ بەتنى قايتا-قايتا ئوقۇدۇم.

دىمەك،غوجام مۇشۇنداق ئىش بولۇشىنى ئاللىقاچان مۆلچەرلەپ تەييارلىق قىلىپ بولغان ئىدى.تەقدىرمۇ مىنى بۇ ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئېلىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىپتۇ.لېكىن بۇ ۋەزىپە مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئاددى ۋەزىپە ئىدى.مەن پەقەت تىزراق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىپ،ئۆرۈمچىگە بېرىپ،بۇ سومكىنى جاۋ شۇجىگە تاپشۇرۇپ بەرسەملا بولاتتى.

شۇڭا مەن تېزراق ساقىيىپ كېتىشىم كېرەك.سومكىنى ئاپىرىپ بېرىشتىن باشقا،بىگىمنى ئىزدەپ سورايدىغان نۇرغۇن سوئاللىرىم بار.كۆچ تەشكىللەپ قۇملۇقتىن غوجام بىلەن مەتىسلىمكامنى تاپىدىغان ئىشىم بار،ئۆيگە قايتىپ ئاتا-ئانام بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىم بار.غوجامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە توي قىلىدىغان ئىشىم بار....

## 31-باپ بىگىمنىڭ كۆڭۈللۈك خاتىرىسى

ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن ئاخىرى قايتىپ چىقتىم.ھىساۋاتنى كىمنىڭ قىلغانلىقى نامەلۇم.دوختۇرخانا مەنىدىن بىرپۇڭ ھەق ئالمىدى.دوختۇرخانىدىن چىقىپ،ياقۇپجان بىلەن بىللە مەتىسلىمنىڭ ئۆيىگە بىرىپ،بىگىمنىڭ سومكىسىنى ۋە ئەينىدىننىڭ «يەر يولۋىسى» ماركىلىق دالا ماشىنىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم.ھەمدە ئۇنىڭدىن بىگىمنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولمىغاچقا،گىرمانىيەگە داۋالىتىش ئۈچۈن يۆتكەپ كىتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم.

قەشقەرگە قايتقاندىن كىيىن،ماشىنىنى پارلاق روھىي ساغلاملىق دوختۇرخانىسىنىڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا توختىتىپ قويۇپ،ئاچقۇچنى دوختۇرخانا باشلىقى نامانجان ئاكىغا ساقلاپ قويۇشقا بەردىم.ئاندىن ئۆيگە قايتىپ ئاتا-ئانام بىلەن كۆرۈشتۈم.ساپايىنىڭ تويىغا بارالمىغان ئادەمگەرچىلىكىمنى ئادا قىلدىم.ئەپسۇس،ھېلىقى قىز مىنى ساقلىماي باشقىلار بىلەن توي قىلىۋاپتۇ.

گەرچە دوختۇرخانىدىن ساقىيىپ چىقىپ كەتكەن بولسامۇ،بەدەن قۇۋۋىتى جەھەتتە تولۇق ئەسلىگە كىلىپ بولالمىغاچقا،ئۆيدە بىر مەزگىل ئارام ئېلىپ،ئاندىن ئۇرۇمچىگە بېرىپ،جاۋ شۇجىگە سومكىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلدىم.ئۆيدە ئارام ئېلىۋاتقان بىركۈنلىرى، بىگىمنىڭ سومكىسىدىن قولدا سىزىلغان ئالتە پارچە رەسىم ۋە كونا بىر خاتىرىنى بايقىدىم.ۋاراقلاپ بېقىپ،بۇنىڭ بىگىمنىڭ كۆڭۈللۈك خاتىرىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ،ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چۈشىنىشكە پۇرسەت چىققانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتىم .ھەرقانداق بىر ئادەم بىگىمنىڭ چىرايىغا ۋە يۈرۈش-تۇرۇشىغا قاراپ،ئۇنى بۇنداق ئىسىل،ئىستىداتلىق ئادەم دەپ ئويلىماسلىقى،ھەتتا ئۇنىڭ نورمال ئادەملىكىدىنمۇ گۇمانلىنىپ قىلىشى مۇمكىن،لىكىن ئۇنى چۈشەنگەن،بىلگەن ئادەم بولسا،ئۆزىنىڭ ئادەملىقىدىن،ئۆزىنىڭ

ئىرۋىسىنىڭ نورمال ياكى نورمال ئەمەسلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ.خۇددى ماڭا ئوخشاش!

بىگىمنىڭ كۆڭدىلىك خاتىرىسى،ئەينىدىن غوجامنىڭكىگە تۇيتىن ئوخشمايدىغان بولۇپ،بۇ خاتىرە بىگىمنىڭ ياش ۋاقتىدىن باشلانغاندىن سىرت،مەزمۇنى ئاساسەن غەزەل شەكلىدىكى شېئىرلار بىلەن تەركىپ تاپقان ئىدى.غەزەل بولغاندىمۇ ھەممىسى ئون ئالتە مىسرالىق،ھەر بىر مىسراسى ئون ئالتە بوغۇمدىن تەركىپ تاپقان غەزەللەر بولۇپ،مەن بىگىمنىڭ شائىرلىقتەك يەنە بىر ئىستىداتىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم.ئۇ ھەر مەزگىللىك ئومۇمى ھالىتىنى«كۆڭۈل ئىزھارىم» دىگەن غەزەل بىلەن ئىپادىلەپتۇ.

*196-يىلى3-ئاينىڭ23-كۈنى

ئۇ ئۇستاز بولغانلىقى ئۈچۈن خاتالاشمامدۇ؟مىنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن ئۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىم خاتالىقمۇ؟ئىسسىت!ئۆزۈمگە-ئۆزۈم قىلدىم!

## كۆڭۈل ئىزھارىم

ئۈزۈن بولدى خوشلىغىم ئاز،روھىم مىسكىن،ھالىم خاراپ،
كەلمىدى يا ھىچ بىرەرسى،كۆڭۈل ئىزدەپ ئەھۋال سوراپ.
ھەيرانىمەن ئۆزۈم ناچارمۇ يا ئۆزگىمۇ ھىچ بىلمىدىم،
ئېچىلالماي قايدا بولسام،ھەممە كۈلدى مەن كۈلمىدىم.
قەلبىمنى غۇم قاپلىسا،يىغا تۇتسا مەن قانداق كۈلەي؟!
ئۆزگە ۋاپانى جاپا بىلسە،مەن بۇنى كىمدىن كۆرەي؟!
ۋاپا نىمە؟ھايا نىمە؟..ھەممە خۇنۇكلەشكەن ھەجەپ،

ئىرادەمگە بويسۇنماستىن ،ئىچ-ئىچىمدىن قاينار غەزەپ.
ئىچەي دىسەم،چىكەي دىسەم پايدا يوقكەن زەپ قىينالدىم،
بۇزۇلدى كۆڭلۈم پەرىشان ،ئۆزگىرەيمۇ دەپ ئويلاندىم.
بەلكىم توغرا مەقسەت نىشانەم، ئەمما خاتا قىلىقىم،
يارا دىللار شىپاھ تاپسۇن ئىدى مىنىڭ تىلىگىم.
ئاز تارتمىدىم دىل ئازارنى ،سەۋىرسىزلىك ئۆزۈمدىن ،
سەۋەبىدۇر ئىتتىك تىلىم ھەم،كۆزەتمىگەن سۆزۈمدىن.
ئاچچىققا پاي بولماس ئاچچىق،بولدى ئەمدى سەۋىر قىلاي،
تۈزۈلۈپ قالار ئالەممۇ،ئىللەتنى ھەم تۈزەپ ئالاي....

بۇ بەلكىم بىگىمنىڭ مەلۇم ئادەمدىن قاتتىق رەنجىگەن چىغىدا يازغان خاتىرسى بولۇشى مۇمكىن.

*196-يىلى4-ئاينىڭ11-كۈنى

مەن نىمىشقا يەنە ئۈنى ئەسلەيمەن؟!ياق!ھوشۇڭنى تاپ بىگىم!

## كۆڭۈل ئىزھارىم

ئۇزۇن بولدى خىيالىم كۆپ،كۆتۈرۈپ يۈردۈم كەيپىمنى،
ئۆزۈم ياساپ ئۆز كۆڭلۈمنى،يۈردۈم چاندۇرماي دەردىمنى.
جاپا ماڭا ھىچ گەپ ئەمەس،كۆندۈم يالغۇز يۈرىۋىرىپ،
دىلىم مۇڭلۇق بولۇپ قالدى،كىملەرىندۇر كۈتىۋىرىپ.
روھىمنىمۇ چۈشەپ قويدۇم،بولۇپ يالغاندىن بىغەم،
كۆڭلۈم زىمىستاندا قالدى،ھازىر بولسىمۇ كۆكلەم.
كۈلەي دەيمەن گاھى ئەمما،كۈلدۈرگۈدەك نەتىجەم يوق،

دوس-يارنىڭ تايىنى يوق،كۆڭلۈم قانداقمۇ بولسۇن توق؟!
ھەق نىمە؟ناھەق نىمە؟پەرق قىلمايدۇ ھىچكىم ئۇنى،
يېرىلاي دەيمەن يېرىلمايمەن،سەۋرى قاچام باسقاچ مىنى.
ئەسىر بولۇپ خىزمىتىمگە،قول ئۈزگەنتىم ھەممىسىدىن،
ئەمما يەنە ئاشالمىدىم،سېغىنىشنىڭ پەشتىقىدىن.
نىمە كۆرسەم مەيلى دىدىم،كۆڭلۈمنىمۇ ئايىمىدىم،
غەزەپنىمۇ يۇتىۋەتتىم،ئوت قازاندەك قاينىمىدىم.
دىل ئىرادەم يالقۇنلايدۇ،ئەمما زەئىپ تىنىم شۇنچە،
چىداپ تۇرۇپ ئويغىنايچۇ،ناچار بولۇپ كەتمەي بۇنچە....

بۇ بەلكىم بىگىمنىڭ ئايالىنى ئەسلەپ قالغان چاغدا يازغان خاتىرسى بولسا كىرەك.

*196-يىلى6-ئاينىڭ21- كۈنى
مەن كەلدىم قۇملۇق!مەن كەلدىم تولا چۈشۈمگە كىرىۋالىدىغان،ئاق چاچلىق قىز!مەن كەلدىم تەكلىماكان!

## كۆڭۈل ئىزھارىم

ئۇزۇن بولغان كۆڭلۈم غەمكىن،ئوي-خىيالىم رەتسىز ئىدى،
بوران-چاپقۇن ئۆتۈپ كىتىپ،كۆڭلۈممۇ ھەم سەل تىنجىدى.
ھەممە ئاستا ئىزغا چۈشكەي،دەپ يۈرمەيمەن ئەمما يەنە،
يېڭى تۇرمۇش،يېڭى بىرجەڭ،كۈتۈپ تۇرار مىنى ئەنە!
تۆت ئەتراپىم دەشتى-جاڭگال،جىمجىتلىق ئۇ ھەمراھ ماڭا،
ئاخشاملىرى ئاينىڭ نۇرى،سالقىن شامال بىرگە ئاڭا.
سۆيگۈم كەلدى بارخانلارنى،جاپا مىنى باسقانىسرى،

ئوت يېقىلدى ئارمانلارغا، سىرلارنى ھەم ئاچقانىسىرى.
چۈشەندىمغۇ قۇملۇق دىمەك، دېگىز دىمەك، جەڭگاھ دىمەك،
گاھ تۇماندا لەيلەپ يۈرۈپ، گاھ ئېقىندا ئۈزۈپ يۈرمەك!
شۇنچە بۇلبۇل كۆيۈپ يۈرسە، پەشنى قېقىپ كىتىپ سالدىم،
بەلكىم مەنمۇ كارۋان ئوغلى، قۇمغا ئاشىق بولۇپ قالدىم.
يۇردۇم قۇمنى جانان بىلىپ، ئۆز-ئۆزۈمنى شۇنداق ئالداپ،
ھاردىم ئەمما مادارىم بار، ماڭغاچ تۇراي ئالغا چامداپ....

بۇ ئىنىقكى بىگىمنىڭ قۇملۇققا كىرگەن چاغدا يازغان خاتىرسى ئىدى. لىكىن ئۇ كىمنى ئاق چاچلىق قىز دىمەكچى؟! مىنىڭچە ئۇ دەل قۇمقىز ئانىكام! دىمەك بىگىم ئۇنىڭ بارلىقىنى. قۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنداق غەيرى كىشلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن مىنى ئالداپتۇ....

*197-يىلى9-ئاينىڭ10-كۈنى
مەن قايتىپ كەلدىم قەشقەر! مەن قايتىپ كەلدىم دىلرەبا....

## كۆڭۈل ئىزھارىم

ئۈزۈن بولدى مىجەزىم شوخ، كەيپىم ھەم چوغ بولۇپ كەلدىم،
تەشنا بولغان دوست-يارنى ھەم ئەزىز يۇرتنى كۆرۈپ كەلدىم.
شۇنچە غەمدىن خالاس بولدۇم، ۋىسال ئىچرە لەيلەپ يۈرۈپ،
چۈشكۈنلۈكمۇ نېرى كەتتى، كۆڭۈل ئىزدىگەننى كۆرۈپ.
يۈلۈپ ئىلىپ تاشلىۋەتتىم، دىلىمدىكى ئىسكەنجىنى،
نە قىلاي ئۆزۈمنى قىيناپ، كېتىۋەرسۇن شۇ كەتكىنى.
ئۆمۈر قىسقا، ۋاقىت چەكلىك ئەمما ئۇندا لەززەت ھەرخىل،
ئىزدەنسەڭلا چۈشىنىسەن، ھېكمەتلىرى ئۇندىن سەرخىل.

كۆلدۈم، كۆلدۈم يەنە كۆلدۈم، خىيالىمنىڭ ئۇ قېتىدە،
ئازاپتىن قىلچە ئەسەر يوق، كۆڭۈل لوغىتىم بېتىدە.
جاھان ئاتەش تەپتى ياندى، مەنمۇ يۈردۈم قىززىپ-قايناپ،
خىيالىمدا ئۇۋچى بولدۇم، يۈردۈم باغدا كىيىك پايلاپ.
كۆڭلۈمگە ئاياندۇر ئەمما، شادلىققا ھەمراھ قايغۇ ھەم،
ئامان قىلسۇن ئىگەم ئۆزى، باسمىسۇن قايتا دەردۇ-غەم....
بۇ بىگىمنىڭ قۇملۇقتىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا يېزىلغان خاتىرە بولۇشى مۇمكىن، دىلرەبا دىگىنى ئۇنىڭ ئايالىدۇر ياكى شۇ چاغدىكى مۇھەببىتىدۇر....

*198-يىلى9-ئاينىڭ5-كۈنى
پەرەڭنىڭ شەھرىدە پەقەت ئىلىم تەھسىل قىلىشقىلا بولىدىكەن، ياشاشقا زادى مەس كەلمەيدىكەن، ۋەتەنىنىڭ تۇپرىقىنى كۆزۈمگە سۈرۈتكىدەك بولۇپ كەتتىم....

## كۆڭۈل ئىزھارىم

ئۇزۇن بولدى غەمناك يۈردۈم، ئىختىيار يوق ئۆز تېنىمدە،
ئىزتىراپسىز ئەس-خىيالىم، تۇرالمايدۇ ئۆز ئىزىدە.
يىرگىنىشىم غەزەپ بىرگە، ھەرقېتىم ناچارنى كۆرسەم،
ئارمانىمنىڭ ئەكسى بولدى، تۇرغان بۇ جاي-ماكانمۇ ھەم.
ھىممەت نىمە؟قىممەت نىمە؟....ئادىمىيلىكمۇ يوق زەرچە،
يالغان ناز-كەرەشمە قىلىپ، قوش پۈتلاپ ماڭسىمۇ گەرچە.
دوستلۇق بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر، ئەسلىمەمنىڭ ئەڭ پەيزىسى،
دەرت-كۈلپەتتە بولدى ماڭا، خۇشاللىقنىڭ ئەندىزىسى.
ئاھ..!نىچۈك ھەردائىم غالىپ، كىملەر ئىرادەمدىن شەيتان؟!

يوقالدىمۇ ئىرادەم دەپ،ئەندىشىدە بولدۇم ھەيران.
دەرمان بولسا ئارمان كىلۇر،ئەمما دەرمان قايدا تۇرۇر؟
ئىلىمنىلا ئويىلىسام گەر،ئىشەنىچ ئاندىن مەۋىج ئۇرۇر.
بوپتۇ دىدىم بەزىلەرگە، ئۆزۈم ئۆزۈمدۇرمەن ھامان،
ۋەتەنگە بىركۈن ئۇچارمەن،جېنىم تەندە بولسا ئامان....

بۇ خاتىرىدىن بىگىمنىڭ چەتئەلگە ئوقۇشقا چىققانلىقى،چەتئەلنىڭ تۇرمۇشىدىن،چەتئەلدىكى كىشىلەردىن بىزار بولغانلىقى،ھەتتاكى يىرگىنگەنلىكى،ۋەتەنگە بولغان ئوتتەك سېغىنىشى چىقىپ تۇرىدۇ....

*198-يىلى7 -ئاينىڭ13-كۈنى
ئۇ راستىنلا مىنى تاشلاپ كەتتىمۇ؟!راستىنلا شۇنداق قىلدىمۇ؟....!

## كۆڭۈل ئىزھارىم

ئۆزۈن بولدى قەلبىم تۇتۇق،يۈردۈم تۈزۈك ھېسسيات يوق،
كۈلكەم-غېمىم تەڭ تۇرۇپتۇ،ئەمما يەنىلا كۆڭلۈم توق.
توختىماستىن ئۈمۈدلەندىم،توختىماستىن ئۈمۈدسىز ھەم،
غەم-قايغۇنى ئۆزۈم بىلدىم،شادلىقنى ئۆزگە بىلەن تەڭ.
كۈنلۈم ئۆتتى ئىس-بىھۇشتا،بىردىنلا يەتتى ھارغىنلىق،
بەلكىم «كارۋانىمۇ توختار بىركۈن» ،دىگەن سۆزدە بار چىنلىق.
يوق ھىچقانداق ئەھمىيىتى،قىلسامىمۇ ئۆتمۈشنى بايان،
رەھىمسىزدۇر ۋاقىت ئوقى،بۇنىسى ھەممىگە ئايان.
ئىنسانلارنىڭ ئۆمرى مىسال،تەبىئەتتە تۆت پەسىلگە،
روھى ھارغان ئادەم ئوخشار،خازان تۆكۈلگەن كەچكۈزگە.
بەدەن يارا بولسا دورا،قەلبىپ يارا نىمە ئامال؟!

سۆيگۈدىنمۇ بىزار بولدۇم، قىلغاچقا كۆڭلۈمنى قامال.
ئۆزھال ئىيتىپ يىغلاپ كەلسە، قايتۇردۇم ھەم يىغا جاۋاپ،
يۇرىدىم يەنە ئۆزۈمنى، ئۆزگىنىمۇ ھەم تەك ئالداپ.
«كۆرگىنىڭدىن كۆپ كۆرمىگەن، كۆرمىگەننى كۆر ئۆلمىگەن» ،
دىگەن تەمسىل توغرا ئىكەن، بۇ ھەقىقەت ئۆزگەرمىگەن....

غوجامنىڭ ئىيتىپ بېرىشى بويىچە بولغاندا، بۇ بىگىمنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى بالىسىنى ئېلىپ، چەتئەلگە قېچىپ كەتكەن مەزگىللەردە يازغان خاتىرىسى بولۇشى مۇمكىن....

*199-يىلى 11-ئاينىڭ 13-كۈنى

ئۇ نىمگە كەلدى؟! مىنى كۆرگىلىمۇ؟! ياق! ئۇ مىنى ئەمەس، ئاتا-ئانىسىنى كۆرگىلى كەلدى! يۈرەك پارەممۇ مىنى تونىمىدى، ئاھ! دەردىما......

## كۈزگە مەرسىيە

كۆز ئالدىمدا كۈز شامىلى، ئۇچۇپ يۈرۈيدۇ خازان،
شۇ مىسكىن مەنزىرىدىن، كۆڭلۈم بولىدۇ ۋەيران.
بەلكىم ھەممە ئاخىرىدا، بولۇر مۇشۇنداق ھامان،
كار قىلمايدۇ ئۆتسە بارچە، قىلساڭ قانچە پۇشايمان.
دىمە «تەتۈر ئايلىنىدۇ، مۇھەببەت چاقى نىچۈن؟!
قانداق كىلىپ، قانداق كەتتى؟ ئاجايىپ سىرلىق تۇگۈن» .
بارسا كەلمەس يول مۇھەببەت، ئەقلىڭدىن ئازغاندىكىن،
ماڭمايمەن دەيسەن ئىيزىدا، ئەمەل قىلماق بەك قىيىن.
ياشمۇ تۆكمە ئۈن-تۈنسىزلا، ئۆتكەن-كەچكەنلەر ئۇچۇن،

بولدى قىل ئۈتتى تۈنۈگۈن، سەۋدائىي بولما بۈگۈن.
گۈلگە بەكمۇ بېرىلمىگىن، توزۇيدۇ ئۇمۇ كېيىن،
كۆر باھاردا سايرار بۇلبۇل، كۈز پەسلىدە قېنىكىن....

بۇ بەلكىم بىگىمنىڭ ئايالى ۋەتەنگە بىر قېتىم قايتىپ كېلىپ يەنە كەتكەن چاغدا يازغان خاتىرسى بولۇشى مۇمكىن. ئىچ-ئىچىدىن ھەسرەت ۋە پىغان ئۆرلەپ تۇرغان شىئىرنى ئوقۇپ، بىگىمنىڭ ئەينى چاغدا نەقەدەر ئازاپلانغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، كۆزلىرىم ئىختىيارسىز نەمدەلدى....
بىگىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈندىلىك خاتىرسى بىز مەتسىلىمنىڭ ئۆيىگە كەلگەن بىرىنچى كۈنى يېزىلغان ئىكەن.

***2- يىلى
غوجامنىڭ مىنى توساتتىن ئىزدەپ كېلىشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن، مەن يەنە كەلدىم تەكلىماكان! قوينۇڭنى ئاچ!

ئاشىقلىق، ئۇ ئەسلى كىسەللىك ئەمەس،
مۇپتىلا بولساڭ گەر، ساقايمىقىڭ تەس.
چىن دوستلۇق، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسى،
بىرەر ئۇ كۈچ-قۇۋۋەت، پۈتمەس-تۈگىمەس....

بىگىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئايرىم-ئايرىم چىگىلگەن رەسىملەرنى چۈۋۈپ كۆرۈپ باقتىم. تۆت پارچە رەسىم ئاساسەن ئوخشاش، بەشىنچى پارچە رەسىمدە بۆك-باراقسان ئورمانلىقتا ھەرخىل قىياپەتتە ئولتۇرغان، ياتقان، ئۆمىلەۋاتقان ئادەملەرنىڭ تەسۋىرى بار ئىدى. لىكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى

كۈلۈۋاتقان، بەزىلىرى يىغلاۋاتقان، بەزىلىرى ھېسسىياتسىز ھالدا قېتىپ قالغان ئىدى.

ئالتىنچى پارچە رەسىمنى كۆرۈپ تېنىم بىرخىل شۈركىنىپ كەتتى. چۈنكى رەسىمدە سىزىلغان قۇملۇق ئوتتۇرىسىدا بىر ياغاچ ئۆي ۋە تولىمۇ غۇۋا سىزىلغان تۆت ئادەمنىڭ ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان سىماسى ماڭا ناھايىتى تونۇش بىلىنىپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق تولىمۇ تونۇش ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆي دەل يارمەمەتنىڭ ئۆيى، ئوت گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئىككى ئوپمۇئوخشاش گەۋدە ئىككى يارمەمەت، تولىمۇ كىچىك بۇ گەۋدە غەييۇر، ماۋۇ ئۇزۇن چاچلىقى بولسا دەل ھېلىقى قۇمقىز ئانىكام ئىدى! بۇ رەسىملەرنى مەتىسلىم سىزغان، دېمەك مەتىسلىم مەن بارغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بارغان، مەن كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسنى كۆرگەن!

ئۇ نىمىشقا بۇنداق رەسىملەرنى سىزىپ قالدۇرىدۇ؟ ئۇ بۇنى كىمگە كۆرسەتمەكچى؟ ئۇ ھەممە يەرنى بىلىپ تۇرۇپ نىمىشقا يالغاندىن ھېچنىمنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ؟... مىڭەمنى سوئال قاپلاپ كەتتى، رەسىمنى ئاۋايلاپ قاتلاپ، مەخسۇس رەسىم ساقلاش ئەسۋاپىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدۇم. چۈنكى بۇ رەسىملەر مەن ئۈچۈن ناھايىتى موھىم بولغان يىپ ئۇچى ئىدى....

## 32- باپ   خىزمەت ۋە ئارخىپ

بىر ئايدىن كېيىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، مەدەنىيەت نازارىتىدىكى جاۋ شۇجىنى ئىزدەپ تاپتىم. ئۇنى كۆرۈپلا ھەيران قالدىم. چۈنكى ئۇ كىشى دەل مېنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ كەلگەن ھېلىقى كىشى شۇ ئىدى.

-كىلىڭ، كىلىڭ. تۆرەم!

-مېنى ئەغزەم دەپ تونىسىلىرى بولاۋېرتى.

-يەنىلا تۆرەم دەي.

-ھە. بۇنى ئەيىندىن ئەپەندىمنىڭ ھاۋالىسى بىلەن سىلىگە تاپشۇرۇپ بەگىنى كەلدىم. تەپسىلى قايلاپ ئۆتكۈزۋاسىلا.

جاۋ شۇجى سومكىنى قولىغا ئېلىپ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ئاستا ئېلىشقا باشلىدى. ئاق رەڭلىق چوڭ خاتىرىنىڭ ئىچىدىن بىرپارچە خەت چىقىپ قالدى. جاۋ شۇجى خەتنى قولىغا ئېلىپ ئۈنسىز ھالەتتە كۆرۈشكە باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزىدىن تارام-تارام ياش قۇيۇلدى.

-تۆرەم! مەن رايونىمىزغا، بارلىق مۇشۇ ساھەدىكى خىزمەتداشلارغا، بىگىم، خوجاملارغا ۋاكالىتەن، سىزگە رەھمەت ۋە ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن جاۋشۇجى، مېنىڭ قولۇمنى ئىككىنجى قېتىم چىڭ سىقتى. مەنمۇ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم.

-مەن ھېچنىمە قىلمىدىم جاۋ شۇجى! رەخمەتنى بىگىم بىلەن ئەيىندىن تاغامغا، مەتسىلىمكامغا ئېيتىڭلا. خوش، مەن كەتتىم!

-توختاڭ! سىز خىزمەتكە قوبۇل قىلىندىڭىز!

-نىمە؟! قاسى خىزمەتكە؟

-ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەنلىكىڭىز ھەم نەتىجىڭىز كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىندىڭىز.

-ئىمتىھانسىز؟! خا-خا! دۇنيادا ئىمتىھانسىزمۇ خىزمەت باكىنا؟

-شۇنداق. مەن بىلەن نازارەتتە قالامسىز ياكى....

-ۋوجۇ!تەخى ئورۇن تاللىسامىۇ بولامدا؟
-بولىدۇ.
-مەن قەشقەگە كېتىمەن.بىگىم بىلەن غوجام نەدە ئىشلىگە بوسا مەنمۇ شۇ يەدە ئىشلەيمە!
-بولىدۇ.سەل توختاڭ.
جاۋشۇجى بىرەيلەنگە تېلىفۇن قىلدى.ھايال ئۆتمەي يوغان كۆزئەينەك تاقىۋالغان بىر ئايال مىنىڭ كىملىكىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.يىرىم سائەت ئۆتكەندىن كېين،ئۇ قولۇمغا كىملىكىم بىلەن بىللە بىر خىزمەت ئورنىغا تىزىمغا ئالدۇرۇش ئۇقتۇرۇشىنى تۇتقۇزۇپ قويدى.ئۇنىڭ ئۈستىدە«قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمىي يادىكارلىقلار تەتقىقات مەركىزى» دەپ يېزىلغان ئىدى....
مەن ئاخىرى خىزمەتكە ئېرىشتىم.كۈرمىڭ قېتىم ئىمتىھان بېرىپمۇ،يول مېڭىپمۇ،تىلەپمۇ،يىغلاپمۇ،كۈلۈپمۇ ئېرىشەلمىگەن خىزمەتكە ئاخىرى ئىمتىھانسىز ئېرىشتىم.ئۆيدىكىلەر بەك خۇشال بولدى.ئەمما مەن تازا رازى بولمىغان ئىدىم.چۈنكى ئۇلار مىنى ئارخىپ خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىپ،يوغان بىر ئارخىپ ئۆيىنى بېشىمغا كىيدۇرۇپ قويدى.بىر پور سىمىز خىزمەتداش مىنى ئارخىپ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرگەندىن كېين«ھازىر ئۆتكۈزەپ بىرىدىغان خىنىم چىرىدا!» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.ئىشخانا ئىچىدە ئۇياق-بۇياق ماڭغاچ،تامدىكى رەسىملەرگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى.ئۇ خىزمەت كۆزنىكى بولۇپ،بىر-بىرىدىن گۈزەل تۆت قىزنىڭ سۈرىتى ۋە قىسقىچە تەرجىمھالى تۇراتتى.كۆڭلۈمدە«مۇشۇنداق گۈزەل قىزلار بىلەن ئىشلىسەم ئارخىپچى بولسامىۇ مەيلى ئىدى» دەپ ئويلاۋاتقاندا،بىرەيلەن ئىشكنى ئىتتىپ كىردى.
-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!
-ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!
-سىلە ئەغزەمجان بولاملا؟

-شۇندا.

-ھە،ئىشخانىنى ئۆتكۈزۋاسىلا ئەمسە!

ئالدىمدىكى بۇ تولىمۇ،تولىمۇ سېمىز قىزچاققا قاراپ ھەيران قالدىم.چۈنكى بۇ قىزچاق رەسىمدىكى ھېچقايسىغا ئوخشىمايتتى.بەلكىم بۇ قىز ئۆز رەسىمىنى چاپلاشنى خالىمىغاندۇ دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈپ ئېلىش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردۇم.ئويلىمىغان يەردىن ئۇ قىز چىكىتىدىغان ۋاقىتتا«رەسىمىمنى ئەچىكتەي» دەپ ھېلىقى تۆت قىزنىڭ رەسىمىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق بىر رەسىمنى يىرتىشقا باشلىدى.

-ۋوجو!ئاشۇ رەسىم سىلنىڭما؟

-ھەئە، سوراپ قاللىغۇ؟

-ياق ئەمدى دەيمىنا.سىلە شۇنداق تولغان،چىرايلىق تۇسىلىرى،ئىي رەسىمگە جىن تېپپەتكەن ئاۋاقتەك چىقىپ قاپلا....

-بەك ماختىۋەتلە....

قىزچاق مىنىڭ زاڭلىق ئەتكىنىمنى بىلمەي،خۇشاللىقىدىن پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن بارلىق رەسىملەرنى تولۇق ئېلىۋەتتىم.چۈنكى مەن، جىسمى سۈرىتىگە زىنھار ماس كەلمەيدىغان يەنە ئۈچ قىزچاقنىڭ كىلىپ مىنى قورقۇتۇشىنى زادىلا خالىمايتتىم....

يىگى خىزمەت ئورنۇمدا مىنى ئەڭ خۇشال قىلغان ئىش شۇ بولدىكى.مەن ئارخىپلارنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ،بىگىم-غوجاملارنىڭ ئارخىۋىنى تېپىۋالدىم.

ئىسمى-ئاتىسى:ئەيىندىن غوجا

تۇغۇلغان ۋاقتى: *194-يىلى10-ئاينىڭ9-كۈنى

خىزمەت تارىخى*196:-يىلىدىن*198-يىلىغىچە ئاپتونوم رايۇنلۇق قەدىمىي يادىكارلىقلار تەتقىقات مەركىزىدە خىزمەت قىلغان،90-يىلىدىن

هازىرغىچە ۋىلايەتلىك قەدىمىي يادىكارلىقلار تەتقىقات مەركىزىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

ئوقۇش تارىخى:*198-يىلى7 -ئايدا ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئىلمىدە بىلىم تەھسىل قىلغان....

ئالاھىدە ئەسكەرتىش:مەزكۇر يولداش*197-يىلىدىن باشلاپ تەكلىماكاندىن تېپىلغان مومىيالارنى باھالاش تەكشۈرۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ،يۈكسەك زور ئۇتۇق قازانغان.يولداش پىلك جىيامۇنى ئىزدەش ئەترىتىنىڭ يېتەكچىلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.ئۇنىڭدىن سىرت،ئۆز مەبلىغى بىلەن نۇرغۇن تارىخى ئەھمىيتى زور بولغان بويۇملارنى قوغداپ قالغان ۋە مۇزىيخانىغا بەدەلسىز تاپشۇرۇپ بەرگەن....

ۋەزىپىسى:مەملىكەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار جەمىيتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى،ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي يادىكارلىقلار جەمىيتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى،ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار جەمىيتىنىڭ رەئىسى

ئۇنۋانى:دۆلەتلىك ئالىي قېرىدىپ تەكشۈرگۈچى،قەدىمىي بويۇملارنى باھالاش مۇتەخەسسىسى

ئېرىشكەن شان-شەرەپلىرى:

...........................

...........................

ئىسمى-ئاتىسى:بىلال سەردار بىگىم

تۇغۇلغان ۋاقتى:*194-يىلى3-ئاينىڭ7-كۈنى

خىزمەت تارىخى:*197-يىلىدىن*198-يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمىي يادىكارلىقلار تەتقىقات مەركىزىدە خىزمەت قىلغان،90-يىلىدىن ھازىرغىچە ۋىلايەتلىك قەدىمىي يادىكارلىقلار تەتقىقات مەركىزىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

ئوقۇش تارىخى: *198-يىلى7 -ئايدا فىنلاندىيە چوڭلار

ئۇنۋىرسىتىتىنىڭ قەدىمي بويۇملار تەتقىقاتى ئىلمىدە بىلىم تەھسىل قىلغان،پسىخولوگىيە ئىلمىدە،تىبابەت ئىلمىدە پەخرى دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن....

ئالاھىدە ئەسكەرتىش:مەزكۇر يولداش*196-يىلى،دۆلەت تەشكىللىگەن تۇنجى قېتىملىق تەكلىماكاننى قىدىرىپ تەكشۈرۈش زەربىدارلار ئەترىتىگە تاللانغان.يولداش پىلك جىيامۇنى ئىزدەش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولغان*197-يىلىدىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا،سەپداشلارنى قۇتقۇزۇش ئۈستىدە قاتتىق يارىلىنىپ،پۈراش سىزىمىنى تولۇق يوقاتقان....

ۋەزىپىسى:مەملىكەتلىك پسىخولوگىيە جەمىيىتىنىڭ ئەزاسى،ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي يادىكارلىقلار جەمىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى،ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار جەمىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى

ئۇنۋانى:دۆلەتلىك1 -دەرىجىلىك پىسخىك مەسلىھەتچى،قەدىمي بويۇملارنى باھالاش مۇتەخخەسسىسى

ئېرىشكەن شان-شەرەپلىرى:

...........................

...........................

ئۆلارنىڭ ئارخىۋىنى ئوقۇپ يەنە بىر قېتىم قاتتىق ھەيران قالدىم ھەم ئۆزۈمنىڭ نادانلىقىدىن ئۆكۈندۈم.مەن شۇنچە ئىسىل كىشىلەر بىلەن شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت بىللە بولۇپ ئۆلارنىڭ قەدرىنى بىلمەپتىمەن،ئۆلارنى ھۆرمەتلىمەپتىمەن،ھەتتا ئۆلارنىڭ يوقاپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپتىمەن....

كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ تۇرۇپ،قولۇمغا يېڭى ئارخىپ خالتىسىدىن بىرنى ئالدىم ۋە تولدۇرۇشقا باشلىدىم:

ئىسمى-ئاتىسى:مەتسلىم(ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئېنىقلىنىۋاتىدۇ)

تۇغۇلغان ۋاقتى:ئېنىقلىنىۋاتىدۇ.

خىزمەت تارىخى:تېرىك تەكلىمان خەرىتىسى،يەرلىك يېتەكچى

ئوقۇش تارىخى:ئېنىقلىنىۋاتىدۇ.

ئالاھىدە ئەسكەرتىش:مەزكۇر يولداش*200-يىلى 1-2-ئايدا يولداش بىلال سەردار بېگىمنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا پىشكەلىككە ئۇچرىغان،ھايات-ماماتلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس.

ۋەزىپىسى:ھازىرچە بېكىتىلمىدى.

ئۇنۋانى :ھازىرچە بېكىتىلمىدى.

ئېرىشكەن شان-شەرەپلىرى:

ئېنىقلىنىۋاتىدۇ.

شۇنداق،مەن مەتىسلىمنىڭ ئارخىۋىنى تۈرغۈزۈپ قويۇش قارارىغا كەلدىم.مەيلى ئۇ ھايات بولسۇن ياكى پىشكەلىككە ئۇچرىغان بولسۇن،شۇنداق بىر ئادەمنىڭ بولغانلىقى،بىز ئۇچۇن نۇرغۇن سىرلارنى ئېچىشقا كۈچ چىقارغانلىقىنىڭ ئۆزى كۇپايە.....

كۆڭلىرىم ئارخىپ كۆرۈش،تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن تارىخى بىلىملەرنى ئوقۇش،ئىككەيلەننىڭ كۆڭۈلدىكى خاتىرىسىنى قايتا-قايتا ئوقۇش،ھېلىقى ئالتە پارچە رەسىمنى تەھلىل قىلىش بىلەن ئۆتتى . بىرقانچە قېتىم مەسئۇلىمىز بىلەن تاكاللىشىپ قالدىم.

-مېنى بۇندا خىزمەتكە قويساڭلا بومىدىكەن.

-نىمىشقا؟

-مەن قىدىرىپ تەكشۈرۈپ ئەتىرىتىگە چېكەتسەم مۇۋاپىق كېلىتتى.

-قىدىرىپ تەكشۈرۈپ ئەتىرىتى دېگەن شىككى-ئۈچ يىلدا ئاران بىر قېتىم تەكشۈرۈشكە چىقىدا ،مەيلىما؟

-ۋېيى؟ئۇندا ئەمەستۇ؟

-دەل شۇندا!سىلىرە كۆڭەللىرىدە بۇ يەدىكى ئەدەمىلە خالىغان چاغدا قۇملۇق،خارابىلىق تەكشۈرىدۇ دەپ ئويلاپ قاپلىدە!

-شۇندا ۋوسىمۇ مېنى ئارخىپ ئۆيىگە قايلىتىپ قويساڭلا قايدا

ۋولىدا؟مىنى جاۋ شۈجى ئالايىدە خىزمەتكە تەكلىپ قىلغان تۇسا؟

-دىمەي دەپتىم،دەل ئاشۇ جاۋ شۈجى سىلىنى ئارخىپ ئۆيىگە قايىلىغاچ،نەزەرىيۋى بىلىمىنى ژۇقىرى كۆتەسۇن،قالايمىقان بىژىيەگە بامىسۇن دەپ ئورۇنلاشتۇغان.چۈشەنلىمۇيا؟ماگسا ئەمدى چىقىپ ئىشلىرىنى قىسا!

مەسئۇلنىڭ ئىشخانىسىدىن سالپىيىپ قايتىپ چىقتىم.لىكىن مەن ھەرگىز باشقىلارنىڭ دىگىنى بويىچە ماگىدىغان ئەغزەمجان ئەمەستە.مۇشۇ بىرىيىل ئىچىدە خوتەنگە ئۈچ قىتىم بىرىپ كەلدىم.كۆندە دىگۇدەك ئەيىندىن غوجامنىڭ «ئاسارە-ئەتىقە دۇنياسى» غا بىر قېتىم بىرىپ كىلىشنى ئادەتكەن ئايلاندۇردۇم.كۆنلەرنىڭ بىر كۆنىدە بۇ دۇككانىنىڭ ئىچىلىپ قىلىشنى،ئەيىندىن تاغامنىڭ «كەسە ئەكەك،تەخى تۈي قىمماي ژۇرىۋەلما؟» دەپ چاقچاق قىلغان پېتى دۇككان ئىچىدىن چىقىپ قىلىشنى ئۇمۇد قىلاتتىم.

مەتسلىمنىڭ ئامانىتىنى ئىگىسىگە بىرىش ئۈچۈن ئۇ قالدۇرۇپ قويغان قەغەزدىكى نۇمۇرنى ئۇرۇپ زادىلا ئالالمىدىم،ھەرقىتىم بۇنداق نۇمۇر مەۋجۇت ئەمەس دەپلا چىقاتتى.بىر تۇرۇپ بۇ تىلىفۇن نۇمۇرى ئەمەسمىدۇ دەپمۇ گۇمانلىنىپ قالدىم،كىيىن ئۇنىڭ كىيۇكىيۇ نۇمۇرى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۇردۇم.ئۇ نۇمۇرنى قىتىۋالدىم.ئىسمى «قۇملۇق ئوغلى» ئىدى.لىكىن بۇ كىيۇكىيۇ مەن قاتقاندىن بىرى زادىلا يورۇپ باقمىدى،مەن كۆندە دىگۇدەك ئۇنىڭغا خەت قالدۇرۇپ تۇردۇم.

-دادىڭىز مەتسلىم ئەپەندىنىڭ سىزگە قالدۇرغان پۇلنى مەندىن ئىلىۋىلىڭ!نۇمۇرۇم*******:

ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى.دۇككان ئىچىلمىدى.مەتسلىممۇ قايتىپ كەلمىدى.بەزىدە تۇرۇپلا ئۇمۇدلىنىپ قالىمەن.بەلكىم مەتسلىم ئۇ يەردىن ئاللا بۇرۇن قايتىپ چىقىپ،بىزگە ئوخشاش يەنە بىر توپ قېدىرىپ تەكشۇرگۇچىلەرنى باشلاپ،مازارمۇمازار ئايلىنىپ يۈرگەندۇ.غوجاممۇ ئۇ

يەردىن قايتىپ چىقىپ ېىگىمنى يوقلاش ئۈچۈن كەتكەندۇ....

تۇرۇپلا مىنىڭمۇ ماڭا ئادەم بولۇشنى ئۆگەتكەن، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چىن مەنىدىن بىلدۇرۇپ قويغان غوجام، بېگىملەرنى، ماڭا چەكسىز سىرلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن مەتسىلىمنى، بولۇپ ئۆتكەن بارلىق ئىشلارنى خاتىرلەپ قويغۇم كېلىپ، قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، بىرىنچى بەتكە «مەن، قۇملۇق ۋە قەبرە» دەپ ماۋزۇ قويدۇم.كېيىن ئويلىنىپ بېقىپ، ئۇ ماۋزۇنى چىجىۋېتىپ، قايتىدىن«قەبرە ئىزدەش خاتىرىسى» دەپ يازدىم.بەلكىم بۇ خاتىرەمنىڭ باشلانمىسىدۇر ۋەياكى خاتىمىسىدۇر....